215
I207.9/1/:1

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى توغرىسىدا

## 1 - قىسىم

باش تۈزگۈچى : ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

تۈزگۈچىلەر: ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، نۇرمۇھەممەت زامان، مۇھەممەت ئېيسا جامى،

ئابدۇللا مەتقۇربان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، قاۋسىلقان قامجان،

بېك سۇلتان، تۇرارجان

中央民族大学 書 图书馆

21500010329

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مەسئۇل باستۇرغۇچى: ۋاڭ گوخۇڭ

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى توغرىسىدا (1)

**باش تۈزگۈچى :** ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
**تۈزگۈچىلەر:** ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، نۇرمۇھەممەت زامان، مۇھەممەت ئەيسا جامى، ئابدۇللا مەتقۇربان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، قاۋسىلقان قامىجان، بېك سۇلتان، تۇرارجان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
ھەر قايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1230×880 م م ، 1/32 ، باسما تاۋىقى:16.75
2006- يىل 4- ئاي 1- نەشرى
2006- يىل 4- ئاي 1- بېسىلىشى
تىرازى: 3000 — 0001

---

ISBN7 — 5631 —1994 —9
باھاسى: 48.50 يۈەن (ئىككى قىسىم)



## كىرىش سۆز

ئېلىمىز جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلە. ئۇنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، ئىجادكارلىقىنىڭ مېۋىسىدۇر.

شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ رەڭدار ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە مىللىي ئەدەبىياتى پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرى تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن مول مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا، پارلاق ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، زور شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇنىڭدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغىنى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 11- ئەسىردە يازغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدۇر. ئۇنىڭ زامانداشى بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» مۇ قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر ۋە بۈيۈك نامايەندىدۇر.

دۇنيادىكى مەشھۇر ئۈچ چوڭ ئېپوسنىڭ بىرى بولغان «ماناس» داستانى قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەمەرىسى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۈزۈلمەس ئىجادىيىتىنىڭ شانلىق مېۋىسىدۇر. شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئاز بولمىغان ئەدىبلىرىنىڭ تارىختا قالدۇرغان كۆپ تىللىق ئەدەبىي مىراسلىرىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پارس، ئەرەب، ئوردۇ، خەنزۇ تىللىرىدا يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كەلگەن. تارىختىكى بۇنداق تۆھپىكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس ئەمگەكلىرى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىخارى بولۇپلا قالماي،

پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شان - شەرىپى، ئەلۋەتتە.

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك دىيارنىڭ مەڭگۈلۈك ئاق باش تاغلىرى، زۇمرەتتەك ئېقىن سۇلىرى، ياقۇتتەك بوستانلىرى ۋە تېگىدە تۈرلۈك بايلىقلارنى كۆمۈپ ياتقان پايانسىز چۆللىرى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئېلىمىزنىڭ غەربىي دىيارىغا خاس بولغان سىرلىقلىق ۋە جەزبدارلىقنى بېغىشلىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى، باي تارىخىي كەچۈرمىشلىرى، ئەگرى - توقاي شۇنداقلا ئاچچىق - چۈچۈك ھايات سەپەرلىرى بۇ ئەدەبىياتقا ئاجايىپ مول مەزمۇن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەھرىمانلىق، جاسارەت، يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت ئېستېتىك خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلغان. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەر قايسى مىللەتلەر مول مىراسلارغا ئىگە. بولۇپمۇ يېزىقى نىسبەتەن كېيىندىرەك بارلىققا كەلگەن مىللەتلەردە مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئاغزاكىلىق مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپ كەلگەن.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن باشلانغان. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ مۇشۇ چوڭ دولقۇننىڭ تۈرتكىسىدە تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغان. دەرۋەقە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلىرىدە كۆرۈنەرلىك پەرقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى - كېيىنلىكلەر بولدى. بۇ ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي تەرەققىيات، جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن روھلانغان، «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ، ئەتىسىدىن قايغۇرۇۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ بىر تۈركۈم بالدۇر ئويغانغان مۇتەپەككۇرلەر، ئەدىبلەر ئۆزلىرى



قوبۇل قىلغان يېڭى ئىدىيىلەرنى، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان، ئىشەنگەن ئەقىدىلىرىنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈردى. ئۇلار ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا باي، خەلقچىل ئەجدادلىرىغا ئوخشاش خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا، پاجىئەلىك تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئەسەرلىرىدە ئالدىنقىلارغا ئوخشاش دەرد تۆكۈش، نىدا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تەڭسىز جەمئىيەتنى، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى سۆكۈپ پاش قىلدى. ئۇلار كلاسسىك ئەسەرلەردىكى بۇ خىل مەزمۇن ئىزچىللىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى ۋە خەلقنى بۇ كۈرەشكە ئىلھاملاندۇردى. مانا بۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان توچكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن ئىلغارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تېما ۋە مەزمۇن ئىلغارلىقى، ئاشۇ دەۋردە باش كۆتۈرگەن ئويغىنىش ئېڭى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە يورۇتۇلدى. بۇ مەزگىلدىكى ئەدىبلەر خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش، ئۇلارنى مەنىۋى كورلۇقتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن بولغاچقا، مىللەت ئىچىدىكى كونسېرۋاتىپلىق، بېكىنمىچىلىك، خۇراپاتلىق، مەنىۋى قاششاقلىق قاتارلىق ھەر خىل ئىللەتلەرنى پاش قىلدى، پەن - مەدەنىيەتنى ئۇلۇغلاپ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشكە، بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلدى.

مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن يەنە بىر مەزمۇن ئورتاقلىقى، ئۇنىڭدا يورۇتۇلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدۇر. بۇ روھ ئوخشىمىغان ژانىردىكى ئەسەرلەرگە باشتىن - ئاياغ ئىزچىل سىڭدۈرۈلدى. بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئېلىمىزگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ئاشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسى، ئەڭ ياڭراق مېلودىيىسى بولۇپ قالدى. كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە بۇ ئەسەرلەردە ۋەتەن ئانا ئۇلۇغلىنىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇلۇغلۇقى، گۈزەللىكى مەدھىيىلەندى،

ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، كۈچلۈك ھېسسىيات ئىزھارلاندى.

ئومۇمەن، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئاشۇ جەڭگىۋار يىللارنىڭ ھارماس كۈيچىسى بولۇپ، ئۆزىنى قايناق كۈرەش قوينىغا ئاتتى. ئىجادىيىتىنى ئىزچىل تۈردە تۇرمۇش رېئاللىقىغا، كۈرەش ئەمەلىيىتىگە قارىتىپ، خەلقنى تەربىيىلەيدىغان، روھلاندۇرىدىغان، ئۇمىدلەندۈرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەدەبىيات ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى، رېئالىزمدىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى، دەۋرنىڭ ھەر بىر قەدىمىدىن دېرەك بېرىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى كۆرۈلۈپ باقمىغان يۈكسىلىشكە ئېرىشتى. بەزى مىللەتلەرنىڭ ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن چەكلىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىياتىدا ھەر خىل ژانىردىكى ئىجادىيەت مېۋىلىرى مەيدانغا كەلدى. رومان، پوۋېست، ھېكايە، نەسر، دراماتورگىيە، سېنارىيە قاتارلىق ھەر خىل ژانىر ۋە تۈرلەردىكى ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئەدەبىياتتا خىلمۇ خىللىقنى، رەڭدارلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللىي ئەدەبىيات باغچىسىنى رەڭگارەڭ، جەزبدار گۈللەر بىلەن تولدۇردى. نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئېنىق ھېس قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئەدىبلىرى خەلققە نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى مەملىكەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بىز مەزكۇر تېمىدىكى تەتقىقاتىمىزنى ئىشلەش جەريانىدا شۇنى ئېنىق ھېس قىلدۇقكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى جاپالىق ئىزدىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. ھازىر ئۇلار ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتكە ئېرىشۋاتىدۇ. شۇڭا مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىدىغان ئالتۇن دەۋرىنىڭ جەزمەن يېتىپ



كېلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچىدىمىز.

نۆۋەتتە، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش خۇددى ئىجادىيەتنى چىڭ تۇتۇشتەكلا مۇھىم بىر خىزمەتتۇر. پۈتۈن بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى تېپىپ چىقىش، ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە جەزمەن پايدىلىق. بىز مانا مۇشۇ مەقسەت - مۇددىئا بىلەن مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنى قولغا ئالدۇق. بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە 21نەپەر تەتقىقاتچى خادىم تىرىشىپ ئىشلەپ بۇ خىزمەتنى مۇشۇ باسقۇچقا يەتكۈزدۇق. بىز شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇشۇ بىر ئەسىر مابەينىدىكى ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدە مەخسۇس ئىزدەندۇق. بىز ھازىرچە شىنجاڭدىكى سەككىز مىللەتنىڭ بىر ئەسىرلىك ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلىرى ئۈستىدىلا تەتقىقات ئېلىپ بارالىدۇق. سەككىز بابنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىرىنچى پاراگرافىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. بۇ ئارقىلىق مۇھىم ئەسەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئورنى، قىممىتى، تەسىرى كۆرسىتىلدى. ئاساسلىق ئەمگەكنى بولسا كونكرېت ئەسەرلەر تەتقىقاتىغا قارىتىپ، ئۇلارنى مىكرولۇق تەھلىل قىلدۇق. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى، ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى، ئېستېتىك قىممىتى، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋەھاكازالار نۇقتىلىق تەتقىق قىلىندى. ئىلگىرىكى مۇھاكىمىلەر ئاساسەن، ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا قارىتىلىپ ئېلىپ بېرىلغانىدى . بىز بۇ قېتىم ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى، ئېستېتىك قىممىتى، ئىجتىمائىي تەسىرى قاتارلىقلارغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردۇق، ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۇنى يەنە بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ئۇنىڭغا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىشكە تىرىشتۇق.

بۇ قېتىمقى تەتقىقاتىمىزنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولدى. دەرۋەقە

ئېلىمىزنىڭ خېلى كۆپ رايونلىرىغا بۆلۈنۈپ ياشايدىغان شىبە، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، بىراق بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىز پەقەتلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغىلا قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مىللەتلەرنىڭ پەقەت شىنجاڭدا ياشاپ، شىنجاڭدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا چەكلەندۇق. بەزى مىللەتلەر ئېلىمىزدىلا ئەمەس دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ئىجادىيەت مېۋىلىرى بار. بىراق بۇ مەسىلىدىمۇ بىز ئوخشاشلا يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆردۇق. تەتقىقاتنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن، ئايرىم مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى بەزى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ قولغا ئېلىنىپ مۇھاكىمە قىلىنىشى تۈنجى قېتىملىق بولغاچقا، بۇ هال تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىق خېلى ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بىراق بىزنى ئەمىنلەندۈرگىنى شۇكى، پەقەتلا نەزەر تاشلانمىغان بەزى تەرەپلەر بۇ قېتىملىق تەتقىقاتىمىزدا دىققەتكە سازاۋەر بولدى، پەقەت قول تەگمىگەن تېمىلار قولغا ئېلىندى. ئەڭ ئەھمىيەتلىكى، بىز بۈگۈن تەتقىقاتىمىزنى بىر خىل تىل- يېزىق بىلەن ئۆلچەملەشتۈرۈپ يورۇقلۇققا چىقاردۇق، ئىمكانىيىتىمىز يار بەرگەندە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ تەتقىقات نەتىجىمىزنى خەنزۇ تىل- يېزىقى بىلەن تېخىمۇ چوڭ تەتقىقات سەھنىسىگە چىقىرىش ئارزۇيىمىز بار.

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى تېخى نۇرغۇن قىممەتلىك تەرەپلەرنى ئۆزىدە يوشۇرۇپ ياتقان بىر بوزلۇق. ئۇ بىزنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە كەڭ كۆلەملىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشىمىزنى كۈتىدۇ.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق بۇ كىتاب «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 20- ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئەسەرلەر ھەققىدە تەتقىقات » ناملىق دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە 1997 -يىلى يېزىپ تاماملانغان ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەنىدى.بەزى كونكرېت



سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشر قىلىنىشى تولىمۇ كېچىكىپ كەتتى،مانا ھازىر ئارىدىن 9 يىل ئۆتكەندە يورۇقلۇققا چىقىۋاتىدۇ.

مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 21 نەپەر ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك:

| | | |
|---|---|---|
| 1. ئازاد رەھمىتۇللاسۇلتان | پروفېسسور | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 2. نۇرمۇھەممەت زامان | دوتسېنت | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 3. مۇھەممەت ئەيسا جامى | دوتسېنت | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 4. ئابدۇللا مەتقۇربان | دوتسېنت | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 5. كېرىمجان ئابدۇرېهىم | دوتسېنت | قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى |
| 6. قاۋسىلقان قامجان | دوتسېنت | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 7. بېك سۇلتان | تەتقىقاتچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| 8. تۇرارجان | لېكتور | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 9. مامبەت تۇردى | پروفېسسور | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 10. ساھىپبەگ | لېكتور | قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى |
| 11. بايىنباتۇر | كانددات نەتقىقاتچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| 12. ئىنئامسورۇڭ | مۇھەررىر | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى |
| 13. لى جىنچىڭ | پروفېسسور | شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى |
| 14. شېرىن قۇربان | پروفېسسور | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 15. زەمىر سەيدۇللا | كانددات نەتقىقاتچى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 16. جۇڭ لۇ | تەتقىقاتچى | شىنجاڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى |
| 17. جۇڭ فۇ | كانددات نەتقىقاتچى | شىنجاڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى |
| 18. خې جيەنرىن | كانددات نەتقىقاتچى | ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزى |
| 19. شېتوكىن | دوتسېنت | ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى |
| 20. قادىر ئەكبەر | تەتقىقاتچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| 21. هۆرمەتجان ئابدۇرەھمان | دوتسېنت | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |

بۇ مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بۇ كىتابنى بىرلىكتە يېزىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى تۆۋەندىكىچە: ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان تەتقىقات تېمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتابنىڭ كىرىش سۆزى ۋە 1- بابنىڭ §1، §12، §13، §16 لىرىنى يازدى؛ نۇرمۇھەممەت زامان 1- بابنىڭ §2، §8، §9، §14 لىرىنى يازدى؛ مۇھەممەت ئەيساجامى 1- بابنىڭ §5، §20، §22 لىرىنى يازدى؛ ئابدۇللا مەتقۇربان1- بابنىڭ §10، §11، §18،§19 لىرىنى يازدى؛ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 1- بابنىڭ §3،§4، §6، §7، §15، §17، §21 لىرىنى يازدى؛ قاۋسىلقان قامىجان 2- بابنىڭ §3، §6، §7، §8، §9، §10 ، §11، §12، §13، §14، §15، §16، §17 لىرىنى يازدى؛ بېك سۇلتان2- بابنىڭ§1نى يازدى؛ تۇرارجان 2- بابنىڭ §2، §4، §5 لىرىنى يازدى؛ مامبەت تۇردى3- بابنىڭ§1، §2 لىرىنى يازدى؛ ساھىپبەگ 3- بابنىڭ §3، §4، §5،§6، §7، §8، §9، §10 لىرىنى يازدى؛ بايىنباتۇر 4- بابنىڭ§1، §6، §7، §8، §9 لىرىنى يازدى؛ ئىنئامسۇرۇڭ 4- بابنىڭ §2، §3، §4لىرىنى يازدى؛ لى جىنچىڭ 5- بابنى يازدى؛ شېرىن قۇربان 6- بابنىڭ §1، §2، §3، §4، §5، §7، §8، §9 لىرىنى يازدى؛زەمىر سەيدۇللا 6 - بابنىڭ §6 نى يازدى؛ جۇڭ لۇ 7- بابنىڭ §1، §2، §3 لىرىنى يازدى؛ جۇڭ فۇ 7- بابنىڭ §4، §5 لىرىنى يازدى؛ خې جيەنرىن 7- بابنىڭ §6 نى يازدى؛ شې توكىن 7- بابنىڭ §7 نى يازدى؛ قادىر ئەكبەر8- بابنىڭ §2 نى يازدى؛ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان 8- بابنىڭ§1، §3، §4، §5 لىرىنى يازدى.



# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

§1. ئومۇمىي بايان ........................................ 1
§2. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرى ھەققىدە ........................................ 31
§3. نىمشېھىت ۋە ئۇنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرى ھەققىدە ........................................ 40
§4. نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد- شېرىن» ناملىق داستانى ھەققىدە ........................................ 44
§5. زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ «غۇنچەم» ناملىق درامىسى ھەققىدە ........................................ 49
§6. ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» ناملىق داستانى ھەققىدە ........................................ 74
§7. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ھەققىدە ........................................ 108
§8. ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق درامىسى ھەققىدە ........................................ 124
§9. مۇھەممەتئىمىن توختايوپنىڭ «قانلىق يەر» ناملىق رومانى ھەققىدە ........................................ 135
§10. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرى ھەققىدە ........................................ 151

§11. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ساتىراسى ھەققىدە ........ 164
§12. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانلىرى ھەققىدە ........ 175
§13. زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە ........ 194
§14. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانى ھەققىدە ........ 212
§15. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى ھەققىدە ........ 229
§16. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە ........ 249
§17. پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق رومانى ھەققىدە ........ 261
§18. قۇربان باراتنىڭ «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىرى ھەققىدە ........ 284
§19. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «توزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى ھەققىدە ........ 293
§20. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق درامىسى ھەققىدە ........ 303
§21. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ناملىق درامىسى ھەققىدە ........ 337
§22. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە ........ 354



## ئىككىنچى باب  قازاق ئەدەبىياتى

§1. ئومۇمىي بايان ........ 388
§2. تاڭجارىقنىڭ «نازىگۇل» ناملىق داستانى ھەققىدە ........ 398
§3. ئەسقەر تاتانايىنىڭ «مالبېيىكنىڭ ھاياتى» ناملىق داستانى ھەققىدە ........ 409
§4. نىغمەت مىڭجانىنىڭ «تۇرمۇش تىلچىسى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە ........ 417
§5. جاقىپ مىرزاقانىنىڭ «ئارمان يولىدا» ناملىق رومانى ھەققىدە ........ 423
§6. سۇلتان جانبولاتوپنىڭ «ئېلجاۋ كۇنبى» ناملىق رومانى ھەققىدە ........ 429
§7. ماغاز رازدانىنىڭ «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى ھەققىدە ........ 439
§8. شامىس قۇمارنىڭ «جۇسانلىق دالا» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە ........ 447
§9. جۇمەدىل مامانىنىڭ «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە ........ 455
§10. بولانتاينىڭ «يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە ........ 463
§11. جۇماباي بىلالنىڭ «قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە ........ 470
§12. رەھمۇتوللا ئەپشەنىڭ «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە ........ 478

§13. سالى سادىۋاقاسىنىڭ «دومبىرا ــ كۈي» ناملىق داستانى ھەققىدە.......... 485
§14. قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ «ئۇنىڭ ئۈگى بىلەن چۈشى» ناملىق داستانى ھەققىدە.......... 495
§15. شاكەن ئونالبايىنىڭ «يايلاق ناخشىسى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە.......... 502
§16. ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ «سەلكىن» ناملىق كومېدىيىسى ھەققىدە.......... 511



# بىرىنچى باب ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## §1. ئومۇمىي بايان

ئالاھەزەل يۈز يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە ئىگە 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىچكى ئىزچىللىق تەرىپىدىن مول جۇغلانمىغا ئىگە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ داۋامى ۋە تەبىئىي راۋاجى بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن ۋە شەكلەن خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بىزگە ئايانكى، ھەر قانداق بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى شەكىللىنىشتە ۋە تەرەققىي قىلىشتا شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى، خەلقئارادىكى زامانىۋىلىكنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات دولقۇنى، خەلقنىڭ دېموكراتىك تەلەپلىرىنىڭ ئۆلغىيىشى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىق ئامىللار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېڭى بىر دەۋرگە خاس ئەدەبىياتنى تەدرىجىي روياپقا چىقاردى.

ئەگەر بىز ئۆز نەزەرىمىزنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرنىڭ سەل ئالدىغىراق تاشلايدىغان بولساق، ئارزۇ ـ ئارمان ۋە غايىۋى مەنزىللەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان رومانتىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ

پەيدىنپەي سۇسلىشىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇداخىلىسى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، ئىچكى جەھەتتە بولسا ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ پاناھىدىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ قاتمۇ قات زۇلۇملىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپ،ئۇلارنى تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇردى. بۇ ئالاھىدە دەۋر ئەدەبىياتقا رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىپ كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرۇشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى يۈكلىدى.

پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىدە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئىنقىلاب بورىنىنىڭ شەپىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغىمۇ يېتىپ كەلگەندە بولسا، دەۋر ئۆزگىرىشلىرىنى بايقىيالىغىدەك سەزگۈگە، خەلقنىڭ دەردىگە يېتەلىگۈدەك ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار، ئەدىبلەر قەلەمنى قورال، ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىپ كونا دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇللا ھاپىز، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئارۇپ قاسىمى قاتارلىق بالدۇر ئويغانغان مەشئەلچىلەر تېما ۋە مەزمۇندا، كەيپىيات ۋە ئاھاڭدا، تىل ۋە شەكىلدە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ۋاراقلىرىنى ئاچتى.

*بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،*
*ئۇزسە خەلقنىڭ بوينىدىن خارلىق كىشەن ـ زەنجىرىنى،*
*گەر خارابكەن ئول ۋەتەن، كاللامنى ئۇزسۇن ئۇ قىلىچ،*
*كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى،قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.*

شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ يۈرەك ئىزھارى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا:



*گاھى ئوخشارمەن مۇھىت ئاتلاسىدا بىر كېمىگە،*
*تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراب.*
*بىر چۆكۈپ بىر چىقىمەن، تۇنجۇقۇپ بىر تىنىمەن،*
*كۆرۈنەر ساھىل قاچان، دەپ كۆزلىرىم كەتتى قاماپ،*
*جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت،*
*ئۆلمىسەم غازى ئەگەر، ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب.*[①]

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەلنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئىزھارلىغان. گەرچە ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە كۈرەشنى قانداق قانات يايدۇرۇش، غەلىبىنى قانداق يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا لايىھىسىنى، يەنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالدى بىلەن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. گەرچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بايراقدارلار تېخى ئاڭلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى بولۇپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ نېمە قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تېپىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تىرىشقانلىقىنى، ئىلغار نەزەرىيىنىڭ يېتەكلىشىگە بولغان تەشنالىق تۇرتكىسىدە ماركسىزم ھەقىقەتلىرى، لېنىننىڭ تەلىماتلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

*ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،*
*ئۇنىڭكى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماغىمدىن،*
*ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن ـ روجەن سەھراسىدىن،*
*ئىزدىبان تاپتىمدە، ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.*

دېمەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، دەل ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شەكىللىنىۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بالدۇر ئويغانغان مەشئەلچىلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئىجتىمائىي

① «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ناملىق شېئىردىن.

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە باشلىغان بولۇپ، شەيئىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن كۆزىتىپ، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غايىۋى مەنزىللەرنى، ئارزۇ- ئارمانلارنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان رومانتىزملىق خاھىشنى ئەمەس، رېئاللىقنى يورۇتۇپ، نامۇۋاپىق مەۋجۇدىيەتلەرنى پاش قىلىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى تاللىۋالدى. دەل مۇشۇ نۇقتا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «مۇتالىئە ھىدايەت»، «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئايلىناي»، «كۆردۈم»، «زۇلۇمغا قارشى»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «مۇزلىدى»، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «مۇشائىرە»، «مەرھۇم ئابدۇقادىر ئەزىزى كاشىغەرىنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە» قاتارلىق شېئىر- نەسرلىرى، شۇنىڭدەك ئابدۇرېھىم ھاجى، ناسىۋھا ئىمىن، ئابدۇللا ھاپىز، ئارۇپ قاسىمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى نۇرمۇھەممەت زاماننىڭ «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۈزۈندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زاماندىن ۋە زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىدىن زارلاش، رېئاللىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، نارازىلىق بىلدۈرۈش كەيپىياتلىرى بۇ دەۋر (ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرى)گە كەلگەندەئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا تەنقىد قىلىپ، تەنقىدىي رېئالىزم يولىغا يۈزلەندى.»① دېگەن يەكۈنىنىڭ ئاساسلىرى بولالايدۇ. مانا مۇشۇنداق رېئالىزملىق روھ گويا بىر مەشئەل كەبى يالقۇنجاپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ گۈللىنىشىگىچە بولغان پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىنى يورۇتۇپ كەلدى. زۇلۇم كۈچىيىۋاتقان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ئوتىمۇ ئۇلغىيىۋاتقان يىللارنىڭ باتۇر

① نۇرمۇھەممەت زامان:«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى،1995- يىل نەشرى، 4- بەت.



كۈيچىلىرى ئەسىر- ئەسىرلەردىن بېرى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئات- ئېشەك ئورنىدا ئەزگەن، خورلىغان زومىگەرلەرنى لەنەتلەپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنىڭ بۆشۈكى، ھامىيسى بولغان ئەكسىيەتچىل جەمئىيەتنى، چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمىنى سۆكتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا خەلقنى كۈرەشكە چاقىرىپ، ئادەمخور تۈزۈمنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى. دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە بۇ خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر بىردەك ھالدا ئالدى بىلەن خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدا ئالاھىدە شەرھلەشكە توغرا كېلىدىغىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئويغىنىش ئېڭىدۇر. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

*ئەي پەلەك بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،*  
*ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم بىر دەردىمە ھېچ دارىمەن،*  
*ئاتا- بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،*  
*گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن،*  
*بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان بېغىم باھارى گۈلىنى،*  
*ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن،*  
*پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر- جەدىت دەپ قارغىشۇر،*  
*بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.*  
*چۆل- جەزىرە، دەشتۇ- سەھرا ئىچىدە قالدىم نە ئىلاج،*  
*ئاھ، قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.*  
*سۇغا تەشنا بۇ چۆل، بىپايان مۇنبەت يېرى،*  
*مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش قاينام بولۇپ ياتارىمەن.*  
*ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىپى- مەشرىق تامام،*  
*مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن،*  
*باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،*  
*مەن مىسالى يالاڭياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن،*

*ئىلىم- پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت خەۋپ- خەتەر،*
*ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن؟*

قاراڭغۇ جاھالەتتىن قاتتىق بىزار بولۇپ، نادانلىق، روھىي قاششاقلىق، خۇراپاتلىقنىڭ خەلقنىڭ بوينىغىلا ئەمەس، روھىغىمۇ كىشەن بولۇپ سېلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق سۈرەتلەنگەن بۇ شېئىردا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان «ئۇيغۇرۇم» شېئىرىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللەتنىڭ ئېڭىدىكى ئىللەتلەرنى خېلى چوڭقۇر قازدى، مەنۋى كورلۇقتىن، قاششاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى تونۇيالمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئىززەت- قىممىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىللەتلەر تۈزەلمىسە خارابلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇنىڭدەك زۇلۇم ۋە خورلۇقتىنمۇ خالاس بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شائىر «4- ماي» ھەرىكىتىدە ئېلىمىزنىڭ ئېڭى ئويغاق مەشئەلچىلىرى كۆتۈرۈپ چىققان ئىلىم- پەن مەشئىلىنى قولىغا ئېلىپ، ئىلىم- پەن ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بايراقدارلارنىڭ تەشەببۇسى ناھايىتى تېزلىك بىلەن مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «نەسىھەتى ئاما» (ئابدۇقادىر داموللا)، «غەزەللەر» (ئەخمىدى)، «ئوقۇدى- ئاشتى ...»، «بىز مۇئەللىم» (تەۋپىق)، «بىلىم ئىشقىدا» (نىمشېھىت) قاتارلىق ئەسەرلەر ئەينى يىللاردىلا ئەمەس، ھەتتا بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەسىرىنى، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

شۇ قاتاردا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىمۇ ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم تېمىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شائىر نىمشېھىت ئۆزىنىڭ «بۈيۈك جۇڭگو»ناملىق شېئىرىدا:



*بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،*
*كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار، ھەددىسىز ئورمان - باغلىرىڭ بار،*
*تۆرلۈك مەدەن، نېفىت، كۆمۈر ھېچ تۈگىمەس بايلىقىڭ بار،*
*يەر شارىنى تويغۇزغىدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىقىڭ بار.*

دەپ يېزىپ، ۋەتەن ئانىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل تاغ- دەريالىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ. شېئىرنىڭ داۋامىدا بولسا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە تاڭغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىدۇ، ئەيىبلەيدۇ ۋە خەلقىمىزنىڭ ۋەتەننى قوغداش جەڭلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىزھار قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ياپونغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئاساسلىق مېلودىيىگە جور بولۇپ ئەڭ ياڭراق ناخشىلارنى ياڭراتتى. ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «جۇڭگو» ناملىق چاچما شېئىرىدا قەلبىگە پاتمايۋاتقان قايناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ، ئارقا سەپتە تۇرغان شىنجاڭ ئوغۇل- قىزلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق فېلىيەتونىدا ۋە «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ناملىق نەسرىلىرىدىمۇ ۋەتەننىڭ مۇقەددەسلىكى، دەخلى- تەرۇزسىزلىكى، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداش ھەر بىر گىراژدانىنىڭ پەرزى ھەم قەرزى ئىكەنلىكى ئاجايىپ گۈزەل تىل، يارقىن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇلغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئانىجان ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا ئەيلەپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقى، ئاخىرقى غەلىبە جەزمەن ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەت، ۋەتەننى سۆيۈش مەزمۇن قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەر 30- يىللاردا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە ئاساسەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلدى. بۇ ھەقتە ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار ئاز ئەمەس. بۇ چاغلاردا ئەدەبىياتىمىزغا

ئەمدىلا كىرىشكە باشلىغان ياكى يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان يېڭى ژانىر، يېڭى شەكىللەردىمۇ بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر يېزىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بولغانلىرىغا ل. مۇتەللىپنىڭ «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» فېلىيەتونى، شۈكۈر يالقىننىڭ «شاڭخەي كېچىسى» درامىسى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «شانلىق قۇربان» ھېكايىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كەلگىنىدىن تارتىپلا دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە، تۇرمۇشنىڭ قەدەملىرىگە ماسلىشىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا يۈزلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاھالەتلىك يىللاردىكى ئاققان قانلارنى، تۆكۈلگەن ياشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. زۇلۇم قامچىسى ئاستىدا ئىڭرىغان مەزلۇملارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. خورلۇققا، ئېزىلىشكە سۈكۈت قىلالمايدىغان ئىسيانكار قەھرىمانلارنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۆكرەك كېرىپ كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبىسىدىن ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ شان-زەپەرلىرىدىن ئىلھاملانغان ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاب بورىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى، خەلقنىڭ روھىي ھالىتى، دەۋرنىڭ ھەر بىر قەدىمى، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر تىنىق-نەپىسى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۆز ئىنكاسىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزگە ئاساسەن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى دەپ، ئەدەبىياتنىڭ دەۋرگە ياندىشىشى، تۇرمۇشقا يۈزلىنىشى، كۈرەشكە جور بولۇشى، يەنى جەڭگىۋارلىشىشى، رېئالىزملىق روھىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىمىز.

ئالاھىدىلىكنىڭ ئىككىنچىسى، مۇقىملاشقان ۋە خېلى كەڭ يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەشكىللەنگەنلىكىدۇر. بۇ قوشۇندا ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بايراقدارلارغا ئەگەشكەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد يازغۇچىلار بار. ئەگەر بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، ئابدۇللا روزى، ئەھمەد زىيائى، نىمشېھىتلارنى ئىككىنچى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى



دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارنى ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ ۋەكىللىرى دەپ ھېسابلايمىز. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ياش-قۇرامى، سىنىپىي كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، ئەدەبىياتتىكى ئۇسلۇبى قاتارلىقلار پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى، تەشەببۇسلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، خەلقچىللىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئورتاقلىقى ئارقىلىق ئىلغار ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۇنى بەرپا قىلىش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى.

بۇ يازغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيدى، سۆيىدە ئاقتى، ئالدى بىلەن جەڭچى، ئاندىن ئەدىب بولدى، ئەلنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى پىدا قىلدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار دۈشمەننىڭ قىلىچ-جادۇسى ئاستىدا، تۈرمە-زىندانلىرىدا ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئوغلانلىرى بىلەن شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغۋاردۇر.

ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان باسقۇچىغا كىرگەندە ژانىر ۋە تۈرلەر جەھەتتىن تەدرىجىي بېيىپ مۇكەممەللىشىپ باردى. ئەنئەنىۋى شېئىر شەكىللىرىگە چاچما شەكىل ۋە باشقا يېڭى شەكىللەر قوشۇلدى. 30-يىللاردا رېئالىستىك پروزا ئالاھىدە ژانىر سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. درامىچىلىق تەرەققىي قىلىپ، دراماتورگىيە ژانىرىمۇ قاتارغا قېتىلدى. نەسرىي شېئىر، لىرىك نەسر، فېلىيەتون قاتارلىق تۈر ۋە شەكىللەردىكى يېڭى نەتىجىلەر نەسر ژانىرىنى بېيىتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ل. مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىر، فېلىيەتون، نەسرىي شېئىر جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «جۇڭگو»، «يانار تاغلار» قاتارلىق چاچما شېئىرلىرى، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»

نامىلىق نەسرىي شېئىرى، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» فېلىيەتونى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ژانىر ۋە تۈرلىرى ئۈچۈن ئۈلگە بولغان بولسا، زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» ۋە «گۈلنىسا» درامىلىرى، «ماغدۇر كەتكەندە»، «رودۇپاي» نامىلىق ھېكايىلىرى دراما ۋە پروزا ژانىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى بېيىتىپ، ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ مەزگىلدە يەنە خېلى كۆپ ياخشى ئەسەرلەر يېزىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ياندىشىپ ۋە ئۇلارنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈردى.

دەرۋەقە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بولۇپمۇ بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى سان جەھەتتىن، شۇنداقلا سۈپەت جەھەتتىن ئۇنچىۋالا كۆپ ۋە يۇقىرى ئەمەس، لېكىن بىز بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتقا ئەمەلىيەتتىن چىقىپ تۇرۇپ باھا بېرىدىغان بولساق، يەنى ئەينى دەۋردىكى خەلقنى نادان تۇتۇپ، غەپلەت بۆشۈكىدە ياتقۇزۇپ باشقۇرۇش سىياسىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى، شۇنىڭدەك بىرەر قەرەللىك ئەدەبىي ژۇرنال ياكى مۇقىم نەشرىيات ئەپكارلىرى قۇرۇلمىغان ۋە بۇنداق مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلغىدەك ئىقتىسادىي ئاساس بولمىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق، يەنە شۇنىڭدەك بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئىستېتىك رولىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ خەلقنى ئويغىتىش، ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش جەھەتتىكى بىلىش رولىنىمۇ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ئۆز ئەدەبىياتىمىزدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز ۋە ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىزدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇزاق قاراڭغۇ تۈنلەرنىڭ داۋامى بولغان ئالدىنقى يېرىم ئەسىردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت ھەر قانداق شەكىلدىكى تەرەققىياتقا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ ۋە ئىلغارلىقنى بوغۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەدرىجىي يوسۇندا شەكىللەندى، تەرەققىي قىلدى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ۋە خەلق بىلەن چىرمىلاشتى. ئۇنىڭ بىلىش قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى بارغانسېرى ئېشىپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ قەدەملىرىگە جور بولۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك نەتىجىلىرى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىلىرىنى جۇلالاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.



1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. 20 - ئەسىردىكى جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋرلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ھاسىلاتلارغا ئىگە بولدى. يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى، ئىجادىيەتنىڭ رەڭدارلىققا يۈزلىنىشى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپەت - ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ، ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئېشىشى، كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىقلار قولغا كەلگەن نەتىجىلەر جۈملىسىدىندۇر.

دەرۋەقە، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىي داۋالغۇشلار ۋە ئەگرى - توقايلىقلاردىن خالىي ھالدا تۈز سىزىق بويىچە بىر تەكشىلىكتە بولغان ئەمەس. ئەگەر بىز دىققىتىمىزنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى تەرەققىيات جەريانىغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى جۇغلاش بىلەن بىرگە، ئاچچىق ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولغانلىقىنى، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن رەڭدارلىققا ئۆزگىرىپ ماڭغانلىقىنى، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىر خىللاشقان زېرىكىشلىك بايانلىرىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇقلىرىغا شۇڭغۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇ نەرسە ئېنىقكى، زۇنۇن قادىرى ۋە تېيىپجان ئېلىيوپلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزغا ئۇل سالغانىدى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئەدىبلىرىمىز ئىزچىل تۈردە ئەينى دەۋر

كەيپىياتىغا ماسلىشىپ ئوتلۇق ھېسسىياتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى يازدى، زۇلۇمدىن قۇتۇلغان، يەرگە ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ ئۆز نىجاتكارلىرى بولغان داھىيغا، كومپارتىيىگە ۋە ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان مۇھەببەتلىك سېزىملىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. ئەينى مەزگىلدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ يېڭى تۇرمۇشى، كەيپىياتى، يېڭىچە ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تەسۋىرلىدى. يازغۇچى زۇنۇن قادىرى «چىنىقىش» ناملىق ھېكايىسىدە كونا جەمئىيەتتە ياتلاشقان، بىكار تەلەپ مەتنىيازنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزگىرىپ كېرەكلىك ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتنى مەدھىيىلىگەن بولسا، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ «يىراقتىن خەت» ناملىق داستانىدا، دېھقانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلەك ۋە ئىنتىلىشلىرىنى يورۇتتى، ئەلقەم ئەختەم بولسا «سائادەتخان» ناملىق داستانىدا شېئىرىي ئوبراز سائادەتخان ئارقىلىق ئاياللارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن، خورلانغان قىسمەتلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئابلىز نازىرى «خۇاڭخې دولقۇنى» ناملىق شېئىرىدا، خۇاڭخې دەرياسىنى جۇڭگو خەلقىگە سىمۋول قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلىدى. يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تۇنجى پوۋېست ھېسابلىنىدىغان «سىناق» ناملىق پوۋېستىدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدىكى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇردى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ «مەتباقى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن تونۇلغان تالانتلىق يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدى «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ساراڭ ساقايدى»،«ئازاد يېزىنىڭ قىزى» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەردى.

1956 - يىلى ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشى ۋە ئېلىمىزدىكى سىنىپلار ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى ئېلىمىزنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. يەنى كەڭ كۆلەملىك، شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش ئاساسەن تاماملىنىپ، بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىگە مۇجەسسەملەندى.



1956 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا قويغان «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنى ئەمەلىيەتتە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە قويۇۋاتقان يېڭى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى. سەنئەت دېموكراتىيىسى كەڭ يولغا قويۇلغان بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت جانلاندى، ئەدىبلەر قوشۇنى زورايدى. ياش شائىرلاردىن مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇسالام توختى، رەخىم قاسىم، مىركامىل ياقۇپ، مىرزاھىد كېرىم، مەمتېلى زۇنۇن، ياش يازغۇچىلاردىن قەييۇم تۇردى، مالىك كېۋىر، ئەخەت ھاشىم قاتارلىقلار ئىجادىيەت سېپىگە يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇلدى، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى» ، مۆمىن سەپىرىنىڭ «قۇلۇپلانغان كابىنت»، رەخىم قاسىمنىڭ «باشلىق چۈشكەن پابىدا» قاتارلىق ساتىرالىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ياخشى نىيەتتە يېزىلغان توغرا پىكىرلىك بۇ ئەسەرلەر كۆتۈلمىگەندە ئېغىر ئاقىۋەتكە ئۇچرىدى. 1957 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت»، 1957 - ۋە 1958 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» لەرنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئەسەرلەر ۋە بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر قارىلاندى، ئەسەر ئاپتورلىرى قاتتىق تەنقىد قىلىندى، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىندى. نەتىجىدە ئەدىبلىرىمىز رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئالىستىك روھى ئاجىزلاپ كەتتى. بۇ يىللاردا مەتبۇئاتلاردا رېئاللىق بۇرمىلانغان، تۇرمۇش پەردازلاپ كۆرسىتىلگەن، چوڭ سۆزلەش، مۇبالىغە قىلىش شامىلىغا ماسلاشقان خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. يولداش جۇئېنلەي 1961 - يىل 6 - ئايدا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ۋە ھېكايە فىلىم ئىجادىيەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ۋە 1962 - يىلى بېيجىڭدىكى جىڭجۈي، ئوپېرا، بالىلار تىياتىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلارغا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، يولداش چېن يى شۇ يىلى 3 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان

كومېدىيە، ئوپېرا، باللار تىياتىرى ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ،ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق ئازاد قىلىش، «ئېچىلىپ ـ سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «تارىم قىزى» (نىمشېھىت)، «دېھقان ئاتا» (قۇربان بارات)، «باھار شاۋقۇنى» (مۇھەممەت رېھىم)، «جەننەت نەدە دېسەڭلار» (ئابدۇكېرىم خوجا)، «ماخودىن ئاۋاز» (ئىبراھىم ھەمدۇل) قاتارلىق شېئىرلار ۋە شۇنىڭدەك «خالتا كوچىدىن يانغاندا» (ئەرشىدىن تاتلىق)، «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە» (قەييۇم تۇردى)، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» (ئەخەت تۇردى)، «يېزا لاچىنى» (ئابلىمىت سابىر)، «ئىشچى بولۇپ يېتىلدىم» (ئابلىمىت ھاجى)، «ئاغزامباي» (توختاخۇن ناسىر)، «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش» (ئابلا ئەخمىدى) قاتارلىق ھېكايىلەر ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاشۇ مەزگىلدىكى قايتىدىن جانلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىراق، 1962 ـ يىلىدىن، بولۇپمۇ 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ «سىنىپىي كۈرەشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن سىياسىي شوئارغا ماسلاشقان ئەسەرلەر كۆپىيىپ كەتتى. بۇلار بىر خىل سىياسىي نەزەرىيىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، رامكا ۋە قېلىپلار بىلەن قاتتىق چۈشەلگەنىدى. ئىجادىيەتتىكى بۇ ھادىسە داۋاملىشىپ مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ پىپەن ھەرىكەتلىرىگە ئۇلاندى. ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك روھى بوغۇلغان ناچار كەيپىيات بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتورا يۈرگۈزۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

16 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلىگەندە، نەتىجىلىرىمىز توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:



بۇ مەزگىلدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز پېشقەدەملەر ۋە ياشلاردىن بولۇپ 300 گە يېقىن ئەدىبتىن تەشكىللەنگەن خېلى زور بىر قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 40 قا يېقىنلىشىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەنە خېلى كەڭ سەھىپىسى بار ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «تارىم» ژۇرنىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان ئىككى نەشرىياتتىن تەركىب تاپقان ئىجادىيەت سەھنىسىگە ئىگە بولدى. شېئىر ۋە ئاز ساندىكى ھېكايىلەردىن باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىز تەدرىجىي ھالدا دراممىلار، فېلىيەتونلار، كىنو سېنارىيىلىرى، ئوچېركلار، ھەتتا پوۋېستلار (گەرچە بىر پارچە بولسىمۇ) دىن ئىبارەت خىلمۇ خىل ژانىر ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىپ باردى. بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىلىرىنى، بەختىيار تۇرمۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى. گەرچە نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر، كونكرېت رامكىلار بار بولسىمۇ، ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا ۋە تۇرمۇشقا سادىق ۋىجدانى بىلەن يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا، مۇھەببەت تېمىسىدا، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسىدا، ئەمگەك تېمىسىدا، باللار تېمىسىدا بىر قەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇلار بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەرگە، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى، شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات كۆز قارىشىدۇر. ئەينى يىللاردىكى ئومۇملۇقنى ھاسىل قىلغان ئەدەبىيات كۆز قاراشلىرى ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى مۇنداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: سىياسىي لۇشيەنگە بويسۇنۇش، سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋەلىك كۆز قارىشى، دەسلەپكى سوتسىيالىستىك رېئالىزم، كېيىنكى ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى قارىشى، تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلاردىن ئىبارەت پرىنسىپ بويىچە يېڭى

قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەركەز قىلىنغان پېرسوناژلار قارىشى، ئومۇملۇق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ توقۇنۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىشتەك باش تېما قارىشى قاتارلىقلار. يېڭىدىن شەكىللەنگەن يۇقىرىقى ئەدەبىيات قاراشلىرى پۈتكۈل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. بۇ ئەدەبىيات قاراشلىرى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سىياسىي پۇراقنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارىخىي غەلىبە ۋە يېڭىچە ئىجتىمائىي رېئاللىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. بۇ رېئاللىق ئالدىدا يازغۇچىلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يېڭىچە قاراش بىلەن كۆزىتىش ۋە ئىپادىلەش لازىم دەپ ھېس قىلىشتى. ئۇلار ئىجادىيەتنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك زور سىياسىي ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بەزى ئەسەرلەر تېمىنى بىۋاسىتە سىياسىيدىن ئالدى. بەزى يازغۇچىلار توختىماي ھەرىكەتكە، سىياسەتكە ۋە مەركىزىي ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنلا بولدى. ئىجادىيەتتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، زور ئىجتىمائىي ۋەقە- ھادىسىلەرگە زىچ ماسلىشىش ۋە ئۇلارنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش، قويۇق سىياسىي رەڭ قاتارلىقلار ئاشۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇملۇققا ئىگە ئالاھىدىلىكى بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكىنىڭ ئېنىق، روشەنلىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئاددىيلىقى دېگەنلەرمۇ بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

دەرۋەقە، 16 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە خاراكتېرى روشەن، تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەسەرلەر بىۋاسىتە ھالدا سىنىپلارنى تەھلىل قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى خۇلاسىنى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ تەييار ئۆرنىكى قىلىۋالدى. سىنىپىي خۇسۇسىيەتلەر پېرسوناژلار



ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «ئۇنداق ئەمەسكەن، ئۇنداقتا چوقۇم مۇنداق» دەيدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئادەملەرگە كېلىپ مۇجەسسەملىشىدىغان جەمئىيەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، رېئاللىقنىڭ، تارىخنىڭ، ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملارنىڭ مۇرەككەپ تەسىرلىرىگە سەل قارالدى. روھىي دۇنيانى تەسۋىرلەشكە سەل قارالدى. ئىجادىيەت ئاستا- ئاستا قېلىپلىشىش، ئاددىيلاشتۇرۇشقا يۈزلەندى. 60- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى، ھەل بولۇش تۈگۈل «سولچىل» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئىجادىيەتنىڭ قاتماللىشىشى ئەدەبىياتنىڭ كۆپ خىللىق زوقلىنىش خۇسۇسىيىتى بىلەن بارغانسېرى زىتلەشتى. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىۋەرگەچكە، ئەدەبىيات بارغانسېرى ئۆز پرىنسىپلىرىدىن چەتلەپ ئەدەبىياتقا ئوخشىماي قېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئورنىنى يوقاتقىلى تۇردى. بۇ ئەھۋال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا كەلگەندە چېكىگە يېتىپ، ئەدەبىياتىمىزدا مىسلىسىز بوھران يۈز بەردى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىپ دۆلەتكە ئاپەت، خەلققە بالا كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان كىتاب- ژۇرناللار كۆيدۈرۈلدى، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان يازغۇچى- شائىرلىرىمىز تۇتقۇن قىلىندى، سۈرگۈن قىلىندى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خۇددى باشقا مىللەت ئەدىبلىرىگە ئوخشاش ئېغىر كۈنلەرگە قالدى. «ئوڭ» ۋە «سول» چىللىق كۈچەيگەن يىللاردا ئۇلار تەنقىدلىنىپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن بولسا، ئەمدى ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى. خۇددى شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ

1973 ـ يىلى يېزىپ ساقلاپ قويۇپ، 1980 ـ يىلى ئېلان قىلغان «كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل» ناملىق شېئىرىدا:

*كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل،*
*مۇنداق تەبىر بەردى بەزىلەر:*
*«ياخشىلىق بار ساڭىمۇ چوقۇم،*
*تۇزۇلىدىكەن خاتا ئەنزىلەر.»*

*بەزى چاغدا ئارام بېرىدۇ،*
*دەردمەن ئۈچۈن مۇنداق تەسەللىي.*
*بىراق شۇكۈنى بىر پېشكەل كېلىپ،*
*سولاپ قويۇشتى سولاش ئۈچۈنلا.*
*بۇلبۇل كۆرۈپ ھېلىمۇ ياخشى،*
*ئېلىنىپتىمەن سولاققا ـ بەندىكە.*
*ھۆپۆپ كۆرگەن بولسام چۈشۈمدە،*
*كېتىمدىكەنمەن ئۇدۇل لەھەتكە.*

دەپ يازغىنىدەك، ئەدىبلىرىمىز يېزىش ھوقۇقىدىنلا ئەمەس، ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولغانىدى. چۈنكى، لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتەك قارا نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قارا قولىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە تىققانىدى. ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ بارلىق قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى، ئىجادىيەتنىڭ ئىلغار تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىق، كۆز بوياش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى» نى يولغا قويىدى. بىراق، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق سەھىپىلىرىدە جۇلالىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈرىيەت ئامىللىرىدىن بولغان ھاۋا، سۇ، قۇياش نۇرى قاتارىدا مەڭگۈ ئۇزۇق بولۇپ كېلىۋاتقان تۇرسا، بىر ئوچۇم قارا قولنىڭ ئۇنى



يىلتىزىدىن قومۇرۇپ پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ياش يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «پۇل» ناملىق ھېكايىسىنىڭ، يازغۇچى مەھمۇت ئىلياسنىڭ «مۇھەببەت لوگىكىسى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ، شۇنداقلا بەلگىلىك قىممىتى بار خېلى نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ دەل مۇشۇ مۇدھىش يىللاردا ئىجاد قىلىنىپ خەلق ئارىسىغا قول يازما شەكلىدە تارقىلىشى، خاتىرە شەكلىدە ساقلىنىپ پۇرسەت كەلگەندە يورۇقلۇققا چىقىشلىرى يۇقىرىدا بىز شەرھلىگەن ئەدەبىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتلىرىدۇر.

1976 ـ يىلى باھاردا تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن شېئىر ئىجادىيەت ھەرىكىتى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى بىر باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يوقىلىشى بىلەن نەچچە گەز قېلىنلىقتا توڭلاپ كەتكەن مۇزلار ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي باھارى يېتىپ كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا باشلانغان «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلدىغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. خەلقىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىراق، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى نامراتلىقتىن، بېكىنمىچىلىكتىن شەكىللەنگەن مەنىۋى گادايلىق، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان قاششاقلىق ۋە قالاق ئىقتىسادىي قاراشلار تەرەققىياتىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا باشلىدى. كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش، نادانلىق بىلەن ئىلىم ـ پەن، قاتماللىق بىلەن ئىجادىيلىق، زامانىۋى ئىقتىساد كۆز قارىشى بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى ئەدەبىيات كۆز قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشىنى، ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تەقەززا قىلدى. دەل مۇشۇ تەقەززالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى

ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىشقا، ئۆزىنى قايتا تونۇشقا مەجبۇرلىدى، دەل مۇشۇ تەقەززالىق تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇيالايدىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچتى. بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئىستېتىك ئېڭى ئۆسۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ياسىدى. دەل مۇشۇ تەقەززالىق بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنى ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىقاردى.

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جىپسىلاشتى، يازغۇچىلار سىياسىينىڭ قولى بولىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار «چەكلەنگەن رايون» لارغا بۆسۈپ كىرىپ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى. رېئال تۇرمۇشتىكى ھەممە ساھە، ھەممە تەرەپلەر ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى. چەكلەنگەن رايون ئىچىدىكى زىيالىيلار تېمىسىدا ھېكايە ۋە شېئىرلار، دراملارلا ئەمەس، رومانلارمۇ يېزىلدى. تارىخىي تېما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چەكلەنگەن رايون ئىچىدىكى چەكلەنگەن رايون ئىدى. قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي ئىزلىرىمىزغا بېغىشلانغان «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «قاينام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ)، «مەھمۇد قەشقەرى» (پەرھات جىلان)، «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئابدۇراخمان قاھار)، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى) قاتارلىق رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىر تەرەپتىن، تېمىلاردىكى خىلمۇ خىللىقنى شەكىللەندۇرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئىزدىنىش» (زوردۇن سابىر)، «جىمجىت جۇڭغارىيە» (قەييۇم تۇردى)، «داغ» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «بۆرە ئانا» (توختى ئايۇپ)، «ئانا يۇرت» (زوردۇن سابىر) قاتارلىق ئەسەرلەربىلەن بىر قاتاردا كېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆپرەك ئەمگەك ۋە يۇقىرى دەرىجىدە بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىرىك تۈرى — رومانچىلىقتا يۈرۈش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلماقتا. بۇ ئەسەرلەر ۋە «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» (ئەخەت تۇردى)، «يۈرەكتاغ» (مۇھەممەت باغراش)، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» (خالىدە ئىسرائىل)، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» (ئەختەم ئۆمەر)، «بۇرۇت ماجىراسى»،



«ئالتۇن چىشلىق ئىت» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «بەش تۈپ سەگۇ تېرەك» (نۇرمۇھەممەت توختى)، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» (ئابدۇللا ساۋۇت)، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» (ئالىمجان ئىسمائىل)، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» (زوردۇن سابىر) قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تۇرمۇشىنى چىن ۋە ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋارلىق، يۈكسەكلىك، تراگېدىيىلىك، يۇمۇرلۇق ۋە ساتىرىك تۈسلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى مەھلىيا قىلىپ زوقلاندۇردى، تەپەككۇرىنى قوزغاپ روھلاندۇردى. قىسقىسى، بۇ ئەسەرلەر ساغلام ۋە ئاكتىپ خاھىش بىلەن كىشىنى روھلاندۇرۇپ، تۇرمۇشنى سۆيۈشكە، ھاياتنى ئۇلۇغلاشقا، ئەنئەنىلىرىمىزدىن ئۇزۇقلىنىپ يېڭى قىياپەت بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئۆزلىرى پەيدا قىلغان گۈزەللىك تەسىراتلىرى، ئېستېتىك قىممىتى بىلەن 50-، 60- يىللاردىكى، شۇنىڭدەك 70- يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80- يىللارنىڭ بېشىدىكى خېلى كۆپ ئەسەرلەردىن خېلى نۇرغۇن تەرەپلىرى بىلەن خېلى روشەن پەرقلىنىدۇ.

يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە بىرىنچىدىن، پوئېزىيىمىزنىڭ پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەشكىللەنگەن خېلى زور شائىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇ مەزگىلدە مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە پېشقەدەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلار بولسا نەزەرىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇن- پىكىرلىرىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن شېئىر ئىجادىيىتىنى جانلاندۇردى.

ئىككىنچىدىن، بۇ مەزگىلدە شېئىرلارنىڭ تېمىسى، مەركىزىي ئىدىيىسى، شېئىرىي ئوبراز قاتارلىقلاردا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچى، ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ ئۆزگىرىشنى بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرساق تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئەسكە ئالساق، ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىل ئەگرى- توقاي، ئېگىز- پەسلىكلەرگە تولغان يىللار بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن جاراڭلىق ناخشىلارنى ياڭرىتىشقا تېگىشلىك يىللار ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ

شائىرلىرىمىز خەلق يارىتىۋاتقان تارىخنى ۋە تارىخ يارىتىۋاتقان خەلقنى مەدھىيىلىگەنىدى، ۋەتەنگە، پارتىيىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىغانىدى. دەۋرنىڭ ئەڭ جاراڭلىق كۈيىنى ياڭراتقان بۇ شېئىرلار تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. لېكىن بىز شېئىر ئىجادىيىتىدە بىر خاھىش سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن قەسىدىچىلىكنى ماكرو جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بەزىبىر نۇقسانلىرىنى ئاشكارا كۆرۈۋالالايمىز. شائىر گوشىياۋچۈەن: «بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز ئەگەر تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرمىسە، ھەممىسىلا ئۇلۇغ، دەپ تۈۋلاۋەرسە، بۇ پەقەت چاكىنا ۋە يۈزەكى مەدھىيىلەش بولۇپ قالىدۇ، خالاس»① دېگەنىدى. دەرۋەقە، ئەينى يىللاردا پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى شېئىرلار تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتلىگەنىدى. ئۇلار ھەممىلا شەيئى- ھادىسىگە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل دېگەن ماركىنى چاپلاپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە يۈزە ۋە چاكىنا بولغان قۇرۇق شوئارلارنى تۈۋلايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. نەتىجىدە ئىجادىيەت يولى تارىيىپ، شېئىرلار خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى قاندۇرالمىدى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا بولسا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» مانا مۇشۇنداق سۈنئىي قەسىدىچىلىكتىن پايدىلىنىپ ئۆز جىنايەتلىرىنى نىقابلىغان ۋە پەردازلىغانىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن شائىرلىرىمىز ئوخشاشلا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتتى. لېكىن، يېڭى باسقۇچتىكى بۇ خىل مەدھىيە شېئىرلىرى ئىلگىرىكى سۈنئىي «قەسىدە» لەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا شائىرلىرىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن ئون يىللىق ئاپەتنىڭ كەلتۈرگەن بالا- قازالىرىغا كۆزىنى چوڭ ئېچىپ قارىغانىدى. ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بېسىپ ئۆتكەن يولىنى قايتىدىن كۆزىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بىلەن مەسىلىلەرگە قايتا باھا بەرگەن، ئۇلارنى قايتا تونۇغان ۋە باشقىدىن

① «ئەدەبىيات- سەنئەت گېزىتى»، 1956- يىللىق 3- سان.



ئەكس ئەتتۇرگەنىدى. شۇڭا، شېئىرلارنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى، مەزمۇنى چوڭقۇرلىدى. شېئىرلارنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ئەمەلىيەتتىن چەتلەيدىغان ئەھۋاللىرىغا خاتىمە بېرىلدى. شائىر ت. ئېلىيوپنىڭ «تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق ۋە ئەقىل» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق ۋە ئەقىل،*
*زىيانىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى،*
*چوڭ ئىشلار ئالدىمىزدا،*
*ئالدى بىلەن،*
*كۆڭۈلدىن خۇراپاتنى ئېرىغدايلى.*

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تېيىپجان ئېلىيوپ بۇ شېئىردا تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىگەن، ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن، ئۆزىدە پەيدا بولغان يېڭى ئويغىنىشنى ئىپادىلىگەن.

يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئويغىنىشنى ئىپادىلىگەنلىكى پەردازلاش ۋە بۇرمىلاش ئارىلاشقان، شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل ئويغىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر ئىلمىيلىققا زىت ھالدىكى مەدھىيىلەش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇشلارنى تۈگىتىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ شېئىرىي مەزمۇندىكى نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىمىزنى خۇلاسىلەپ، تارىخنىڭ ئەگرى- توقايلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىگە بېسىپ ئۆتكەن ئىزناسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلدى. بۇ شېئىرلار كىشىنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە مۇڭلاندۇرىدۇ، ئۈمىدلەندۈرىدۇ، ئومۇمەن كۈچ- قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلاردا يەنە «مەدھىيىلەش» بىلەن «پاش قىلىش» نىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىندى. بىز يورۇقلۇق مەدھىيىلىنىشى، قاراڭغۇلۇق پاش قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايمىز. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات- سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئوبدان شەرھلەپ بەرگەنىدى. لېكىن بۇ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىدىيىسى كېيىنكى چاغلاردا ئېغىر ھالدا بۇرمىلانغان بولۇپ، يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش (مەيلى ساغلام نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش ياكى ساختا نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش بولسۇن) توغرا نىيەتتىن بولىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش (مەيلى نىيەت خالىس بولسۇن ياكى نىيەن يامان بولسۇن) بەربىر يامان غەرەزدىن بولىدۇ، دەپ قارالغانىدى. يېڭى باسقۇچتا گەرچە تۇرمۇشنى پەردازلاپ كۆرسىتىدىغان بەزى شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ، تەنقىدنى يامان غەرەزلىك ھۇجۇم دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولغان بولسىمۇ ياكى ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئېغىشلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قارىغاندا، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مېتافىزىكىلىق كۆز قاراشلارغا ئاساسەن بەرھەم بېرىلدى. شائىرلىرىمىز جاراھەتمۇ بار، ئۈمىد ۋە ئىشەنچمۇ بار قەلبلەرنى، يورۇقلۇقمۇ بار، شۇنىڭدەك قاراڭغۇلۇقمۇ بار رېئاللىقنى توغرا كۆزىتىپ، خەلققە ۋە سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولغان تەرەپلەرنى ئىككىلەنمەي مەدھىيىلىدى، زىيانلىق بولغانلارنى قەتئىي پاش قىلدى. بۇ مەزگىلدە پارتىيىنى، خەلقنى، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى، ئالغا بېسىش يولىدىكى يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەش يەنىلا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بارلىق توسقۇنلۇقلارنى، چىرىك شەيئىلەرنى، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىدىغان ياخشى شېئىرلارمۇ يېزىلىپ، ئامىمىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىيلىقى ئارقىلىق غايەت زور ئىدىيىۋى كۈچىنى ئىپادىلىدى. تارىخنىڭ مول مەزمۇنى ئۈستىدىكى تەپەككۇر بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.



ئۈچىنچىدىن، شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى كۈچەيدى. ھەممىگە ئېنىقكى، شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىر تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى شائىرنىڭ ھېسسىياتى (تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىيات) غا يۆلىنىپ تۇرۇپ شائىرنىڭ يۈرەك ساداسى (تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان) نى ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق دەۋرنى، خەلقنى ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي شېئىرلاردا لىرىكا قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى تىكلەنگەن بولىدۇ. لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازىنىڭ تىكلەنگەنلىكى لىرىكا خاسلىقىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن، لىرىك شېئىرلار ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاز ئەمەس. لېكىن «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى» دېگەنلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىشىگە ئەگىشىپ «كىچىك مەن» بىلەن «چوڭ مەن» نى، «ئوبيېكتىپلىق» بىلەن «سۇبيېكتىپلىق» نى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەنىدى. لىرىكا قىلغۇچى ئوبراز ئاجىزلاشقاچقا، ھەتتا ئاتالمىش «خەلق ئۈچۈن سۆزلىگەن» دەپ تەرىپلەنگەن شېئىرلارمۇ شوئارلارنى دۆۋىلەپ قويۇش، تەييار ئىبارىلەرنى كۆچۈرۈپ قويۇشتەك ئىجادىيەت ئىستىلىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ قالغانىدى. يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى، ئۇلاردىكى لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازنىڭ كۈچەيگەنلىكىدۇر. يېقىنقى يىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار «مەن» نىڭ خەلق بىلەن تەڭ خۇشلۇقى ۋە ئورتاق قايغۇلىرىنى چوڭ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە «مەن» نىڭ خەلق بىلەن بىللە شادلىنىپ، بىللە غەمناك بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بەردى. شۇڭا، شېئىرلار چىنلىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز شېئىرلاردىن دەۋر روھىنى كۆرەلەيدىغان، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدۇق. شائىرلارنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجادىيەتلىرى ئېستېتىك ئوبيېكتىپ بىلەن ئېستېتىك سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، شائىرلار بىلەن خەلقنىڭ ھېسسىياتى

ئۆز ئارا ئالمىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. رەڭدار تۇرمۇشمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك ئىپادىلەشكە ئېرىشتى.

تۆتىنچىدىن، شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشتى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن شائىرلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىكى نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، تەسىراتنى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىش بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇل بولۇپ سانىلىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز بىردىنبىر ئۇسۇل ئەمەس، «تەقلىد قىلىپ يېزىش» نىمۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئوبدان شەكلى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇزۇندىن بېرى بەزى كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنياغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇبيېكتىپ دۇنياغا سەل قاراپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي چىن ھېسسىياتىنى قەدىرلەيدىغان، ھېسسىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ شېئىردىكى ئالاھىدە ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، كىتابخانلارنىڭ شېئىرنىڭ «تەمى» نى تېتىشى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئورۇندىن ئىبارەت ئىمكانىيەت قالدۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي ئۇسۇل ۋە شەكىللەر كۆنسېرى بېيىدى ۋە خىلمۇ خىللاشتى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا جانلىق بولۇشقا باشلىدى. شېئىر قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ: ئەدەبىيات-سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ ياكى ئەكس ئەتتۈرمەمدۇ؟ ئەكس ئەتتۈرسە قانداق ئۇسۇل، قانداق شەكىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ؟ دېگەنلەر خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان مەسىلىلەردۇر. شۇڭا پەقەت رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىلا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، دەپ قاراش ئىدېئالىستىك كۆز قاراشنىڭ مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، شېئىرلار تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، شېئىر دېگىنىمىز سۇبيېكتىپلىققا ئىگە، لىرىكىلىقى كۈچلۈك سەنئەت شەكلىدۇر. شېئىرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۆزگىچە تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل، لىرىكىلىق تۈسى قويۇق بولغان بەدىئىي زېمىنىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، يېڭى باسقۇچتىكى



نۇرغۇن شېئىرلار بۇ خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، بوغدا ئابدۇللا شەك-شۈبھىسىز رېئالىستىك شائىر، لېكىن ئۇنىڭ «ئەقىدە»، «زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا»، «تاش ئادەملەر» دېگەن نادىر شېئىرلىرىدا يارىتىلغان شېئىرىي مۇھىت غۇۋا، شەكىل گۇڭگا بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە جانسىز نەرسىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن، خاراكتېرلەشتۈرۈلگەن، سىمۋولىستىك ئۇسۇلدىن تار دائىرىدە ئەمەس، پۈتۈن شېئىرىي قۇرۇلمىنىڭ كەڭلىكىدە پايدىلانغان ياخشى شېئىرلار ئاز ئەمەس، رومانتىزملىق پۇرىقى كۈچلۈك بولغان شېئىرلارمۇ خېلى بار. دېمەك، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىپادىلەش شەكلى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى يۈزلىنىشى شېئىرىيىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئۈمىدلەندۈرمەكتە.

يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى شېئىر ئىجادىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋال «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسى ۋە بۇ خىل ھادىسىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان بەس-مۇنازىرىدۇر.

بۇ مۇنازىرە 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىققان «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل شېئىرلار دورامچىلىقنىڭ مەھسۇلى، غەرب مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ كېلىش دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ قىممىتىمۇ، زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، دەپ ھېسابلاشتى. لېكىن، مۇنازىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇتلەق كۆپچىلىك ئاما «گۇڭگا شېئىرلار» نىڭ ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان ئوبيېكتىپ ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېڭى بىر شېئىرىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇن ۋە شەكىلگىچە يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە «يېڭى قان» بولۇپ قوشۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. بىراق شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېقىنقى

يىللاردىن بېرى بۇ جەھەتتىكى قىزغىنلىق كۆرۈنەرلىك ھالدا سۇسلىشىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ تېخىچە ئىزدىنىش ئۇستىدىكى سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇئەييەن بىر ئېقىم بولۇشى ئۇچۇن خېلى بىر جەريان كېرەك. لىللا گەپنى قىلساق، ئۇنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى تېخى خام ۋە چولتا ھالەتتە تۇرماقتا. بىز بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قاتماللىق، ئەندىزە- قېلىپلاردىن قۇتۇلۇپ، ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتىشتە ئوينىغان رولىنى، قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى نەتىجىلىرىنىمۇ لايىقىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

دۇنياۋى تۈس ئالغان مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيىتىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، پروزا ۋە دراماتورگىيىلەرگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. پروزىچىلىقىمىزدىكى «ئىزدەنمە ھېكايىچىلىق» ھادىسىسى ۋە دراما ئىجادىيىتىدىكى «قېرى يىگىتنىڭ تويى»، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بۇ تەسىردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قىسقىلا قىلىپ ئېيتساق، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە يېڭىچە قۇرۇلما شەكلى بىلەن ئىجاد قىلىنغان پروزىك ئەسەرلەر ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت يولىمىزغا نىسبەتەن بىر يېڭىلىقتۇر. بۇ خىل يېڭىلىقلارغا قارىتا ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت گۈلزارى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھالدا رەڭدارلىققا يۈزلەنمەكتە. ئەڭ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ئوچۇق ھالەتتىكى (بېكىنمە ھالەتتىكى ئەمەس) رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر خىل ئېقىم ۋە ھەر خىل ئۇسلۇبلار بىر- بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنى گۈللەندۈرمەكتە. بىرىنى كۆتۈرۈپ، بىرىنى باسىدىغان، ھەممە ئېقىملار بىرلا مۇقامغا تۇۋلايدىغان قاتمال چاغلار كېتىپ، ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىدىغان پۇرسەتلىك كۈنلەر كەلگەن بۈگۈنكى باسقۇچتا، ئەدەبىياتىمىز خىلمۇ



خىللىقتىن ئىبارەت ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلماقتا. مانا بۇ ئالامەتلەر ۋە يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى دېرەكلەيدۇ.

بىراق شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان نەتىجىلەر بىلەن بىرلىكتە، بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تەلەپتىن تېخى خېلىلا تۆۋەن. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدىغان يازغۇچىلىرىمىز ۋە دۇنياغا تونۇلغىدەك ئەدىبلىرىمىز تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى، نادىر ئەسەرلەر بەكمۇ ئاز، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەر تېخى يوق؛ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرالايدىغان، ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى ھازىرچە يورۇتۇلمىدى، يەنە ئاز بولمىغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى روشەن ئەمەس، قېلىپ، رامكىلاردىن تېخى تەلتۆكۈس خالاس بولۇپ ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىكىدە پەرۋاز قىلالمايۋاتىمىز؛ ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تونۇشىمىز يەنىلا تۆۋەن؛ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، قوش تىللىق تەرجىمە ئىشلىرىمىزدىمۇ خېلى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ھاسىلاتلىرىمىزغا ئەگىشىپ 21- ئەسىرگە كىرىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا يىغىنچاقلانغان بۇ يېتەرسىزلىكلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىش نەتىجىلەرنى كېڭەيتىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ئەلۋەتتە. بىز تاللاشقا تېگىشلىك يولمۇ شۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات مۇئەييەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولىدۇ. ھەر قانداق بىر دەۋر ئۆزىنىڭ ياكى ئىلغار، ياكى قالاق بولغان خاس ئىدىيىسىنى ئەدەبىياتقا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات دەۋرگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك 4- نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-

سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز» دە ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «قان ۋە ئۇستىخىنى بار جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش، خەلقنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇش، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەش ھەمدە خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىرگە تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىدىغان روھىي كۈچ ئاتا قىلىش» تىن ئىبارەت ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى.

يازغۇچىلىرىمىز دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە جور بولىدىغان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەيلى مىللىي تۇرمۇشنىڭ تارىخىي تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ياكى رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىدە بولسۇن دەۋرنىڭ ئىلغار پىكىر ئېقىمىنى، يۈزلىنىشىنى، زامانىۋى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر ۋە تۈرلىرى بويىچە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن مۇرەككەپ، رەڭدار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، جانلىق ئوبرازلىرىغا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى توغرىسىدىكى تەپەككۇرلىرىنى سىڭدۈردى. دەۋر ئاتا قىلغان پۇرسەتنى چىڭ ئىگىلەپ، كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇردى. نۆۋەتتە، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى دەۋرگە، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتكە توغرىلاپ، تىنىماي ئۆگىنىپ، توختىماي ئىزدىنىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشتۇرۇۋېلىش، شۇنىڭدەك تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىنى ئۈمىدلەندۇرىدىغان زور تارىخىي بۇرۇلۇشىدۇر.



## §2. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرى ھەققىدە

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىنقىلابىي شائىر، تالانتلىق سەنئەتچى، دراماتورگ، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى بولۇپ، 40 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى ئىدى. گەرچە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەجدادلىرى ئەزەلدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە ياشىغان بولسىمۇ، تارىخىي قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرى قازاقىستان تەۋەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئەنە شۇ تۈپەيلى لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى، ئۇيغۇر رايونى چونجا يېزىسىنىڭ سايبوي مەھەللىسىدە دىندار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 1931 - يىلىغىچە بولغان ئوقۇش يىللىرىنى يەتتە سۇدىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە، لاتىنچە يېزىقلاردا ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. 1930 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈرگۈزۈلگەن خاتا سىياسەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاچارچىلىق، قىيىنچىلىق كىشىلەرنى يۇرت- ماكانىدىن تەزدۈرۈۋەتكەنىدى، ھېزىم موللامۇ ئائىلىسى بىلەن يەتتە سۇدىن ئانا يۇرتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ دۆربىلجىن مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان.

بۇ 1931 - يىلى بولۇپ، لۇتپۇللا توققۇز ياشلاردا ئىدى.

ھېزىم ئاخۇن لۇتپۇللانىڭ بىلىم ئېلىشىغا ھەۋىسى كېلىپ، ئۇنى غۇلجا شەھىرىگە ئەكىرىپ مەدەنىيەتتە بىر قەدەر ئالدىدا تۇرغان «تاتار مەكتىپى» گە ئوقۇشقا بەردى. لۇتپۇللا مەكتەپكە كىرىش بىلەنلا ئۆگىنىش ۋە مەكتەپ پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ چېچەنلىكى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە قىزغىنلىقىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىرىنى ھەممىدىن ياخشى ئوقۇدى. دەرستە تونۇشتۇرۇلغان ئابدۇللا توقاي قاتارلىق تاتار شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى، ھەتتا پوئېمىلىرىنى يادلىۋېلىپ ھەممىنى

ھەيران قالدۇرغان. شۇڭا تاتار شېئىرىيىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1939 - يىلى «تاتار مەكتىپى» نى تۈگىتىپ، غۇلجا شەھەرلىك «رۇس مەكتىپى» گە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا سىياسەت دەرسىدە، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر ئۆتۈلەتتى. ل. مۇتەللىپ رۇس يازغۇچىلىرىدىن ئا. س. پۇشكىن، م. يو. لېرمونتوف، ماياكوۋسكى، ئا.پ. چىخوف، ئا.م. گوركى، لېف. تولستوي، بېلىنىسكى قاتارلىقلارنىڭ رۇسچە يېزىلغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگو يازغۇچىلىرىدىن لۇشۈن، ماۋدۇن، تيەن جيەن قاتارلىقلارنىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1937 - يىلدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى.

1939 - يىلى كۈزدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلدى، بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ باشقا جايلارغا قارىغاندا خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى مەكتەپلەردىكى سىياسىي، ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ ئىلغار زىيالىيلار يەنە جۇڭگو تارىخى، ماركسىزم- لېنىنىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن لېكسىيىلەر ئوقۇيتتى. مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تەشنالىق بىلەن بىلىم ئېلىۋاتقان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ تېخى ئوقۇشىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە تەرجىمان بولۇپ، 1941 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى، سەزگۈرەشتىلىرىنى چۈشىنىپ، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.



لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1941 - يىلى 6 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا تەھرىرلىك خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنىدى. گېزىتنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىنى تەشكىللەپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش جەھەتلەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىراق شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئىلغار كۈچلەردىن ئايرىۋېتىش مەقسىتىدە 1943 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يۆتكىدى. خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ ئاقسۇغا كېلىشى، «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئاقسۇ خەلقى ۋە ياشلىرى ئىچىدە زور خۇشاللىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ گېزىتتە «جەنۇب شامىلى» ناملىق ئەدەبىيات بېتىنى تەشكىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ياشلىرى ل. مۇتەللىپ قاتارلىق روشەن كۆرەش نىشانىغا ئىگە ياشلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، يەر ئاستى كۆرەشنى باشلىۋەتتى. بىراق بۇ تەشكىلات خائىنلار تەرىپىدىن پاش بولۇپ قېلىپ ئۇلار قولغا ئېلىنىدى، تۈرمىگە تاشلاندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شائىر ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى قەتلى قىلدى. خەلق توپى تۈرمە ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن چېغىدا، ئۆلۈم ئالدىدا قان بىلەن يېزىپ قالدۇرغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىر چوغدەك يالتىراپ تۇراتتى:

*بۇ كەڭ زېمىن مەن ئۈچۈن بولدى دوزاخ،*
*ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ.*

شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئارانلا 23 يىل ياشىدى. ئاشۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئىجادىيەتتە مول مېۋە بەردى. ئۇنىڭ ياش ھاياتى ھارماي - تالماي ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا شېئىر - داستان، فېلىيەتون، دراما، نەسرىي شېئىر قاتارلىق ھەر خىل ژانىر ۋە تۈرلەر بويىچە ئەسەرلەر يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك ۋە نەتىجىلىكلىكى شېئىر- داستانلاردۇر.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ، مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى. ئۇنىڭ دەسلەپتە يازغان ئەسەرلىرىدىن «سۆيۈملۈك قىلىچ»، «مەن ماتروس» دېگەن شېئىرلىرى مەكتەپ تام گېزىتىدە چىقتى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرى « ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ، غۇلجا ياشلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشچان مەزمۇن تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈشكە، سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقا باشلىدى. ئۇ شائىرلىق قەلىمى بىلەن ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەپلا قالماي، بەلكى ئۆز خەلقىگە ئوخشاش زۇلۇم تارتىۋاتقان ئەللەر خەلقلىرىنىڭمۇ ئازادلىقى ئۈچۈن نەرە تارتقانىدى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا ياپون جاھانگىرلىكىگە، گىتلېر فاشىزمىغا قارشى ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدىن: «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن» ،«قىزىل گۈلگە پۈركەنگۈچە يەر- جاھان»، « يانار تاغلار»، «ماي ناخشىسى»، «ماي، كۈرەشچان ئاي»، «ئەجەل هودۇقۇشىدا»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر هالسىرايدۇ» قاتارلىقلار كىشىلەرنى گۈزەل هايات، پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەش، ئىلھاملاندۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ « يانار تاغلار» دېگەن شېئىرىدا، 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى فاشىزمغا قارشى خەلقئارا ۋەزىيەتنى بەدىئىي تىل بىلەن تەسۋىرلەپ، ھەممە ئەرك سۆيەر ئەللەرنىڭ « يانار تاغلار بولۇپ» فاشىزمغا ئوت ئاچىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن «قارا تاپ- قارا تاغلار » نىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇپ، جاھاندا گۈلىستان باغلارنى بەرپا قىلىش لازىملىقىنى خىتاب قىلغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئازادلىقنى سېغىنىپ يازغان شېئىرلىرىدا يالغۇز ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىنىلا مەدھىيىلەش بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇ خىل ئىرق ۋە مىللەتلەر قوشۇلمىسىدىن هاسىل بولغان پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرىگىمۇ ئازادلىق، تەڭلىك ۋە بەخت- سائادەت تىلىگەنىدى. ئۇ جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىدىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ چىرىپ هالاكەتكە



يۈزلەنگەنلىكىنى، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆسۈپ ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى بايقىغان: ئېزىلگۈچى ئەمگەكچىلەرگە ھەمدەردلىك كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سېزىمى «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرىدا كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنىدى.

لۇتپۇللانىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ مەزمۇنلۇق قىسمىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان ئەسەرلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دەۋرلەردە ئۇنىڭ قەلىمى كۈرەش قايناملىرىدا پىشىپ، ۋايىغا يېتىشكە قاراپ ماڭغانىدى. ئاشۇ يىللاردا يازغان «يىللارغا جاۋاب»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ»، «تەسىراتىم»، «سازەندەم» ۋە «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئەينى يىللاردىمۇ كىشىلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ۋە ھاياجانغا سالغان، ھەر بىر خەلق پەرزەنتىنىڭ دىلىدا يۈكسەك روھىي سېزىم قوزغاپ،ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى.

لۇتپۇللانىڭ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە سازاۋەر بولغان«خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بارلىق ئىنقىلابىي كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شېئىر ئۆز ۋاقتىدا ئاقسۇدا قۇرۇلغان «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرىنىڭ كۈرەش ناخشىسى بولۇپ قالغانىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ شائىر ئىدى، شۇنداقلا جەڭچى ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ زۇلمەتلىك يىللاردا خەلقىنىڭ ساداسىنى قەلەم بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، گېزى كەلگەندە خەلقىنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلغان خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

*يىراقتىن سۆزلە، شائىر، نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،*
*ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ تىلىغىمۇ داستان بول.*
. . .   . . .   . . .
*ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،*

*ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قاندۇر.*
*ئۆرگىلەي، چۆرگىلەي، سادىغاڭ كېتەي ئەل بويىنىدىن،*
*ئەلنىڭ تۇيغۇسىغا ئانىدەك كۆيۈمچان بول!*

شائىرنىڭ ھاياتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان بۇ مىسرالاردىن بۇ خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغان روھىنى، ھايات مىزانىنى، ئەقىدىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىقتا بولغان مۇھەببەت، جاھانگىرلىك، ئەكسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، خەلقلەرنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى، مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكى ۋە زامانىۋى ھاياتى ئۈچۈن كۈرىشىش، كىشىلەرنى گۈزەل ھايات ئۈچۈن، پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەش قاتارلىق مەزمۇنلار تەشكىل قىلىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرىمۇ ئەنە شۇنىڭدا.

«جۇڭگو» ــ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ۋەكىللىك شېئىردۇر. بۇ شېئىر ھەم شۇ مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنغان فېليەتون، نەسرىي شېئىرلىرى، شۇنىڭدەك «كۈرەش ئىلھامى»، «كۈرىشىۋاتىمىز»، «كۈرەش قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق داستانى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇلاردىن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى غەزەپ- نەپرەت يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكى غايىۋى ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان. شائىر غەلىبىنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن قەيت قىلغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ ئازاب- ئوقۇبەت چەككەن مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن يازدى ۋە ئىجاد قىلدى. بۇ خىل روھ ئۇنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدا تولىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. بۇ شېئىر دەل ياپون باسقۇنچىلىرى ئانا ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ۋەتەن مۇنقەرزلىك خەۋپىدە، ھايات- مامات بوسۇغىسىدا تۇرغان 1938- يىلى ئۆكتەبىردە يېزىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ بېشىدىلا شائىرنىڭ ئانىغا بولغان ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. «جۇڭگو! . . . جۇڭگو!» دېگەن ئىككى ئېغىز خىتابتىن شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى كۆرەلەيمىز. مانا بۇ خۇددى بالىنىڭ «ئانا! ئانا!» دەپ چاقىرغىنىنى ئەسلىتىدۇ. شائىر ۋەتەننى خۇددى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانىسىدەك بىلىپ، ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلغان، ۋەتەننىڭ مېھىر- شەپقىتىگە بالا ئانىسىغا جاۋاب بەرگەندەك جاۋاب قايتۇرغان، ۋەتەننى ئانىغا، شائىر ئۆزىنى بالىغا تەققاس قىلىپ تۇرۇپ، ۋەتەن بىلەن يۇرتنى، خەلق بىلەن ئۆزىنى چەمبەرچاس بىرلەشتۈرگەن، ئۆز يۇرتى ۋە خەلقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى پۈتۈن ۋەتەن تەقدىرىگە باغلىغان. شۇڭا، ۋەتەن خەۋپكە دۇچ كەلگەندە، شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەن ئالدىدا قەرزدار ئىكەنلىكىنى، ۋەتەن ئۈچۈن باش كەتسىمۇ ئېچىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم قىلدى. گەرچە ئۇرۇش شەرقىي شىمالدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولۇۋاتسىمۇ، ئۆزىنى ئۇرۇشتا دەپ قارىدى- دە، يىراق ئارقا سەپ بولغان شىنجاڭنى ۋەتەن بىلەن بىر جان، بىر تەنگە ئايلاندۇردى. بۇ شائىرنىڭ ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋە قىزغىن مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن، قەستەن ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلغان قارا تۇمانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مىللىي ئايرىمىچىلىق قاشالىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆز تەقدىرى ۋەتەن تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى ئوچۇق تەشۋىق قىلدى. مانا بۇ شائىر ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ۋە كۆز نۇرىنىڭ نەقەدەر ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر ۋەتەن بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت، بەختسىزلىكلەرگە ئېچىنىپ، روھىي ئازاب چېكىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ. لېكىن، قايغۇ- ھەسرەتكە چۆكۈپ يۈرۈۋەرمەي قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ــ فېئوداللار، جاھانگىرلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. جاھانگىرلارنى «تەييار تاپ» دەپ

ئاتايدۇ، جاھانگىرلىكنى بولسا، «قارا قاغا» غا ئوخشىتىدۇ. كونا جۇڭگودىكى بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى مانا مۇشۇ تەييار تاپلار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئورتاق دۈشمەن يوقىتىلمايدىكەن، پۈتۈن ۋەتەننىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر مىللىي بۆلۈنۈش كۈچەيگەن ئاشۇنداق بىر دەۋردە جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەتنى توغرا تونۇدى ۋە توغرا كۆرسىتىپ بېرەلىدى. بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ ۋە خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۈشمىنى جاھانگىرلار ۋە فېئوداللار بىلەن بولغان زىددىيەتنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. دېمەك، ياش شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، خەلق مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، جەمئىيەتنى توغرا كۆزىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن توغرا ۋە لىللا خۇلاسە چىقاردى.

شائىر چوڭقۇر ھاياجانلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئاجايىپ داغدۇغىلىق كېتىۋاتقان ۋەتەن ئازادلىق كۈرىشىدىن چەكسىز تەسىرلەنگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى شائىرغا زور ئىلھام بېغىشلىغانلىقتىن، ئۇ «جۇڭگو» دېگەن شېئىرىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قەھرىمانلىرىغا ئالقىش ياڭرىتىدۇ ۋە چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە ئۆز قەلىمىگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

*ياز!*
*كۈرەش مەنبەسى دۇڭبېي، لۇگوچياۋنى.*
*ياز!*
*ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر*
*ياش ئەسكەرلەرنى،*
*يانماس كۆڭۈللۈك پارتىزانلارنى.*
*ياز!*
*ئارقا سەپتە تۇرغان*
*گۈزەل شىنجاڭنى!*



بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى گويا ئېگىز تاغدىن چۈشكەن شارقىراتمىدەك قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ۋەتەن تەقدىرىگە نەقەدەر چوڭقۇر كۆيۈنگەن-ھە! بۇ مىسرالار يەنە شائىرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى بېشىغا كەلگەن مۇدھىش خەۋپنى چۈشەنگەنلىكىدىن ۋە بۇ خەۋپنى تارمار قىلىشقا بەل باغلىغان جەڭگىۋار ئىرادىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

بۇ شېئىردا ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىلغار رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتىكى ئۇسلۇبىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ يېتىشكەن ماھارىتىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گەرچە، بۇ شېئىر چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، يېڭى شېئىر شەكلىنى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن، شائىرنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغان ئىلھام ئۇچقۇن يېڭى، راۋان يول ئېچىلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ھاياجىنىنى كۆرسىتىدىغان سۆزلەر مىسرالارغا بىمالال تىزىلىپ، رىتىم ۋە مەزمۇن بىرلەشتۈرۈلگەن تولۇق شېئىرىي بۆلەك ھاسىل قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ شائىر شېئىرنى بىر خىل دولقۇنسىمانلىق ئۈستىگە قۇرغان ۋە پۈتۈن شېئىر يارقىن ۋە كەسكىن ئىشەنچ ئاھاڭى بىلەن ئاياغلاشقان. شائىرنىڭ شېئىرنى مۇنداق دولقۇنلاندۇرۇپ يېزىشى شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىن ۋە يالقۇنلۇق ھېسسىياتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «جۇڭگو» شېئىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ياڭراق ناخشىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى، قايناق ھېسسىياتى، ۋەتەن ئانىغا زەرەر يەتكۈزمەكچى بولغان ھەر قانداق قارا قولغا بولغان قەھر-غەزىپى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدىمۇ ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

## §3. نىمشېھىت ۋە ئۇنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرى ھەققىدە

«بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرى نىمشېھىتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر لىرىكىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى 1906 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيىسى سايرام يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئېلاخۇن مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، نىمشېھىتنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن. نىمشېھىت 1920 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە باي، كۇچادىكى مەكتەپلەردە، كېيىنرەك قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشقان. 1933 - يىلى قەشقەردە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ئېغىر ياردار بولغان. شۇندىن باشلاپ شائىرغا «نىمشېھىت» دېگەن سۆز ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ سىڭىپ قالغان. ئۇ 1936 - يىلى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1945 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ غۇلجا شەھىرىگە بارغان. ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا خەلق قەھرىمانلىرى، خەلق ئۇرۇشى ھەققىدە كۆپلىگەن ۋەقەلەر، ماتېرىياللارنى توپلىغان، شېئىرلار يېزىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلغان. 1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. نىمشېھىت بۇ ئىتتىپاقنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ ئازادلىققا قەدەر بولغان ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ۋاقتىدا جاۋاب بەرگەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى. «بۈيۈك جۇڭگو»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا»، «ئالدىدا»، «خىيانەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «ئويغان»، «قەبرىدىن ئاۋاز» قاتارلىق مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. ئۇ ئۆز يۇرتى باي ناھىيىسى ئەتراپلىرىدا خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسەن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن»، كېيىنرەك «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىپ، قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

شائىر بۇ باسقۇچتا بىر تەرەپتىن، ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە قوزغاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى، ئىلىم - پەننىڭ خاسىيىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى تەشۋىق قىلدى. 1936 - يىلى 2 - ئايدا باي ناھىيىسىدە تۇرۇپ يازغان «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرى ئەنە شۇ خىلدىكى شېئىرلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋە ئۇلۇغۋار غايىسىنى يۈكسەك بەدىئىي تالانت بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى.

*جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،*
*بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ، گاھىدا بار - يوق.*

*كىرىپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،*
*بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.*

بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قەدىر - قىممىتىنى، ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم رولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بۇ مىسرالار شېئىر ئىجاد قىلىنغان چاغدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى دەۋرگە قەدەر گويا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدەك خەلقنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي تەكرارلىنىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، دەۋردىن - دەۋرگە ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنيادا بىلىمدىن ئۇلۇغ نەرسىنىڭ

يوقلۇقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ، تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە. خەلقىنىڭ بۇ شېئىرنى شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ياخشى كۆرۈشىدىكى تۈپ سەۋەبمۇ، شائىرنىڭ دۇنيانى دىنىي خۇراپىي نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى ئىلمىي نۇقتىدا تۇرۇپ شەرھلەپ بەرگەنلىكىدە بولسا كېرەك.

*پاراغەت ئىستىسەڭ ئەسلا، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما!*
*سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.*

*بىلىم روھى ئۇزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ،*
*بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس، بۇڭا ئىنكار يوق.*

نىمشېھىت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىقتا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تېما — بىلىم ئارقىلىق ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولۇش، نادانلىقنى، خۇراپاتلىقنى تەرك ئېتىش، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەرىپەت ئىگىلەش، بىلىم ئېلىش ئارقىلىق قۇدرەتلىك قورالغا ئىگە بولۇپ، يېڭى دۇنيا يارىتىش ئىدىيىسىنى كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

*بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسىردۇر بۇ،*
*بىلىش لازىم بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق.*

*زېمىننى تۈپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاقچاق، گۇمان قىلما!*
*ھەقىقەتتۇر بۇگۈن ھەر ئىش «كەمەك» تەك جادى ئەيىيار يوق.*

*ئەجەبلەنمە بولار كۆكسى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان،*
*شۇنىڭچۈن كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.*



شائىر، بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم - پەن مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان، راۋاجلانغان يېڭى بىر ئەسىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىنى، شۇڭلاشقا ياشاش ئۈچۈن بىلىم ئېلىشنىڭ، ئۆگىنىشنىڭ، بىلىملىك ئادەملەردىن بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەگەر بۇ مۇھىم مەسىلىگە سەل قارالسا، يەنىلا نادانلىقتا، قالاق ھالەتتە قالسا، بۇنداق مىللەتنىڭ پاكى ئىنسانىنىڭ خورلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە مۇشۇ خىل بىپەرۋا، بىغەم كىشىلەرنىڭ كۆرۈمسىز ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق ھالدا «بىلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ تۈن»، «ھەسرەتتىن قان يۇتار نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق»، «بىلىمدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق» دەپ سۈرەتلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق، بىلىمنى ۋە ئىلمىي كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدۇ، ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ يارىتىۋاتقان كەشپىياتلىرى، مۆجىزىلىرى ۋە كارامەتلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. گەرچە «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن بۇ شېئىر، شىنجاڭدا مىلتارىست شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى ئۆزلىرىگە كۈچلۈك ئارقا تىرەك قىلغان ئاز ساندىكى فېئوداللار، ئېكسپىلاتاتورلار دەھشەتلىك تۈردە تېررورلۇق سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، بىلىملىك، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ھەر مىللەت زىيالىيلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك زىيانكەشلىك قىلىپ، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتى يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈن قانچە قاراڭغۇ بولغانسېرى، يۇلتۇزلار شۇنچە يورۇق چاچقىنىدەك، شېئىر ئەنە شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەر تەرەپكە يورۇق نۇر چاچقان چولپاندەك چاقناپ، خەلقىمىزنى ئىلىم - پەننى ئىگىلەشكە ئۈندەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن شائىر نىمشېھىتنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋە ئىلىم - پەن ئارقىلىق يېڭى دۇنيا يارىتىش كۈرىشىدىكى قەيسەر ئىرادىسى ۋە ئۇلۇغۋار روھىنى نامايان قىلغان.

## §4. نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق داستانى ھەققىدە

نىمشېھىتنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن تۆھپە ھېسابلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى ـ شەرق ئەللىرىنىڭ يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر پەرھاد ـ شېرىن تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى يېڭىچە تەركىب ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ يېزىپ چىققان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر داستان شائىرنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ياكى بىز ھازىرغىچە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بىردىنبىر يىرىك ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن يالغۇز نىمشېھىتنىڭ ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ھەقىقەتەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

پەرھاد ـ شېرىن تېمىسى دۇنياۋى ئورتاق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان بىر قاتار ئەسەرلەر ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تارىختىن بۇيان ھەر قايسى ئەللەردىكى بىر تۈركۈم داڭلىق شائىرلار بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىپ، پەرھاد بىلەن شېرىننى داستانغا قېتىپ، بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەرنى بېيىتقانىدى. بۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق چىن ئىشق ـ مۇھەببەتنى مەدھىيىلەپ، چوڭقۇر پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەپ، كىشىلىك ھايات ۋە ئادەملىك قەدىر ـ قىممەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەرھاد بىلەن شېرىن ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئۇلارنى مۇھەببەت بابىدىكى ئۆلمەس ئوبرازلارغا ئايلاندۇردى. ئەلىشىر نەۋائى بۇ تېمىغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى بىلەن بۇ تېمىدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، بۇ تېمىنىڭ



دۇنياۋى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ھەم بۇ تېمىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىن ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بىر مۇنچە شائىرلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىز نەۋائى باشلاپ بەرگەن يول بىلەن بۇ تېمىدا داستان، قىسسەلەرنى يېزىپ، پەرھاد ـ شېرىن ھېكايىلىرىنى ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشتۇردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، پەرھاد ـ شېرىن تېمىسىدا ئاخىرقى قېتىم داستان يازغان شائىر بەلكىم نىمشېھىت بولسا كېرەك. ئۇنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق داستانى 40 ـ يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن 1478 مىسرادىن تۈزۈلگەن، «پەرھاد»، «شېرىن»، «مىڭ ئۆيلەرنىڭ قېزىلىشى» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. گەرچە مەزكۇر داستاننىڭ ھەجمى سەل كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى، سەرگۈزەشت تەقدىرى ۋە مىڭ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەقەلەرنى خېلى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن. نىمشېھىتنىڭ بۇ داستانىدىكى ۋەقەلىك ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى ۋەقەلىك بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش. نىمشېھىتنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش بولمىغاچقا، ئۇ داستان ۋەقەلىكىنى يېڭىلاش ياكى ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى قېتىشتا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن. مەزكۇر داستاننىڭ ئومۇمىي خاھىشى ۋە شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن قارىغاندا، نىمشېھىت بۇ داستاندا بىر تەرەپتىن، پەرھاد ـ شېرىن مۇشۇ يۇرتنىڭ بالىلىرى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى مۇشۇ يۇرتتا بولغان دېگەن قاراشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىزنىڭ بىباھا خەزىنىسى بولغان «قىزىل مىڭ ئۆيى» نى پەرھاد، جۈملىدىن ئەمگەكچان، ئىجادكار ئەجدادلىرىمىز ياسىغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بۇ قاراشلىرىنى ئەسەر ئەمەلىيىتىدە ۋە ئۆزىنىڭ لىرىك خىتاب، دەلىللىرىدە ئىسپاتلىغان. شائىر بۇ مەقسەتلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولغاچقا،

ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخان شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۇرۇش، قايىل قىلىش كۈچىدىن ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈك تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

نىمشېھىت بۇ داستانىدا، پەرھاد بىلەن شېرىن ھەققىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ۋەقەلىكنى خوتەنگە، شەھرىيارغا، كۈچاغا، «قىزىل مىڭ ئۆيى» گە ۋە باشقا تارىخىي- جۇغراپىيىۋى ئورۇنلارغا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن باغلىغان. نىمشېھىتنىڭ پەرھاد- شېرىن تېمىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى دەل مانا مۇشۇ يەردە. نىمشېھىت ئەسەردىكى باش قەھرىمان پەرھادنى خوتەنلىك يىگىت، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاھزادىسى دەپ، شېرىننى بولسا شەھرىيار مەلىكىسى دەپ تەسۋىرلىگەن. كەپلەش تېغىنى پەرھاد كېسىپ، مۇزارت ئېقىنىنى ئاچقان، قىزىلدىكى مىڭ ئۆيلەرنىمۇ پەرھاد ياسىغان دەپ يازغان. پەرھادنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى شېرىننىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن قىلىنغان دەپ ھېكايە قىلىنغاچقا، تارىخىي ئىزلار بىلەن مۇھەببەت ھېكايىسى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بىز ھېلىھەم مىڭ ئۆي ئەتراپلىرىدا كۆرەلەيدىغان بىر مۇنچە داڭلىق سەيلىگاھلارنىمۇ ئەسەرگە ئېلىپ كىرگەن. شائىر:

*باشقا جايلارنىڭ بارمۇ مىڭ ئۆيى،*
*ياكى تاغ كېسىپ ئۆتكۈزگەن سۇيى.*

*باشقا جايلارنىڭ تاغ ھەم چۆلىدە،*
*ياكى دەريادا ۋە يا كۆلىدە.*

*بۇنچە تەرتىپلىك بارمىدۇر ئەسەر،*
*ۋە يا كېمىگە تەتبىق بىر سەپەر.*



*كۆرسەتسە بۇنداق ئۆتمۈشنى ھايات،*
*باشقا جايلاردا دېيىلىش ئۇيات.*

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، كۆز قارىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان.

نىمشېھىتنىڭ پەرھاد- شېرىن تېمىسىغا قوشقان يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، نىمشېھىت پەرھاد بىلەن شېرىن ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى بىلەن مىڭ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە داستاندا مىڭ ئۆيلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. نىمشېھىتنىڭ بۇ داستان ماۋزۇسىغا باشقا داستان ماۋزۇلىرىدىن پەرقلىق ھالدا «مىڭ ئۆي» نى قوشۇشى ھەرگىز سەۋەبسىز ياكى تاسادىپىي ئەمەس. مىڭ ئۆيلەرنى يېزىش — شائىرنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ داستاندىكى ۋەقەلىك مۇشۇ يۇرتتا بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، داستاندا مىڭ ئۆيلەرنى يېزىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت. نىمشېھىت داستانىدا مىڭ ئۆيلەرنى پەرھاد ياسىغان دەپ ھېكايە قىلغان. ئەدەبىياتتىن ئاز- تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، داستاندىكى پەرھاد ئەمەلىيەتتە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى — ۋەكىلىدىن ئىبارەت. شائىر داستانىدا مىڭ ئۆيلەردىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن ھەم مىڭ ئۆيلەرنى ياسىغان ئىجادكار، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىزنى مەدھىيىلەپ: «تارىم بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار، مىڭ ئۆينى بۇرۇن ياسىغان شۇلار» دەپ يازغان. مىڭ ئۆيلەر ھەققىدە يېزىش — نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېھتىمال ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مىڭ ئۆيلەر ھەققىدە تۇنجى بولۇپ نىسبەتەن چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يازغان كىشى نىمشېھىت بولسا كېرەك. شۇڭا بۇ داستاندا:

*ئايىماي قەلەم يازىمەن داستان،*
*چۆل تاغنى قىلىپ باغ بىلەن بوستان.*

*مەن ھەم مىڭ ئۆينىڭ سۆيۈملۈك يارى،*
*شۇنىڭچۈن قىلدىم قەلەمنى جارى.*

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. دەرۋەقە، داستاندا شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىي ئەمگىكى، تىرىشچانلىقلىرى ئۇتۇقلۇق بولغان.

نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق داستانى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن قارىغاندا، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن، خەلقچىللىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەر. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقچىللىق ـ نىمشېھىتنىڭ بۇ داستانىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، داستاندىن مىسال ئۈچۈن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالار ئاشۇ خىل ئىدىيىنىڭ ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

*مېنىڭ مىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ پەرھادىم،*
*مېنىڭ شېرىنىم، مېنىڭ سەييارىم.*

*مېنىڭ كۇچارىم، مېنىڭ خوتەنىم،*
*مېنىڭ شەھيارىم، مېنىڭ ۋەتىنىم.*

*نىمشېھىت ئېيتار، ئۇلگە ئەجدادىم،*
*روناق تاپقۇسى ئەزىز ئەۋلادىم.*

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نىمشېھىت ئۆزىنىڭ پەرھاد ـ شېرىن تېمىسىدىكى بۇ مەشھۇر داستانىدا، پەرھاد بىلەن شېرىن ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئېسىل نەمۇنىسى ھېسابلىنىدىغان مىڭ ئۆيلەرنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. پەرھاد بىلەن شېرىندىن ئىبارەت ئەسەر قەھرىمانلىرىنى يۇرتىمىزنىڭ باللىرى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى مۇشۇ يۇرتتا بولغان دېگەن قاراشلىرىنى ئىلگىرى



سۈرگەن. داستاننىڭ ئاساسىي خاھىشىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن، ئىجادكار، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان.

## §5. زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ «غۇنچەم» ناملىق درامىسى ھەققىدە

«غۇنچەم» زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان ۋەكىل خاراكتېرلىك درامىسى.

زۇنۇن قادىرى (1912ـ 1989) ئۆزىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ھېكايە، ئوچېرك ۋە درامىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك يازغۇچى ھەم تونۇلغان دراماتورگ. ئۇ 1912 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، كېيىن ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىدا تىياتىر ئۆمىكىدە سەھنە خىزمەتچىسى، ئارتىس ۋە بەدىئىي رەھبەر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ھەربىي مۇخبىر بولغان، سەنئەت ئۆمىكى، مائارىپ ئىدارىسى، گېزىتخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كەسپىي يازغۇچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالما ـ ئاتا شەھىرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1936 ـ يىلى يازغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق ئۈچ پەردىلىك درامىسى بىلەن باشلانغان. ئۇ

شۇنىڭدىن باشلاپ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «ئۇچراشقاندا»، «پارتىزانلار ئەترىتى»، «ھەر ئىشنىڭ يولى بار»، «توي» قاتارلىق درامىلارنى؛ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «رودىپاي»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش» قاتارلىق ھېكايىلەرنى؛ «شەپقەت ھەمشىرىسى»، «ئەخمەتجان قاسىمى»، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە»، «بەختىخاننىڭ يېڭى ھاياتى» قاتارلىق ئوچېركلارنى؛ «ماكسىم گوركىي»، «روھىي ئوزۇق توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى؛ «چۈجە بىلەن سېغىزخان»، «قوشچى بىلەن چاشقان»، «ئالتۇننىڭ تەسىرىدە» قاتارلىق مەسەل - چۆچەكلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسى ھەققىدە بىر مۇنچە ئەدەبىي خاتىرىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ھازىرغىچە «غۇنچەم» (1956 - يىل) ناملىق درامىلار توپلىمى، «چېنىقىش» (1983 - يىل) ناملىق ھېكايە - ئوچېركلار توپلىمى، «خاتىرىلەر» (1984 - يىل) ناملىق ئەسلىمىلەر توپلىمى، «مەسەل ۋە چۆچەكلەر» (1987 - يىل) ناملىق شېئىرىي مەسەل، شېئىرىي چۆچەكلەر توپلىمى، «غېرىب - سەنەم» (باشقىلار بىلەن بىللە، 1981 - يىل) ناملىق سېنارىيىلەر توپلىمى، «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» (1992 - يىل) ناملىق پۈتكۈل ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى نەشر قىلىندى.

«غۇنچەم» 1942 - يىلى غۇلجىدا يېزىلغان دراما. ئۇ ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، تېمىسىنىڭ ئاكتۇئاللىقى، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى، زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپلىكى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇق، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىكلىكى، تىلىنىڭ راۋان ۋە يۇمۇرلۇقلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل، سۇژىتىنىڭ ئىخچاملىقى بىلەن يالغۇز زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى 20 - ئەسىر ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك درامىدۇر.

(1) «غۇنچەم» جەمئىي ئۈچ پەردە، بەش كۆرۈنۈشتىن تەركىب تاپقان دراما. ئۇنىڭ بىرىنچى پەردىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، زورىخان موماينىڭ قىزى غۇنچەم بىلەن يېتىملىكتە چوڭ بولغان ۋىجدانلىق يىگىت نۇرۇمنىڭ



بىر - بىرىگە بولغان قىزغىن، سەممىي سۆيگۈ - مۇھەببىتى، ساپ قەلبى؛ مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل زورىخاننىڭ بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇققا بولغان خەيرىخاھلىقى ۋە كۆيۈمچانلىقى ناھايىتى ئىخچام ۋەقە، مېغىزلىق دىئالوگلار بىلەن تولىمۇ جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىنكى بۆلەكلىرىدە بولسا، ئۆزىنى يۇرت ئاتىسى ھېسابلاپ مۇلايىم قىياپەتتە يۈرسىمۇ، ئەمما تىلى ھەسەل، ئىچى زەھەر، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، بەكمۇ نومۇسسىز، ئاچ كۆز، زومىگەر ئۆمەر شاڭيونىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن تۇل موماي زورىخاننىڭ پايدىلىنىپ، غۇنچەمنى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق ئالمىلىق بېغىنى قولغا چۈشۈرۈشنى پىلانلىغان قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ. درامىنىڭ سۇژىتى ئىككىنچى پەردىگە يۆتكەلگەندە، زىددىيەت توقۇنۇش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئۆمەر شاڭيو ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شەرۋانەمنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسى يەنىمۇ چوڭقۇر ئاشكارىلىنىدۇ. غۇنچەمنىڭ ئاق كۆڭۈل ئانىسى زورىخان ئانا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆمەر شاڭيو بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، زورىخاننىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىش باھانىسىدا غۇنچەمنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېلىپ، يالغان تىلخەت ياساپ ئۇلارنىڭ مېۋىلىك بېغىنى ئىگىلىۋالىدۇ. نۇرۇمنى غۇنچەمدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ يىراققا ئىشقا بۇيرۇۋېتىدۇ. غۇنچەمنى ئوغلى سېيىتقا ئېلىپ بېرىش توغرۇلۇق خۇپىيانە پىلان تۈزىدۇ. ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدە ئازاب چەككەن غۇنچەم ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى، سۆيگىنى نۇرۇمنى بەكمۇ سېغىنىدۇ. شاڭيونىڭ ئائىلىسىگە بارغانچە ئۆچمەنلىكى كۈچىيىدۇ. درامىنىڭ ۋەقەلىكى ئۈچىنچى پەردىگە يۆتكەلگەندە، دراماتىك توقۇنۇش يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، كۈرەش يەنىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ. سوغۇق كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرى، ئۆمەر شاڭيو گۈزەل قىز غۇنچەمنى ئۆزىنىڭ لايغەزەل ئوغلى سېيىتقا توي قىلىدۇ. قىز يەڭگىسى بولغان ئاق كۆڭۈل ئانا پاتەمخان بۇ خەۋەرنى كېچىلەپ نۇرۇمغا يەتكۈزىدۇ. نۇرۇم ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرى تۇرغان، ئامانتاي، ياقۇپ قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە كېچىلەپ غۇنچەمنى ئۆمەر شاڭيونىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ قاچىدۇ. قوغلىغانلار ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، غۇنچەمنى ئەكىلىپ قاتتىق دۇمبالايدۇ، نۇرۇمنى ئاپىرىپ يامۇلغا سولىتىۋېتىدۇ. غۇنچەم بۇ قېتىمقى قاتتىق تاياقنىڭ زەربىسى ۋە دەرت،

ئەركە- نايناق سىيىت ماڭقىنىڭ ئەمرىدە تۇرۇشىنى راۋا كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئاخىرى شاڭيو ئائىلىسى بىلەن قارشىلىشىپ، چىدىغۇسىز ئازاب- ئوقۇبەت ئىچىدە ئېچىنىشلىق هالدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە نۇرۇم يامۇلدىن قېچىپ چىقىدۇ. ئۇ غەزەپ- نەپرەت ئوتى مۇجەسسەملەنگەن بىر دانە ئوتقاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جۈرئەت ھەم قورقۇمسىزلىق بىلەن ئۆمەر شاڭيونىڭ قورۇسىغا ئوت قويىدۇ. زالىم شاڭيونىڭ ياسىداق قورۇسى ئىچىدە ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلايدۇ. دېھقانلار تۇشمۇ تۇشتىن يىغىلىپ غۇنچەمنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرگەن پېتى، ئاستا- ئاستا ئالغا چامدايدۇ. ھەيۋەتلىك مۇزىكا ۋە غەزەپلىك چۇقان ساداسى كۆكنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دراما كۈچلۈك تراگېدىيىلىك كەيپىيات ۋە پۇتمەس- تۈگىمەس غەزەپ ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

«غۇنچەم» درامىسىنىڭ ۋەقەلىك كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇندىن قارىغاندا، ئەسەرگە 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىكى شىمالىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، جۈملىدىن شۇ چاغدىكى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

بىزگە مەلۇم، 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى خۇددى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا مۇرەككەپ ئىدى: ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە قالاق فېئوداللىق ئاڭ، دەھشەتلىك ئېزىلىشكە ئۇچرىغان كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشتىكى جەبىر- جاپاسى بۇ مەزگىلدە يەنىمۇ كۈچىيىپ، ئاھۇ زارى پەلەكتىن ئاشتى. فېئودال يەرلىك ھاكىمىيەتلەر چىرىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشتىكى ئاساسلىق ھاكىمىيەت شەكلى بولغان دوتەي، ئامبال، شاڭيو، بەگ، يۈز بېشى، ئەللىك بېشى، ئون بېشى دېگەندەك قول چوماقچىلىرىغا تايىنىپ، خەلقنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنى بۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى زۇلۇم دەستىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلاندۇرىدىغان،



ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا ھەقىقىي تۈردە يېتەكلەيدىغان بىرەرئىلغار كۈچ تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. زۇنۇن قادىرى بۇ درامىسىدا دەل مۇشۇنداق رېئاللىقنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ تەسۋىرلەپ، بىر يازغۇچىغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن جەمئىيەتنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئاشۇ دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى، كەڭ ئېزىلگۈچى، مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى، ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە يورۇقلۇققا ئىنتىلىش غايىسى، ئىستىخىيىلىك قارشىلىقى ۋە ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلەپ بەرگەن: فېئودال پومېشچىكلار ۋە زالىم، ئاچ كۆز بەگلەرنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى، چىرىك تۇرمۇش ئىستىلى ۋە زالىم- قانخورلۇقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ، تەڭسىز جەمئىيەتكە، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، زالىملىقى، نەپسانىيەتچىلىكى ۋە رەزىللىكىگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ- نەپرىتىنى بىر قەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن.

(2) «ئەدەبىيات دەۋرنىڭ تېرمومېتىرى». شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاش دەۋرنىڭ قەدەم- رىتىمىنى، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ناھايىتى تېز ئىنكاس قىلىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئىنكاس خۇددى سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، دىن، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرگە ئوخشاش مەلۇم ئۇقۇم، فورمۇلا ياكى ئابستراكت سخېمىلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان جانلىق، ئىندىۋىدۇئال بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا «ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى ئوبراز» دۇر. دراماتورگ بۇ درامىنى يېزىشتا كەڭ يېزىلاردىكى ھايات قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، زېرىكمەي- تېرىكمەي ئىزدىنىپ، دراما پېرسوناژلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئىلى دېھقانلىرىنىڭ كۈرەش ھاياتىدىن ئالغان ۋە ئۇنى ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئوبدان تاۋلاپ چىققان. بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، سەھنىدە كۆرگىنىمىزدە، كىتاب ياكى سەھنىدە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە مىجەز ھەم روشەن خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش ئاساسىنىڭ قانچىلىك

پۇختا، چىنلىق تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، خاراكتېر- خۇسۇسىيىتىنىڭ بىر- بىرىدىن نەقەدەر پەرقلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شۇنداقلا، زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيەت پوزىتسىيىسىنىڭ نەقەدەر ئەستايىدىللىقىغا، قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ كامالىتىگە ھەقىقەتەن قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

«غۇنچەم» دراممىسىدا 10 دىن ئوشۇق پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار دۇنيا قاراش،كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى جەھەتتىن بىر- بىرىدىن پەرقلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىدىيىۋى پىكىر، سىنىپىي ئاڭ، ياشاش مەنتىقىسى جەھەتلەردىنمۇ بىر- بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار تولىمۇ جانلىق،ھاياتىي كۈچكە باي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۆمەر شاڭيو ئاچ كۆز، زالىم، قارا نىيەت، نەپسانىيەتچى قىلىپ يېزىلغان بولسا، شەرۋان خېنىم شەھۋەتپەرەس، ھازازۇل، مۇتتەھەم قىلىپ سۈرەتلەنگەن. باسىت تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان غالچا سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بولسا، سىيىت ئەخمەق، لەقۋا، پوچى، شۇنداقلا ئەركە- نايناق قىلىپ سۈرەتلەنگەن. پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان بۇ خىل ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ سىنىپىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر تەرەپتىن، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، دراماتىك توقۇنۇشنىڭ يەنىمۇ كەڭ راۋاجلىنىشىغا، ئاپتورنىڭ پىكىر- ھېسسىياتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ھەم يوشۇرۇن ئىپادە قىلىنىشىغا، ئەسەر بەدىئىي ئۈنۈمىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

«غۇنچەم» دراممىسىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار تۈركۈمى ئىچىدە بىزگە ھەممىدىن بەك تەسىر قىلىدىغىنى، شۇنداقلا ئەسەردە ئەڭ مەركەزلىك تەسۋىرلەنگىنى كەمبەغەل زورىخان ئانىنىڭ پاك، سەبىي قىزى غۇنچەم بىلەن، ئۇنىڭ سۆيگىنى— ئۆمەر شاڭيونىڭ ئۆيىدىكى يىللىقچى نۇرۇم ئوبرازىدۇر.

ئاشىق- مەشۇق غۇنچەم بىلەن نۇرۇم كىچىككىدىنلا يېزىدا بىللە چوڭ بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا تەقدىرداش بولغىنى ئۈچۈن، بىللە ئەمگەك قىلىش



جەريانىدا پاك، سەمىمىي مۇھەببەت ئورنىتىدۇ. بولۇپمۇ غۇنچەم تولىمۇ سەمىمىي، ئەركىن، قىزغىن، ئەمما ساددا قىز بولغاچقا، دەسلەپ ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىد ۋە بەختىنى مۇھەببەتتىن كۈتىدۇ، مۇھەببەتتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئارتۇق بىر نەرسىنىمۇ تىلىمەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ قەلبىدە ئاشۇ ئادەمخور كونا جەمئىيەتكە، شۇ جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھلىرىغا بولغان بىر خىل تۇغما غەزەپ- نەپرەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاشۇ قانخور جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ «ۋايىيەي، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، پۇل- پۇل دەپ بىز دۇكان ئاچاتتۇقمۇ!» دەپ بەكمۇ ئاددىي ئويلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نۇرۇمنىڭ «يارنىڭ بېغىدا لەيلى، ماڭا بارمىكىن مەيلى، بولسا، بولمىسا مەيلى، مەن يارنىڭ قەلەندەرى» دېگەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ قاپىقىنى تۈرۈپ: «مەيلى بارلىقىنى كۆرۈك دەپ، يۇرىكىمنى يېرىپ بەرسەم بولاتتىمۇ، نان دەسسەپ بېرەيمۇ؟» دەپ قېيداپ قويىدۇ. قىسقىسى ئۇ مۇھەببەتكە، تۇرمۇشقا ئاشۇنداق ساددا نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئادەملەرنىڭ مۈرەككەپلىكىنى، ئاياللارنى قۇل ئورنىدا كۆرىدىغان ئاشۇ تەڭسىز جەمئىيەت بىلەن نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى، يوقسۇللارنىڭ قىلچىلىكمۇ ھوقۇقىقا ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ شېرىن خىيالىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان- ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ ياكى چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ باللىقى، مۇھەببەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساددىلىقى، جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغان گۆدەكلىكىنى خېلىلا جايىدا تەسۋىرلىگەن. ئاخىرى ئاشۇ تەڭسىز جەمئىيەت غۇنچەمدەك بىر ساددا قىزنى ئۆز ئەركىگە قويمايدۇ. ئۇنى ئۆمەر شاڭيونىڭ لايغەزەل ئوغلى سىيىت ماڭقىنىڭ مەجبۇرىي نىكاھىغا ئېلىشى تېخىمۇ مۇھىم بىر ۋەقەلىك بولۇپ، بۇ غۇنچەمنىڭ خاراكتېرىگە بىراقلا تەسىر قىلىدۇ، غۇنچەمنىڭ ئىلگىرىكى شېرىن خىيالى ئۆمەر شاڭيونىڭ ئۆيىگە بارغان كۈندىن باشلاپ بىردىنلا ئازابلىق رېئاللىققا ئالمىشىدۇ، ئۇ ھەر قانچە قىلسىمۇ بۇ رەھىمسىز تەقدىردىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ، سىيىتنىڭ قوپال گەپلىرى، شەرۋان ئاغىچىنىڭ جاندىن

ئۆتىدىغان تىل - ئاھانەتلىرى، زالىم ئۆمەر شاڭيونىڭ رەھىمسىز تاياق - توقماقلىرى ھەر مىنۇت دېگۇدەك بېشىدىن ئېرى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ روھىي ئازابى بارغانچە ئېغىرلىشىدۇ، قارشىلىق كۆرسىتەي دېسە، كۈچ - مادارى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى ئۆمەر شاڭيونىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدىن قوپالماي، ئېچىنىشلىق تۇردە قان قۇسۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ . . . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۈدەكلەرچە خىياللىرى، ئويلىغان گۈزەل ئارمانلىرىنىڭ ھەممىسى جايىدا قالىدۇ. مانا بۇ ئاشۇ تەڭسىز قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، ئاشۇ جەمئىيەتتىكى غۇنچەمدەك سانسىزلىغان بىچارە - مەزلۇملارنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئىدى. زۇنۇن قادىرى بۇ خىل ئېچىنىشلىق تراگېدىيىنى ئەسەردىكى غۇنچەمنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

درامىدىكى نۇرۇم سىنىپىي مەۋقە جەھەتتىن غۇنچەم بىلەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئارزۇ - ئۇمىد، پىكىر - ھېسسىيات ۋە مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىن ئۇنىڭدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ يېتىم، كىچىكىدىنلا پومېشچىككە يىلللىقچى بولغان. شۇڭا ئۇنىڭدا كۈچلۈك سىنىپىي چۈشەنچە ۋە سىنىپىي ئۆتكۈرلۈك شەكىللەنگەن. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى توسقۇنى— فېئوداللىق تۈزۈم ئۇچۇن يانتاياق بولۇۋاتقان كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆرەلەيدۇ. زورىخانىنىڭ ئۆلۈمى، ئۆزىنىڭ ھاقارەتلىنىشىدەك ئېچىنىشلىق رېئاللىق ئۇنىڭ قەلبىدە ئارقا - ئارقىدىن غەزەپ ئوتلىرىنى لاۋۇلدىتىدۇ. ئۇ ئاخىر مەردانىلىك بىلەن ھۆرلۈكنى، بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن، كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ خىل كۈرەش ئۇنىڭ غۇنچەمنى شاڭيونىڭ ھويلىسى - سىيتىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئېلىپ قېچىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ كۈرەشتە ئۇ ھەرگىزمۇ يالغۇز قالمايدۇ، ئۇنى نۇرغۇن قېرىنداشلىرى قوللايدۇ: مېھرىبان، زېرەك، ئاق كۆڭۈل پاتەمخان ئانا ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. سادىق ۋە باتۇر دوستلىرى تۇرغان بىلەن ئامانتاي ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولىدۇ. ھەتتا بىر مەزگىل ئالدانغان مەشرەپمۇ ئاخىر ئۇلارغا بەخت - سائادەت تىلەيدۇ. بۇ قېتىملىق قېچىشتا ئۇ مەغلۇپ بولۇپ تۈرمىگە سولىنىپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، بەلكى



كۈچىيىپ بارىدۇ. فېئودالىق تۈزۈم، ئادالەتسىز جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقى، زالىم ھۆكۈمرانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىر پارچە ئوت بولۇپ ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشكۈلات تاغلىرىدىن ھالقىپ، شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، تۈرمىدىن يەنە بىر قېتىم قاچىدۇ - دە، بىرىپلا ئۆمەر شاڭيونىڭ قورۇسىغا ئوت قويىدۇ. ئاپتور نۇرۇمنىڭ ئوبرازىغا يۈكلىگەن بۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ فېئودالىزمغا ئۇزۇل - كېسىل قارشى تۇرۇشتەك ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئىدىيىسىنى، جۈملىدىن نۇرلۇق كەلگۈسىگە بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. نۇرۇمنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۇچۇن ئېلىپ بارغان ئىستىخىيىلىك كۈرىشىنى تەدرىجىي ھالدا سىنىپىي كۈرەش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، پەقەت سىنىپنىڭ تەقدىرى ھەل بولغاندىلا، ئاندىن مۇھەببەت تەقدىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئالغا سۈرگەن.

«غۇنچەم» دە يەنە بىر قىسىم سەلبىي پېرسوناژلارمۇ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئۆمەر شاڭيونىڭ ئائىلىسىگە مەركەزلەشكەن، دراماتورگ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن بۇ پېرسوناژلارنى دۇنيا قاراش، ياشاش ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى پىكىر ۋە سىنىپىي خۇسۇسىيەت جەھەتلەردىن بىر - بىرىدىن پەرقلىق تەسۋىرلەشكە تىرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئاچچىق ھەجۋىي ئىچىدە ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ھالىتى، ئەقىل - ئىدراكى، تۇرمۇش سېزىمى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىرادە - ھېسسىياتى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، مىجەز - خاراكتېرى، ئىنتىلىش - ئىزدىنىشلىرىنىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق سۈرەتلىگەن. بۇلار ئىچىدە ئۆزىنى «يۇرت ئاتىسى» دەپ ئاتىۋالغان تىلى شېكەر، دىلى زەھەر پومېشچىك ئۆمەر شاڭيونىڭ ئوبرازى جانلىق، تىپىكلىكى، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە بايلىقى، ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ روشەنلىكى، ئاشۇ دەۋردىكى زومىگەر بايلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن بىزنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۆمەر شاڭيو ھەقىقەتەن كۆپ تەرەپلىمە خاراكتېرگە ئىگە مۇرەككەپ پېرسوناژ. ئاپتور يۇمۇرلۇق تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاچ كۆزلۈك، پۇلپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك

ئىللەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ تۇنجى قېتىم زورىخانىنىڭ ھويلىسىدا نۇرۇمنىڭ قاۋۇل، ياش، ئىشچان يىگىت ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنى ئەرزان ئىش ھەققى بىلەن يىللىقچىلىققا ئېلىۋالىدۇ: زورىخانىنىڭ بېغىغا كىرىپلا: «بۇ خوتۇننىڭ ياخشى ئىككى نەرسىسى بار، بىرى مانا شۇ ئالمىلىق بېغى، يەنە بىرى قەلەمقاش قىزى، ھەر ئىككىسىنى ئەپلەپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . . . مۇشۇ سۆزمەن خوتۇننى يوقاتساق قىزىمۇ، بېغىمۇ نەگە باردۇ؟ ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇيمىز - دە» دەپ ئويلايدۇ، ئۆيگە بېرىپلا شەرۋان ئاغىچىغا ئۆزىنىڭ غۇنچەمگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق ئورۇنسىز تەلىپىگە شەرۋان ئاغىچىدەك ھازازۇل خوتۇنلار ئۇنايدۇ دەمسىز؟ ئاپتور ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى كەسكىن ئېلىشىشىنى تولىمۇ ئىخچام، يۇمۇرلۇق تىل ئارقىلىق مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شەرۋان: — ھوي، قايسى ئېغىزلىرى بىلەن شۇ گەپنى قىلىلا؟

ئۆمەر شاڭيو: — بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا، ھازىر مەندە ئاران ئىككى خوتۇنغۇ؟

شەرۋان: — بايتوقايدىكىنى نەگە يوشۇردىلا؟

ئۆمەر شاڭيو: — كىم دېدى ساڭا، يوق گەپ، ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ تېخى تۆتكە يەتمىدىغۇ؟

شەرۋان: — ئون ئىككىگە يېتىپتىغۇ؟ توققۇز قىز ئېلىپ قويۇپ بېرىپلا، ھازىر ئەمرىلىرىدە ئۈچ خوتۇن . . . ساقالىغا ئاق كىرگەندىمۇ ھەۋەس قىلىۋېرەمدۇ كىشى؟

ئۆمەر شاڭيو: — ساقالنىڭ ئاقارغىنىغا قارىما. سەن كۆڭۈلگە قارا، بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخى 20 ياشلىق يىگىتنىڭ كۆڭلىدەك چاپچىپ تۇرۇپتۇ.

*(«زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» توپلىمى 271 - بەت)*

قاراڭ، ئۇ ئەنە شۇنداق ئاچ كۆزلۈك بىلەن قائىدە - قانۇن، ئىجتىمائىي تۈزۈم دېگەنلەرنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ. نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ ئاياللارغا ئۆزىنىڭ ھەۋەس - ئىشتىياقى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ، خالىسا ئائىلە قۇرىدۇ، خالىمىسا بۇزىدۇ، كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ،



خالىمىسا ھەيدەپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇ « توققۇز قىز ئېلىپ قويۇۋەتكەن، ئەمرىدە ئۈچ خوتۇنى بار» تۇرۇقلۇقمۇ يەنە غۇنچەمگە ئوخشاش قىزلارغا كۆز سالىدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە، ئاياللارغا پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئاچ كۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىك. چۈنكى ئۇنىڭ غۇنچەمگە قانات سۆرىشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتى ئۇنى ئۆمۈرلۈك خوتۇن قىلىش، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر مەزگىللىك كۆڭۈل ئەرمىكى قىلىش، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئالمىلىق بېغىنى قولغا چۈشۈرۈش. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ غۇنچەمنى ئېلىش نىيىتى خوتۇنى تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوغلى سېيىتقا ئېلىپ بېرىش چارىسىنى ئويلاپ تاپىدۇ. زورىخانىنىڭ ئۆلۈمىدە يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن « 300 سەر تەڭگىلىك تىلخەت پۈتۈش» ئارقىلىق، غۇنچەمگە ئاتىدارچىلىق قىلىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئۇ ئۆزى «لوزۇڭ - بەگلەرگە تارتۇق قىلغان ئات، يامبۇلارنىڭ پۇلىنى يۇرتتىكى پۇقرالاردىن يىغىپ» ئالىدۇ. ئۆيىدە ئىشلىگەن ئوتاقچى - يىللىقچىلار سەللا تاكاللىشىپ قالسا ئىش ھەققىنى بەرمەيلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىقىلار ئۆمەر شاڭيونىڭ ئاچ كۆز، تەلۋە، ئۆكتەم، ئۆزەمچىل خاراكتېرىنى بىر قەدەر روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۆمەر شاڭيونىڭ خاراكتېرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن تەكەببۇر، مەنمەنچى، خۇشامەتچى، مەككار ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەرتىۋىسىنى، ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدۇ؛ ئەكسىچە يىل بويى ئاچ - يالىڭاچ يۈرۈپ ئۆزىگە ھايۋاننىڭ ئورنىدا ئىشلەپ پۇل - بايلىق توپلاپ بەرگەن پۇقرالارنى «چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان يالاڭتۆشلەر»، «پايتىمىسىنى تەتۈر ئۆرۈپ يۇرۇيدىغان يالاڭغىداقلار» دەپ قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ. ھەتتا ئۆيىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ كۈچ - مادارىدىن قالغان پاتەمخاننى «نىيىتى بۇزۇق لالما خوتۇن»، ئوغلى مەشرەپنى «ھاماقەت، سەن رودىپايىمۇ ئاناڭ بىلەن چىقىپ كەت!» دەپ تىللايدۇ ۋە ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئۆزىگە كېلىن بولغان غۇنچەمنى «ئىززىتىنى بىلمىگەن هارامزادە، ‹ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا› دېگەن مانا مۇشۇ،

بۇنىڭغا قىلغان رەھىمنى ئىتتىقا قىلىش كېرەك» دەپ تىللاپ، ھايۋاندىن بەتتەر خورلايدۇ. ئاپتور درامىدا ئۆمەر شاكىيونىڭ مال- دۇنياغا، ھەشەمەتچىلىككە، ئەيش- ئىشرەتكە بېرىلىش، ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان رەزىللىكلىرىنى ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ «ئالدىغا كەلگەننى چىشلەپ، ئارقىغا كەلگەننى تېپىپ» تۇرىدىغان ئۆكتەم، زالىم ۋە قانخور تەبىئىتىنىمۇ خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

دراماتورگ زۇنۇن قادىرى ئۆمەر شاكىيو ئوبرازىنى يارىتىشتا، دەۋرنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇپ، تۇرمۇشنى بىر قەدەر چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەينى دەۋردىكى زالىم بايلار ۋە قارام- مۇستەبىت پومېشچىكلاردا بولىدىغان ئېكىسپىلاتاتسىيەچىلىقنىڭ بارچە تولۇق يازغان. خەلقنىڭ قان- تەر بەدىلىگە ئۆزىنى سەمرىتىشكە ئۇرۇنغان بارلىق قانخور ئەمەلدارلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، پسىخىك خاراكتېرى ۋە ئۈمىد- ئارزۇسىنى ئۆمەر شاكىيو ئوبرازىغا ئۇستىلىق بىلەن مۇجەسسەملىگەن. شۇ ئارقىلىق بۇ ئوبرازنى خېلىلا چىنلىق تۇسىگە ئىگە قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ چىرىك فېئودال جەمئىيەتكە، تەڭسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، ئاچ كۆز، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ- نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، «غۇنچەم» دە، يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت، دىئالوگ ۋە پسىخىك تەسۋىرىنى ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئىنسانىي ماھىيىتىگە ماس ھالدا بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى، پوزىتسىيىسى، غەزەپ- نەپرىتى، سۆيگۈ- مۇھەببىتى ۋە ھېسداشلىقىنى كۈچلۈك ئىزھار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دراما سۇژىتى ئىچىگە تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ خېلى جايىدا كىرگۈزۈۋەتكەن. بۇ مەسىلە كۆپىنچە غۇنچەم بىلەن سىيىتتىن ئىبارەت خاراكتېرى، مەيدانى، كۆز قارىشى، ياشاش ئۇسۇلى بىر- بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى پېرسوناژغا مەركەزلىشىدۇ. كىتابخان ۋە تاماشىبىنلار ئاچچىق- ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق رەسۋاسى چىقىرىلغان سىيىتنىڭ ئەخمىقانە، تەلۋە ھەرىكەتلىرى، بىر- بىرىگە قولاشمىغان، قالايمىقان



سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ياكى سەھنىدە كۆرگەندە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلىدۇ. ئەكسىچە گۈزەل، ئېسىل پەزىلەتلىك، چېچەن قىز غۇنچەمنىڭ ئاشۇ جاھالەتلىك زۇلۇم دۇنياسىدا تارتقان ئازاب- ئوقۇبەتلىك كۈنلىرى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەلىك ئۆلۈمى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇغان ياكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى سەھنىدە كۆرگەندە، يۈرىكى لەختە- لەختە بولۇپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمىدۇ ھەم ئېچىنىدۇ. دېمەك، «غۇنچەم» درامىسىدىكى پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا، زۇنۇن قادىرى باشتا تاپشۇرغان ئىشنى ئاخىرىدا كۆرسىتىش، بېشىنى تارقاق، ئاخىرىنى يىغىنچاق قىلىش، تراگېدىيىلىك تۈس بىلەن كومېدىيىلىك ئامىلنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغان. درامىنىڭ ئاخىرىدا بەربىر ئاشىق- مەشۇقلار مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. غۇنچەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپمۇ دەردى چىقمىغان ئۆمەر شاكىيو نۇرۇمنى تۇتۇش توغرۇلۇق ھەممە ياققا بۇيرۇق قىلىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە شەنگەن يامۇلدىن قېچىپ چىققان نۇرۇم غەزەپ بىلەن بېرىپ ئۆمەر شاكىيونىڭ قورۇسىغا ئوت قويىدۇ. ئامانتاي، تۇرغان، مەشرەپ، پاتەمخان قاتارلىقلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلىدۇ. نۇرۇم غۇنچەمنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرگەن پېتى كۆزلىرىدىن قىساس ئوتىنى چاچرىتىپ ئاستا- ئاستا ئالغا چامدايدۇ. شاكىيونىڭ قورۇسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت بارغانچە ئۇلغىيىپ، ئەتراپنى قىزىل نۇرغا چۆمدۈرىدۇ. ئاشۇ ئوت يالقۇنىدىن ئۈمىدلەنگەن بىر توپ دېھقانلار بارغانچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوت يالقۇنىغا قاراپ ئاستا- ئاستا ئالغا سىلجىيدۇ. ئاپتور پېرسوناژلارنى يۇقىرىقىدەك ھەم ئەمەلىي ھەم پسىخىك ھەرىكەتلەر ئىچىدە بىر يەرگە جەم قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قاراڭغۇ تۈندىكى ئاھ- زارىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى، ئۆمەر شاكىيو ۋەكىللىك قىلغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىۋاتقان غەزەپ- يالقۇنى ئىچىدە ئاشۇنداق كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك خاھىشىنى، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن.

«غۇنچەم» درامىسىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىزچىل تۇردە كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

(3) «غۇنچەم» درامىسى يۇقىرىقىدەك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ جانلىق يارىتىلغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، يەنە ۋەقەلىكىنىڭ تەسىرلىك ھەم جەلپ قىلارلىق بولۇشى، تېمىسىنىڭ چوڭقۇر، تراگېدىيىلىك تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تۇرمۇش ئاساسىنىڭ پۇختا، بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە. بۇ خىل ئارتۇقچىلىق ئالدى بىلەن تېمىنىڭ يىغىنچاق ۋە مەركەزلىك بولۇشى، دراماتىك توقۇنۇشنىڭ باشتىن-ئاخىر كەسكىن ۋە ئۆتكۈرلۈكى، سۇژېتنىڭ ئىخچاملىقى، تېمىسىنىڭ چوڭ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ شۇنچە چوڭقۇر بولۇشىغا قارىماي، ھەجىمىنىڭ چاققانلىقى، سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىل، باش-ئاخىرىنىڭ مۇكەممەل بىرىككەنلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇم، «غۇنچەم» درامىسىدا ئاساسەن مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان فېئودال پومېشچىكلار بىلەن ئەمگەكچى دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەش ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان بولۇپ، تارماق لىنىيىدە يەنە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈشلىرى، بىر-بىرىنى ئالداشلىرى، چوڭلىرى كىچىكلەرنى يېيىشلىرى ۋە ئۆز ئارا زىددىيەتلىشىشلىرىمۇ؛ ئەمگەكچى دېھقانلار ئارىسىدىكى قارشىلىق، ئىسيانكارلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق، قىسمەن ئەھۋالدىكى ئارازلىق، قېيداش، قۇلچىلىق، مەيۈسلىكمۇ يېزىلغان. مەيلى كونا ئادەتلەرگە ئەسىر بولۇپ قالغان، نوقۇل قىزىنىڭ ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىمەن دەپ قىزىنى ئازاب ئوتىغا ئىتتىرىپ قويىدىغان ئاق كۆڭۈل زورىخان بولسۇن، مەيلى پومېشچىك شەرۋان ئاغىچىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن بىر مەزگىل سىنىپىي ماھىيىتىنى يوقاتقان گالۋاڭ مەشرەپ بولسۇن، مەيلى ئاخىردا نۇرۇم، غۇنچەمگە يار-يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاقىتتا تەييار تۇرغان ئامانتاي،



تۇرغان ۋە پاتەمخانلار بولسۇن، ئاپتور بۇلارتوغرۇلۇق ئالاھىدە توختالمايدۇ، ئەمما ئۇلار ئەسەردە ئاخىرىغىچە يوقاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە سودىگەر، بېدىك ھاشىمباينى ئۆمەر شاڭيو ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن بىر، ئىككى جايدىلا تىلغا ئالىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ شەرۋان ئاغىچا بىلەن شاڭيونىڭ تېمىنىڭ ئارقىسىدا بىر قېتىم مەخپىي ئۇچراشقانلىقىدەك بىرلا تەپسىلات ئارقىلىق ھاشىمباينىڭ مەككار-تۈزكورلۇقى، تاۋار-دۇردۇنغا يۆگىنىپ يۈرۈپ ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان شەرۋان خېنىمنىڭ شاللاقلىقى، بۇزۇقلۇقىنى تولىمۇ جايىدا پاش قىلغان. جۈملىدىن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، بىر-بىرىنى ئالداشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلىگەن. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، يازغۇچى شۇنچە كۆپ زىددىيەت-توقۇنۇشنى قىسقىغىنە ئۈچ پەردىلىك تىياتىرغا سىغدۇرغان، ئەسەرنىڭ ۋەقە-سۇژېتىنى ئىخچام، جانلىق قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈرىيىتى بولمىغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى، بەزىبىر جەريانلار توغرىسىدىكى بايانلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقارتىپ، مۇھەببەت، سۇيىقەست، توي، قۇتقۇزۇش . . . قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ تەقدىرىنى ئەڭ ياخشى ۋە جانلىق ئىپادىلەيدىغان، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى كۈچەيتىپ بېرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

درامىنىڭ خاتىمىسىمۇ ناھايىتى ئىخچام يېزىلغان، ئەمما ئاپتور ئاشۇ ئىخچاملىق ئىچىدە ئاجايىپ يۇقىرى ۋە ئىجادىي يۈكسەكلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن. غۇنچەمنىڭ قانلىق قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە ئېچىنىشلىق تۇردە ئۆلتۈرۈلۈشى، نۇرۇمنىڭ شاڭيونىڭ قورۇسىغا ئوت قويۇشى، نۇرۇم باشچىلىقىدىكى بىر توپ دېھقانلارنىڭ غۇنچەمنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرگەن پېتى «قىساس» ناخشىسىنى توۋلىغىنىچە ئاستا-ئاستا ئالغا سىلجىشى . . . دەك ۋەقەلەر تولىمۇ يىغىنچاق تەسۋىرلەنگەندىن باشقا، يەنە درامىنىڭ خاتىمىسىدە بېرىلگەن «قىساس» ناخشىسىنىڭ تېكىستىمۇ ئىخچام يېزىلغان:

*قىساس بىزگە قارار بولسۇن !*
*غەزەپلەر زۇلپىقار بولسۇن !*

*پاچاقلانسۇن زۇلۇم تەختى،*
*ئادالەت ئەلگە يار بولسۇن!*

دىرامىنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە بېرىلگەن بۇ بىر كۇپلېت قىساس ناخشىسىغا، دىراما ئاپتورىنىڭ ئاسانلىقچە بېسىۋالغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك ھاياجانلىق ھېسسىياتى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا سالغان ئۈنلۈك چۇقانى، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان قەھر-غەزەپ، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ تۈپ مەركىزىي ئىدىيىسى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن مۇجەسسەملەنگەن. ئەگەر دىراماتورگ دىرامىنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇرماي، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە بىرەر ئېپىزوت ياكى دىئالوگ بەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا دىرامىنىڭ تەسىرى ئۇنچىۋالا چوڭ بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتكەن بولاتتى. ئەمما ئاپتور بۇ يەردە يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي ئىخچاملاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىپ، جىددىي غەزەپكە ئۈندەيدىغان بۇ بىر كۇپلېت ناخشا بىلەن دىرامىنى بىراقلا ئاياغلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن دىراما ئالاھىدە تەسىرلىك چىققان. مانا بۇ دىراما ئاپتورىنىڭ بەدىئىي ئىخچاملىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالامىتى.

«غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئۇنىڭدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ روشەن ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى مىللىيلىكنىڭ مەنىسى ۋە ئۇقۇم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ياشاۋاتقان تۇرمۇش شارائىتى ئوخشىمىغانلىقتىن، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى ۋە پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەر خىل دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ. روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئاشۇ بەلگە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئادەتتە تۇرمۇش ئادىتى، ئېتىقاد ئادىتى، يەرلىك ئادەت، سودا-سېتىق ئادىتى



قاتارلىق بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ بىر پۈتۈن مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىۋېرسال سەنئەت ھېسابلىنىدىغان دىرامىمۇ مەيلى ئۇ قايسى مىللەت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىللىي ئالاھىدىلىكنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشى، مىللىي روھ، مىللىي خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىنىشىنى تەمىن ئېتىدىغان مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىنى تەبىئىي ھەم ئىشەنچلىك قىلىپ يارىتىشى كېرەك. دىراماتورگ زۇنۇن قادىرى «غۇنچەم» دىرامىسىدا بۇ نۇقتىغا خېلى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن دىرامىدا مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ يادروسى بولغان مىللىي خاراكتېرنىڭ روشەن بولۇشى ئۈچۈن كۈچىگەن. دىرامىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر قاتار تەپسىلاتلار، مەسىلەن، غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانى، ئالمىلىق باغدا ئېيتىشقان مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئاق كۆڭۈل زورىخاننىڭ «توينى چوڭ ئۆتكۈزۈش» ئۈمىدى، ئۆمەر شاڭيۇنىڭ زورىخاننىڭ ئالمىلىق بېغىنى قولغا كەلتۈرۈش ھېيلىسى، زورىخاننىڭ ئۆلۈمنى ئۇزىتىش قائىدىلىرى، سىيىت بىلەن غۇنچەمنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈش جەريانى، نۇرۇمنىڭ غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىشى . . . قاتارلىق تەپسىلاتلار ئاساسەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ پىسخىكىسىغا خاس ۋەقەلەر نېگىزىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە يۈكلەنگەن ۋەقە ھەم ئىشلار ئومۇمەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئاشۇ يىللاردىكى ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى (ياشاش ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى، توي-تۆكۈن ئادىتى . . . قاتارلىقلار) بويىچە ئىپادىلەنگەن. ئاپتور مىللىي خاراكتېرنى ئىپادىلىگەن چاغدا يەنە ئۇنى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئامىللىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي خاراكتېرنى ئاشۇ دەۋرنىڭ مىللىي تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ئەسەردە ئالدى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئامىللىرى — ئالمىلىق باغ، كاۋا بارائىڭلىرى، رەڭگارەڭ گۈللەر، ئۈزۈملۈك باغلار، ئۇيغۇرلار ئەتىۋارلاپ

ئۆستۈرىدىغان تېرەك بوستانلار، ياغاچ ئۆيما نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ ياسالغان ئۇيغۇرلارغا خاس پېشايۋانلىق ئۆيلەر تەسۋىرلىنىدۇ . . . درامىدا يەنە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاس ئەمگەك قوراللىرى– كەتمەن، ئورغاق، ئوتىغۇچ، ئارىلار؛ ئارپا، بېدە، قىچا، بۇغداي قاتارلىق شىمالىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ۋە ئۇنى يىغىش ئۇسۇللىرى؛ شىمال دېھقانلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىگىچە كۆزگە چېلىقىدۇ.

دېمەك، دراماتورگ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى يازغاندا، مەيلى تەبىئەت مەنزىرىسى ياكى ئەمگەك مەنزىرىسىنى يازغاندا بولسۇن، مەيلى غۇنچەم بىلەن سىيىتنىڭ توي ئاخشىمى سىيىتقا قارىتىلىپ توقۇلغان چاقچاقلارنى يازغاندا بولسۇن، مەيلى غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ بىر- بىرىگە قارىتىپ ئېيتىشقان ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى يازغاندا بولسۇن، مەيلى ئۆمەر شاڭيو ئائىلىسىدىكى بەگ- غوجاملارنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرى ياكى زورىخان- غۇنچەملەر ئائىلىسىدىكى مۇڭلۇق دىئالوگ- مونولوگلارنى يازغاندا بولسۇن، ئۇلارغا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزلىشىش، چاقچاقلىشىش، ناخشا ئېيتىش، توي قىلىش، ئۆي ياساش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكىنى خېلى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. درامىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە سەۋەبچى بولغان غۇنچەم ئائىلىسىنىڭ ئالمىلىق بېغى، غۇنچەمنىڭ قېرى قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە ھايات بىلەن ۋىدالىشىشى، ئۆمەر شاڭيونىڭ بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىقنىڭ گېپىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن چارۋىچىلىقنىڭ گېپىنى قىلىشى . . . قاتارلىق تەپسىلاتلاردىمۇ ئىلى يېزىلىرىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

(4) «غۇنچەم» درامىسىنىڭ ھازىرغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپى، ئەسەر تىلىنىڭ تاۋلانغانلىقىدا. بولۇپمۇ درامىدىكى پېرسوناژ تىلىنىڭ ئىخچام، ھەرىكەتچان، ئوچۇق، ئوبرازلىق، مەنىلىك ۋە يۇمۇرلۇق تەسۋىرلەنگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى كۆپلىگەن سەھنە سۆزلىرىنى زۇنۇن قادىرىنىڭ ۋايىغا يەتكەن قەلەم كۈچىنىڭ قۇدرىتىدىن ھاسىل بولغان يېڭى، گۈزەل،



ئوبرازلىق شېئىرىي جۈملىلەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جۈملىلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، مىجەز- خاراكتېرى جانلىق ئىپادىلەنگەندىن سىرت، يەنە ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مىسال ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى دىئالوگلارغا نەزەر سالايلى:

باسىت: سىيىتجان، ئېتىڭنىڭ يورغىسى قالتىسكەن جۇمۇ، مېنىڭ ئېتىم يورغىلاپ يېتەلمىدى.

سىيىت: بۇنى مەن تېخى بولۇشىغا قويۇپ بەرمىدىم. ئەگەر راست يورغىسىغا سالىدىغان بولسام، خېلى- خېلى ئاتلىرىڭ چېپىپ يېتەلمەيدۇ. مەشرەپ، ھەي مەشرەپ! (مەشرەپ باغ تەرەپتىن چىقىدۇ)

مەشرەپ: سىيىتجانلار شەھەردىن چىقىپتۇ- دە، (تالا تەرەپكە ماڭىدۇ، غۇنچەم ئۆي تەرەپكە ماڭغاندا)

شەرۋان: ھوي، ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۇنچاق، ماۋۇ سۇتلەرنى ئەكىرىپ پىشۇرۇپ قوي. (غۇنچەم قايتىپ كېلىپ، چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. باسىت بىلەن سىيىت قامچە تۇتقان ھالدا كىرىدۇ، سىيىت غاچ- غاچ قىلىپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كىيىۋالغان. ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ئارقىسىغا قارايدۇ)

سىيىت: ھوي مەشرەپ، مېنىڭ ئېتىمنى ئېگىزرەك سوۋۇتۇپ قوي.

شەرۋان: (كۈلۈمسىرەپ، باسىتقا قاراپ) پاھە، سىيىتجاننى يىگىت قىلىۋېتىپسىلەرغۇ.

سىيىت: ئادەمنى زاڭلىق قىلمىغىنا ھوي.

شەرۋان: (سىيىتنىڭ سۆسەر تومىقىنى ئېلىپ كۆرۈپ) دېگەندەك تىكىپتىكەندە بۇنى.

باسىت: ئۆتۈكنى دېمەمسىز، شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا غاچىلداپ مېڭىۋىدى، ھەممىسى قارىشىپ قالدى.

شەرۋان: ھېكىمبەگنىڭ ئوغلىمىكىن دېدى- دە ئۇلار.

باسىت: سىيىتجان ماڭا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ. ماشىنىچى، موزدۇز بىلەن تۇماقچى ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ ئۆتۈكۈمنىڭ جۇلىقى چىقىپ كەتتى.»

*( «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» توپلىمى 296 ـ بەت)*

قاراڭ! يۇقىرىقى دىئالوگلار ئىخچام، يۇمۇرلۇق ۋە ئوبرازلىق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ياش ـ قۇرامى، سەۋىيىسى، كەسپى، خاراكتېرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا نىمىدىگەن ماس كەلگەن ـ ھە! بىز جايىدا يېزىلغان بۇ دىئالوگلاردىن تۆۋەننى بىسىپ، يۇقىرىغا بويۇن سوزىدىغان باستىنىڭ خۇشامەتگۈيلۈقى، شەرۋاننىڭ شاللاق، ھىيلىگەرلىكى، سىيىتنىڭ چوڭچى، بىزەڭ، ئەركە ـ نايناق خۇسۇسىيىتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

«غۇنچەم» دراممىسىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئۇتۇقى ئاساسەن مۇنداق ئىككى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ: بىرى، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان، روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان دېھقانلار تىلى بولۇپ، ئۇلار تولىمۇ ئىخچام، ساددا، يۇمۇرلۇق يېزىلغان. بۇ ئاساسەن زورىخان، ئۆمەر شاڭيو، شەرۋان، باسىت، پاتەمخان، ھاشىمبايلارنىڭ دىئالوگلىرىدا، بولۇپمۇ سىيىتنىڭ باشقىلار بىلەن قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىدە روشەن ئايان بولىدۇ.

زورىخان: (ئاڭلىماسقا سېلىپ) نۇرۇم، چاي قايىنىدىمىكىن، چىقىپ باققىنە. (نۇرۇم باغقا ماڭىدۇ)

شاڭيو: بولدى، ئاۋارە بولمىسىلا، مېنىڭ چايغا تاۋىم يوق. (ئورنىدىن تۇرىدۇ)

زورىخان: ئاران بىر كەلگەندە بىردەم ئولتۇرۇپ چاي ـ پاي ئىچىپ كەتسىلە شاڭيوم.

شاڭيو: تۆۋەنكى مەھەللىدە تويدا بولدۇق، نەزىردە بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويغا شەھەردىن لوزۇڭ بەگلەر چىققانىدى. سىلەرنىڭ ئەللىك بېشى چايغا چاقىرىپتىكەن. ئۇ يەردە بولدۇق. چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە دەپتىكەن. ھازىرغىچە يېدۇق، ئەمدى چاينى نەگە ئىچىمىز؟

زورىخان: شۇنداق بولسىمۇ كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا دەپتىكەن.

شاڭيو: بىراق بىزنىڭ چىشىمىز تېخى ئۆتكۈر، دورا لازىم قىلمايدۇ. زورىخان ھەدە.

زورىخان: ئۈستىخاننى چاينىسىلىمۇ ئۆتىدىكەندە شاڭيوم. ( «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» توپلىمى 267 ـ بەت)



قاراڭ! بۇ دىئالوگلارنى يازغۇچى يازدى دېگەندىن كۆرە، خىلۋەت بىر يېزىدىكى ئىككى دېھقان سۆزلىشىۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك. ئاپتورنىڭ ئوخشىتىپ يازغان بۇ دىئالوگ تەسۋىرىدە ئۆزىنى «يۇرت ئاتىسى» دەپ ئاتىۋالغان ئۆمەر شاڭيونىڭ ھاكاۋۇر، تەمەخور، مەنمەنچى ۋە كۆرەڭلىكى قانچىلىك روشەن ئېچىلغان بولسا، كەمبەغەل ئائىلىدە مىڭ بىر جاپادا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان زورىخاننىڭ گەپتان، ھەزىلچى ۋە چېچەنلىكى شۇنچە كېلىشتۈرۈپ سۈرەتلەنگەن. يۇقىرىقىدەك بىر نەچچە جۈملە دىئالوگدىن ياش قۇرامى، سىنىپىي مەۋقەسى، مىجەز خاراكتېرى، پوزىتسىيىسى، ياشاش ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھاياتقا بولغان قارىشى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ماھىيەت جەھەتتىمۇ روشەن سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىققا ئىگە بولغان ئىككى پېرسوناژنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

شاڭيو: ھە، نېمانچە چىچاڭشىپ كەتتىڭ؟

شەرۋان: ھوي، قايسى ئاغزىلىرى بىلەن شۇ گەپنى قىلىدىلا؟

شاڭيو: بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا، ھازىر مەندە ئاران ئىككى خوتۇنغۇ؟

شەرۋان: بايتوقايدىكىنى نەگە يوشۇرىدىلا. مېنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەيدىكەنلا ـ دە، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگىنىنى بىلىمەن مەن.

شاڭيو: كىم دېدى ساڭا؟ يوق گەپ.

شەرۋان: يوق گەپ ئىمىش، ئەمىسە نېمىشقا ئالتە كۈندە بىر قاترايلا ئۇ ياققا؟

شاڭيو: ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ تېخى تۆتكە يەتمەيدىغۇ؟

شەرۋان: ئون ئىككىگە يېتىپتىغۇ؟ توققۇز قىز ئېلىپ قويۇپ بېرىپلا، ھازىر ئەمرىلىرىدە ئۈچ خوتۇن، ئەمدى ئىنساپ قىلىش كېرەك. ساقالغا ئاق كىرگەندىمۇ ھەۋەس قىلىۋېرەمدۇ كىشى.

شاڭيو: ساقالنىڭ ئاقارغىنىغا قارىما. سەن (كۆكسىگە بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ) كۆڭۈلگە قارا، كۆڭۈلگە! بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخى 20 ياشلىق يىگىتنىڭ كۆڭلىدەك چاپچىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، ھويلىدا يۈرگەن خورازغا قاراپ باق، شۇ جېنىدا مۇشتەك تۇرۇپ، ئون

نەچچە مېكىيانىنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈۋاپتۇ. مانا شۇنداق ئاق خوراز دېسە بولىدۇ بىزنى.

شەرۋان: ئۇ دېگەن توخۇ، سىلى دېگەن ئادەم.

شاڭيو: ھە، مانا قارا، مەن تاغدەك ئادەم تۇرۇپ توخۇچىلىك بولالمايمەنمۇ؟ توققۇز قىز ئېلىپ قويۇۋەتكەن بولسام، ئون بولۇپ كەتسۇن، ھېسابقىمۇ توپتوغرا بولىدىكەن.

شەرۋان: ياق، ئەمدى مەن يول قويالمايمەن، بۇرۇنقى خوتۇنلىرىدەك كەلسە ـ كەلمەس، زىدى پەس يەرنىڭ قىزى ئەمەسمەن، يا بولمىسا سەھرالىق ئەمەسمەن. مەنچۇ، شەھەردە چوڭ بولغان بەگ ئەۋلادىمەن. ھېلىمۇ گەپ قىلماي تۇرسام، مېنىڭ ئۇستۇمگە ئىككىنى ئالدىلىغۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق چىدالمايمەن. ياشلىقىم، قىزىل گۈلدەك چىرايىم مۇشۇ سەھرايى قىيامەتتە غازاڭ بولۇپ كېتىپ باردۇ. («زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» توپلىمى 272 ـ، 273 ـ بەتلەر)

مانا بۇ دىئالوگلارمۇ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، رىتورىك سوراق قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆمەر شاڭيونىڭ تويماس نەپسى، ئاچ كۆزلۈكى، چاكىنىلىقى، ھۆكۈمران سىنىپلارغا خاس كۆرەڭلىكى؛ شەرۋان ئاغىچىنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسى، مەنمەنچىلىكى، ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ھازازۇللىقىنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆز ـ ئۆزىنى ھەجۋي قىلىدىغان يۇمۇرلۇق سۆزلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

«غۇنچەم» درامىسىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ھەرقانداق شارائىتتىكى سۆزى ئۇلار ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن دەۋر مۇھىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ درامىدىكى ئىجابىي ئوبرازلار ۋۇجۇدىدا ئېنىق ئىپادىلەنگەن، يەنى غۇنچەم، نۇرۇم قاتارلىق پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ بۇ يولدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتنىڭ



چەكلىمىسىدىن ھالقىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ھەرگىز دېمەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتور بىر تەرەپتىن، مۇشۇ دەۋردە فېئودالىزم قارا كۈچلىرىنىڭ، فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھامان ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدەك تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەكچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىشىگە ھوقۇق بەرمىگەن ئاشۇ دەۋرنىڭ چەكلىمىلىكى، تەڭسىزلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ.

شاڭيو: نېمە دېدىڭ؟

نۇرۇم: (تەنە قىلىپ) جانابلىرى نېمە دېگەن بولسىلا شۇنى دېدىم.

باسىت: (نۇرۇمغا) ھاي نا ئىنساپ، تارت تىلىڭنى، بىھۆرمەتلىك قىلما.

شاڭيو: (مەشرەپكە) ئارغامچا ئەكەل! (مەشرەپ «خوپ» دەپ ئاشخانىغا كىرىدۇ) مەن بۇ ھارامزادىگە ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

يايى: بۇرنىنىڭ بېزى ئۆسۈپ كەتكەن نېمە ئىكەنغۇ بۇ . . .

شاڭيو: باغلاڭلار بۇ قارا نىيەتنى! (باسىت بىلەن يايى نۇرۇمنى باغلاشقا تۇتۇنغاندا، نۇرۇم يايىنى ئىتتىرىۋېتىپ، باسىتنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىدۇ)

نۇرۇم: نېمە گۇناھىم ئۈچۈن باغلايسەن مېنى، يېزىنچە ئىشلەپ بەرگىنىم ئۈچۈنما؟ ياكى غۇنچەمگە قۇرغان توزاقلىرىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ ھەي شاڭيو، ھەي شاڭيو، كىمنىڭ قارا نىيەت ئىكەنلىكى مانا پۈتۈن ئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولدى !

شاڭيو: قورقۇنچاقلار، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، باغلا! (نۇرۇمغا يېقىن كېلىپ قامچا سالىدۇ)

يايى: (قىلىچىنى سۇغۇرۇپ) ھەي ئوغرى، قارشىلىق قىلساڭ چاپىمەن.

نۇرۇم: كەل، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش ! (ھەممىسى نۇرۇمنى تۇتۇپ باغلايدۇ)

شاڭيو: ئاپارغىن، قارىياغاچقا باغلا ! (نۇرۇمنى قارىياغاچقا تاڭىدۇ)

نۇرۇم: قولۇڭدىن كەلسە ئاسمىنىڭدىن تاشلىۋەت، ھەقىقەت ئېگىلمىدۇ، سۇنمايدۇ !

شاڭيو: ئۇر مۇناپىقنى ! (يايى نۇرۇمنى قامچىلايدۇ، ئۆيدىن غۇنچەم يۈگرەپ چىقىدۇ).

غۇنچەم: نۇرۇم! نۇرۇم! (يايىغا ئېسىلىۋېلىپ) ھوي جاللات، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەمسەن بىچارىنى؟ نېمە قىلدى سىلەرگە شۇنچە؟

شاڭيو: (مەشرەپكە) ھوي مەشرەپ، ماۋۇ قىزنى ئۆيگە تارت! (مەشرەپ «يۈرۈك» دەپ قولىدىن تارتقاندا غۇنچەم سىلكىۋېتىدۇ).

غۇنچەم: شاڭيو ئاتا ! نۇرۇمنى قويۇۋېتىڭ (يىغلايدۇ).

نۇرۇم: يالۋۇرۇش ئۆلۈمدىن يامان غۇنچەم، بىزمۇ ئەنتىمىزنى ئالىدىغان پەيت كېلىدۇ. ( «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» توپلىمى 304- بەت )

مانا قاراڭ، يۇقىرىقى دىئالوگ تەسۋىرىدە، ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىغا ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، ھەر قانچە مۇرەككەپ، جىددىي، قىيىن شارائىت ئىچىدىمۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان ياكى دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان بىرەر جۈملە سۆز ياكى بىرەر ئوشۇقچە ئىبارىنى دېگۈزمىگەن. ئەكسىچە ئۇ درامىدىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگلىرىنى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، پېرسوناژ ياشىغان جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال، ئاممىباب تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ نازۇك ھېس- تۇيغۇسىنى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

«غۇنچەم» درامىسىدىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ھەم مونولوگلىرىمۇ ئىخچام، مېغىزلىق، يۇمۇرلۇق ۋە ئوبرازلىق چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى پېرسوناژ تىلى بولسۇن ياكى مەنزىرە، ئورۇن ھەققىدىكى ياندىما سۆزلەردە بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىر خىل شېئىرىي پۇراق گۇپۇلداپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ماقال- تەمسىل ۋە ئىدىئوملارمۇ پېرسوناژنىڭ ئورنى، خاراكتېرى- مەنتىقىسى ۋە ھېسسىيات پىسخىكىسىغا لايىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشقان.

«غۇنچەم» درامىسىدا يەنە نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆز- جۈملىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش، خاراكتېر- خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىپلا قالماي،



بەلكى ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدىشى، تەمتىرەش ئىچىدىن يول تېپىشىغا ئىلھام بېرىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

(5) «غۇنچەم» درامىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تاۋلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر دراما- تىياتىرلىرىدا ناخشا بولىدۇ. ئەمما شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، درامىدىكى ناخشا ئالدى بىلەن تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ درامىنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا، زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ راۋاجىغا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يەنىمۇ روشەن ئېچىلىشىغا، جۈملىدىن پېرسوناژلارنىڭ شۇ مەيدان، شۇ دەقىقىدىكى روھىي ھالىتىگە ماس كېلىشى، ناخشىنىڭ تېكىستى قىسقا، مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق ۋە جانلىق، ھېسسىياتقا باي بولۇشى لازىم. پەقەت مۇشۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ناخشىلارلا ئاندىن درامىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، تاماشىبىنلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

زۇنۇن قادىرى كىچىكىدىن تارتىپ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان، ناخشا ماكانىدا ئۆسكەن، ئۇزۇن يىل سەھنە خىزمەتچىسى بولۇش، ئاكتىيورلۇق قىلىش جەريانىدا، ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل ناخشىلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن؛ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيە، كۈي ۋە تېما ئالاھىدىلىكىنى، قايسى خىل كۈي ۋە قايسى خىل شەكىل بىلەن قايسى خىل مەزمۇننى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقى . . . دەك مەسىلىلەرنى ئوبدان تەتقىق قىلغان. ئەسەردىكى ناخشىلارنىڭ تېكىستى ئومۇمەن ھەربىر ناخشىنىڭ شەكلى، شۇ پېرسوناژنىڭ ئورنى، دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسى، خاراكتېرى ۋە روھىي ھالىتىگە لايىق ھالدا تاللانغان. شۇڭا «غۇنچەم» درامىسى ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق جانلىق، مەزمۇنلۇق يېزىلغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىك ۋە باش قەھرىماننىڭ ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ درامىنىڭ مۇھىم بىر ئېلېمېنتى بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەنمۇ بىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ باش قەھرىمانلار نۇرۇم بىلەن غۇنچەمنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى تولىمۇ ئوبرازلىق ۋە مەزمۇنلۇق يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ

ئىككى ياشنىڭ بىر- بىرىگە بولغان سەمىمىي ھېسسىياتى، چوڭقۇر سۆيگۈ- مۇھەببىتى، سېغىنىشى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ رەزىل تۈزۈمى ۋە ئادالەتسىزلىكىگە بولغان كۈچلۈك نەپرىتى، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. بۇ ناخشىلارنىڭ تېكىستى شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلىرىنىڭ موللۇقى، مىللىي پۇراقنىڭ كۈچلۈكلۈكى، دەۋر روھىغا بايلىقى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى زور كۆپچىلىك دراممىلارنىڭ ناخشا تېكىستىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھازىرمۇ كەڭ دراما ئىجادىيىتى ھەۋەسكارلىرىغا شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بېرەلەيدۇ. . .

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، «غۇنچەم» ئۇيغۇر دراممىچىلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئىجادكارلار ئۇچۇن يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئۆرنەك، تەتقىق قىلىشقا، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئۆلمەس ئەسەر. شۇ سەۋەبلىك، ئۇ ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## §6.ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» ناملىق داستانى ھەققىدە

ئەھمەد زىيائى (1913– 1989) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ تەخمىنەن 60 يىل داۋاملاشقان ئەدەبىي ھاياتىدا ھازىرقى زامان، بۈگۈنكى زامان دەۋرىنى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەر قايسى دەۋر-



باسقۇچلاردا مۇناسىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ لىرىكىلىرى، «رابىئە- سەئىدىن» تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى، «تۇزىماس چېچەكلەر» توپلىمى، «يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى، «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق سایاھەت خاتىرىسى، «ۋىجدان- مۇھاكىمە» ناملىق پوبلىستىك ئەسىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزگىچە ئورۇنغا ئىگە ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەھمەد زىيائى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېتىشكەن تىل ۋە ئەدەبىيات ئالىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئاساسەن «قۇتادغۇبىلىك» كە مەركەزلەشكەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جۈملىدىن مۇھىم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كەلسە، ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى تىلغا ئالماي ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ داستان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى رابىئە- سەئىدىن تېمىسىنى بۈگۈنكى زامان تېمىسىغا ئايلاندۇرغانلىقى، كلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىمىزنى ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە قىلغانلىقى، ئەسلىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئاشىق- مەشۇقلار ھېكايىسىنى ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىجادىي يوسۇندا يۇغۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى ۋەقەلىكنى بېيىتقانلىقى ھەم ئەسەرنى كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە تەركىبلەر بىلەن موللاشتۇرغانلىقى، ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزگىچە ئۇسلۇب - ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەنلىكى، ئەسەردىن تارىخقا، فولكلورغا، ئەدەبىيات- سەنئەتكە دائىر ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئۇچۇر- مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسەرنىڭ پەلسەپىۋىلىكى، ئەخلاقىي ئىدىيىسى ۋە دىداكتىك غايىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مەزمۇن- قىممەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدىكى ھۆرمەتلىك شائىر ۋە ئالىم ئەھمەد زىيائىنىڭ 70 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ خۇلاسىسى

ھېسابلىنىدىغان، شۇنداقلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەسىرى. ئەھمەد زىيائى بۇ داستاندا ئۆزىنىڭ ھايات سەزگۈرەشتىلىرىگە، ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە، كۆز قاراش، ئىدىيىسىگە دائىر بىر مۇنچە قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. شۇ سەۋەبتىن، ئەھمەد زىيائىنىڭ بۇ داستانىنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەھلىل- تەتقىق قىلىش، شۇ ئاساستا ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رابىئە- سەئىدىن تېمىسى نىسبەتەن ئۇزۇن تارىخقا ھەم مەلۇم ئىزچىللىققا ئىگە مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېمىدا تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ يىرىك ئەسەر يازغان كىشى — 19- ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان داڭلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 — 1850) دۇر. ئۇ شۇ دەۋر رېئاللىقىدا سادىر بولغان رابىئە- سەئىدىن ۋەقەسىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەم يەنە بۇ ۋەقەلىككە تېخىمۇ يۈكسەك مەنىلەرنى بېرىپ، 1848- يىلى ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھىم رېئالىزملىق ئەسەر — «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى يېزىپ چىقتى. ھېسابتا ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇقنىڭ مۇھەببەت سەزگۈرەشتىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشق يولىدىكى جان پىداكارلىقىنى يۇقىرى باھالىغان ھەم ئۇلارنى پەرھاد- شېرىن، لەيلى- مەجنۇن، ۋامۇق- ئۇزرالار بىلەن تەڭ كۆرگەنىدى. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ، جۈملىدىن «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى- تەسىرى بىلەن رابىئە- سەئىدىن تېمىسى ۋە بۇ ھەقتىكى تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىسى باشقا كلاسسىك مۇھەببەت ھېكايىلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئەدەبىيات ئالىمىدىن، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.

خۇددى ئەلىشىر نەۋائى «پەرھاد- شېرىن» داستانى بىلەن كېيىنكى ئەدىبلەرگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ئابدۇرېھىم نىزارىمۇ ئۆزىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى



ئەدىبلەرگە ئاز بولمىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئابدۇرېھىم نىزارى ئىجادىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنىڭ بىۋاسىتە ھەم نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ھازىرقى- بۈگۈنكى زامان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى دەل ئەھمەد زىيائى بولدى. ئابدۇرېھىم نىزارى ئىجادىيىتىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ياندىشىش — ئەھمەد زىيائى ئەدەبىي ھاياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1910 — 1920 - يىللىرىلا خېلى نۇرغۇن كىتاب ساقلانغان دادىسىنىڭ ئائىلە كۇتۇپخانىسىدا ئابدۇرېھىم نىزارى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان؛ 1943- يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانى ئاساسىدا «رابىئە- سەئىدىن» ئوپېراسىنى يېزىپ، نىزارى ئىجادىيىتىگە تۇنجى قېتىم يانداشقان ھەم شۇ يىللاردا تۇنجى بولۇپ ئابدۇرېھىم نىزارى ھەققىدە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرگە مەلۇمات بەرگەن؛ 1957- يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدۇرغان، بۇ نۇسخا ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئېلان قىلىنغان ماقالە كېيىنكى مەزگىللەردە ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى ئۆگىنىش- تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان؛ 1984- يىلىغا كەلگەندە ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدىغان داڭلىق «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى يازغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۈگۈنكى كۈندە، ئابدۇرېھىم نىزارى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ياندىشىشتىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان نوپۇزلۇق شەخسكە ئايلاندى. ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ رابىئە- سەئىدىن تېمىسى ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئەھمەد زىيائىنىڭ نامى، ئىجادىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشقا ئىگە بولدى. بۇنداق باغلىنىش ئەھمەد زىيائى ئىجادىيىتىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنى ئۆگىنىش- تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ بۇ ھەقتە چوڭ ھەجىملىك داستان يازماقچى بولغانلىقى، يەنە كېلىپ بۇ داستان ئارقىلىق ھاياتىدىن بىرەر مەنا- بەلگە قالدۇرماقچى بولغانلىقى

ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس. شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ مەخسۇس ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتىكى سەۋەبلەرنى ئىزدىگەندە ئالدى بىلەن ئەھمەد زىيائىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىئە- سەئىدىن» داستانى بىلەن پىششىق تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك. بۇنداق تونۇشلۇق بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەركىلىرى ھېسابلىنىدىغان ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە قايتىدىن ئىجادىي ياندىشىش خاھىشى ئەھمەد زىيائىنى بۇ تېمىدا يەنە يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنداقتىمۇ شائىر يەنە بىر خىل ھۆرمەت يۈزىسىدىن خىيالىي دۇنياسىدا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ:

*دېدى تۇيغۇ: نىچۈكمەن ئۇزىتاي قول،*
*يېزىلغان تۇرسا شۇنداق بىر قېتىم ئول.*
*ئىكەن ئۆزلىرىگە بۇ قىسسە مەنسۇپ،*
*بولۇرمۇ قايتا يازماقلىق ئۇنى خوپ؟*
*نىزارى بىر قاراپ قىلدى تەبەسسۇم،*
*دېدى، ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىش ئى ئوغلۇم،*
*ئەگەر بۇ قىسسىنى يازماقچى بولساڭ،*
*ئۇنىڭغا يېڭى تون پىچماقچى بولساڭ،*
*يولۇڭدىن قايتما! يازغىن، بىز ساڭا يار،*
*ساڭا ئىلھام بېرىشكە بىز مەدەتكار.*

شۇنداق ئىجازەت بىلەن ئەھمەد زىيائى بۇ داستاننى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، رابىئە- سەئىدىن ۋەقەلىكىنىڭ سۇژېت شەكلى شەرق كلاسسىكلىرى، شۇ قاتاردا ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى يازغان مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ سۇژېت شەكلى بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش. يوشۇرۇن ئىجادىيەت ئېڭىنى غىدىقلايدىغان بۇنداق ئەسلىي شەكىل ئامىللىرىنىڭ ئەھمەد زىيائىدا بۇ ۋەقەلىكنى يېزىش ئىستىكى قوزغاتقانلىقى شەكسىز. بۇ تەرەپنى دىققەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە!



ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەھمەد زىيائى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭمۇ مۇھەببەت بابىدا لەيلى- مەجنۇن، پەرھاد- شېرىنلاردىن قېلىشمىغۇدەك ۋاپادارلىق، جان پىداكارلىق كۆرسەتكىنىگە، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكىدەك سەزگۈرەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىگە كۆپ خۇرسەن بولغان ھەم بۇنى يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ قارىغان. ئۇ 1943- يىلى يازغان «رابىئە- سەئىدىن» ئوپېراسىدا: «مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەرەبلەرنىڭ ‹لەيلى- مەجنۇن› ى، باغدادلىقلارنىڭ ‹پەرھاد- شېرىن›، ‹غېرىب- سەنەم› ى بار ئىكەن، بىزدە ئۇنداقلار يوقمۇ، دەپ ئويلار ئىدىم. بەختكە يارىشا، ماڭا بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش نېسىپ بولدى. مەن بۇنى تاپتىم. ئۇنى ئەرەبىستان چۆللىرىدىن، باغداد ۋادىلىرىدىن، ئەرمەنىستان تاغلىقلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاينىمى بولغان قەشقەرنىڭ بايتوقاي يېزىسىنىڭ جىگدە- سۆگەتلىكلىرى ئارىسىدىن، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويىدىن تېپىۋالدىم. بۇ نەرسە سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ‹رابىئە- سەئىدىن› ئوپېراسىدۇر» دەپ يازغانىدى. «رابىئە- سەئىدىن» داستانىدا بولسا، شۇ قارىشىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈپ:

*نە ھاجەت لەيلى- مەجنۇن دەپلا يۈرمەك؟*
*ۋە يا پەرھادى شېرىننى كۆتۈرمەك؟*
*ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقىنى ئويلىمامسەن؟*
*ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى كۈيلىمەمسەن؟*
*ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئويلايمەنكى شولدۇر،*
. . .   . . .   . . .   . . .

دېگەندەك مىسرالارنى كۆپ يازغان. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ ئاشىق- مەشۇقلاردىن پەخىرلىنىش، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھەيكىلىنى تىكلەش ھېسسىياتى بۇ داستاننىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە- شەخسلەرنىڭ توقۇلما- ئويدۇرما ئەمەس، بەلكى چىن- ھەقىقىي ۋەقە، شەخسلەردىن بولغانلىقىمۇ شائىرنى بۇ تېمىغا تېخىمۇ قىزىقتۇرغان. ئۇ داستاننىڭ ھەر بىر بابىدا

دېگۈدەك: «قىلىشقا باشلىدى شۇنداق رىۋايەت، / بولۇپ ئۆتكەن، ئەمەس ياسىما ھېكايەت»، «نەكىم بۇ قىسسە ئۇيدۇرما ئەمەستۇر، / ئېرۇر چىن، مۇشۇ چىنلىق ئۇڭا بەستۇر» دېگەندەك مىسرالارنى بېرىپ، چىنلىقنىڭ بۇ داستاندىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ رېئاللىق قارىشىنىڭ، چىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي رېئاللىق مەلۇم سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭدا ئەدىبنىڭ شۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق، كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرى، چوڭقۇر مۇلاھىزە- مۇھاكىمىلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم تەركىب سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە ئەدىبلەر مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ مەلۇم ۋەقەلىككە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئەھمەد زىيائىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساقمۇ، شائىرنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتا ئىككى خىل مەقسىتى بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىرى، رابىئە- سەئىدىندىن ئىبارەت بۇ ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش بولسا، يەنە بىرى، بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنى يۇرتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، فولكلورى، شائىرنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقى، دىداكتىك قاراشلىرىدىن خەۋەردار قىلىشتىن ئىبارەت. شائىر ئاشىق- مەشۇقلار ھېكايىسىگە قانچە كۆڭۈل بۆلگەن، بولسا داستاندىكى باشقا مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكىمۇ شۇنچە كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ نۇقتىنى شائىر داستانىدا ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. دېمەك، ئەھمەد زىيائى ھايات تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىققان ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، دىداكتىك قاراشلىرىنى بۇ داستان ۋەقەلىكى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ داستاننى يېزىپ چىققان.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەھمەد زىيائىنىڭ بۇ داستاننى يېزىشىغا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانى مەنبە ۋە ئاساس بولغان ھەمدە داستان سۇژىتىنى قانات يايدۇرۇش، قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن مۇمكىنچىلىكلەرنى ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭا ئەھمەد زىيائى داستانىدا ئابدۇرېھىم نىزارىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز، مەدەتكار ھېسابلاپ، ئۇنىڭ يولىنى تۇتقانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. ئەمما، ئەھمەد زىيائى يازغان «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى داستانىنىڭ ئاددىي تەقلىدى ۋە ياكى باشقىچە يېزىلىشى ئەمەسلىكىنى ھەر قانداق بىر ئاددىي كىتابخانمۇ ئاسانلا ھېس قىلىۋالالايدۇ. ئەھمەد زىيائى بۇ داستاننى يېزىشتا ئاساسەن ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئۇنى سۇژىت جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرغان، تەپسىلات- تەركىبلەر جەھەتتىن مۇللاشتۇرغان، بەدىئىيلىك جەھەتلىرىدىن خېلى يۇقىرى ماھارەتلەرگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ داستان مۇستەقىل ئىجادىيلىقنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە يېڭىچە قىياپەتكە ۋە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان. قىسقىسى، ئەھمەد زىيائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رابىئە- سەئىدىن تېمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە، بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە زور تۆھپە قوشتى.

ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن چوڭ ھەجىملىك يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن داستان 51 باب، 13 مىڭ 485 مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان. شائىر شۇنچە چوڭ ھەجىملىك بۇ داستاننى بەش ئاي ئىچىدىلا يېزىپ تاماملىغان. شائىر داستان خاتىمىسىدە:

*چېكىپ كۆپلىگەن رەنج، سەن بۇ ئېلىڭگە*
*تۇمەن مىسرالىق ھەدىيە- سوۋغات تارتتىڭ.*
*ناھايەتتە ئاز، قىسقا بەش ئاي ئىچىدە،*
*بۇ باغنى ياساشتىن قولۇڭنى بوشاتتىڭ،*
*بىلۇرمەنكى ھەيرەتتەدۇرسەن، ئۆزۈڭمۇ،*
*قەيەردىن ئۆزۈڭگە شۇ قۇدرەتنى تاپتىڭ؟*
*ئەمەسمۇ ۋەتەن، ئەلنىڭ ئىلھامى تۈرتكە،*
*شۇ ئىلھام باھارىلە گۈللەر ياشارتتىڭ.*

دەپ يېزىپ، داستاننى شۇنچە تېز تاماملىغانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا بۇنچە كۈچ- قۇدرەتنى ۋە پۇتمەس- تۈگىمەس ئىلھامنى ۋەتەن- خەلق بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بۇلاردىن يەنە شائىرنىڭ مەزكۇر داستاننى يېزىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ئىدىيىدە تەييارلىق قىلغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«رابىئە- سەئىدىن» ئالدى بىلەن بىر پارچە كۆپ مەزمۇنلۇق داستان. داستاندا بايان قىلىنغان، ئىپادىلەنگەن، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن تەركىبلىرى نىسبەتەن مول. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلغىلى، بىلگىلى بولىدۇ. شائىرمۇ داستاننى مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشنى مۇھىم بىر مۇددىئا قىلىپ ئىجاد قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، مەزمۇندىكى موللۇق داستاننىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، رابىئە بىلەن سەئىدىن ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى داستاننىڭ ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسىنى شەكىللەندۇرگەن، داستاننىڭ ئېپىك تەركىبلىرى ئاساسەن مۇشۇ سۇژىتتا مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا لىرىك تەركىبلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇشۇ سۇژىت بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىرنى بۇ تېمىغا قىزىقتۇرغان، شائىردا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات پەيدا قىلغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ دەل رابىئە- سەئىدىن ھەققىدىكى ھېكايىدىن ئىبارەت. شۇڭا، رابىئە بىلەن سەئىدىننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە داستاننىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستان ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بۇ ھېكايە- ۋەقەلىك بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ:

داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بولغان رابىئە بىلەن سەئىدىن كىچىكىدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولىدۇ. ئۇلار بىر- بىرىنىڭ ياخشى خىسلەت- سۈپەتلىرىنى ياقتۇرۇشقاچقا، ئۆز ئارا ئامراقلىق قىلىشىدۇ. چوڭ بولغانسېرى بۇ خىل ئامراقلىقنىڭ مۇھەببەت- ياخشى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى، ئىشق ئوتىنىڭ ئۆزلىرىنى ئارامسىزلاندۇرۇپ، ۋىسالغا دەۋەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئاتا



ئىبراھىم ئوغلى سەئىدىننى ياخشىراق ئىلىم ۋە ھۈنەر تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق ساچىيە مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا رابىئە بىلەن سەئىدىن بىر- بىرىنى سېغىنىدۇ. جۈرئەتلىك رابىئە ھەزرەت سەيلىسىگە قاتنىشىشنى باھانە قىلىپ، شەھەرگە كېلىپ سەئىدىن بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەم سەئىدىن بىلەن چىن ئىشقى- مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە مۇھەببىتى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىكىنى، ۋاپادارلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ ۋەدە- قەسەملەر قىلىشىدۇ. سەئىدىن ئوقۇش جەريانىدا شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق شائىرى، جامائەت ئەربابى ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە ۋە تەربىيىسىدە بولىدۇ. سەئىدىن ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاتا- ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشماقچى بولىدۇ. لېكىن سەئىدىن باشقا قىزلارنى رەت قىلىپ، رابىئە بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. رابىئەنىڭ دادىسى ياقۇپنىڭ پۇل- بايلىققا، ھوقۇق- مەنسەپكە خۇشتار ئادەم ئىكەنلىكى، زالىملىق، يولسىزلىقتا ئۇچىغا چىققانلىقى پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە ئېنىق بولغاچقا، سەئىدىننىڭ نىيىتىنى ئۇققان ئاتا- ئانا بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، كۆپ بىئارام بولىدۇ. لېكىن ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، رابىئەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. گەرچە رابىئەنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ بەختىنى ئويلاپ توي قىلىش تەرەپدارى بولسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ دادىسى ياقۇپ رابىئەنى بۇ يۇرتتىكى يەنە بىر باينىڭ ئوغلى جابىرغا بەرمەكچى بولىدۇ. شۇڭا، سەئىدىننىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇللۇق بىلدۈرمەيدۇ. ياقۇپتىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن سەئىدىن رابىئە ۋە دوستى ھەسەنلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، ياقۇپلار جابىرلار بىلەن تويلىشىۋاتقان كۈنى قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن جابىر يۇرت بەگلىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، رابىئە- سەئىدىنلەرنى تەرەپ- تەرەپلەردىن ئىزدەپ، ئاخىرى تەكلىماكاندىن تېپىپ كېلىدۇ، رابىئە ئاتا- ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، سەئىدىن بولسا يولسىزلىق بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھورىدىن ھېكىمبەگ قەشقەر سېپىلىنى ياساش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. سەئىدىنمۇ سېپىل سوقۇش ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ

جابىرنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. بۇ ئىشقا چىدىمىغان جابىر يۇقىرى- تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، يوق گۇناھلارنى ئارتىپ سەئىدىننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغۇزۇۋېتىدۇ. سەئىدىن تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن رابىئە قاتتىق ئازابلىنىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ كېتىدۇ. كېسەللىنى داۋالىتىش ئۈچۈن رابىئە قەشقەر شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. رابىئە قەشقەردىكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەئىدىننىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى جاكارنى ئاڭلايدۇ. ئۇ قانداق قىلىپ سەئىدىننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ئويلىنىدۇ ۋە ئاخىرى ئابدۇرېھىم نىزارىدىن ياردەم سورىماقچى بولۇپ، ئوغۇلچە ياسىنىپ بۇ مۆھتەرەم زات بىلەن كۆرۈشىدۇ. نىزارى رابىئەنىڭ قەيسەرلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئۇ رابىئەنى زوھورىدىن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. ھېكىمبەگمۇ قايىل بولۇپ سەئىدىننىڭ ئۆلۈم جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، كېيىنچە نىزارى يەنە سەئىدىننىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغىمۇ ياردەم قىلىدۇ. ئەمما سەئىدىن ئازاب ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە، تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۆلۈم رابىئەگە بەك ئېغىر كېلىدۇ. ئەمما، ياقۇپ ۋە جابىرلار نىيىتىدىن يانماي رابىئەنى يەنە تويغا زورلايدۇ. ئۆزىنى ئاللىقاچان سەئىدىنگە بېغىشلىۋەتكەن رابىئە قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىدى قىش تۈگەپ ياز كەلگەندە تېپىلىدۇ. كىشىلەر بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق- مەشۇقلار ئۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتسۇن دەپ، رابىئەنى سەئىدىن قەبرىسىگە دەپنە قىلىدۇ . . .

ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىئە- سەئىدىن» داستانى سۇژېتى ئەنە شۇنداق كەڭ بىر داستان. شائىر داستان سۇژېتىنى بېيىتىشنى ئىجادىيەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرگەن. شائىرنىڭ مەزكۇر داستان سۇژېتىنى قانچىلىك دەرىجىدە موللاشتۇرغانلىقىنى بۇ ئەسەر سۇژېتى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىئە- سەئىدىن» داستانىنىڭ سۇژېتىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز. مېنىڭچە، بۇ سېلىشتۇرۇش ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسى. ئەمما، بۇ يەردە بىر خىل



زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مۇنداقچە قاراپ باقمىدىغان بولساق، ئەھمەد زىيائى داستان سۇژېتىغا ئالدى بىلەن سەئىدىننىڭ قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر تەپسىلاتنى قوشقان. بۇ تەپسىلات ئەسەردە سەئىدىننىڭ ئىلىم- ھۈنەردە خېلىلا پىشقانلىقىنى، ئابدۇرېھىم نىزارىدەك شۇ دەۋردىكى كاتتا زاتلار بىلەن تونۇشقانلىقىنى، رابىئە بىلەن بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئىشق- مۇھەببەتكە ئايلانغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ساداقىتى ئۈچۈن ۋەدە قىلىشقانلىقىنى . . . چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم روللارنى ئوينىغان. تېخىمۇ مۇھىمى شائىر مۇشۇ تەپسىلاتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەسەر ئاخىرىدىكى سەئىدىننىڭ ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ھالقىلىق تەپسىلاتنى مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرگەن، شۇنداقلا يەنە شائىر مۇشۇ بىر تەپسىلات ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدرىسە- مەكتەپلىرى ھەققىدە، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردى ئاخۇن غېرىبى قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ۋە قەشقەرنىڭ شۇ يىللاردىكى مەدەنىيەت- ئەدەبىيات ھاۋاسى ھەققىدە، ھەزرەت سەيلىسى، ھەزرىتى سۇلتان سەيلىسى، بۇ سەيلىلەردىكى پائالىيەت- مۇراسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى ھەققىدە، ھەتتا خەلقىمىزدىكى بەزى خۇراپاتلىقلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە . . . ناھايىتى مول بىلىملەرنى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە- كۆز قاراشلىرىنى يازغان. سەئىدىننىڭ رابىئەنى ئېلىپ توي كېچىسى قاچقانلىقى، سەئىدىننىڭ قەشقەر سېپىلىدا ئىشلىگەنلىكى، رابىئەنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا سەئىدىننىڭ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى . . . قاتارلىق تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئەھمەد زىيائىنىڭ رابىئە- سەئىدىن ھەققىدىكى داستان سۇژېتىنى بېيىتىش ئۈچۈن قوشقان ئەدەبىي تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر مۇشۇ يېڭى تەپسىلاتلار ئاساسىدا يەنە ئەسەرگە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى قېتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، مەزكۇر داستاننى مۇھەببەت ھېكايىسى ئاساس قىلىنغان، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخ شۇنداقلا خەلقىنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى، كۈرەش ۋە ئارزۇ- ئارمانلىرى، شائىرنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، ئىدىيىسى

ئىپادىلەنگەن بىر يىرىك شۇنداقلا ئۇنىۋېرسال مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرگە ئايلاندۇرغان.

رابىئە بىلەن سەئىدىن ئوبرازىنى مەلۇم مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ يارىتىش — بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا مۇھەببەت داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئەھمەد زىيائىمۇ بۇ داستاننى ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ھەم بۇ ئىككى باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن رابىئە ئوبرازىنى كۆرۈپ باقايلى. مۇبادا بىز ئەسەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇيدىغانلا بولساق، شائىرنىڭ رابىئەگە چوڭقۇر ھۆرمىتى، قايىللىقى بارلىقىنى، شۇڭا ئۇنى گەۋدىلەندۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز. شائىر رابىئەنى ئۆزىگە خاس سەرگۈزەشتىگە، ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ۋە روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. شائىر رابىئەنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى:

*ئەگەر ئاي دېسە، بار ئىدى ئاغزى،*
*ئۇنى كۈن دەي دېسە، مەۋجۇتتى كۆزى.*
*بويىنى سەرۋ دېسە، ئۇ ماڭاتتى،*
*دېسە ئاغزىنى غۇنچە، سۆز قىلاتتى.*
*كۆزىن نەرگىس دېسە، تۇراتتى ئويناپ،*
*لېۋىن لەئل دېسە، تۇراتتى قىمىرلاپ.*
*يۈزىنى گۈل دېسە، گۈلدىن چىرايلىق،*
*چاچىنى دەي دېسە، سۇمبۇل، تاراقلىق.*
*قېشى بەرگى قىياقتى، يا ئىدى يا،*
*قاتار كىرپىكلىرى ئوق ئىدى گويا.*

دەپ تەسۋىرلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ گۈزەل قىياپەتتە ناھايىتى ئېسىل قەلب بارلىقىنى نۇرغۇن تەپسىلاتلاردا گەۋدىلەندۇرىدۇ. داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە،



رابىئە ۋاپادارلىق، قەيسەرلىك، ئالىيجانابلىق، ئەقىل- پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك ۋە مېھرىبانلىققا ئوخشاش خاراكتېر- ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەملىك قارىشى، تۇرمۇش غايىسى ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادى بار. ئۇ گەرچە باي ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ، بۇنداق بايلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق بايلىق ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. بۇنداق بايلىقنىڭ، جۈملىدىن بايلىقنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ بارلىق بەختسىزلىكنىڭ، رەزىللىكنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. بۇ باي ئائىلىدە ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ قىلچىلىكمۇ ئادەملىك ئورنى ۋە ھوقۇقى يوقلۇقى ئۇنى بايلارغا تېخىمۇ نەپرەتلەندۇرۇپ، ئەركىنلىككە چەكسىز تەلپۈندۈرىدۇ. نامرات دېھقاننىڭ ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ئادەملىك پەزىلەتكە، چىن ئىنسانىي قەلبكە، ئوتلۇق مۇھەببەتكە ئىگە بولغان سەئىدىننى رابىئە جابىردەك بەگزادىلەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى دەپ قارايدۇ ھەم ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە رابىئەنىڭ ياخشى كۆرۈۋاتقىنى، تەلپۈنۈۋاتقىنى، ئۆزىنى قۇربان قىلىۋاتقىنى نوقۇل ئىشق- مۇھەببەت ۋىسالى ئەمەس، بەلكى يەنە بىر خىل ئىنسانىي پەزىلەت، گۈزەل قەلب ۋە بەختىيار ھايات. رابىئەنىڭ ئاجايىپ ئارزۇ- ئارمانلىرى، گۈزەل غايىلىرى ئەسەردە ھامان سەئىدىننىڭ ۋىسالى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بۇ ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى غەيرەتلىك، تەشەببۇسكار بولىدۇ. ئۇ بىر ئاجىز قىز بولۇشىغا قارىماي، ھەر خىل قىيىنچىلىق، توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ھەزرەت سەيلىسى باھانىسىدا ئاشىقى سەئىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋەدىسى بېرىدۇ: سەئىدىن بىلەن بىللە قېچىپ، دادىسىنىڭ ھۆكمىگە، زورلۇقىغا قارشى چىقىدۇ؛ سەئىدىننى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەخلاق- تەرتىپلىرىدىن قورقماي، داڭلىق زات ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ھەتتا زوھورىدىن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئەركىنلىكى، ئۆز بەختىنى ئىزدىگۈچى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى. ئۇنىڭ بۇنداق پائالىيىتى ۋە روھى ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ ئىسيانكارلىق ۋە قەھرىمانلىق

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، رابىئەنىڭ مۇھەببەت، ئەركىنلىك، ھوقۇق ۋە بەخت ئۈچۈن كۆرسەتكەن جان پىداكارلىقىنى ۋە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مەدھىيىلەش — داستاننىڭ ئاساسلىق مەركىزىي ئىدىيىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائى بۇ تېمىدا قايتا يازغان ۋاقتىدا مۇشۇ جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. شۇڭا بۇ داستاندىكى رابىئە نىزارى قەلىمى ئاستىدىكى رابىئەگە قارىغاندا تېخىمۇ جان پىدا، تېخىمۇ قەيسەر ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. رابىئە زالىم ئاتىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. خۇددى ئانىسى: «ئۆزۈڭ بىلىسەنكى، بىزدە ھېچ ھوقۇق يوق، / ئاتاڭنىڭ پەيلىدىن قىل ئېھتىيات، قورق» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا مېھرىبان ئانىنىڭ بۇ ئائىلىدە قىلچە ھوقۇقى يوق، ئۇلار ئەركىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئورنىنى يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق تۈزۈمىمۇ بەلگىلىگەن. ئەمما، رابىئە بۇنداق ھوقۇقسىزلىقنى، ئىجتىمائىي ئورۇنغا يەنە ماقۇل دەپ ياشاۋەرمەيدۇ. رابىئە ئوبرازىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر يېرى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ ئالدى بىلەن دادىسىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا، زالىملىقىغا ۋە شۇنداقلا ئۆز تەقدىرىنى دادىسىنىڭ بەلگىلىشىگە قارشى چىقىدۇ. بۇ قارشىلىق ئۇنىڭ جابىر بىلەن توي قىلىشقا قارشى چىقىشىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەركىنلىكىنى قولىغا ئېلىشقا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە شۇنچىلىك تەشنا. شۇڭا ئۇ ئېنىق قىلىپ:

مېنى گەر بەرمىسەڭلارمۇ ئۇنىڭغا،
*لېكىن قوشماڭلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭغا.*
*قوبۇل بولمىسا بۇ پىكرىم ئەگەردە،*
*ئاتام قويسا سۆزۈمنى يەنە يەردە،*
*ۋاپاسىز بۇ جاھاننى مەن قويۇرمەن،*
*ئۈزۈلگەن غۇنچىدەك توزۇپ كېتەرمەن.*



دەپ، ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېگەنىدەك ئۇ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ دېگىنىگە قەتئىي كۆنمەيدۇ. ئادەملىكى يوق جابىر بىلەن بىرگە ياشاشتىن، زورلۇقتا باش ئېگىشتىن، ئەركىسىز، ھوقۇقسىز، بەختسىز ياشاشتىن ئۆلۈمنى مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئاشۇ دەۋر رېئاللىقىدا، رابىئەنىڭ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، ئۆز ئەركىنلىكىنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىشىنىڭلا ئۆزى ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. رابىئەنىڭ بۇنداق جۈرئىتىگە يەنە ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى كېلىپ قوشۇلۇپ، بۇ ئوبرازنى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك بىر ئوبرازغا ئايلاندۇرغان.

رابىئە يالغۇز قارشىلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، تەقدىرى ۋە بەختى ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ رابىئە خاراكتېرىدىكى تېخىمۇ قىممەتلىك بىر تەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى يالغۇز دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان سەئىدىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ سەئىدىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ مۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ: «بۇنى ئاڭلاپ بېشىغا تاغ يىقىلدى، / يۈرەكى گەر سىقىپ، نەپەسى سىقىلدى. / دىماغدىن چىقىپ بىر ئاتەشىن ئاھ، / كېتىپ ھوشىدىن يىقىلدى يەرگە ناگاھ». ئەمما ئۇ قايغۇرۇش، زارلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئەقىل ئىشلىتىپ ھەم ناھايىتى چوڭ جۈرئەتكە كېلىپ، ئوردىغا كىرىپ نىزارىنىڭ ياردىمىنى سورىماقچى بولىدۇ. لېكىن، شائىر «شارائىتكىم ئىدى مەۋجۇت بۇ ۋاقىتتە، / ئوخشۇشلۇق ھېچ ئەمەستى ئۇشبۇ ھەقتە. / ئايال ئۆزى بېرىپ ئوردىغا كىرمەك، / نىزارىنى بېرىپ تاپماق، كۆرۈشمەك، / ئەمەس بىر كۈندىلا مۇمكىن بولۇر ئىش، / بۇنى بىلمەيدۇ خوپ دەپ شاھ، دەرۋىش» دەپ يازغىنىدەك، شارائىت رابىئەنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا پايدىسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ رابىئە بۇنىڭلىق بىلەن سەئىدىنى قۇتقۇزۇش ئىرادىسىدىن يېنىپ قالمايدۇ. ئوغۇلچە

ياسىنىپ نىزارى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىدۇ. نىزارى رابىئەنىڭ بۇنچىۋالا غەيرەتلىكىگە، باتۇرلۇقىغا،ئۆز ھوقۇقى ۋە مۇھەببىتى يولىدىكى جان پىداكارلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ:

*نىزارى دېدى قىزغا ئاپىرىن كۆپ،*
*ئۇنى قىلدى ۋاپادارلىقا مەنسۇپ.*
*دېدى كۆڭلىدە چىندىن بارىكاللا*
*ئەگەر بولسا مۇشۇ روھتا ئاياللار . . .*

دېمىسىمۇ، رابىئەدىكى بۇنداق روھ ھەقىقەتەن ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى. ئۇ مۇشۇ روھتا ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى ۋە نىزارىنىڭ ياردىمى بىلەن زوھورىدىن ھېكىمبەگنىمۇ قايىل قىلىپ سەئىدىننى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. سەئىدىنىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشى ئۇنىڭ بىگۇناھلىقىدىن كۆرە رابىئەنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ۋە نىزارى، زوھورىدىن ھېكىمبەگلەرنىڭ رابىئەنىڭ غەيرەتلىكى، ۋاپادارلىقىغا ھەقىقەتەن قايىل بولغانلىقىدىن مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ. شائىر داستاندا رابىئەنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ، سەئىدىننى تۈرمىدىن ھەتتا ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان قىلىپ يازغان. بۇنداق يېزىش سۆزسىزكى، رابىئە ئوبرازىنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسى بىلەن، شۇنداقلا ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيە بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە، ئاشۇ فېئودالىزم شارائىتىدا ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، ئەركىنلىكى، بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بۇ ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ مۇرادىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە شائىر بۇ سۆيۈملۈك پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىشنى، ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشنى ئەسەرنىڭ چىنلىق تۇسىگە، تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، بۇ ئاشىق- مەشۇقلار ھەققىدىكى ھېكايىنى يەنىلا بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسى قىلىپ



يازغان. رابىئەنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشى بۇ تراگېدىيىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رابىئە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى ۋاپادار قىز. ئۇ ۋاپادارلىقى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ ئۇلۇغ. ئۇ مۇھەببەت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنى جېنىدىن مۇقەددەس بىلىدۇ. شائىر ئۇلارنىڭ ھەزرەت سەيلىسى مەزگىلىدە سۇنۇق گۈمبەز ئىچىدە قىلىشقان ۋەدىسىنى:

*قىلىشتى ئۇلار شۇنداق ئەھدۇ پەيمان،*
*تېنىدە بولسىلا شېرىن ئەزىز جان،*
*ئەبەدتىن تا ئەبەد بىللە ئۆتۈشكەي،*
*ئەگەر ئۆلسە بىرى، بىللە ئۆلۈشكەي.*

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دېگەندەك رابىئە مۇشۇ ۋەدىسىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ، بارلىقىنى سەئىدىنگە بېغىشلايدۇ، سەئىدىن ئۇ دۇنياغا كەتسە ئۇمۇ كېتىپ، سەئىدىنگە بولغان ۋاپادارلىقىنى ئاشۇ خىل شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇ «مېنىڭ ئىشقىمدا سەئىدىن كەتتى جاھاندىن، ماڭا نە پايدا بار ئەمدى بۇ جاندىن» دەپ قارايدۇ ھەم ئۆلۈم يولى ئارقىلىق يارىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولىدۇ. رابىئەنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدۇ. ئەمما، رابىئە ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ يەردىكى ئۆلۈم ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە: ئۆلۈم- ئۇنىڭ يار ۋىسالىغا يېتىشتىكى بىردىنبىر يولى؛ ئۆلۈم- ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاشۇ زۇلمەتلىك رېئاللىققا ۋە ئاشۇ رېئاللىقتىكى رەزىللىكلەرگە بولغان نارازىلىقى، ئىسيانكارلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. شۇنداقلا، ئۆلۈم ـ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنە بىر خىل كۈرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، رابىئە ھاياتنى شۇنچىلىك قىزغىن سۆيىدۇ، ئەمما ئۆلۈمنىمۇ باتۇرلۇق بىلەن تاللىيالايدۇ.

ئەھمەد زىيائى رابىئە ئوبرازىنى يارىتىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنى ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئۈلگىسى، «ئاياللىق تورلىرىنى ھەقىقىي

رەۋىشتە يېرىتىپ تاشلىغۇچى» دەپ تەرىپلىگەن، ئۇنىڭغا يەنە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. شۇنداقلا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن مۇنداق مىسرالارنى يېزىپ، رابىئە ئۈچۈن بىر بەدىئىي ئابىدە تىكلىگەن:

*ئۇنى سەلبىي دېسە بولمايدۇ ھەرگىز،*
*ۋاپادار، قەھرىمان، ئاقىل، جەسۇر قىز*
. . . . .
*ھوقۇقى يولىدا رابىئە ئۆلدى،*
*ئۇنىڭ جىسمى چوكانىياردا كۆمۈلدى.*
*لېكىن قالدى بولۇپ تىللاردا داستان،*
*قىلىپ تارىخ، بەتلەرنى گۈلىستان.*
. . . .

ئەھمەد زىيائى رابىئەنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆپرەك تەسۋىرلىسە، سەئىدىننىڭ پىكىر- ئىدىيىلىرىنى كۆپرەك تەسۋىرلەيدۇ. سەئىدىننى ئاساسەن مۇشۇ جەھەتتىكى تەسۋىرلەر ئارقىلىق روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە سەئىدىنمۇ ئۆز بەختى ئۈچۈن رابىئەنى ئېلىپ قېچىشتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان جابىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. بۇ ھەرىكەتلىرىدە باتۇر، قورقۇمسىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پىكىر- ئىدىيىلىرى كىشىنىڭ ھەقىقەتەن قايىللىقىنى قوزغايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، شائىر سەئىدىننىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئومۇمەن مەغلۇبىيەت قىلىپ يېزىپ، بۇ ئارقىلىق ئاشۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەتلىكىنى، قاراڭغۇلۇقىنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىي- زوراۋانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ پىكىر- ئىدىيىلىرىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى، ھەققانىيلىقىنى، يۈكسەك ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىدارسىز، يولسىز- مۇتتەھەملىكىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.



سەئىدىن ھەقىقىي بىر دېھقان ئوغلى. شۇڭا ئۇنىڭدا كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا خاس بولغان باتۇرلۇق، سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق، ئەمگەكچانلىقتا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەر مۇجەسسەملەشكەن. كېيىنچە ئۇ يەنە مەخسۇس ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ شائىرلارنىڭ مۇشائىرىسىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشىدۇ، ئىشق ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەردە پىكىردىكى چوڭقۇرلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ روھىي دۇنياسى باي ھەم ئەقىللىق يىگىت بولۇپ، ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، ۋىسالدىن باشقا مەقسىتى بولمىغان ئىشق مەستانىسى ئەمەس. ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ئىشقى شۇ قەدەر ئالىيجانابلىقتا، پاكلىقتا ھەم كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە. رابىئە ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق تەرەپلىرىنى ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ياقۇپنىڭ ئۆزلىرىنى قۇدىلىقتا مۇناسىپ كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا، سەئىدىننى بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما سەئىدىن ئۇنداق قىلمايدۇ. ئەكسىچە، «چېكىن دېسەلەر، ئەمەس بۇ ئىختىيارىم، / بولۇپتۇ مەڭگۈگە بۇ ئىشق يارىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەلچىلىكى رەت قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، ئۇ تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

*مۇشۇ ھالەتتە سەئىدىننىڭ خىيالى،*
*جېنىنى ئاسرىماقتىن بولدى خالىي.*
*دىلىدا ئويلىدى تۈرلۈك پىلاننى،*
*يوقاتماقچى بولۇپ جابىر يىلاننى.*
*ئۇ مەھكەم باغلىدى بۇ ئىشقا بەلنى،*
*رابىئەدىن بۆلەكتىن ئۈزدى دىلنى.*

دېگەندەك، سەئىدىن ھۆكۈمران- بايلارغا بوزەك بولمايدۇ، رابىئەنىڭ مۇھەببىتىگە ۋاپا- ساداقەتمەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئىشلىرى مەغلۇپ بولۇپ، جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ يەنىلا ۋىسالدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ،

بەلكى جابىرغا، زوراۋانلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. شائىر بۇ كۈرەش مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

*دېدى: قىلدىڭ بۇ ئىشنى سەن نېمىشقا؟*
*دېدى: مەجبۇر قىلىشتىلەر قىلىشقا.*
*دېدى: قانداق قىلىپ مەجبۇر قىلىشتى؟*
*دېدى: يارنىڭ يېنىدىن قوغلىشىشتى.*
*دېدى: بۇ قىز سېنىڭ بولغان ئەمەسقۇ؟*
*دېدى: بىزلەر پۈتۈشكەن ئاشۇ بەسقۇ.*
*دېدى: رازى ئەمەس تۇرسا ئاتاسى،*
*دېدى: قىزدا رىزالىقنىڭ ئاساسى.*
*دېدى: بۇ ئويلىرىڭ بەكمۇ خاتادۇر،*
*رازىلىقنىڭ ئاساسى شۇ ئاتادۇر.*
*دېدى: ئۇنداق ئەمەس كۆرگىل نىكاھنى،*
*نىكاھ قىلىشامدۇ قىزنى يا ئاتانى*
*قوبۇل قىلامدۇ دەپ قىزدىن سورايدۇ،*
*دېمەك، قىزنىڭ قوبۇلىغا قارايدۇ.*

سەئىدىن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىرى بىلەن جابىرلارنى ئەنە شۇنداق لەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يولسىزلىقى ئۈچۈن خىجىل بولماي، سەئىدىننى ئېغىر جازالايدۇ، سەئىدىنمۇ بوش كەلمەي سېپىل ھاشىرىدا جابىردىن ئەنتىنى ئالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك سەئىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەمما، سەئىدىن بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمايدۇ. ئۇ بىر بىلىملىك دېھقان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرگە، پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئاشۇ مەزگىللەردىكى فېئوداللىق تۈزۈم، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتەلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق دەۋر رېئاللىقىنىڭ سەئىدىندەك ھەققانىي، كۈرەشچان، ئارزۇ- غايىلەرگە باي كىشىلەرگە جاپا سېلىپ، ئۇلارنى



خانىۋەيران قىلىۋېتىپ بارغانلىقىدەك جىنايەتكارلىقىنى پاش ۋە تەنقىد قىلغان.

شائىر ئەھمەد زىيائى رابىئە بىلەن سەئىدىننىڭ سەرگۈزەشت- تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ. دۇنيادا بۇنداق قىسمەتلىك ئاشىق- مەشۇقلار يوق دەپ قارايدۇ:

*گۇۋاھىدۇر بۇنىڭ رابىئە، سەئىدىن،*
*بولارمۇ ئىشق تەسىرلىكرەك بۇنىڭدىن،*
*تۇغۇلسا كۆرمىسە ئىشقتىن بۆلەكنى،*
*يا قاندۇرمىسا ۋەسلىدىن يۈرەكنى،*
*تۇرالمىسا بۇلار بىر يەردە بىر دەم،*
*بولالمىسا بۇلار ئۆز ئارا ھەمدەم.*
*كىچىك تۇرۇپ ئىشق دەردىنى تارتسا،*
*بىرى ئۆلسە، بىرى سۇغا ئۆزىنى ئاتسا.*
*ئەمەسمۇ بۇ مانا چىن سۆيگۈ سىرى،*
*بۇنىڭدىنمۇ بولامدۇ سۆيگۈ غەيرىي؟!*

شائىر ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ مانا مۇشۇنداق قىسمىتىنى ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق تارىختا قالدۇرۇش، بۇلاردىن بارلىق ئۇيغۇرلارنى خەۋەردار قىلىش ناھايىتى مۇھىم ۋە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراپ، مەزكۇر داستاننى يازغان ھەم بۇ ئىككى ياشنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

داستاندا ياقۇپ بىلەن جابىردىن ئىبارەت ئىككى رەزىل ئادەمنىڭ سەلبىي ئوبرازلىرى ناھايىتى ماھارەتلىك سۈرەتلەنگەن. ئۇلار داستاندا مەخسۇس تەسۋىرلەنمىگىنى بىلەن روشەن خاراكتېر- ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىنغان. بۇنداق خاراكتېر- ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئۇلار داستاندىكى زىددىيەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىپ، ئەسەر توقۇنۇشىنى- سۇژېتىنى جانلاندۇرۇش، ئۆزىنىڭ رەزىللىكىگە كىشىلەرنى نەپرەتلەندۈرۈپ، ئىجابىي قەھرىمانلارنى

گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان. بولۇپمۇ ياقۇپ ناھايىتى رەزىل ئادەم. ئۇنىڭ رەزىللىكىنى رابىئەنىڭ تويىنى كىم بىلەن قىلىش مەسىلىسىدە ئايالى بىلەن ئىككىسىنىڭ قىلىشقان تۆۋەندىكى دىئالوگىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

*دېدى ئانىسى: قىلايلى مۇشۇ توينى،*
*دېدى ياقۇپ: تاشلا سەن بۇ ئوينى.*
*دېدى ئانىسى: ئوغۇل ياخشى ئوغۇلدۇر،*
*دېدى ياقۇپ: ھەممىدىن ياخشى پۇلدۇر.*
*دېدى ئانىسى: بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت*
*ئۇ پۇلدىنمۇ ئۇلۇغراق ياخشى نېمەت.*
*دېدى ياقۇپ: ماڭا بۇلار كېرەكمەس،*
*پۇل، ئابرۇي بىرلە مەنسەپ بولسىلا بەس.*

ياقۇپنىڭ بۇنداق پەسكەشلىكىگە گەپ توغرا كەلمەيدۇ، ئۇنى ئەقىل قوبۇل قىلىپ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپ مۇستەبىت ئائىلە باشلىقى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى، رەزىللىكىنى، زالىملىقىنى ئائىلە ئەزالىرىغا تاڭىدۇ. قىسقىسى، ياقۇپ ئاشۇ دەۋردىكى بايلارنىڭ، ئادەملىكىنى يوقاتقان رەزىل، پەسكەش كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ھېسابتا قىزى بىلەن سەئىدىننىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنىڭ ئاساسلىق جىنايەتچىسى ئاشۇ شۇ.

جابىر زالىم بەگلەرنىڭ، ئىنسانىي خىسلىتى يوق كىشىلەرنىڭ، ئۇچىغا چىققان نامەردلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىغا، زالىملىقىغا تايىنىپ رابىئەنى ئالماقچى بولىدۇ. ئۇ رابىئەنىڭ بايلىققا، مەنسەپكە ئەمەس، بەلكى چىن ئىنسانغا كۆڭۈل بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ، رابىئە بىلەن سەئىدىن ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتسا جابىر زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ ھەم جاھىل، نادان، مەنمەنچىلىكىدىن چىقىپ سەئىدىننى ئېغىر جازالىتىۋېتىدۇ. ئۇ مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشتا سەئىدىننىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن



بەرمەيدۇ. نامەردلىك قىلىپ ئۇنى ھەتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغۇزىدۇ. ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى شائىر رابىئە بىلەن قىلغان سېلىشتۇرما ئارقىلىق مۇنداق كۆرسەتكەن:

*بىرى بەل باغلىدى قەتئىي ئۆلۈشكە،*
*بىرى خۇشتار تېخى ئويناپ كۈلۈشكە.*
*بىرى مېھرۇ ـ ۋاپا ئىچرە يېگانە،*
*رەزىل نەپسانى خاھىشتىن بىگانە.*
*بىرى شەھۋانىي نەپسىنىڭ ئەسىرى،*
*ۋاپا دۇنياسىنىڭ ئەكسى ۋە غەيرىي.*
*بىرى سۆيگۈ يولىدا چىن ۋاپادار،*
*بىرى مۇندىن خەۋەرسىز بىر جاپاكار.*
*بىرى يار ئىشقىدا كەچمەكتە جاندىن،*
*بىرى ئالماقچى بىر زەۋق بۇ جاناندىن.*

شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ زالىملىقىنى، ۋەھشىيلىكىنى، نامەردلىكىنى پاش ۋە تەنقىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت پەقەت ئادەمىيلىك خىسلەتكە ئىگە چىن ئاشىقلارغىلا خاس، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەسەردە ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى روشەن قارىمۇ قارشىلىقلارغا ئىگە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ئارقىلىق زىددىيەت كۈچەيتىلگەن. ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەم يەنە ئۇلارنىڭ پىكىر ـ ئىدىيىسى ئارقىلىق روشەنلەشتۈرۈلگەن. بەزىدە شائىر ئۆزىمۇ لىرىك ۋاستىلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارغا بولغان ھېسسىيات ـ باھالىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى ھېسابلانسا، يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ئۇنىڭدىكى

تارىخقا، ئەدەبىياتقا، فولكلورغا ۋە مەدەنىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ تەركىبلەرنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، داستاندىكى سۇژىت تەركىبى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئوقۇلۇشچانلىقىنى ئاشۇرغان بولسا، بۇ تەركىبلەر ئارقىلىق يەنە ئەسەرنى رەڭدارلاشتۇرۇپ، موللاشتۇرۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ قاتلاملىقا ئىگە قىلغان.

شائىر رابىئە- سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ قىسسەنىمۇ تارىخىي ۋەقە دەپ قارىغان ھەم يەنە مۇشۇ قىسسە بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىشقا ئىگە بولغان بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي تەركىبلەرنى داستانغا كىرگۈزۈپ، داستاننى مول تارىخىي مەزمۇنلارغا ئىگە قىلغان ھەم شۇ ئارقىلىق داستاننىڭ تارىخ تۈسىنى ئاشۇرغان. شائىر داستاندا تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي تەركىبلەر ھەققىدە يېزىشتىكى سەۋەبلەر ھەققىدە توختالغاندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*تۇرۇپ ئارىلاپ، بەدىئىي گۈل- گۈلىستان،*
*كېتىپ بېرىپ يېزىپ، بىر ئىشقى داستان.*
*ئېچىشقا باشلىدۇق تارىخ بېتىنى،*
*بۇراپ سالدۇق قەلەمنىڭ تىزگىنىنى،*
*قەلەم تارتىلدى بۇ ياققا نېمىشقا،*
*تارىختىن ئۆتتى نىچۇن دۇر تىزىشقا.*
*سەۋەب شۇكى، ئوقۇلغاندا بۇ قىسسە،*
*قوشۇلسۇن ئۇڭا تارىختىن بىر ھەسسە.*
*نىچۇككىم، ئالىسلەر زەۋقى مۇھەببەت.*
*تارىخىي ئىزلىدىن ھەم ئالغاي ئىبرەت.*
*ئۇلار ئەجدادلىرى ھالىنى بىلسۇن،*
*شۇلاردەكلا يارامىلىق كىشى بولسۇن.*
*بۇنىڭدىن قەست، كىشى بولغىل دېمەكتۇر.*
*لايىق شەنىڭگە بىر ئىش قىل دېمەكتۇر.*



شائىر مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، داستاندا تارىخ ھەققىدە كۆپ بىلىملەرنى بەرگەن. ئەمما ئۇنى بەدىئىي يول بىلەن ئەسەردىكى سۇژىت- ۋەقەلىككە، پېرسوناژلارغا، ئورۇنغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەسەرنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شائىر رابىئە- سەئىدىن ۋەقەسى قەشقەردە بولغان دەپ يازغاندا، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم- مەرىپەت تارىخىدىن سۆز ئېچىپ، قەشقەرنىڭ مەرىپەت ماكانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سەئىدىننىڭ قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تەپسىلاتنى يازغاندا، قەشقەرنىڭ مائارىپ تارىخىدىن سۆز ئېچىپ، قەشقەر مائارىپىنىڭ سۈپىتى، تەسىرى، ئورنى ھەققىدە ۋە شۇ مەزگىللەردىكى داڭلىق ئون ئالتە مەدرىسە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. شائىر يەنە ئۆزىنىڭ تارىخىي بىلىملەردىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، داستانغا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولغان 18- ئەسىر رىئاللىقى ۋە زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىمۇ تارىخىي جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزىدۇ، جۈملىدىن زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ قەشقەرگە ھۆكۈمران بولۇشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەرنى كىتابخانلارغا ناھايىتى كەڭ ھەم ئېنىق تاپشۇرىدۇ. شۇنداقلا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، خوجىلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا، بولۇپمۇ مەنىۋى دۇنياسىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى . . . قاتارلىقلارمۇ بايان قىلىنىدۇ. شائىر يەنە قەشقەرنىڭ شۇ دەۋر رىئاللىقىدىكى مۇھىم ۋەقە — قەشقەر سېپىلىنى سوقۇش ئەمگىكىگە ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ بىرى سەئىدىننى قاتناشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق داستاننىڭ تارىخىي چىنلىق تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. قىسقىسى، تارىخىي ۋەقەلەر ئەسەرنىڭ قات- قېتىغا سىڭىپ كەتكەن. شائىر بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، داستان ۋەقەلىكىنىڭ تارىخىي ۋەقە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، داستاننى تارىخىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. دېمىسىمۇ، تارىخ — مىللەت باشتىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ھەر خىل قىسمەتلىرىنىڭ جۇغلانمىسى شۇنداقلا خاتىرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلىتىش، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش، تەربىيىلەش، جەلپ قىلىش كۈچىگە

ئىگە. شائىر تارىخنىڭ بۇنداق كۈچىدىن ھەقىقەتەن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، خېلى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

شائىر داستاندا فولكلور تەركىبلىرىنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا، بۇ تەركىبلەر داستاننىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، فولكلور — ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىيەت تىندۇرمىسىدىن ئىبارەت. فولكلور شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى خەلقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى، ئېتىقادى، ئىدىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇ تەرەپلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلغان شائىر ئەسەرنى فولكلور تەركىبلىرى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى مەدەنىيەت قىممىتىگە، ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە قىلىش مۇددىئاسىدا بولغان. دېگەندەك، فولكلور تەركىبلىرى ئەسەرنى باشقىچە ۋەزىنگە- قىممەتكە ئىگە قىلغان. شائىر داستاندا: «ئەگەر ئۇيغۇرلار تارىخى كۆرۈلسە، / ئۇنىڭ رەسمى، رەسۇمى تەكشۈرۈلسە، / ئايان بولىدۇ ناھايەت ياخشىلىقلار، / كىشىگە بەخت بۇرۇچى ئۈز قىلىقلار» دېگەندەك مىسرالارنى كۆپ يېزىپ، ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى مۇھىملىقىنى، رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى تەرىپلىگەن. شائىر بەزى ئادەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكىمۇ تىرىشقان:

شائىر ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋ ئوۋلاش، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىشىش قاتارلىق ئادەتلەرنى يېزىپ كېلىپ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

*ئويۇنمۇ بۇ؟ ئەمەس! بۇ نە دېمەكتۇر؟*
*ئۆزىن ئاسراشتا جەڭگىۋار كۆرەكتۇر.*
*شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق رەسىم قىلىشقان،*
*ئېنىق مەۋسۇمدە مەرىكىلەر ئېچىشقان.*



بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ فولكلور ئامىللىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ۋە ئۇنى داستاندا ئىپادىلەشتىكى مەقسىتىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. شائىر داستاندا يەنە شۇ مەزگىللەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسى بىلەن ئاتۇشتىكى «ھەز سۇلتۇنۇم» سەيلىسىنى، بۇ سەيلىدىكى پائالىيەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن. بۇ تەسۋىرلەر خەلقىمىزنىڭ تاۋاپ پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بىلىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ. شائىر داستاندا فولكلور تەركىبلىرىنى يازغاندا يەنە بۇ ئادەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي- ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ھەققىدىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. مەسىلەن، شائىر قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسى ھەققىدە توختالغاندا، ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشىنى، قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى، خەلقنىڭ قانداق بولۇپ ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنداقلا يەنە بۇ خىل تاۋاپچىلىقنىڭ خۇراپاتلىق تۈسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى «ئۆتۈپ بىر قانچە يىللار، كۆپلىگەن ئاي، / بۇ ئالىي غايەنى ئەل ئايرىيالماي / چۆمۈپ كەتكەن خۇراپات قايىنىمىغا، / ئۇرۇشقان بېشىنى گۈمبەز تېمىغا» دېگەن مىسرالارغا يىغىنچاقلاپ، خۇراپاتلىقنىڭ خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى پاش قىلغان. قىسقىسى، شائىر ئەسەردىكى فولكلور تەركىبلىرىنى ھەرگىز مەقسەتسىز، مۇنداقچىلا ئىشلەتكەن ئەمەس، ئۇ شائىرنىڭ مەلۇم ئىجادىيەت مۇددىئالىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

مەزكۇر داستانغا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان قەشقەرگە زوھورىدىن ھېكىمبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر قەشقەردە ئەدەبىي ھايات ئەڭ گۈللەنگەن، بىر مۇنچە داڭلىق ئەدىب- ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ مول، قىممەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ساھەسىنى تازا جانلاندۇرغان مەزگىللەر ئىدى. ھېسابتا بۇ شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئەھمەد زىيائى داستاندا كاتىپلار ئىشخانىسىنى، نىزارى ھويلىسىدىكى مۇشائىرە سورۇنلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇنداق دەۋر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ ۋە سەھىپە ئاجراتقان. دېگەندەك، بۇ ئالاھىدىلىك كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە چىن ھەم

مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ھەتتا ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى، موللا سادىق قەشقەرى ۋە نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا يەنە مۇھىم ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەرمۇ بېرىلگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شۇ دەۋرنىڭ پاجىئەسى ھېسابلىنىدىغان رابىئە- سەئىدىن ھەققىدىكى قىسسە بىلەن بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن تەركىبىي قىسىملار مەزكۇر داستاننى 18- ئەسىردىكى قەشقەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆپ تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر بەدىئىي كارتىنىغا ئايلاندۇرغان، شۇنداقلا بۇ ئەسەرگە قامۇس خاراكتېرى بەرگەن.

داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر بۇ داستاندىكى يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئەسەردىكى مول لىرىك تەركىبلەر ئارقىلىق داستاننىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ موللاشتۇرغان. جۈملىدىن داستاننىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە دىداكتىك تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بىز داستاندىن ھە دېگەندە بۇنداق لىرىك تەركىبلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ لىرىك تەركىبلەر بەزىدە شائىرنىڭ ھېسسىيات، تۇيغۇدىن داستان ۋەقەلىكىگە ئۆتۈشىدە ئۆتكۈنچىلىك رول ئوينايدۇ، يەنە بەزىدە داستاندىكى مۇھىم، ھالقىلىق ياكى تەسىرلىك ئېپىك تەركىبلەر شائىردا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ، يەنە بەزىدە شائىر ئەسەر مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى- ھېكمەتلىك قاراشلىرىنى، يېڭىچە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنە بەزىدە بولسا مەلۇم ئەخلاقىي- دىداكتىك ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن بىر پارچە مۇھەببەت داستانى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەببەت ھەققىدىكى ناھايىتى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرمۇ ئىپادىلەنگەن. شائىر داستاننىڭ «شائىرلار بەزمىسىدە» دېگەن بابىدا سەئىدىن بىلەن نىزارىنىڭ سوئال- جاۋابى شەكلىدە ئىشق- مۇھەببەت ھەققىدىكى مۇنداق چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئىپادىلىگەن:

*دېدى سەئىدىن: ئىشق ئۇ نە دېمەكتۇر؟*
*نىزارى ئېيتتى: ئۇ ئوتسىز كۆيۈكتۇر.*



*دېدى: ئىشق نە ئۈچۈن ھەر دىلغا چۈشمەس؟*
*دېدى: ئۇ دۇغ كۆڭۈللەردە كۆرۈلمەس.*
*دېدى: ئىشق دىلدا ھېچ يوشۇرۇن قالۇرمۇ؟*
*دېدى: ئوتنى يوشۇرماققا بولۇرمۇ؟*
*دېدى: ئىشق دەردىنىڭ بارمۇ داۋاسى؟*
*دېدى: دورا ئەمەس ئىشق مۇددىئاسى.*
*دېدى: نىچۈن داۋا بولمايدۇ دەردكە؟*
*نىچۈن دەردمەن داۋا كۈتمەيدۇ دەردكە؟*
*دېدى: بۇ دەرد قوبۇل قىلماس داۋانى،*
*ئاشىق ھەم كۆزلىمەس بۇ مۇددىئانى.*
*دېدى: ئەگەر بولسا بۇ مۇددىئاسى؟*
*دېدى: ئۇ ئىشق ئەھلى ئالدىدا ئاسىي.*

شائىر داستاندا يەنە ئادەم ھەققىدە مۇنداق مۇلاھىزىلىك پىكرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

*تۆرەلگەندۇر ئەجەب فىترەتتە ئادەم،*
*ئۇنىڭدا كۆپلىگەن سىر يوشۇرۇنغان ھەم.*
*كۆرۈش، ھىدلاش، تۇتۇش، تېتىش ۋە ئاڭلاش،*
*ئەقىل، ئىدراك، خىيال، ئىلھام ۋە ئويلاش.*
*بۇلارنىڭ بارلىقى كىشىدە يىغىلغان،*
*ئۇلۇغ بولغان شۇڭا ھەممىدىن ئىنسان.*
*ئاجايىپتۇر ئۇنىڭكى ئەسلىي زاتى،*
*كىچىكلىك بىرلە مەشھۇردۇر سىغاتى.*
*ئېرۇر بىر زەررە، چوڭ جىسىملار قېشىدا،*
*ۋە لېكىن كاتتا سىرلار بار بېشىدا،*
*كىچىكتۇر ئۇ، ۋە لېكىن بارچىدىن زور،*
*شۇڭا ئۇ دۇر تەكەببۇر ھەمدە مەغرۇر.*

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، داستاننىڭ بۇنداق لىرىك تەركىبلىرى شائىرنىڭ ھايات قاراشلىرىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئەسەرگە جۇلا بېرىدۇ، شۇنداقلا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. بۇ تەركىبلەر ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەسەرنى كۆپ قاتلاملىقلىققا ئىگە قىلىدۇ.

شائىر بۇ داستاندا مەلۇم دىداكتىك ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى قىلغان. بۇ ھەقتە شائىر داستان خاتىمىسىدە ئېنىق قىلىپ:

*شۇڭا بۇ داستاننى ئوقۇغاندا،*
*گۈلىستاننى كېزىپ گۈل تاللىغاندا،*
*بولۇپ قالمايلا ئىشق ئەسرارىغا بەند،*
*ئېلىش لازىم ئۇنىڭدىن بىر قانچە پەند.*

دەپ يازغان. دېمىسىمۇ شائىر داستاندا ھامان مەلۇم ئەخلاقىي- دىداكتىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى بىۋاسىتە بايان بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ بارىدۇ. داستاننىڭ مۇشۇ ئەخلاقىي- دىداكتىك خاھىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شائىر سەئىدىن، رابىئەلەر قېچىپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئۇلارغا غايىبتىن پەيدا بولغان بىر پىرنى ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇ پىر ئۇلارغا دۇشمەندىن ئېھتىيات قىلىش، مۇناپىقلىق قىلماسلىق، ئاتا- ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا يامانلىق قىلماسلىق، راستچىل بولۇش، باشقىلارغا ئالدىنىپ قالماسلىق، تەمەخور- خۇشامەتچى بولماسلىق، ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، ئۇلۇغلارنى ھۆرمەتلەش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ھامان ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش . . . ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە پىرنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شائىر داستاندا ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە ئىلگىرى سۈرگەن ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش، شائىر ئۆزىنىڭ بۇنداق ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنى ئاشۇ بىر تەپسىلات ئارقىلىق پىرنىڭ تىلى



بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا داستاندا، بۇنداق دىداكتىك مەزمۇندىكى پىكىرلەر:

*خەتەرلىك نەرسە دۇشمەن، بولما غاپىل، ئۆزنى ئاسراشتىن،*
*بولۇر ھەر ئاغرىق ئاشتىن، ھەر بالا كەلسە قېرىنداشتىن.*
*ھاياتتا ئەقىل تەدبىرنى قولۇڭدىن بەرمىگىل زىنھار،*
*چۈشەر قاپقانغا يولۋاس، بولسا غاپىل ئۆزنى ئاسراشتىن.*

دېگەندەك شېئىرىي مىسرالاردىمۇ كۆپ جايدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇلار شائىرنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا داستاننىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

داستاندا بىزنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىمىزنى قوزغايدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاساسلىق پىكىر- ئىدىيىلەرنى ئۆزىنىڭ خۇلاسىلەپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. شائىر داستاننىڭ «تۈگەنچ» دېگەن بابىدا:

*ئەمەستۇر بۇ ئۆزى ئاددىيلا قىسسە،*
*ئېلىش مۇمكىن ئۇنىڭدىن تولا ھېسسە.*
*ئۇنىڭدا زاھىرى قىممەت بىلەن تەڭ،*
*ئېرۇر مەۋجۇت قىممەتلىك مەنىۋى رەڭ.*

دەپ يازىدۇ. شائىرنىڭ بۇ يەردە «ھېسسە» دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىر- ئىدىيىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ پىكىر- ئىدىيىلەرنى مۇنداق سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ:

*بىرىنچى، ئىشق نەدۇر؟ بۇ بىر سوئالدۇر*
*چۈشەنمەك ئىشقى سىرىنى مۇھالدۇر.*

*ئىشق دەپ بەرگۈلۈك ئەمەس كۆڭۈلنى،*
*كۆڭۈل ئۇ يەڭمىسۇن ھېچ چاغ ئەقىلنى.*
*ئىككىنچى، ئىشق ئىستەر پاكلىقنى،*
*دېيەلمەس ئىشق دەپ بىپاكلىقنى.*
*ئۈچىنچى، بېرىدۇ بىزگە بۇ قىسسە*
*ئاتا ـ پەرزەنت مۇناسىۋىتىدىنمۇ ھېسسە.*
*ئاتا ـ ئانا بەرسە گەر پەرزەنتىگە پەند،*
*قۇلاقنى ئۇڭا سالماس بولسا پەرزەند،*
*بالا ئۇچرايدۇ ناچار ئاقىۋەتكە،*
*بولۇپ كېتىدۇ بەختسىز ئۇ ئەبەتكە.*
*تۆتىنچى ھېسسە شۇكى: ھەر ئاتا ـ ئانا،*
*بولۇش لازىم بالا تەبىئىگە دانا.*
*بەشىنچى ھېسسە شۇكى: ئىشق ئىچرە ۋاپادۇر،*
*ئەمەس ئاشىق ئۆلكىم، بىۋاپادۇر.*
*يانا ئۇچرايدىغان ئالتىنچى ھېسسە،*
*ئۇنى ئەكس ئەتتۇرەر تارىخىي قىسسە.*
*نىچۇكلا بولسا قىلماق ياخشىلىقتۇر،*
*كىشىگە ياخشىلىق ياخشى قىلىقتۇر.*
*ئېرور يەتتىنچى ھېسسە داستاندا،*
*جەسۇرلۇق روھ ئەتكەن ئەكس ئاندا.*
*بۇ داستاندا يەنە بىر ھېسسە باردۇر،*
*تۇرار ئۇ تەرەپكە چاچرىتىپ نۇر.*
*ئادەم بالىسى ئېرۇر فىترەتتە ئازاد،*
*ئۇنىڭ كۆڭلى مۇشۇ ھېس بىرلەدۇر شات.*

بۇ شائىرنىڭ ئۆزگىچە بىر ئىجادىيەت پىلانى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال باشقا ئەسەرلەردە ئاساسەن



مۇنداق شەكىلدە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇنى مەزكۇر داستاندىكى بىر يېڭىلىق دەپ ئاتاش مۇمكىن.

مۇبادا بىز مەزكۇر داستاننى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكە ئوقۇيدىغان بولساق، شائىرنىڭ كلاسسىك داستانچىلىق ئەنئەنىسىدىن كۆپ ماڭغانلىقىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز. شائىر شۇ ئەنئەنە ئىزىدىن مېڭىپ، داستاندا كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىدۇ، جاھاننىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ، ياخشى نام قالدۇرۇش ئويىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم مۇھىم دىداكتىك نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ داستان ئارقىلىق تارىختا ئىز قالدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر يەنە كلاسسىك شائىرلارغا ئوخشاش، داستانغا غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، مەسەل، ھېكايەت قاتارلىق ئەدەبىي پارچىلارنى بېرىدۇ، «كەل، ئى دوستۇم، جاھانغا كۆپ بېرىلمە، / ئەلەمگە يىغلىما، خۇشلۇقتا كۈلمە» دېگەندەك خىتابلىرىنى ھەر بابتا دېگۈدەك ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنىمۇ شائىر كلاسسىك داستانچىلىق ئۇسلۇبىدا ئەبجەد ھېسابى بويىچە بەرگەن بولۇپ، ئۇلار داستاننىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مۇبادا بىز داستاننى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئوقۇيدىغان بولساق، شائىرنىڭ داستاندا خەلق ئېغىز تىلىنى ئەينەن ئىشلەتكەنلىكى، نەي ساداسىغا ئاجايىپ خۇشتارلىقى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىنىڭ چەكسىزلىكى . . . گە ئوخشاش يەنە نۇرغۇن تەرەپلەرنى ھېس قىلماي قالمايمىز.

ئومۇمەن، ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانى بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن مەزمۇن ـ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى، ئاجايىپ مول تەركىبلىرى ۋە كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ،ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنى ھامان ئۈستۈن بولىدۇ.

## §7. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ھەققىدە

داستانچىلىق ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندى داستانچىلىق ئىجادىيىتىدىمۇ قىسقا شېئىر ئىجادىيىتىگە ئوخشاش كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە بەدىئىيىتىنى، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى، چوڭقۇر مەنىلەرگە باي ھايات قاراشلىرىنى داستانلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا»، «قەشقەر كېچىسى»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» قاتارلىق داستانلىرى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى بىلەن يالغۇز ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ھازىرقى- بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ داستانلىرى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتى ئۇنىڭ قىسقا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك باشلانغان بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ 1942- يىلىلا «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» دېگەن لىرىك داستانىنى يېزىپ، ھازىرقى زامان داستانچىلىقىمىزغا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى- گۈللىنىشىگە بەلگىلىك ھەسسە قوشقان. ھېسابتا 1940- يىللار ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدىكى ھوسۇللۇق يىللىرى بولغان. ئۇ بۇ يىللاردا ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئىككى داڭلىق داستانىنى — «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» دېگەن لىرىك داستانى بىلەن «قەشقەر كېچىسى» ناملىق ئېپىك داستانىنى يېزىپ چىققان.



«قەشقەر كېچىسى» داستانى ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستاننى ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيىتى ھەم گۈلتاجىسى دېيىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، داستاننىڭ قىممىتى، ئورنى يالغۇز ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «قەشقەر كېچىسى» داستانىنى كۆپ تەرەپلىمە ئەدەبىي قىممىتى ۋە يېزىلىشتىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئابىدە دېيىشكە بولىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ 1940- يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى. شائىر بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە دەۋر رېئاللىقىغا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئەسەرلىرىدە ئاساسلىقى كونا زاماننىڭ زۇلمىنى پاش ۋە تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلىگەن. ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل خاھىش تەبىئىي رەۋىشتە بۇ داستاندىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇشۇنداق خاھىشتا ئەسەر يېزىش ئەينى ۋاقىت رېئاللىقى ئۈچۈن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىكىمۇ مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ داستاننى 1948 — 1949- يىللىرى يېزىپ تاماملىغان. ئەمما، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى ئاشۇ يىللاردا ياكى كېيىنكى يىللاردا نەشر- ئېلان قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان. مەدەنىيەت - ئەدەبىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى بىر تاڭ نۇرى ئېلىپ كەلگەن پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، ئاندىن بۇ ئەسەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشكەن. شائىر بۇ داستاننى 1979- يىلى قايتىدىن يەنە بىر تۈزىتىپ، تولۇقلاپ ئىشلەپ، 1980- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان. داستان نەشر قىلىنىشى بىلەنلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا

سازاۋەر بولغان. ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بۇ داستان ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغاپ، ئومۇمىي يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن.

«قەشقەر كېچىسى» داستانى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1981 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، مەملىكەت بويىچە ئۈچىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قەشقەر كېچىسى» داستانى ئاشۇ يىللاردىلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇلار ئارىسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. «خەلق گېزىتى» دە مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىنىپ، بۇ ئەسەر يۇقىرى باھالانغان. داستاننىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمە نۇسخىسى 1985 ـ يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلگەن. داستاننىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى 1988 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. ئومۇمەن، بۇ داستان مۇۋەپپەقىيەتلىك، قىممەتلىك يارىشا چوڭ تەسىرلەرنى قوزغاپ يۇقىرى باھالارغا ئېرىشكەن.

«قەشقەر كېچىسى» ۋەقەلىك ئاساس قىلىنغان ئېپىك داستان. داستاننىڭ ئاساسلىق سۇژېت لىنىيىسىدە باش قەھرىمانلار ـ كېرىم بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان. نامرات، تۇل ئايال زورەمخاننىڭ يېتىم ئوغلى كېرىم شۇ مەھەللىدىكى ئاچ كۆز باي چولاق مەخسۇمنىڭ ئۆگەي قىزى لەيلىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. نامرات بولغىنى بىلەن ئاق كۆڭۈل، جىگەرلىك كېرىمنى لەيلىمۇ چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ. ئەمما چولاق مەخسۇم لەيلىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى، كېلىشكەن قامىتىنى نام ـ ئابرۇيغا، پۇل ـ مالغا ساتماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ لەيلىنى كېرىمگە بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. كېرىم بىلەن لەيلى بۇنداق قارشىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ مۇھەببىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ۋىسال



كۈنلىرىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەرنىڭ يۇرت چوڭلىرىدىن بولغان قېرى بەگ ھاجى لەيلىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. چولاق مەخسۇم بۇنى ئۆزى ئۈچۈن چەكسىز ئامەت دەپ بىلىپ، ئەلچىلەرگە رازىلىق بېرىپ، توي تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. لېكىن، لەيلىنىڭ مېھرىبان ئانىسى گۈلئايىم بۇ تويغا قوشۇلماي، لەيلىنى كېرىمگە بېرىش ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ. چولاق مەخسۇم بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، گۈلئايىمنى ئازابلايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ. بىچارە ئانا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ تويغا جان ـ جېنىدىن نارازى بولغان، باشقىچە بىر ئۈمىدىمۇ قالمىغان لەيلى ئاخىر بۇ ئۆيدىن قېچىپ، كېرىم بىلەن يىراقلارغا باش ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئانىسىغا ئېيتىدۇ. ئانىسى رازىلىق بېرىدۇ. لەيلى كېرىم بىلەن كۆرۈشۈپ، قېچىپ كېتىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىۋاتقاندا، بۇ مەسلىھەتنى چولاق مەخسۇم ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالىدۇ. كېرىم لەيلىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن كەلگەندە چولاق مەخسۇم ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئادەملەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەن ئوبۇل ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ. شۇ ھالەتتە كېرىممۇ چولاق مەخسۇمنىڭ ئادەملىرىگە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. چولاق مەخسۇم، بەگ ھاجىلار ئەكسىيەتچى ساقچى دائىرىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كېرىم، ئوبۇللارنى تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئۇلارنى تۈرمىدە قاتتىق ئازابلايدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، خەلق ئاممىسىدىن ئەنسىرەپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى قاماققا ئالغان بولغاچقا، خەلق يىغىلىپ ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا نۇرغۇن مەھبۇسلار قاتارى كېرىم، ئوبۇللارمۇ قويۇپ بېرىلىدۇ. ساقچى دائىرىلىرى كېرىم، ئوبۇللارنى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق «بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتماقچى» بولىدۇ. تۈرمىدىكى قاتتىق قىيناقلاردا ئېغىر يارىلانغان كېرىم خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. شۇ كۈنلەردە بەگ ھاجى تويىنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىدۇ. ئەمما، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلى روبېرت شېر ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، ئۇنى ۋەكىل قىلىپ سۆزلىتىش ئۈچۈن مەركەزگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي ئىشى بىر مەزگىل تىلغا ئېلىنمايدۇ، كېرىملار تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن،

ھېچنەرسە داۋا بولماي بىتاب بولۇپ ياتقان لەيلى ئەمدى سەل ئەسلىگە كېلىدۇ. كېرىممۇ ساقىيىپ، يەنە بىر قېتىم لەيلىنى ئېلىپ قاچماقچى بولىدۇ. قېرىشقاندەك، بىر قېتىملىق چوڭ تۇتقۇندا كېرىم يەنە قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇ ئېغىر دەھشەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن زورەمخان ئانا كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. خەلق «بىتىم» مەزمۇنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ، يەنە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاخىرى مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما كېرىم «گۇناھى ئېغىر» دېگەن سەۋەب بىلەن قويۇپ بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىش لەيلى، ئوبۇللارنى بەك پاراكەندە قىلىدۇ. ئاخىرى لەيلى كېرىمنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىش ئىرادىسىگە كېلىپ، كېرىمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش شەرتى بىلەن بەگ ھاجىنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. دېگەندەك، كېرىم تۈرمىدىن بوشىتىلىپ، ئۆيىگە قايتىپ چىقىدۇ. لەيلىنىڭ بەگ ھاجى بىلەن تويى بولىدۇ. توي كۈنى ئاخشىمى كېرىملار بەگ ھاجىنىڭ ھۇجرىسىغا يوشۇرۇن كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، لېكىن لەيلىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۇنى ئۆلتۈرمەي، ساقىلىنى كېسىپ تاشلاپ، باغلاپ قويۇپ، لەيلىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېرىملار يەنە بەگ ھاجىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ بېرىدۇ. بەگ ھاجىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، ئىگىسىنى قۇتقۇزىدۇ. ئەمما، شۇنچە كۆپ ئادەم ئىزدەپمۇ كېرىم، لەيلىلەرنى تاپالمايدۇ. . . شۇنىڭ بىلەن داستان ۋەقەلىكى ئاخىرلىشىدۇ. داستان ۋەقەلىكىنىڭ بۇنداق ھالەتتە ئاخىرلىششى ھەققىدە شائىر داستانىنىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

*تۈگەپ قالدى مانا ئاخىر ھېكايە،*
*ۋە لېكىن ئارمىنىم كۆپ بىناھايە،*
*كى داستان ئاخىرى قالدى نا روشەن،*
*تۇماندا قالغاندەك خۇددى گۈلشەن.*
*قېنى لەيلى، كېرىم، ئوبۇل، غېنىلەر،*
*قاياقتا كەتتى بۇ ئاغا- ئىنىلەر؟*



*نە بولدى ئاقىۋەت، نە كەچتى ھالى،*
*ئۇچۇردى نەگە قىسمەتنىڭ شامىلى؟*
*ئېچىلماي قالدى بۇ داستاندا شۇ سىر،*
*گويا قالدى كىتابىم چالا تەپسىر.*
*نىتەيكىم،تۇن ئىدى كۈندۈزمۇ ئۇ چاغ،*
*يىتتۇردۇم شۇڭا ئۇ ئىزلارنى بىۋاق،*
*چېكىپ بۇ يولدا گەرچە دەردۇ ھېكمەت،*
*ۋە ھەتتا گاھىدا يۈز مىڭ ئوقۇبەت.*
*ئېزىققان بىنەسىپ سەيياھقا ئوخشاش،*
*كېزىپ چۆللەر ئارا، كۆپ گاڭگىراپ باش،*
*قېدىردىم، تاپمىدىم ھېچيەردە بىر ئىز،*
*كى قەشقەر ئاسمىنى ئىدى قۇياشسىز،*
*قۇياشسىز ھەم تۇمانلىق بولسا ئالەم،*
*نىچۈك تاپقاي بېرىپ مەنزىلنى ئادەم.*

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ مىسرالىرىدا كېرىم، لەيلىلەرنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىنى يازالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىشىنى يازغان. ئەمەلىيەتتە داستان ۋەقەلىكىنى ئاشۇنداق شەكىلدە ۋە ئاشۇ يەرگىچە يېزىش شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەسەرنى ئەڭ مۇۋاپىق ئاخىرلاشتۇرۇش ھېسابلىنىدىغان قۇرۇلمىدىكى ماھارەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى داستانىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى دېمەي بولمايدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» مول مەزمۇنغا، كۆپ قاتلامغا ئىگە داستان. داستانىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى بىزنى ئەسەر ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانى ئالدى بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى تىپىك مۇھەببەت داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىز- يىگىتنىڭ ۋىسال ئىزدەش

جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئەسەردىكى زىددىيەت- توقۇنۇشلارمۇ قىز- يىگىتنىڭ ۋىسال ئىزدىشى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكى قىز- يىگىتنىڭ مۇھەببىتى بىلەن باشلىنىپ، ۋىسال ئىزدەش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بىلەن راۋاجلىنىپ، ۋىسالغا ئېرىششى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شائىر داستاندا قىز- يىگىتنىڭ مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن، داستاندىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن مۇھەببەت ھېسسىياتلىرى بىرلىشىپ، ئەسەرنى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇھەببەت داستانىغا ئايلاندۇرغان.

شائىر بۇ داستاندا مۇھەببەت داستانلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئامىللارنى ھازىرلىغان، يەنە بىر مۇنچە تەرەپلەردە مۇھەببەت داستانلىرىنى يېزىشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇل- ماھارەتلىرىنى نامايان قىلغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى- بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا، «قەشقەر كېچىسى» داستانى مۇھەببەت تېمىسى ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان يىرىك داستانلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز يەنە بۇ داستاننىڭ سۇژېت شەكلى جەھەتتە كلاسسىك داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېزىلغانلىقىنى، بۇ داستاننىڭ بىر مۇنچە مەشھۇر كلاسسىك داستانلىرىمىز بىلەن سۇژېت شەكلى جەھەتتە ئورتاقلىقى بارلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئاز- تولا خەۋىرى بار ھەر قانداق كىتابخانغا مەلۇمكى، كلاسسىك داستانچىلىقىمىزدا يىگىت بىلەن قىز بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدىغان، لېكىن قىزنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا قارشى تۇرىدىغان، قىزغا مىجەز، ئىدىيە، خاراكتېر، ياش جەھەتتە قىز بىلەن زادى ماسلاشمايدىغان بىرسىدىن ئەلچى كېلىدىغان، قىزنىڭ دادىسى ئەلچىگە ماقۇل بولىدىغان، لېكىن قىز قەتئىي قارشى تۇرىدىغان، قىزنى دادىسى مەجبۇرلايدىغان، مەجبۇرلانغان لايىق بىلەن توي قىلىشقا قىز قەتئىي ئۇنىمايدىغان، بۇنىڭ بىلەن يىگىت زىيانكەشلىككە



ئۇچرايدىغان ياكى ئۆلۈپ كېتىدىغان، قىزمۇ يىگىتكە ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلەپ، يىگىت كەينىدىن كېتىدىغان . . . ۋەقەلىككە ئىگە ياكى ۋەقەلىكى مۇشۇ مەزمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان داستانلار ئاز ئەمەس. كلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ گۈل تاجىسى ھېسابلىنىدىغان، كلاسسىك داستانچىلىق ئۇسلۇبىمىزغا، مۇۋەپپەقىيەتمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «پەرھاد- شېرىن»، «لەيلى- مەجنۇن»،«رابىئە- سەئىدىن» داستانلىرىنىڭ ھەم يەنە «تاھىر- زۆھرە» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەقە- سۇژېتى دەل مۇشۇ شەكىلدە. بۇ داستانلارنىڭ سۇژېتى ئادەتتە مۇنداق ئورتاق مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ:

(1) يىگىت بىلەن قىز بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلماقچى بولىدۇ.

(2) قىزنىڭ دادىسى (ھامىيسى) يىگىتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تۆۋەن، بايلىقىنى ئاز كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

(3) ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى، بايلىقى كۆپ، لېكىن پەزىلىتى ناچار بىر ئەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىزنى يولسىزلىق ياكى زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئەرنى قىزنىڭ دادىسى قوللايدۇ.

(4) قىز بۇ ئەرگە خوتۇن بولۇشنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن يىگىت بىلەن ئەر مۇھەببەت يولىدىكى ئەشەددىي رەقىب- دۈشمەنلەرگە ئايلىنىدۇ.

(5) قىزنىڭ دادىسى (ھامىيسى) قىزنى ھېلىقى ئەر بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. قىز بۇ تويدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

(6) يىگىت ھېلىقى ئەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(7) يىگىت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان قىز يىگىتكە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

مەلۇمكى، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان سۇژېت شەكلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت تېمىسىدىكى داستانلارنىڭ ئاساسلىق سۇژېت شەكلى بولۇپ كەلگەن. بىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمىز بولۇۋاتقان «قەشقەر

كېچىسى» داستانىمۇ مۇشۇ خىل سۇژېت شەكلىدە يېزىلغان. شائىر پەقەت داستانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئاز- تولا سۇژېت ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە بولغان ئىجادىي ۋارىسچانلىقىنى ئىپادىلىگەن. «قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ كلاسسىك مۇھەببەت داستانلىرى بىلەن سۇژېت ئورتاقلىقىغا ئىگە بولۇشىنى بۇ داستانىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ۋە چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېيىش كېرەك. چۈنكى، بۇ داستان مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ھازىرقى- بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقىمىزنى كلاسسىك داستانچىلىقىمىزغا باغلايدۇ. مۇشۇ باغلىنىشتىن بىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ئىزچىللىقى، ھازىرقى زامان، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەسىرگە ئۇچراش ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھىم پاكىتلارغا ئىگە بولالايمىز.

ئۆتكۈر ئەپەندى «قەشقەر كېچىسى» داستانىنى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىققا ۋە كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئەسەردە نوقۇل مۇھەببەت ھېكايىسىنى يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى يەنە ئەسەر ۋەقەلىكىدە بىر مۇنچە مەزمۇن، ئىدىيىلەرنىمۇ ئىپادىلىگەن. شائىر داستاندا مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى يازغاندا، قىز- يىگىتنىڭ مۇھەببەت پاجىئەلىرىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىلنىڭ چولاق مەخسۇم، بەگ ھاجى ۋەكىللىكىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىللىكلىرى، زۇلۇمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، داستاننىڭ ئاساسلىق سۇژېت لىنىيىسى لەيلى- كېرىمنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى، ۋىسال شادلىقى ئىزدەپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، كۈرەشلىرى بىلەن چولاق مەخسۇم، بەگ ھاجىلارنىڭ نومۇسسىزلىقلىرى، رەزىللىكلىرى، زۇلۇمى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت- توقۇنۇشلار ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلىدۇ. شائىر داستاندا چولاق مەخسۇم، بەگ ھاجىلارنىڭ ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ بىگۇناھ ئاشىق- مەشۇقلار — كېرىم بىلەن لەيلىگە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ يېزىش ئارقىلىق، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى، ھەتتا مۇھەببەت ھېسسىياتىنىمۇ مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى قاتتىق پاش ۋە



تەنقىد قىلغان. شائىر داستاندا يەنە مۇشۇ مەزگىللەردىكى سىياسىي- ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئەسەر ۋەقەلىكىنى، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىش- تەقدىرلىرىنى دەۋر رېئاللىقى بىلەن ناھايىتى زىچ بىرلەشتۈرگەن. شائىر زۇلۇمنى يازغاندا يالغۇز يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىنى، قانخورلۇقىنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخور ماھىيىتىنى، خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن ئېغىر بالايىئاپەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. داستاندا كېرىم، روزى، ئوبۇل قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ نۇرغۇن كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلىرىگە، ئازابلىرىغا ھەتتا ئۆلۈمىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شائىر داستاندا خەلق بېشىغا چۈشكەن قوش زۇلۇمدىن كۆپ دادلىغان، نالە قىلغان، گومىنداڭنىڭ ۋەھشىي، رەھىمسىز قانخورلۇقىنى پاش قىلغان:

*ھېسابلار خەلقنى بىر قوتان قوي،*
*ئۇلارنىڭ خاھىشىمىش قايسىنى سوي.*
*ئەگەرچە قوي سويۇش قاسساپقا بابتۇر،*
*بىراق بۇ يۇرتتا قاسساپ بىھېسابتۇر.*
*بۇ يۇرتقا ۋاڭغۇ قاسساپ، بەگمۇ قاسساپ،*
*ۋە ھەتتا بۆرى تۇرماق سەركىمۇ قاسساپ،*
*ۋىلايەت ھاكىمى دوتەيغۇ قاسساپ،*
*يېتىپ ئەپيۇن چېكەر تەتەيمۇ قاسساپ،*
*سوراقچى ئامبىلى شەن جاڭغۇ قاسساپ،*
*بېشىدا سەللىسى ئىشانمۇ قاسساپ،*
*قولىدا قىلىچى چېرىكقۇ قاسساپ،*
*پالان بايۇ، پوكۇن باي ئۇندىنمۇ قاسساپ،*
*شۇنى ھەم ئېيتمىغىنىم لازىم مېنىڭچە،*
*كىم قويدىن پەرقىمۇ بار مىڭچە - مىڭچە.*
*مىسالى ئىگىسىز بىر قوي تېپىلماس.*

*سوراقسىز سويغۇچى دەۋادىن قۇتۇلالماس،*
*دېمەك، ئىتتىنگمۇ باردۇر خۇن دەۋاسى.*
*هايات قانۇنىنىڭ شۇلدۇر ئاساسى.*
*ۋە لېكىن بۇ دىياردا ئىش بۆلەكچە،*
*ئادەمنىڭ قەدرى يوقتۇر توڭ تېزەكچە،*
*ساناقسىز تېپىلار زىندان ـ كىشەنلەر،*
*غازاڭدەك سارغىيار مەن ـ مەن دېگەنلەر.*
*بىراۋلار خالىسا ئاسار سوراقسىز،*
*ۋە ھەتتا جادۇغا باسار سوراقسىز،*
*نېمە قانۇن دېگەن گەپ گومىنداڭغا،*
*نەھاجەت مەرىپەت غالجىر قاۋانغا!*

شائىر داستاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىقلىرىنى، ۋەھشىيلىكلىرىنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتتە يۈرگۈزگەن خەلقنى نادان قالدۇرۇش، كىشىلەر ئارىسىغا ئۈچ ـ ئاداۋەت سېلىشقا ئوخشاش رەزىل قىلمىشلىرىنىمۇ پاش ۋە تەنقىد قىلغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر بۇ داستاندا يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ۋەھشىي سىياسەتلەر بىلەن خەلق ئاممىسىغا ھەددى ـ ھېسابسىز بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى يېزىپ، ھۆكۈمرانلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ، ئاممىغا بولغان ھېسداشلىقنى ئىپادىلىگەن، زامانىنىڭ زۇلۇمىدىن زارلانغان. شائىر داستاندا زۇلۇمنىلا يېزىپ قالماستىن، بەلكى يەنە زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلەرنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «قەشقەر كېچىسى» داستانى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى، كۈرەش ۋەزىيىتىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن يارىتىلغان بەدىئىي كارتىنىسى دېيىش كېرەك.



«قەشقەر كېچىسى» داستانىدا شائىر پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇكەممەل يارىتىلىشىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قوللىنىلغان ماھارەتنى ئەسەرنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى دېيىش كېرەك. شائىر داستاندا لەيلى ئوبرازىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىگەن. لەيلىنىڭ چىراي، قىياپەت جەھەتتىكى تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مېھرىبان، ۋاپادار، قەيسەر خاراكتېرىنىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئاخىرىدا ئىلگىرىكى مۇھەببەت داستانلىرىدىكى ئايال باش قەھرىمانلارغا ئوخشاش پاسسىپ ئۆلۈم يولى بىلەن ۋاپادارلىقى، نارازىلىقىنى ئىپادىلىمەي، كېرىمنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، قارا كۈچلەرنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى كىتابخاندا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ. ئۇ ئازادلىقتا، ئەركىنلىكتە، بەختتە ئىنتىلىدۇ. لېكىن بۇ ئائىلىدە، بۇ يۇرتتا، بۇ رېئاللىقتا ئۇلارغا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ، ھەممىسىنى تاشلاپ، ئاشىقى بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ يەردىكى قېچىپ كېتىش چوڭقۇر مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

داستاندا كېرىم ئوبرازىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. شائىر بۇ ئوبرازنى ھەقىقىي بىر يىگىت سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ لەيلىگە بولغان مۇھەببىتىنى، ساداقىتىنى، لەيلى ئۈچۈن ھەر قانداق قۇربان بېرىشلەردىن باش تارتمايدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق ھالدا يازغان. ئەمما، شائىر كېرىمنى نوقۇل ھالدىلا بۇ مۇھەببەتنىڭ شەيداسى قىلىپ يازمىغان. ئۇ ئەركىنلىك، ئازادلىقتا، باراۋەرلىككە تېخىمۇ ئاشىق. شۇڭا ئۇ لەيلىنىڭ ئىشقىدا دادىلىنىپلا يۈرمەيدۇ. باتۇر يىگىتلەر بىلەن دوستلىشىپ، ئىنقىلاب ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىدۇ، قارا كۈچلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. تۈرمىدە قاتتىق قىينالسىمۇ، لېكىن ئىرادىسىدىن قىلچە يانمايدۇ، تىز پۈكمەيدۇ، ئاخىرى دېگىنىنى قىلىپ، لەيلىنى ئېلىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ئوت قويۇۋېتىپ كېتىدۇ. شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق ھەقىقىي

مۇھەببەتكە پەقەت كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى، ھەقىقىي ۋىسالغا كەڭ ئاۋام بىلەن بىرگە يەتكىلى بولىدۇ، شەخسىي مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى ئازادلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن تەلپۈنۈش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەقىقىي يىگىتلەرنىڭ ئىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

داستاندا يەنە ئىنقىلاب ئۈچۈن جان پىدا قىلغان روزى مۇئەللىمنىڭ، دوستلۇق ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئوبۇلنىڭ، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، ئەمما ئىلاجسىز ئانا گۈلئايىمنىڭ ئوبرازلىرىمۇ شۇنداق ياخشى يارىتىلغان. داستاندا خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازىنى، كوممۇنىستلارنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. شائىر داستاندا يەنە بەگ ھاجى، چولاق مەخسۇم، خاكوجاڭ قاتارلىق سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنىمۇ ناھايىتى ياخشى ياراتقان. بەگ ھاجى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان، ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان، شەخسىيەتچى، تەمەخور، چىرىك يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇ رەزىل مەقسىتى ئۈچۈن خەلقنى ئازابلايدۇ، ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بىگۇناھ كىشىلەرنى قامىتىپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ، مەنسەپ ئۈچۈن جاھانگىرلارغا سېتىلىپ، ۋەتەننى پارچىلاش، سېتىش رەزىللىكى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئاپتور چولاق مەخسۇمنىڭ خۇشامەتچى، زالىم، ئابرۇيپەرەس، مال- دۇنياغا ئامراق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. خاكوجاڭ ئوبرازى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قانخور، زالىم، قورقۇنچاق خاراكتېرىنى، گومىنداڭنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، گەرچە بۇ ئېپىك داستان بولسىمۇ، لېكىن شائىر داستاندا نوقۇل ھالدىكى ۋەقەلىك يېزىشقىلا قىزىقىپ كەتمەي، ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى، باھاسىنى، مۇلاھىزىسىنى، كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقى كۈچەيگەن. بۇنداق لىرىكا ئېپىكىدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر، شېئىرىي تىل مەنزىرىلىرى



بىلەن بىرلىشىپ، داستاننى ناھايىتى كۈچلۈك لىرىكىچانلىققا ئىگە قىلغان. شۇڭا داستاننىڭ ھەر بىر بۆلەك، ھەر بىر تەپسىلاتىدا لىرىكىلىق ئامىللارنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، مەسىلەن:

*ئادەم ھۆل نەرسە، دەپ ئۆتمۈشتە دانا،*
*ئەجەب بەرگەن ئىكەن ئىنسانغا مەنا.*
*ئەگەر پىل بولسىمۇ جىسمى بولۇر خاك،*
*پەلەك قىلسا گەر ئۇنى مۇنچە غەمناك.*
*بۈيۈك تاغمۇ بولۇر ئەلۋەتتە بەربات،*
*بېشىغا كەلسە شۇنچە جەبرى- بىدات.*
*لېكىن سەبرى- تەھەمۇل، غايىۋى ئاڭ،*
*بولۇركەن ئادىمگە كۈچ ۋە دەرمان.*
*مانا دوستلار يەنە ئىشقا كىرىشتى،*
*نېمە قىلماق كېرەك دەپ كۆپ تىرىشتى.*
*تىرىشتى لەيلىنىڭ ھالىن بىلىشكە،*
*مۇناسىپ چارە- تەدبىر ئىزدەشكە.*

دېمەك، لىرىكا بىلەن ئېپىكنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى «قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ تەسۋىرلەش جەھەتتىكى سەنئىتىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن. تەسۋىر ئېپىك ئەسەرلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. تەسۋىرنىڭ قانداق بولۇشى ئەسەرنىڭ قانداق پۈتۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەرنىڭ مەنىسى، ئىجتىمائىي ئېستېتىك ئۈنۈمى قاتارلىقلار بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئىقتىدارى - ماھارىتىنى تەسۋىرلەش سەنئىتىگە قاراپ باھالىغىلى بولىدۇ. «قەشقەر كېچىسى» داستانى تەسۋىرلەش سەنئىتى جەھەتتە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك

چىققان ئەسەر. شائىر داستاندا پېرسوناژلارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى، پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئومۇمىي مۇھىت، ئىجتىمائىي شارائىت قاتارلىقلارنى شۇنچىلىك ئىنچىكە، شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك لىرىكىلىق تەسۋىرلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ داستاننىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. داستاندا شائىرنىڭ قەشقەر شەھىرى ھەققىدىكى، نەزەر باغ مەھەللىسى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تەسۋىرلەش ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىر لەيلىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*مانا ئاددىي بىر ئۇيغۇر قىزى سىزگە،*
*تونۇشتۇر قارا سۇمبۇل چېچى بىزگە،*
*يۈزى ئايدەك دېمەيمەن، چۈنكى ئايدا،*
*ئۇنىڭدەك مېھرىنىڭ يالقۇنى قايدا؟*
*ئۇنىڭ مەڭزىدىكى بىر دانە خالى،*
*ياراشقان جامالى، گويا جامالى —*
*ئۇنىڭسىز بولمىغاي گۈلشەندە رەنا،*
*نە قىلغاي ئايدىكى داغلاردا مەنا؟*
*دېمەك ئاي تەڭلىشەلمەس بۇ چىرايغا*
*پەقەت مۇڭلۇقلۇقى ئوخشايتتى ئايغا.*

شائىرنىڭ تەسۋىرلەشتىكى ماھارىتى، ئىنچىكىلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، پەقەت لەيلىنىڭ كىرپىكىنىلا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*يامان كۆزلەر بۇ كۆزگە چۈشمىگەي دەپ،*
*كېچە-كۈندۈزى دائىم غېمىنى يەپ،*
*ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىدار ھەمىشە،*
*نەبىدار، ساقچىدەك ھوشيار ھەمىشە.*



*كىمى بىر قاراپ قويسا ئۇ كۆزگە،*
*تېگەر بىر ئوق كەبى كىرپىك شۇ كۆزگە،*
*بۇ ئوقكى تەگسە گەر يا جاننى ئالماي،*
*ۋە يا جان ئالمىسا، مەيلىگە قويماي.*
*قىلار دىلنى ئەسىر قارماق مىسالى،*
*ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوق ئامالى.*

داستاندا لەيلىنىڭ كۆز، قاشلىرى، قىياپەت- قامەتلىرى، مىجەز - خۇلقى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق نەپىس، ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىدا كلاسسىك داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە ھەر بىر باب ياكى ۋەقەلىك ئارقىسىدا شائىرنىڭ شۇ بابقا، شۇ ۋەقەلىككە بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن شېئىرىي تەركىبلەر بېرىلگەن. بۇنداق تەركىبتىكى مىسرالار لىرىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول پەلسەپىۋى پىكىرگىمۇ ئىگە:

*ئۇزات ساقى، ماڭى لىق تولدۇرۇپ جام،*
*تاپاي مەيدىن شۇدەم كۆڭلۈمگە ئارام.*
*نىتەيكىم غەم بىلەن غەمخانەدۇرمەن،*
*زامان پەيلىدىن ھەيرانەدۇرمەن.*

(يەتتىنچى باب» تىن)

*كى دۇنيا ھەركىشىگە بىر ئېتىز بەر،*
*ئۇرۇقنى ياخشى تاللا، پەن بىلەن تەر.*
*نېمە تەرسەڭ شۇنى ئورۇپ ئالۇرسەن،*
*تېرىپ ئارپا، نېچۈك بۇغداي ئالۇرسەن.*

(«ئونىنچى باب» تىن)

ئەسەر ئارىلىقلىرىدىمۇ يەنە «تەۋەككۇل تېڭىرقاشتىن مىڭ - مىڭ ئەۋزەل»، «جىمى زالىم بولۇر قورققاق دېگەن راستكەن»، «دېمەك ھەر كىم ئۆزىنىڭ غېمىنى يېيىشەر، ئېرىشكەچ ئىستىكىگە ئەمدى بەس دەر»، «كى ئىنسان ئەمگىكى بىر مۆجىزىكەن، جاھاننىڭ زىننىتى ئەمگەك ئىزىكەن» دېگەن مىسرالاردىكىدەك چوڭقۇر پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىمۇ ناھايىتى ئۇستۇن بولۇپ، ئەسەردە شۇنداق پاساھەتلىك شېئىرىي تىل ئىشلىتىلگەن. داستاندا ئىشلىتىلگەن تىللارنىڭ شۇنداق نەپىس، ئىپادىلىك، ئوبرازلىق، جانلىق بولغانلىقىغا قاراپ، ئۆتكۈر ئەپەندىنى ھەقىقىي مەنىدىكى تىل ئۇستىسى، شېئىرىي تىلنى قوللىنىش ماھىرى دېمەي تۇرالمايمىز.

بۇلاردىن باشقا، داستاندا يەنە شېئىرىي تىل، شېئىرىي مەنزىرە ۋە ھەر خىل تەسۋىرلەر ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى شېئىرىي كەيپىيات يارىتىلغان. داستاندىكى شېئىرىي كەيپىيات ئەسەر ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۇرۇش، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كىتابخانلاردا ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلىش رولىلىرىنى ئوينىغان. ئەسەردە يەنە ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر، بايان ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «قەشقەر كېچىسى» داستانى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا داستانچىلىق تۇرىنىڭ سەر خىل گۈلى بولۇشقا مۇناسىپ.

## §8.ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق درامىسى ھەققىدە

ئابدۇللا روزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇ دراماتورگىيە ۋە شېئىرىيەت ژانىرلىرىدا بەلگىلىك نەتىجىلەر يارىتىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك رول ئوينىغان بىر تالانتلىق ئەدىب.



ئابدۇللا روزى 1919 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بەدەل ئارت ئېغىزى ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن بىۋاستە چېگرالىنىپ، ئىتتىپاقداش سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ۋە مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇچتۇرپاندا ئۆتتى. ئۇ ئۇچتۇرپاندا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى، ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپ ماناستا مائارىپ مۇپەتتىشى، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ مۇدىرى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى قاتارلىق ئىلمىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەردە بولدى. ئۇ ماناستا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ھەم ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن ھەم مەدەنىي ئاقارتىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن قىزغىن شۇغۇللاندى. ئۇ ماناستىكى چېغىدا «تۆمۈر ئاكا ئويغاندى» نامىلىق درامىنى يېزىپ خەلقنى خۇراپاتلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۈندىدى. ئۇ ئاقسۇغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ھەم جەسۇر ئىنقىلابچى ھەم ھارماس ئىجادىيەتچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ تۈزگەن «ئەدەبىيات دەرسلىكى» شۇ دەۋردىكى زور بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ يازغان جەڭگىۋار ماقالىلەر خەلقنى ئويغاتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن خەۋپلەنگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى قولغا ئالدى. ئۇ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۈرمىدە باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

ئابدۇللا روزىنىڭ دراما ئىجادىيىتى ئۇ ماناستا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە باشلانغانىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسىرى «تۆمۈر ئاكا ئويغاندى» بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي خاھىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نادانلىق، قاششاقلىق ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى يېڭىلىققا ئۈندەش، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ 1944 - يىلى ئۇچتۇرپانغا بېرىپ بىۋاستە ئىگىلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، تىپىكلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىلغار دېموكراتىك كۆز قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈپ، «ئۆگەي ئانا» نامىلىق درامىنى

يېزىپ چىقىدۇ. ئەسەر دەسلەپتە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك سانائىنەفىسە ئۇنى ئونسۇ، ئاۋات، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەردە ئويناپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بۇ دراما ئىزچىل تۈردە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى، قەشقەر شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆپ قېتىم ئوينىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، سەنئەت خەزىنىمىزنى بېيىتقانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ دراما سولچىل سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ، «ئۆلگىلىك تىياتىرلار» دىن باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناش چەكلەنگەن ئاپەتلىك يىللاردا، سەھنىدە ئويناشتىن مەھرۇم قىلىنىدى. درامىنىڭ ئەسلىي ئورگىنالى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ قايتا باھارى يېتىپ كەلگەن 80- يىللاردا «ئۆگەي ئانا» درامىسى قايتا يورۇقلۇققا چىقتى. بۇ ئەسەرنىڭ نامى 40- يىللاردىن تارتىپ جامائەتچىلىككە تونۇش بولسىمۇ، لېكىن درامىنىڭ تېكىستى (سەھنە ئەسىرى) تاكى بۈگۈنگىچە مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنمىغانىدى. بۇ ھال بىر تەرەپتىن كىشىلەر كۆڭلىنى غەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەقەززا قىلاتتى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994- يىلى نەشر قىلغان «قېرى ئاشىق- مەشۇقلار» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمىغا مەزكۇر درامىنىڭ سەھنە ئەسىرىنى كىرگۈزۈپ تۇنجى قېتىم ئوچۇق ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ئۈچۈن بىر يېڭى مەزمۇن تولۇقلاندى. بۇ ھەم سەنئەتكارلارنى سەھنە ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەشتە ھەم ئەدەبىياتشۇناسلارنى يېڭى تەتقىقات تېمىسى بىلەن تەمىنلەشتە ئىلھامبەخش رول ئوينىدى.

«ئۆگەي ئانا» درامىسى 40- يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئېچىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلغان. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك خېلى ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە قانات يېيىپ، بىر قاتار سەھنە ئوبرازلىرى ئۇنۇملۇك يارىتىلىدۇ. درامىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق: رېھىم ئاخۇن ۋاپادار ئايالى مەسۇمخان ئۆلۈپ



كەتكەندىن كېيىن، «خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇ خوتۇننىڭ تېگى- تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي، چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، بالىلارغا ئانا تېپىپ بېرىمەن دەپ» باي ئەۋلادلىرىدىن بولغان زالىم توقاچخان بىلەن توي قىلىدۇ. توقاچخان رېھىم ئاخۇننىڭ ئائىلىسىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرىگە خاس تەبىئىتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيدۇ. كۆرۈنۈشتە رېھىم ئاخۇنغا ساداقەتمەنلىك ۋە ئۇنىڭ يېتىم بالىلىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارنى قاتتىق ئۆگەيلەيدۇ، رېھىم ئاخۇنغا ساداقەتسىزلىك قىلىدۇ. ئۆز ئۆيىدىن قوغلانغان بالىلار ئاچلىقتىن قىينىلىپ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا زار- زار يىغلاپ نالە قىلىدۇ ۋە ھېرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. چۈشىدە مېھرىبان ئانىسى ئايان بولۇپ، ئۇلارغا مېھىر- شەپقەت ياغدۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئوقەت قىلىش ئۈچۈن ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن رېھىم ئاخۇن سەپەردىن قايتىپ كېلىدۇ. بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، سۆزىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىدۇ ۋە توقاچخاننىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ.

ئابدۇللا روزى ئەينى دەۋر تۇرمۇشىدا ئادەتتە ئۇچرايدىغان ئاددىي ۋەقەنى بايان قىلىش ئارقىلىق، يۇقىرى قاتلام بىلەن تۆۋەن قاتلامدىن ئىبارەت بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ ئۆتكۈر ۋە كەسكىن كۆرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. درامىدا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ئىلغار خاھىش خەلقنىڭ چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى، روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتەك دېموكراتىك ئىدىيىسىنى تەربىيىلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

سەنئەت رېئاللىقنى چۈشىنىش ۋە بىلىشنىڭ بىر خىل ئوبرازلىق شەكلى، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن مەنىۋى ھالىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك. ئابدۇللا روزى ئۆزى ياشىغان قاباھەتلىك دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي

تۇرمۇشىدىكى تەڭسىزلىك، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، «ئۆگەي ئانا» درامىسىدا بىر تۈركۈم ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. بۇ پېرسوناژلار ئىچىدىكى رېھىم ئاخۇن ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ئەمگەكچان ئاددىي دېھقان بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئۆزىنىڭ جىسمانىي قۇدرىتى، ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. رېھىم ئاخۇننىڭ ئاساسلىق خاراكتېرى سەممىي، ساداقەتمەن، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش، مۆمىنلىكتىن ئىبارەت، ئەمما ئۇ يامانلىق، ئەسكىلىكنى كۆرسىمۇ نەپرەتلەنمەيدىغان، قارشى تۇرمايدىغان ياۋاش بەندىلەردىن ئەمەس. ئۇ ھېسسىياتلىق، ۋىجدانلىق ئادەم، ئۇنىڭ خاراكتېرى درامىغا قاتناشقان باشقا پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ، گەرچە سەمىمىيلىك، ساداقەتمەنلىك رېھىم ئاخۇن خاراكتېرىنىڭ يادروسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، بالىلىرىغا، كىشىلەرگە بولغان كۆيۈنۈشى، غەمخورلۇقى، ھەقىقەتكە بولغان ئىشەنچىسى تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى، تەسىرلىك ۋە ئېچىنىشلىق ۋەقەلىرى ئىچىدە تاۋلىنىپ يېتىلىپ، ئاددىي دېھقاننىڭ سەمىمىي-سادىقلىقىدىن روشەن ھالدىكى سىنىپىي ئاڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدا زوراۋانلىققا قارشى كۈرەش روھى يېتىلىدۇ. رېھىم ئاخۇن دەسلەپتە خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك توقاچخاننىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭلاشقا بالىلىرىنى توقاچخان بىلەن ئەپلىشىپ ئۆتۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. سەپەردىن قايتىپ كېلىپ بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشقا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، توقاچخاننىڭ ياۋۇزلۇقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ زالىم ئايالغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. دۇرۇس، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇرەككەپ بولىدۇ، جەمئىيەتتە ياشىغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى، مىجەزىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇرەككەپلىككە ئىگە بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئابدۇللا روزى تۇرمۇشنىڭ بۇ لوگىكىسىنى رېھىم ئاخۇن ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا جانلىق پېرسوناژ قىلىپ ياراتقان.

ئابدۇللا روزى درامىسىدىكى مۇھىم پېرسوناژ توقاچخاننى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلەپ، ئۇنى ئۇچىغا چىققان ھازازۇل، بىشەم ئاياللارنىڭ تىپى



قىلىپ ياراتقان. توقاچخان ھەم ھىيلىگەر ھەم ۋەھشىي ئايال بولۇپ، ئۇ رېھىم ئاخۇننىڭ رەھىمدىللىكى، نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئەتىۋارلاپ، رېھىمنىڭ بالىلىرىنى چەتكە قېقىپ ئۆگەيلەيدۇ. ئۆزىنىڭ قىزى تۆھمەت چاپلىسىمۇ راست دەيدۇ، رېھىمنىڭ بالىلىرى راست گەپ قىلسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنى ئاچ قويىدۇ. قەمبەرنىڭ قولىنى قايچا بىلەن كېسىۋېتىدۇ، لاخشىگىر بىلەن ئۇرىدۇ، ئادىلنىڭ دۈمبىسىگە قىزىق دەزمالنى ياقىدۇ، بالىلارغا «ئوغرىلار» دەپ بەتنام چاپلايدۇ. قەمبەرنى ئوقۇشتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆي ئىشىغا سالىدۇ. بۇ بىزگە شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە يازسىلا، پېرسوناژلار ئوبرازى يازغۇچىنىمۇ ئالغا يېتەكلەپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە باي تۇرمۇش مۇھىتىغا باشلاپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. توقاچخان ئوبرازىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەڭ دەسلەپكى سەلبىي پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ۋە ئۇلار بىلەن تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. توقاچخاننىڭ سەلەي باي بىلەن قىلىشقان سۆزىدە ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلام تەبىقىسىگە خاس چىرىك ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن:

توقاچخان: باي بولدۇم، كۆزۈمگە ياغ تولدى، شۇڭا نىساخاننى ھەيدىۋېتىمەن دېسىلە.

سەلەي: تېخى نادان ئىكەنلا خېنىم، «ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان بار، تاشلاپ قاچىدىغان قىز» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، مەنچۇ (كۆرەڭلەپ) سىلىنى ئون قىزغا تەڭ قىلمايمەن دېسىلە.

توقاچخان: (نازلىنىپ) شۇڭا مەنمۇ بېشىمغا ھەر خېيىمخەتەرلەرنى ئېلىپ قويۇپ، توقلەنەتلەرگە پىسەنت قىلماي، كۆڭلۈمنى سىلىگە بېرىپ يۈرۈيمەن ئەمەسمۇ؟ !

درامىدا يەنە بىر مەككار خوتۇن قۇۋانخاننىڭ ئوبرازى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. قۇۋانخان چىرىك تۇرمۇش قاتلىمىدىكى شەھۋانىيلىق بازىرىنىڭ ماھىر بېدىكى. ئۇنىڭدا ئار ـ نومۇس، ئىنساپ، دىيانەت، ۋىجدان مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە بىر تەرەپتىن بۇۋۇلىكنى، يەنە بىر تەرەپتىن شەھۋانىي بېدىكلىكنى كەسىپ قىلغان. شۇڭا قولىدا تەسۋى سىيرىپ، ئاغزىدا دۇرۇت ئوقۇپ يۈرسىمۇ ئەمەلىي ئىشى پۈتۈنلەي مەككارلىق، شەھۋانىي بېدىكلىكتىن ئىبارەت، خالاس. ئۇ ئىككى خىل كەسىپنى بىراقلا ئىشقا سېلىپ، يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. نادان كىشىلەرنى ياغلىما سۆزلەر بىلەن بابلايدۇ. ئۇ توقاچخاننىڭ ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ مۇشۇ سالاھىيىتىم، قولۇمدىكى تەسۋىيىم بولسىلا، ھەممىنى ئويان ـ بۇيان قىلالايمەن، دۆنى كۆندۈرۈپ، بۆرىگە ئەگەر توقۇيالايدىغان خوتۇنمەن» . . . روھىي دۇنياسى رەزىللىك، پەسكەشلىك بىلەن تولغان بۇ مەككار خوتۇن سېلىم، ئابلا مىراب، سەلەي باي قاتارلىقلارنىڭ شەھۋانىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن توقاچخاننى تاپىدۇ. توقاچخاننى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «خوشال ـ خورام ئويناۋەرسىلە، ھەرگىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمىسىلە. ماڭا قارىسىلا، كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئادەم 10 يېشىدا قوزا، 20 يېشىدا بۆرە، 30 ياشتا تۈلكە، 40 ياشتا يولۋاس . . . بولارمىش. مانا ھازىر سىلى تازا تۈلكە مەزگىلىدە كېتىۋاتىدىلا. لاچىندەك ئاسماننىڭ قەھرىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان ۋاقىتلىرى. بەدەنلىرى قاش تېشىدەك سۈزۈك، پاختىدەك يۇمشاق، چىرايلىرى قىزارغان ئالمىدەك رەڭدار، چاچلىرى سۇمبۇل، قاشلىرى قۇندۇز، بەللىرى بىر تۇتام، بويلىرى ئەۋرىشىم، مەڭزلىرى قىپقىزىل ئانارىدەك. كۆكسىلىرى قاراقول ئالمىسىدەك . . . شۇنداق چېكىپ دەسسەپ ماڭىدىغان بولسىلا قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئەۋرىشىم بويلىرىغا چىرمىشىپ، مىڭ يىگىتنى داغدا قويۇپ كېتەلىگىدەك جىلۋىلىرى بار ئەمەسمۇ.» بۇ سۆزلەردە قۇۋانخاننىڭ ئەسلىي ماھىيىتى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەتتە يامان سۈپەتلىك ئىجتىمائىي ئۆسمە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيىتى زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە ئېچىپ



بېرىلگەن. قۇۋانخان ئوبرازى ئەمەلىيەتتە توقاچخاننىڭ ھەم مەككارلىقى ھەم زالىملىقىدىن ئىبارەت چىرىك تەبىئىتىنىڭ ئېچىپ بېرىلىشى ئۈچۈن يارىتىلغان، بۇ پېرسوناژلار ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. توقاچخان ۋە قۇۋانخان خاراكتېرىنى ئەينى دەۋردە مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بەزەن مەنىۋى زەبۇنچىلىقلىرىمىزغا قوشۇلغان بىر خىل روھىي مەرەزلىك دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى تىرىكتاپلىق، تەييارتاپلىق كەيپىياتى قاپلىغان، بۇ بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر بەختسىزلىكنىڭ تۈگۈنى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەرەزلىك پاش قىلىنمىسا، ئەيىبلەنمىسە، يوقىتىلمىسا، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەيدۇ، مىللىي ئازادلىق، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كەيپىياتىنى تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. ئاپتورنىڭ قۇۋانخان ئوبرازىنى يارىتىشىمۇ دەل مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ مەرەزلىكلەرنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئابدۇللا روزى درامىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى، سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئادىل، قەمبەر، پاتىمە، ئۆمەردىن ئىبارەت بالىلار تۈركۈمى ئوبرازى ۋە مېھرىبان ئانا مەسۇمخان ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ پېرسوناژلارمۇ ئەمەلىيەتتە رىھىم ئاخۇن، توقاچخاندىن ئىبارەت ئىككى زىددىيەتلىك ئوبرازنى تېخىمۇ مۇكەممەل يارىتىش ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىگە كۆپرەك چېلىقىدىغىنى 16 ياشلىق ئادىل بىلەن 13 ياشلىق قەمبەر. بۇ بالىلار ئاساسەن رىھىم ئاخۇن بىلەن توقاچخاندىن ئىبارەت ئىككى قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى جىددىيلەشتۈرۈش، ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. توقاچخان بالىلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بالىلار تۇپراق بېشىغا بېرىپ ئۆز ئانىسىنى ئەسلەيدۇ. مېھرىبان ئانا مەسۇمخان قەبرىنى يېرىپ چىقىپ، دەردمەن بالىلىرىنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئۇلارغا شەپقەتكە تولغان قوينىنى ئاچىدۇ، بالىلىرىنى باغرىغا باسىدۇ. بۇ ئانا ئۇلۇغ

ۋەتەن بولۇپ، ئۇ ھازىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا دەپسەندە قىلىنغان، خارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان بىر كۈنى سۇمۇرغلاردەك قايتا تىرىلىپ، قەد كۆتۈرۈپ بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. مانا بۇ درامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي ئىدىيە ـ باش تېما.

«ئۆگەي ئانا» گەرچە ئىككى پەردە، تۆت كۆرۈنۈشلۈك ئىخچام دراما بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى كىچىك ئەمەس. ئۇ مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، پېرسوناژلار خاراكتېرى ئاپتور تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن ۋەقە، سۇژېتلارغا ماكرولۇق جەھەتتىن ماسلىشىپلا قالماستىن، مىكرولۇق جەھەتتىن كىشىلەرگە تونۇش ئىجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىت ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ئاپتور ئۆگەي ئانا توقاچخان بىلەن يېتىم بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىددىيەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، تەدرىجىي ھالدا درامىنىڭ ئاساسلىق سۇژېت لىنىيىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئىككى تەبىقىنىڭ ئېلىشىشى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ، ئاخىرىدا ھەققانىيەت، ئادالەت كۈچلىرىنىڭ زوراۋان كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىپ، تاماشىبىنلارغا ئىشەنچ تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دراما ۋەقەلىكى ئۆتكۈر دراماتىك توقۇنۇش ھاسىل قىلالايدىغان ئىجتىمائىي كۈرەش مۇھىتى ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇلغان. ئاپتور خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى، ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىنكاس قىلىپ بېرەلەيدىغان، بوران ـ چاپقۇن بىلەن تولغان دەۋر روھىنى چۈشىنىشكە يېقىندىن ياردەم بېرەلەيدىغان ۋەقەلەرنى تاللىۋالغان. قەمبەرنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ، قەمبەر ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

*ئۆگەي ئانا زۇلمىدىن،*
*غۇنچە گۈلۈم خار بولدى.*



*كۈندە يىغا دەرد ـ ئەلەم،*
*زامان بىزگە تار بولدى.*

بۇ ناخشا يېتىم بالىلارنىڭ زۇلمەتكە بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىق روھىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، شەخسلەر خاراكتېرىنى تولۇق ۋە تەسىرلىك ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور تاماشىبىنلارغا پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ قانداق ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ياكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ يارقىن، ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، پېرسوناژ پائالىيەت قىلىدىغان تېپىك مەيدان كۆرۈنۈشىنى چوڭقۇر ئويلىشىپ، تەبىئىي ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا سەھنە تۈزۈلۈشى، ئارقا كۆرۈنۈش پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى، ئىچكى ھېسسىياتى، ئومۇمىي كەيپىياتىغا زىچ ماسلاشتۇرۇلغان. يەنە كېلىپ بۇ مەنزىرە، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېتنىك خۇسۇسىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، درامىنىڭ ئىككىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈشىدىكى پائالىيەت مەيدانى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: «چوڭ خانىقا ئالدىدىكى زەرەتگاھلىق. بىر نەچچە قەبرە، سول تەرەپتە ئۈستىگە تۇغ، شادا، مۈڭگۈزلەر قويۇلغان چوڭ بىر گۈمبەز خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈپ قاقشال قاغا جىگدە. كېيىملىرى جۇل ـ جۇل، روھى چۈشكەن ئادىل ئۆمەرنى يۇدۇپ، قەمبەر پاتمەنى يېتىلەپ سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ.» مانا بۇ كۆرۈنۈش ئارقىلىق زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ كۆلپەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ مۇدھىش قىياپىتى، سەبىي بالىلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان قىسمەتلىرى تەسىرلىك ھالدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

تۆتىنچىدىن، پېرسوناژلارنىڭ تىلىنى خاسلاشتۇرۇش، مىللىيلاشتۇرۇش، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش، يەرلىكلەشتۈرۈش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈنگەن. مەلۇمكى، تىل سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىلى. دراما تىلى ئۇزۇن، ھېسسىياتسىز بولسا، ۋەقەلىك قانچە مۇكەممەل، ھەيۋەتلىك بولغىنى بىلەنمۇ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. ئابدۇللا روزى بۇ تەرەپكىمۇ ئىنتايىن

قاتتىق كۆڭۈل بولۇپ، دراما تىلىنى تاۋلاشتىن ئۆتكۈزگەن، چۈشىنىشلىك خەلق تىلىغا ئايلاندۇرغان. توقاچخان بىلەن سەلەي باينىڭ دىئالوگلىرى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە تولىمۇ ماسلاشقان. مانا بۇ ئۇيغۇر رېئالىستىك تىياتىرچىلىقىنىڭ دىئالوگ تىلى جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا قوشۇلغان يېڭى سەھىپە. درامىدا قوللىنىلغان تىل ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يارقىن، ئوبرازلىق، دراماتىك بولۇشتەك مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

نۆۋەتتە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئۆگەي ئانا» درامىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن قايتا ئىشلەنگەنلىكتىنمۇ، ياكى درامىنىڭ ئەسلىي ئورگىنالىدا شۇنداق يېزىلغانمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، درامىدا بىر، ئىككى ئېپىزوت چىنلىقتا ئۇيغۇن بولماي قالغان. بۇنىڭ بىرى، درامىنىڭ ئىككىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈشىدە، باللار قەبرىستانلىقتا بېرىپ، ئۇخلاپ قېلىپ چۈشىدە ئانىسىنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئادىل بىلەن قەمبەر دادىسى سەپەردىن كەلگىچە شەھەردىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشنى مەسلىھەت قىلىدۇ، ئادىل ئۇكىلىرىنى ئېلىپ تاغىسىنىڭكىگە كەتمەكچى، قەمبەر بولسا خانىم (ئوقۇتقۇچى) نىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرماقچى بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا رېھىم ئاخۇن ئۇلارنى ئىزدەپ قەبرىستانلىققا كېلىدۇ. قەمبەرنىڭ رېھىم ئاخۇنغا دەۋاتقان گېپىدىن ئادىلنىڭ ھاماچىسىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقانلىقى، ئىككى ئۇكىسى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە، ئۆزى بولسا خانىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ زادى قايسىسى راست ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىش تەس. شۇڭا ۋەقەگە نىسبەتەن شەك پەيدا بولىدۇ. يەنە بىرى، رېھىم ئاخۇن سەپەردىن كېلىپلا باللىرىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكى، ھېلىقى ھازازۇل خوتۇننىڭ «باللار ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى» دېگەنلىكى، ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، قوشنىلارنىڭ گېپى بويىچە قەبرىستانلىققا كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەمما ئىككىنچى پەردە ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە (ۋاقتى: ئىككىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈشتىن بىر كۈن كېيىن) توقاچخان رېھىم ئاخۇننىڭ سەپەردىن تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «قوۋانخان: . . . ماڭا قارىسىلا خېنىم،



رېھىم ئاخۇن كېلىپ ‹باللار قېنى؟› دەپ قالسا نېمە دەيلا؟ توقاچخان: ۋايىيەي، ئۇنداق گەپلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان توقاچخان ئەمەسمەن، قىزىڭ يوغانچىلىق قىلدى، تالادا سەت ئىشلارنى قىلىپ يۈردى، چوڭ ئوغلۇڭ مۇشت كۆتۈردى، بويسۇنماي مېنى بوزەك قىلدى، دەپ شۇنداق داد ـ پەرياد كۆتۈرىمەنكى، رېھىمباي دېگەن زۇۋان سۈرەلمەي قالىدۇ». مانا بۇ ۋەقەلەر بىر ـ بىرى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

بەدىئىي ئىجادىيەتتە ۋەقەلەرنىڭ چىن، ئىشەنچلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەقە، سۇژېتلارنىڭ ئىشەنچلىك بولماسلىقى، بىر تەرەپتىن، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تاماشىبىنلارنىڭ چۈشەنچىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سەھنە ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. پەقەت تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەينەن، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرلا ئىجابىي ئۈنۈم بېرەلەيدۇ ۋە ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ.

## §9. مۇھەممەتئىمىن توختايوپنىڭ «قانلىق يەر» ناملىق رومانى ھەققىدە

1945 ـ 1946 ـ يىللىرى قەشقەردە يېزىلغان «قانلىق يەر» رومانىنىڭ 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىشى ئەدەبىياتىمىزدىكى چوڭ بىر خۇشاللىق ئىش بولدى. ئەنە شۇ خاسىيەتلىك رومانىنىڭ ئاپتورى، فوتوگراف مۇھەممەتئىمىن توختايوپ 1920 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى قىزىلدۆۋە بازىرىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە، 1936 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى

دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، 1937 — 1942 - يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە فوتوسۈرەت كەسپىنى ئۆگەنگەن ۋە بۇ ئىدارىدە خىزمەت قىلغان، لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1941 - يىل ئىيۇندا «شىنجاڭ گېزىتى» گە تەقسىم قىلىنىپ كەلدى، مۇھەممەتئىمىن توختايوپ بۇ مەزگىلدە شائىر ل. مۇتەللىپ بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى، 1943 - يىلى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشتى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مۇستەبىتى شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، ماركسىزم، لېنىنىزمدىن ۋاز كەچتى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆردى، شىنجاڭ مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە قامىدى، شۇ قاتاردا مۇھەممەتئىمىن توختايوپمۇ قولغا ئېلىنىدى، تۈرمىگە تاشلاندى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «11ماددىلىق بىتىم» گە ئاساسەن، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەر بىلەن بىللە مۇھەممەتئىمىن توختايوپمۇ تۈرمىدىن چىقىپ قەشقەرگە كەتتى. 1946 - يىل 23 - مارتتا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تىياتىر - كىنوچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى، شۇ يىلى مۇھەممەتئىمىن توختايوپ شىنجاڭ مەدەنىيەت خادىملىرى جىددىي ئېھتىياج بولۇپ تۇرغان كىنو فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىش كەسپىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شاڭخەيگە باردى. شاڭخەيدىن قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ ياشلار ئانسامبىلىدا خىزمەت قىلدى، 1947 - يىلى شىنجاڭ ياشلار ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىللە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەرگە باردى، ئۇلار نەنجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە ئالتە ئاي ئويۇن قويۇپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولۇپ قايتىپ كەلدى. 1948 - يىلى ئۇ يەنە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن شياڭگاڭغا باردى، ئۆگىنىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ شاڭخەيگە كېلىپ، «تەگرىتاغ رەسىملىك ژۇرنىلى» دا بىر مەزگىل ئىشلىدى، مەملىكىتىمىز ئازادلىقىنىڭ



خۇشال كۈنلىرىنى شاڭخەيدە كۈتۈۋالدى، 1951 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر شىنجاڭ ھەربىي رايونى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ كىنو ئەترىتى، ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلدى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى بولدى، ئازادلىقتىن كېيىن ئەرشىدىن تاتلىق، شۈكۈر يالقۇن، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن قويۇق دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ھېكايە، پوۋېست، دراما ئەسەرلىرىنى يازغان، ئۇ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورىگىناللىرىنى ساقلاپ كەلگەن، ‹‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›› دا بۇ مەدەنىيەت تەشۋىقاتچىسىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، كېسەلچان بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇ ئەسەرلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ يوقاپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. بىر كېچىسى ئەسەرلىرىنى ئۈچ يەشىككە قاچىلاپ خەنزۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىپ يوشۇرۇپ قويىدى. ئۇ گەرچە ئۈرۈمچى، شاڭخەي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان بولسىمۇ ، ئۇنۇم بەرمەي 1969 - يىلى 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئەسەرلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ساق - سالامەت ئۆتكەن بولسىمۇ،1983 - يىلى ئۆيىگە ئوت كېتىپ ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى.[①]

مۇھەممەتئىمىن توختايوپ كۆپلىگەن ئاخبارات سۈرەتلىرىنى تارتقان، ئۆزىمۇ خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەن. لېكىن ئۇنىڭ رومانىنى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىدىغان چاغدا كىتابقا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىرەر پارچە رەسىممۇ تېپىلمىغان،بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە؟!

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان باسقۇچىدىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىغا ئۆتىدىغان مۇشۇ ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان «قانلىق يەر» رومانىدا ئاپتور 30 - ،40 - يىللارنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنى، تارىخىي

① توختايوپ ئائىلىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرەمدىن — ئاپتوردىن.

يۆنىلىشىنى مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قانچە يېزىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېپىكلەشتۇرۇپ، روشەن خاسلىق ۋە ئورتاقلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىگەن، شۇڭا رومان ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە ئالدى بىلەن سۈژىت قۇرۇلمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاشۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

30 - يىللاردا شىنجاڭ تارىخىدا مەدەنىيەت ، ئاقارتىش پائالىيىتى مىسلىسىز كەڭ قانات يايدۇرۇلغان يىللار ئىدى. بۇ داغدۇغىلىق ھەرىكەتكە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە زىيالىيلىرى، شىنجاڭدا مەدەنىيەت تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن پارتىيىمىز شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار، مەملىكەتكە تونۇلغان مەشھۇر زاتلار رەھبەرلىك قىلغانىدى. بۇ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە نادانلىق، قالاقلىق، خۇراپىيلىق، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى كۈچلۈك تەشۋىقات يۈرگۈزۈلدى. نەتىجىدە تۈركۈم- تۈركۈملەپ ياشلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، دىلى يورۇپ، ئىلىم- پەننى ئۆگىنىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنى ئويغىتىش دولقۇنىغا قېتىلدى. روماندا شۇ دەۋردە ياشىغان سايىتاخۇن، قايىتباي، سالى باي، ھامۇتتىن ئىبارەت ھەر جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تۆت ئائىلىگە چېتىلىپ تۇرىدىغان ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت ۋەقەسى تەسۋىرلىنىدۇ. ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، مۇرەككەپلىشىشى، جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ 24 پېرسوناژ مەيدانغا چىقىدۇ. ئاپتور روماننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش، ئىچكى جەھەتتىن ئورگانىك باغلىنىشىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئەپچىل ھەجىملىك ماۋزۇچاقلارغا بۆلۈپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى تاللىۋالغان. ۋەقەلىكنى راۋان، تەرتىپلىك ھەم قىزىقارلىق ئىپادىلەپ بېرىشتە بۇ خىل ئۇسۇل ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلغان. روماننىڭ ئاخىرىدا ۋەقەلىك قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىنى تېخىمۇ مۇدھىش، قاباھەتلىك مۇھىت ئىچىگە ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان



مىليونلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئۇلار دۇچ كەلگەن پاجىئەنىڭ دەۋر پاجىئەسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۇرىدۇ. سادىق، رەناخان، روسۇل قاتارلىق ياشلارنىڭ شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئىنسانىي غۇرۇر، ۋىجدانىغا ئىگە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەر قەلبىدە غەزەپ- نەپرەتنىڭ كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىدۇ.

تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىش رومان ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، چۈنكى رومان كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. «قانلىق يەر» دە ئاپتور سادىق بىلەن رەناخاندىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت جەريانىنى ئاساس قىلىپ، سايىتاخۇن، ئايخان، مۇھەممەت ئاكا، روسۇل، ئايىمخان، مەريەمخان، ئايشەم، تاجىخان ۋە تۈرمىداشلاردىن ئىبارەت ئىجابىي پېرسوناژلار تۈركۈمى بىلەن بىللە سالى باي، چولپانخان، ھامىت، قەمبەرخان قاتارلىق سەلبىي پېرسوناژلار تۈركۈمىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژ بولغان سادىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ياشلارنى نابۇت قىلىدىغان ئائىلە باشقۇرۇش تۈزۈمىگە كەسكىن ھالدا قارشى چىقىپ، ھەركىم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

سادىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى قىزىلدۆۋە بازارلىق مەكتەپنىڭ ياش مۇئەللىمى. ئۇ ياشلىق دەۋرىگە ئەمدىلا قەدەم تاشلىشى بىلەن «قىشلىق ئۇيقۇدىكى قۇرت- قوڭغۇزلار باھار گۈلدۈرمامىسىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئويغانغاندەك» (59- بەت) گۈزەل قىز رەناخاننى بىرلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايدەك ھۆسن- جامالىغا ئاشىق - بىقارار بولىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ «باھار ئىلاھى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقان سۆيگۈ - مۇھەببەت مايسىسىنى سادىقنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇرىغا كۆچۈرىدۇ»(59- بەت). بىراق سالى باينىڭ لۈكچەك، خوتۇنباز ئوغلى قادىر رەناخاننى توقاللىققا ئېلىشنى قەستلەيتتى. رەناخاننىڭ دادىسى قايىتبايمۇ رەناخاننى باينىڭ بالىسىغا بېرىشكە رازى ئىدى. پۇل ۋە بايلىق ھەممىنى ھەل قىلالايدىغان ئۇ زاماندا بۇ تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق ھەل قىلىنىشىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايتتى. مۇشۇ خىل ھالەتتە سادىقتەك

بىركەمبەغەل يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ رەناخاندەك ئەتىۋارلىق قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشى «ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇپ ئالىمەن» دېگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. مۇنداق كەسكىن ۋە ئۆتكۈر زىددىيەت ئالدىدا ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھېسسىياتقا باي يىگىتنىڭ روھىي ھالىتىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئاپتور ئەمەس، بەلكى ئوبىيكتىپ رېئاللىق بىلەن شۇ روھىي دۇنيادىكى تەرەققىيات ھەل قىلىدۇ. ئاپتور مۇشۇ نۇقتىدىن چېكىنمىگەن ھالدا ئۆزى يارىتىۋاتقان ئوبرازنىڭ خاراكتېرى، ئادىمىيلىكى، ئىنسانىي پەزىلىتىدىن چەتنەپ كەتمىسىلا، پېرسوناژنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئاپتور يالغۇز سادىقنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنى ئىپادىلەشكە كۈچ سەرپ قىلماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئەقىدىسى ۋە خاراكتېر چىنلىقىنى ئېچىپ بېرىشكىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. رومانىنىڭ بېشىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشرەپ ئويۇنىدا قادىرنىڭ سادىقنى نامرات، كەمبەغەل دەپ پەس كۆرۈپ، ياراتماي بوزەك قىلىشى ئارقىلىق ئاپتور سادىقنىڭ سەۋرچان، كەچۈرۈمچان، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يىگىت ئىكەنلىكىنى، قادىرنىڭ تولىمۇ يەڭگىل، شاللاق بىر نېمە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كىتابخانلاردا سادىققا نىسبەتەن ھېسداشلىق، ھۆرمەت تۇيغۇسى، قادىرغا نىسبەتەن نەپرەتلىنىش، غەزەپلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ. رومانىنىڭ ئاخىرىدىكى قادىرنىڭ ساقچىلارغا پارا بېرىپ، سادىقنى قولغا ئالدۇرۇشى، ئۇرۇمچىدىكى تۈرمىلەرگە سولاتقۇزۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىشى ئارقىلىق قادىرنىڭ ياۋۇز تەبىئەتلىك قەبىھ ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى، سادىقنىڭ مەڭگۈ سادىق بولىدىغان غۇرۇرلۇق، قەيسەر ئىرادىلىك يىگىت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

رومان پېرسوناژلىرى تۈرمۇشنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىرى ئىچىدە يارىتىلىدىغانلىقى، ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىنى بىۋاستە ئەمەلىي تۇرمۇشقا قاتناشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق. ئەمما تارىخىي، مىللىي، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەت كۈچى تۈپەيلىدىن، ئايرىم ھاللاردا پېرسوناژلارنى



ئەمەلىي كۈرەش ئىچىگە ئەكىرمەيمۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرمايمۇ مەلۇم تىپىك مۇھىت ئىچىدە ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، پورترېتى ـ گۈزەل قەددى ـ قامىتى، لاتاپەتلىك قىياپىتى، نازۇك بەدىنى، ئىنچىكە تەبىئىتى، سىپايە مىجەزى، نەپىس كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئېسىل زىبۇ زىننەتلىرى، باغۇ ئىرەم، ھەيۋەتلىك ھۇجرىلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۇچۇن بولماستىن، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، نېگىزلىك خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى يان تەرەپتىن ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىش ئۇچۇندۇر. بۇ خىل پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش شەكلى ئۇيغۇر كلاسسىك داستانلىرى، قىسسىلىرى، ئېپوسلىرىدا ئاياللار ئوبرازىنى ياراتقاندا كۆپرەك قوللىنىلاتتى. مۇھەممەتئىمىن توختايوپ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان، چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ «قانلىق يەر» رومانىدىكى مۇھىم پېرسوناژ رەناخان ئوبرازىنى يارىتىشتا سىناق قىلىپ قوللىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. رەناخاننىڭ ئىندىۋىدۇئال كۆرۈنۈشلىرىنى يارىتىپ، خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان. بۇ ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۆز قەھرىمانىنى مۇناسىپ بولمىغان غايىۋى پەزىلەتلەر بىلەن بېزەشتىن ساقلىنىپ، ئۇنى چىنلىق ۋە رېئاللىقنىڭ كەڭ بەدىئىي زېمىنىدا ھەرىكەت قىلدۇرالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئاپتور رەناخانغا باشتىن ـ ئاياغ ھۆرمەت كۆزىدە قارايدۇ. ئۇنى رومان گۈلزارلىقىدا گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئەتىرگۈل غۇنچىسى، چاڭقىلداپ سايراپ تۇرغان بۇلبۇل سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. رەناخان فېئودال ئائىلە ئاسارىتىدە، بوسۇغا ئاتلاپ تالاغا چىقىش، كىشىلەرگە ئارىلىشىش مەنئى قىلىنغان مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ نازاكەتلىك ساھىبجامالى ھەر قېتىم ئاشكارىلانغاندا گويا بۇلۇت ئىچىدىن ئاي چىققاندەك ئەتراپنى بىر خىل يورۇقلۇق، چاقناپ تۇرغان نۇر قاپلايدۇ. ئەمما رەناخان پارنىك ئىچىدىكى گۈل، قەپەسكە سولانغان بۇلبۇل ئەمەس. پۈتكۈل جەمئىيەتنى لەرزىگە سالغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ كۈچلۈك شاملى بۇ جاھىل قورغاننىڭ ئىچىگىمۇ بۆسۈپ كىرىپ، رەناخاننىڭ نازۇك قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. رەناخان يېڭى مەدەنىيەت تەشۋىقاتىنى

قوللايدۇ، يېڭىلىق تەرەپدارى بولىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى قايىتباي تالادىن ھويلىغا دەرغەزەپ بولۇپ كىرىپ كېلىدۇ. قايىتباينىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ھويلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. دەل شۇ چاغدا، قايىتباينىڭ ئەتىۋارلىق قىزى رەنا خېنىم گۈللۈكتىن يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كېلىدۇ ۋە دادىسىغا سۆز باشلايدۇ:

— دادا، نېمىگە شۇنچىلا چىچىلىلا؟

— ھېچ... ھېچنېمىگە، — قايىتباي قىزىنى كۆرۈپ، خۇددى پالىلداپ تۇرغان گۆھەرنى كۆرگەندەك دەرھاللا كۈلدى.

— دېسىلە دادا، كىمنى تىللاۋاتىدىلا ؟ — دېدى رەناخان خۇددى پاقلاندەك يېپىشىپ ئەركىلەپ.

— ھەي، ئاشۇ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكىلەرگە چىچىلىمەن قىزىم. ئۇلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە يىغىن، يىغىن دەپلا ئۆتىدۇ.

— ئۇلار يىغىن ئاچسا سىلىگە نېمە دەز كەتتى؟

— ئۇلار يىغىننى تۇرمىگە بېرىپ ئاچامدۇ، پۇرمىگە بېرىپ ئاچامدۇ، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك. بىراق ئۇلارنىڭ يىغىنى ئاخىر مېنىڭ ھەمىيىنىمغا تاقىلىپ قالدى ئەمەسمۇ.

— ھېچ چۈشەنمىدىم ،دادا.

— ئۇلار مېنى شەھەردە توسۇۋېلىپ پۇل ئىئانە قىلسىلا، دەپ تۇرۇۋالدى، مەن مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە يىغىن ـ پىغىن دېگەننى، يىغىن ئېچىپ پۇل ئىئانە قىل، دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان، غەلىتە ئىش ـ تە، ھۇ ئەبلەخلەر. ئۇلارنىڭ يىغىنى بىلەنغۇ مېنىڭ كارىم يوق، ئەمما پۇل ئىئانە قىل، دەپ پۇلۇمنى ئېلىۋالسا بولامدۇ ؟

— نەچچە پۇل بەردىلە؟

— ئۇلار بەش تەڭگەمنى ئالدى. بەش تەڭگىگە ئىككى مېكىيان كېلەتتى ـ دە! — دېدى قايىتباي بىر قولى بىلەن ھەمىيىنىنى سىلاپ، بىر قولى بىلەن ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەلەم بىلەن.

— بەش تەڭگە؟ — دېدى رەناخان دادىسىغا ئەركىلەپ، — بەك ئاز بېرىپلا دادا، كۆپرەك بەرسىلە بولماسمىدى؟



دادا بىلەن قىزى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان بۇ دىئالوگدا قايىتباي بىلەن رەناخاننىڭ روھىي دۇنياسى، ئۆز ئارا بىر بىرىگە زىت تۇرمۇش قارىشى تولىمۇ يارقىن تەسۋىرلەپ بېرىلگەن، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، خاراكتېرى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلەش ئادەتلىرى ھەرىكىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن، گەپنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ رەناخاننىڭ ساددا، نادان خاراكتېرى،ئەركە خۇلق بىلەن تولغان مىجەزى روشەنلىشىدۇ. بۇ ئائىلە قەپەسىدە سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ مەدەنىيەت، ئاقارتىش، ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قوللايدىغان يېڭىلىق تەرەپدارلىرىدىن ئىكەنلىكى ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىمىز. ئاپتور بۇ يەردە مەزمۇننىڭ ئېنىق ۋە جانلىق بولۇشىغىلا ئەمەس، يەنە دىئالوگنىڭ جانلىق، ئىندىۋىدۇئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، پېرسوناژ خاراكتېرىگە ماسلاشقان، ئىچكى مەزمۇنغا باي، قىزىقارلىق بولۇشىغا كۈچ سەرپ قىلغان. ھېسسىياتلىق بەدىئىي تىل بىلەن ئوبرازنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن. تەپسىلات، مۇھىت، پورترېت، ھەرىكەت، پىسخىك تەسۋىرلەردە خېلى يۇقىرى روشەنلىك ۋە جانلىقلىق يارىتىلغان. پېرسوناژ خاراكتېرى بىلەن تېماتىك مەزمۇننىڭ ئېھتىياجى ئاساس قىلىنىپ، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ مەنتىقلىق قاتلاملىرى، ۋەقە راۋاجى تەبىئىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان. رەناخاننىڭ قىزلىق دەۋرى تۈگەپ، سادىقنىڭ ئايالى بولغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى يەنە ئۆزگىچە جۇلالىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئېرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەر دەستىدىن ھەر كۈنى تۈرمىگە تاماق توشۇيدۇ، ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ، دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى كۆرىدۇ، ئۇزاق سەپەرنى بېسىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سادىقنى كۆرۈش ۋە قۇتۇلدۇرۇشقا ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. دېمەك، بۇ يېڭى ئائىلىگە كېلىۋاتقان كۈلپەت رەناخاننىمۇ جەمئىيەتكە ئاچچىقىپ قىينايدۇ، پاجىئەگە مۇپتىلا قىلىدۇ. مانا بۇ بىر تۇتاش سۇژېتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەمئىيەت تەرەققىياتىغىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، پېرسوناژلار پائالىيىتىنى باي مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلىگەن، ئاپتور سۇژېتنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا باي تىپىك ۋەقەلەردىن تۈزۈلۈشىگە، پېرسوناژلار

مۇناسىۋىتى بىلەن زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ دولقۇنلۇق، تۇرمۇشلۇق، يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق بولۇشىغا، مۇرەككەپلىك ۋە ئەگرى - توقايلىقىغا ئېرىشىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان.

روماندا ئۆزىنىڭ غەلىتە مىجەز- خاراكتېرى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇ بولسىمۇ يېرىنى ئىجارىگە، پۇلىنى قەرزگە بېرىپ شۇنىڭدىن كىرگەن دارامەتتە يەتتە چاقىرىملىق دەريا بويىغا جايلاشقان چاھار باغدا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان راھەت - پاراغەتتە ياشايدىغان قايىتباي ئوبرازى. قايىتباي ھەم خەسىس ھەم گەپ يېمەيدىغان كاج، تەرسا ئادەم. مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ، شىنجاڭ تارىخىدا مىسلىسىز كەڭ كۆلەمدە قانات يايغان، تەنتەنىلىك بۇ ئاممىۋى ھەرىكەتكە ھەر قايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر زاتلىرىلا قاتنىشىپ قالماستىن، بەلكى ئاددىي خىزمەتچىلەر، شەھەر ئاھالىلىرى، ئائىلە ئاياللىرى، ھۈنەرۋەن، كاسىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، دېھقان- چارۋىچىلار ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتنىشىدۇ، ۋەھالەنكى قايىتباي بۇ ھەرىكەتكە قاتناشمايلا قالماستىن، چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي، كونسېرۋاتىپ، كونىلىقنى ياقلىغۇچى، يېڭىلىققا قارشى تۇرغۇچى، قاتمال ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قايىتباي پۇل، مال- دۇنيا دېسە ھەرخىل نومۇسسىز ئىشنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. ئۇ مال - دۇنيا كۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى رەناخاننى سالى باينىڭ يوغان قورساق، بويى پاكار، سامان تىققان تاغارغا ئوخشايدىغان، يۈز- كۆزىنى ساقال باسقان، چىشلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل (26 - بەت) ئوغلى قادىرغا ئالتىنچى خوتۇنلۇققا خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ، قىزىنىڭ بەخت- سائادىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىدىغانلىقى، غۇنچە گۈلىنىڭ سولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ، قايىتباينىڭ پۇلپەرەسلىكى، كاجلىقى، خەسىسلىكى ئىچىگە شاپائەت، مېھىر- شەپقەتمۇ يوشۇرۇنغان. بۇ خىل پەزىلەت ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تەكتىگە كۆمۈلگەن، يەنى قايىتباينىڭ قەلبىدە كەچۈرۈم بىلەن تەرسالىق،



خەسىسلىك بىلەن مەردلىك، رەزىللىك بىلەن مېھرىبانلىق، پەسكەشلىك بىلەن شاپائەت تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۆرىتى كەلگەندە تەرسالىق كەچۈرۈمگە، خەسىسلىك مەردلىككە، رەزىللىك مېھرىبانلىققا، پەسكەشلىك شاپائەتكە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ، يول قويىدۇ. ئاپتور قايىتباي خاراكتېرىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىچكى ھالىتىنى تۇتۇۋېلىپ، جىددىي دراماتىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق مەردلىك، كەچۈرۈمچانلىق، مېھرىبانلىق، شاپائەتلىك تەرىپىنى كېڭەيتىدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ. قايىتباينىڭ بۇ خىل ئاجىزلىقى رەناخان مۇھەببەت پاجىئەسىگە دۇچ كەلگەندە ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ يۈرەك پارىسى يولۇقۇۋاتقان ئاجايىپ قىسمەتلەرنى كۆرگەن ھامان قايىتباينىڭ كاجلىقى، تەرسالىقى، زالىملىقى بوشىشىپ كېتىپ قىزىنىڭ رايىغا باقىدۇ، توي كۈنى رەناخاننىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قايىتباي قاتتىق بىئارام بولىدۇ، خۇرسىنىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ. ئەمما ئاز ئۆتمەي قىزىنىڭ سادىق بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشىدۇ. «سەل نارازى بولسىمۇ، قىزىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۆرۈ- پۆرۈ دېمىدى» (142 - بەت ) ۋە سادىق بىلەن رەناخاننىڭ ھەشەمەتسىز، ئاددىي ئۆتكۈزۈلگەن تويىدا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئەزەلدىن ئاددىي ئادەملەر بىلەن زادىلا ئارىلاشمايدىغان، باردى- كەلدى قىلمايدىغان بۇ ئادەم تۆۋەن تەبىقىدە غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاقلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولىدۇ (144 - بەت)، ئاپتور بۇ ۋەقە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزى نامرات بولغىنى بىلەن ئىنسانىي ئەخلاق- پەزىلەتكە باي ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۈكسەك مەنىۋىيىتىنىڭ خۇسۇسىيلىق، شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرى بىلەن تولغان قايىتباي قەلبىدە بۇرۇلۇش، ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاشۇ تەسىرات، بۇرۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر قايىتباينى ئاخىر ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ھەم قىلالمايدىغان ئۆزگىچە تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولىدۇ. ئاپتور بەزىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىنى بىۋاسىتە تەھلىل قىلىدۇ، بەزىدە چۈش، ئەسلىمە ئارقىلىق پېرسوناژلار ئېڭىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەگرى - توقاي

جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يەنە بەزى ئەھۋاللاردا بولسا، سالام خەت، هۆججەت خاراكتېرىنى ئالغان يازما ماتېرىيال ۋە بىرەر ۋاستە (دېتال) ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ گۈزەل، چىرايلىق ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ يارىتىلىشى مەلۇم ھاللاردا ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان ئاشۇ ۋاستە (دېتال) گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن زىچ باغلانغان ھالەتتە بولىدۇ، پېرسوناژلارنى ئىپادىلەش شەكلىنىڭ گۈزەللىكى پۈتكۈل ئەسەر گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى، بەزى ئەسەردە ئادەملەرگە ئەڭ كۈچلۈك زوق بەخش ئېتىدىغان، ھۇزۇر بېرىدىغان ئامىل ئادەم (پېرسوناژ) بولۇپ، پېرسوناژنىڭ گۈزەللىكى ئەسەردە گۈزەل ئىپادىلەش شەكىللىرى، ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ خىل ۋاستىلەر پېرسوناژنى ئەسلىدىكى گۈزەللىكتىنمۇ يۇكسەك گۈزەللىك ۋە كۆركەملىككە ئىگە قىلىدۇ. «قانلىق يەر» رومانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرغىچە گوياكى بىر تال يېشىل يىپتەك تارتىلغان رومالغا ئاپتورنىڭ كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن. ئاپتور بۇ يىپەك رومالنى سادىق بىلەن رەناخاننىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىنى ئېچىپ بېرىش ۋە نامايان قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ تاللىۋالغان. يىپەك رومال بىرىنچى قېتىم «باغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى پاكار قورۇق تام ئۈستىدىن بىر رەڭلىك رومال ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، تام تۈۋىدىكى دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى» (57 ـ بەت) دەپ تەسۋىرلىنىش بىلەن سادىق بىلەن رەناخان مۇھەببەت مۇساپىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ؛ ئىككىنچى قېتىمدا سادىق قادىر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، دوختۇرخانىدا ياتقاندا، رەناخان بۇ يىپەك رومىلىغا ئالما، قەنت ـ گېزەك تۈگۈپ كىرگۈزىدۇ (123 ـ بەت). ئەمەلىيەتتە رومال رەناخاننىڭ ۋاپادارلىقى، كۆيۈمچانلىقىنىڭ سىمۋولى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى قېتىمدا سادىق بىلەن رەناخان توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىپەك رومال ۋىسال تاپقان مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە رەناخانغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ (146 ـ بەت)؛ تۆتىنچى قېتىمدا، يىپەك رومال تۈرمىدە پەيدا بولۇپ، سادىققا رەناخاننىڭ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت رىشتىسىنى نامايان قىلىدۇ (168 ـ بەت)؛ بەشىنچى قېتىمدا بولسا بۇ يىپەك رومال،



تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتقان روسۇلنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇ «قەبرە بېشىدىكى لەپىلدەپ تۇرغان ياغلىقنىڭ پارچىسىنى ئاۋايلاپقىنا سىلىدى . . . ، ئاھ قان! قان! سادىقنىڭ قېنى! دەپ مۆڭگۈلۈك پىچىرلايدۇ» (176 ـ بەت)، رەناخاننىڭ يول بويىدىكى تۆپىلىكى ئۈستىدە يىرتىلىپ پارچىسى قالغان يىپەك رومال بۇ مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كىشى قەلبىنى ئازابلايدۇ، ئاشۇ ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي توزىغان غۇنچىلارغا ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. يىپەك رومالدىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ۋاستە رومان قۇرۇلمىسىغا گوياكى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك يارىشىپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىنى جۇلالاندۇرغان، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەسەرگە رومانتىكلىق تۈس بېرىپ، ئېستېتىك كەيپىيات يارىتىپ، گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە ۋاستە قىلىنغان مۇشۇ مۇكەممەل سۇژېت لىنىيىسىنى مۇكەممەل قۇراشتۇرۇش ۋە ئۇنى رەڭدار قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش جەريانىدا قوللىنىلغان بەدىئىي تىلنىڭ سەنئەتلىك، نەپىسلىكلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئېنىق، رەڭدار، جۇلالىق بولمىسا، گۈزەللىكنى ياراتقىلى بولمايتتى، پېرسوناژ مۇناسىۋىتى، پائالىيەت مەيدانى شۇنىڭغا لايىق بەدىئىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەندە ئاندىن ھاياجانلىق، تەسىرلىك پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھەم بايلىقى بولىدۇ. بۇ خىل بايلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى يەنە شۇ مىللەتكە، شۇ مىللەتنىڭ ئۇخشىمىغان مەزگىللەردىكى تۇرمۇش، ئاڭ شەكلىگە خاس بولغان كونكرېت مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش ستالىن «ھەر قانداق مىللەتنىڭ مەيلى چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە، پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان، باشقا مىللەتلەردە بولمىغان ماھىيەتلىك

ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆزگىچىلىكلىرى بولىدۇ.»[1] دېگەنىدى. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىسى جەريانىدا «ئۆزىگىلا خاس بولغان، باشقا مىللەتلەردە بولمىغان» نۇرغۇن ئۆرپ- ئادەت، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۇردى، مىللىتىمىز تىل، پسىخىكا، ئۆرپ- ئادەت ۋە باشقا تەرەپلەردە روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانلىرىدىن بىرى بولغان، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تۇرمۇش ئادەتلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەزىز دىيار قەشقەر تۇرمۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى روماندا بىر قەدەر روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن، بۇ جايدىكى ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇن، دىنىي ئەقىدە بىر- بىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن ھالدا تىپىك تۇرمۇش مېلودىيىسىنى شەكىللەندۇرگەن. روماندا باشتىن- ئاياغ ئىزچىللاشتۇرۇلغان ئەزان ئاۋازى گويا تۇرمۇش سىمفونىيىسىنىڭ پائۇزىدەك رىتىم ھاسىل قىلىپ تەكرارلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ تەبىئىيلىكى، چىنلىقىنى ئاشۇرغان. بازار كۆنى موزدوز شاگىرتلىرىنىڭ يىپ موملاشلىرى، دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن سېتىۋالغان ئاتلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرۈپ، ئاندىن مىنىپ چاپتۇرۇپ بېقىشلىرى، ئىسرىق سېلىش، ئەسەبىيلەشكەن پېرىخونلارنىڭ ئالىجۇقا تۇۋلاپ، قالايمىقان سەكرىشىپ، داپلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئالەمنى مالەم قىلىشى، قىزىلدۆۋىلىكلەرنىڭ ئاي سەيلىسى، كۆكلەم سەيلىلىرى، كۆلكىلىك مەشرەپ ئويۇنلىرى، سادىقنىڭ تاجىخانغا ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تانىنى بوينىغا سېلىپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىشى، قۇدىلار خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇرىسىگە قىزىل تاۋارنى ئارتىۋېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشى، ئۆلۈم ئۈستىدە سەللىسىنىڭ بىر ئۇچىنى يېشىپ ئارقىغا چۆرۈپ، چاپاننىڭ ئەستىرىنى ئۆرۈپ كىيىپ ھازىدار بولۇش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزگىچە مىللىي خاراكتېر، يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن. قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف مۇنداق دەيدۇ:

① «ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە مىللەت، مۇستەملىكە مەسىلىسى» خەنزۇچە نەشرى، 376- بەت.



«بىر ئادەم ئەگەر ئۆز مىللىتىنى ۋە تارىخىنى يوقاتسا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتسا، ئۇ ئىتائەتمەن قۇلغا ۋە ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مۇزىكىسى، ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرى، كىتابلىرى، رەسىملىرى بىر خىل سەنئەت، مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولالىغىنىدا، بىز ھەر بىر كىشى مىللىي غۇرۇرغا ۋە ئىپتىخارغا چۆمىمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمىز، خۇسۇسىيەتلىرىمىز بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت سەنئىتىدە گۈل- نەقىش سىزىشىمىز، رەڭ- تۈس بېرىشىمىز كېرەك».[1] ئەسەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇش- بولماسلىقى ئاپتورغا باغلىق، ئاپتورنىڭ ئۆزى ئەكس ئەتتۇرگەن تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، روسىيىنىڭ كلاسسىك يازغۇچىسى گوگول: «ئەدەبىي ئەسەرلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇش- بولماسلىقى ئاپتوردا مىللىي روھنىڭ بولۇش- بولماسلىقىدا.»[2] دېگەنىدى، مۇبادا مۇھەممەتئىمىن توختايوپ ئۆز روماندا قايتا- قايتا تىلغا ئالغان قىزىلدۆۋە، يەتتە چاقىرىملىق دەريا، قوغان، پاختەكلە قاتارلىق قەدىمىي يېزىلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر خىل تەبىقە، ھەر قايسى سىنىپىي قاتلاملاردا ياشايدىغان، خىلمۇ خىل كەسىپ ۋە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى پىششىق ئىگىلىمىگەن بولسا، ئۆز پېرسوناژلىرىنى مۇنچىۋالا جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بېرەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئاپتور ئاددىي بايان ئۇسۇلى بويىچە ھەر قانچە كەڭ، تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز بۇنچىلىك ئەينەن ئىپادىلىيەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئاپتور ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، سۈرەتلەش ھەم بەدىئىي ۋاسىتە جەھەتتىكى ئاشكارا، شۇنداقلا يوشۇرۇن ئامىللار بىلەن چۈشەپ قويغىنىدا ئىدى، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى روھىي ھالىتى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە بۇنداق تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتى.

① «ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987- يىل نەشرى، 174- بەت.
② «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1958- يىل نەشرى، 776- بەت.

ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى رومان سۈپىتىدىكى «قانلىق يەر» نى كەمچىلىكسىز، نۇقسانسىز دېگىلى بولمايدۇ. روماننىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىمۇ بار، رومان ھەجىم جەھەتتىن ئادەتتىكى چوڭ ھەجىملىك رومانلارغا قارىغاندا خېلىلا كىچىك، سۇژىت قۇرۇلمىسى ئاددىيراق بولغانلىقى تۈپەيلى، بۇ ھەقتە جەمئىيەتتە خېلى كۆپ مۇلاھىزىلەرنىڭ بولغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. رومان بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ھەجىمى كەڭ، سىغىمچانلىقى زور، پېرسوناژلىرى كۆپ، تەپسىلاتى تېخىمۇ ئىنچىكە بولۇشى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى بەكمۇ قوروپ، ئىخچاملاشتۇرۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمەي، ئەركىن - ئازادە، كەڭتاشا تەسۋىرلىشى كېرەك. چۈنكى تۇرمۇشنىڭ كەڭلىكى، ھەر تەرەپلىمىلىكى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، زىددىيەت توقۇنۇشنىڭ خىلمۇ خىللىقى، سۇژىتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، روماندا مۇشۇنداق قىلىش ئىمكانىيەتلىرى بار تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنى راۋاجلاندۇرماي، بىخلارنى شاخلاندۇرماي، نېمە ئۈچۈندۇر ۋەقەلىك تەسۋىرى ئوپۇل - توپۇللا يىغىشتۇرۇۋېتىلگەن، ئاياغلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ھەر قانچە تۆۋەن، ئاجىز، يار - يۆلەكسىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنچىۋالا جۈرئەتسىز، ياۋاش، تەقدىرگە تەن بېرىدىغان قىلىپ يارىتىلماسلىقى، بەلكى ئىسيانكار روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئاشۇ بوران - چاپقۇنلۇق دەۋر ياشلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىق، قەھرىمانلىق روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان تەسىرلىك قىلىپ يارىتىلىشى كېرەك ئىدى، شۇ چاغدا ئاپتورنىڭ جەمئىيەت رېئاللىقىغا بولغان كۆز قارىشى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنەتتى.

جامائەتچىلىك تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان «قانلىق يەر» روماندا ئۇ خىل ياكى بۇ خىل كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بۇ نورمال ھادىسە، شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ يېتەرسىزلىكلەر روماننىڭ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى رومان بولۇشتەك ئەھمىيىتىنى كۆمۈۋېتەلمەيدۇ.



## §10. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرى ھەققىدە

تېيىپجان ئېلىيوپ (1930 – 1988) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 20 - ئەسىردىكى ئەڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ئاساسىي خاھىشى، مۇۋەپپەقىيىتى، تەسىرى ئۇنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان. ئۇ تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا «تۇگىمەس ناخشا»، «مۇقام»، «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى»، «ياخشى»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» گە ئوخشاش يۈز پارچىلاپ ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، تىلى ئاممىباب، راۋان بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە. «تۇگىمەس ناخشا» تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بارلىق مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان، شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئەسىرىدۇر.

شېئىرىيەتتىكى خاسلىق كونكرېت بىر پارچە شېئىرنى «شېئىر» قىلىپ تۇرغان شېئىرىي ھېسسىيات، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن شېئىرىي مۇھىت، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن شېئىرىي پىكىر قاتارلىقلاردا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىماسلىقنى، باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇشنى، باشقىلارنىڭكىگە نىسبەتەن يېڭى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى ۋە مەيلى ھازىر بولسۇن، مىللىتىمىز كىشىلىرىدىن شېئىر يازىمەن دەپ قولىغا قەلەم ئالغانلارنىڭ ھەممىسى خاسلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشقان، لېكىن ئۇلاردىكى تەربىيىلىنىش ئارقىلىق توپلىنىدىغان بىلىم جۇغلانمىسى، تەبىئەت،

جەمئىيەت ۋە ئىنسان پسىخىكىسىنى كۆزىتىش، ئىجادىي مەشىق پەرقلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىپمۇ بىرەر پارچە شېئىردا خاسلىق يارىتالمايدىغانلىرىنى ھە دېگەندىلا ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئەڭ كۆپ دېگەندە باشقىلارنىڭكىنى دورايدۇ ۋە تەكرارلايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، باشقىلارنىڭكىنى دوراش ۋە تەكرارلاش بىلەن ئىجادىيەتتە، جۈملىدىن شېئىرىيەتتە خاسلىق ياراتقىلى بولمايدۇ. كۆزىتىشكە، ئىجادىي پىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىش شېئىرىيەتتە خاسلىق يارىتىشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئالدىنقى شەرتى. ئاپرىنچۈر تېكىن، ئەلشىر نەۋائى، مەشرەپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار شېئىر ئىجادىيىتىدە ھەقىقىي خاسلىق ياراتقان كلاسسىكلىرىمىز ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، نىمشېھىت قاتارلىقلار شېئىردا خاسلىق يارىتىش بويىچە بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلسا، بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئەخمەتجان ئوسمان، ئادىل تۇنىياز قاتارلىقلار شېئىرلىرىدا خاسلىق يارىتىۋاتقان بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىمىز سانىلىدۇ. ئەلۋەتتە خاسلىق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىگە مۇئامىلە قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ھەممىلا شېئىرلىرىنىڭ بۇ ئۆلچەمگە توشۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بايقايمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، ئىناقلىق ۋە تەرەققىيات قاتارلىقلار باشقا شائىرلارغىمۇ، جۈملىدىن تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ تەكرارلىق ھاسىل قىلىدۇ. بىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيىتىگە قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھەقلىقمىز. چۈنكى تېيىپجان ئېلىيوپ زامانىمىزنىڭ ئۇستاز شائىرى ئىدى .. . بىز ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ بىلەن قارىغىنىمىزدا، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىري خاسلىقى ئۇنىڭ بىر قىسىم ھەجۋىي شېئىرلىرى بىلەن بىر قىسىم مۇھەببەت شېئىرلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شائىر بولۇپمۇ بۇ تۈردىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىدا شېئىرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلار تەرىپىدىن تېخى دېيىلمىگەن يېڭىچە لىرىك پىكىر ئارقىلىق تويۇندۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، 1953- يىلى يېزىلغان «يوللۇق ئالما» دېگەن شېئىر «تۈگىمەس ناخشا» دىن



قالسىلا شائىرنىڭ ئىجادىي خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن «سېغىنىش» نى ئالىدىغان بولساق، ئۇ سەككىز مىسرالىقلا بولغان بىر ئەسەر:

*يىللارنى ئۆتكۈزدۈم لېۋىمنى تامشىپ،*
*بىراق ئاي سانىماق تەس ئىكەن ئاندىن.*
*ھەپتە سانىغاندا خىيالچان بولۇپ،*
*كۈنلەرگە ئۆتكەندە ئۇيقۇدىن قالدىم.*
*سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق،*
*مىنۇتلار ئازابى كەتكۈزدى ھالدىن.*
*مۇبادا، ئالدىمغا چىقمىغان بولساڭ،*
*بىر يولى خوشلاشقان بولاتتىم جاندىن.*

بۇ شېئىردا لىرىك باش قەھرىمان «مەن» نىڭ ئۆز ئوبيېكتى، يەنى شېئىردىكى ئىككىنچى شەخسنىڭ ۋىسالىغا بولغان تەخىرسىز تەشنالىقى ئىپادىلەنگەن. سېغىنىشتىن تۇغۇلغان تەشنالىق ھېسسىياتى، يەنى ئابستراكت مەۋھۇم ئۇقۇم بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئالتە مىسراسىغا پارچىلاپ چېچىۋېتىلگەن، ئاندىن بۇ خىل ئۇقۇم ئالتە مىسرادىكى «يىل»، «ئاي»، «ھەپتە»، «كۈن»، «سائەت»، «مىنۇت» تىن ئىبارەت كونكرېت بولغان زامان ئۇقۇمى بىلەن بىرلىشىپ بىردىنلا كونكرېتلاشقان، ئۇنىڭدىن ناھايىتى قايناق ھەم چىن ھېسسىيات ھاسىل بولغان، بۇ خىل ھېسسىيات ۋىسال پەيتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ مىسراسېرى كۈچەيگەن، «مەن» نىڭ ۋىسالغا بولغان تەشنالىق- تەقەززالىقىمۇ مىسراسېرى ئاشقان. «مەن» دىكى تەشنالىق- تەقەززالىق ئاخىرى تەخىر قىلغىلى بولمايدىغان چەككە يەتكەندە، يەنى شېئىرنىڭ 7- ، 8- مىسراسىغا كەلگەندە، ئاندىن لىرىك ئوبيېكت ۋىسالىنى نامايان قىلغان. شېئىرنىڭ 7- ، 8- مىسراسى ئۇنىڭ خاتىمىسى بولۇپ، بۇ قىسىمدا يۇقىرىقى ئالتە مىسراغا چېچىۋېتىلگەن، مىسراسېرى يىغىلىپ- قىسىلىپ ئاخىرى تراگېدىك پارتلاش

ھالىتىگە يەتكەن لىرىك ھېسسىيات ئۆزىنى ئاشكارىلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاستىسىغا_ لىرىك ئوبيېكتىنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولغان. ناۋادا لىرىك ھېسسىيات ئالدىنقى ئالتە مىسراغا ئۇرۇق سۈپىتىدە چېچىۋېتىلگەن، دېيىلسە، ئاخىرقى ئىككى مىسرادا بۇ خىل ھېسسىيات مول بولغان ھوسۇل تەرىقىسىدە يىغىۋېلىنىدۇ. قىسقىسى، «سېغىنىش» لىرىكىسىدا ئادەمنىڭ نەپسىنى قىسىپ جىددىيلەشتۈرۈپ ھالسىراتقۇدەك دەرىجىدە زىچ بولغان لىرىك مۇھىت ھاسىل قىلىنغان. كىتابخانلارغا لىرىكىنىڭ كۈچىنى، ئىقتىدار ۋە قۇدرىتىنى ھەقىقىي ھالدا تونۇتقان. شۇنىڭغا ئاساسەن، «سېغىنىش» لىرىكىسىنى شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىي خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان تۇنجى شېئىر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«تۇگىمەس ناخشا» تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان يەنە بىر مەشھۇر لىرىكا بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر 18 مىسرادىن تۈزۈلگەن:

*ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن،*
*شۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي.*
*بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،*
*ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.*

*بۈگۈن ئاخشام ئۆتكەنتىم يەنە،*
*ناخشام بىلەن دېرىزە قېقىپ.*
*قەيەردىدۇ ئىشىك غىچىرلاپ،*
*كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ.*

*— جاقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،*
*سارائىمۇ سەن ئوڭشالمايدىغان.*
*يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن،*
*قانداق ناخشا بۇ، تۈگىمەيدىغان؟! . . .*



*كايىما بوۋاي،*
*سەنمۇ بىر چاغدا*
*ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.*
*سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن*
*شۇنداق ناخشا بۇ —*
*تۈگىمەيدىغان !*

بۇ شېئىردا كىشىلىك مۇھەببەت كۈيلەنگەن. ئۇنىڭدا سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ قەدىمىيلىكى، شۇنداقلا يەنە ھەر بىر ئادەمگە، ھەر بىر قەلب ئىگىسىگە نىسبەتەن مەڭگۈ ياش ۋە يېڭىلىقى ئىپادىلەنگەن. گەرچە پۈتۈن شېئىردا سۆيگۈ- مۇھەببەت سۆزلىرى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىدا بىر قېتىمدىن تىلغا ئېلىنىپ، جەمئىي تۆت قېتىم تەكرارلانغان «ناخشا» سۆزى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە يەنە سىمۋوللۇق ئوبراز تۈسىنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ، سۆيگۈ- مۇھەببەت مەنىسىگە ئىگە بولغان. بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتتىكى «ناخشا» سۆزىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى خېلىلا روشەن بولۇپ، ئۇ سۆيگۈ- مۇھەببەت سۆزىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى سۈپىتىدە سەھنىگە چىققان، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شېئىرنى مۇھەببەت شېئىرى خاراكتېرىگە ئىگە قىلغان. «تۈگىمەس ناخشا» دەل مۇشۇ تۈپەيلىدىن مۇھەببەت شېئىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

«تۈگىمەس ناخشا» مۇھەببەت شېئىرى. ئۇنىڭدا سۆيگۈ سەۋدالىقىدا مەجنۇن بولۇپ، ۋىسال تەشنالىقىدا چاڭقىغان بىر يىگىتنىڭ بىر بوۋاي بىلەن قىلىشقان قىسقا، ئەمما قىزىقارلىق سۆھبىتى ئارقىلىق تاق لىنىيىلىك بىر مۇھەببەت ھېكايىسى قايناق ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلىك ھالدا بايان قىلىنىدۇ، سۆيگۈ- مۇھەببەت ئۇلۇغلىنىدۇ، ياشلىق، گۈزەللىك مەدھىيىلىنىدۇ. مۇھەببەت — يوشۇرۇن كۆيۈش، پىنھان ئازاب چېكىش، ۋىسالغا تەشنا بولۇش بىلەن گۈزەل. مۇھەببەت — يوشۇرۇن كۆيگەن، پىنھان ئازاب چەككەن، ۋىسالغا تەشنا بولغان قەلبتىن ناخشا بولۇپ ئېتىلىپ

چىقىدۇ، يەنى مۇھەببەت ئەسلىدە بىر خىل روھىي ھادىسە بولسىمۇ، ئۇ ناخشا ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ماددىيلىشىدۇ. «بىر پەللە» — سۆيگىنىنىڭ ۋىسالىنى «كۆزلەپ مېڭىپ»، ئۇنىڭغا «يېتەلمەي ئاۋارە» بولۇۋاتقان لىرىك قەھرىمان «ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىدۇ»، «بوگۇن» يەنە ئادىتى بويىچە «ناخشا بىلەن دېرىزە قېقىپ» ئۆتكەندە، بىر بوۋاي چىقىپ، «سەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق ناخشا ئېيتىپ ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن، ھەر ئاخشىمى ئېيتساڭمۇ تۈگىمەيدىغان بۇ زادى قانداق ناخشا» دەپ كايىپ كېتىدۇ. يىگىت ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ۋە دەل جايىدا جاۋاب بېرىدۇ. پۈتكۈل شېئىرنىڭ جەريانى مۇشۇ. بۇ ئېپىك «جەريان» دىن ناھايىتى قويۇق بولغان لىرىك مۇھىت شەكىللىنىدۇ. بۇ لىرىك مۇھىت بەلگىلىك بىر دائىرە ھاسىل قىلىپ، ئۆزىنى ھەرقانداق بىر مۇھىتتىن ئايرىپ پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. قارىماققا ۋەقەلىك بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان بۇ شېئىر، ئۇنىڭدا ھاسىل بولغان لىرىك مۇھىت، لىرىك كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە لىرىك شېئىر تۇسىگە كىرىپ، كىتابخان قەلبىدە ئىلگىرىكى ئېپىك بايان ئاملى بىردىنلا لىرىك ئامىلغا، لىرىك تۇيغۇغا ئورۇن بوشىتىدۇ. ئېپىك بايانىنىڭ لىرىكىغا ئورۇن بوشىتىش جەريانى بولۇپمۇ شېئىرنىڭ 3 - ، 4 - كۇپلېتلىرىدا ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ گەۋدىلىك بولىدۇ. يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ قارىساق، شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېتى لىرىكىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شېئىردىكى قايناق ھېسسىياتنىڭ سالمىقى، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان شېئىرىي پىكىرنىڭ سالمىقى، جۈملىدىن پۈتۈن شېئىردىكى ئىدىيە ئاساسلىق ھالدا شېئىرنىڭ كېيىنكى ئىككى كۇپلېتىغا، بولۇپمۇ ئاخىرقى كۇپلېتىغا يۈكلەنگەن. شۇڭا كىتابخاننىڭ دىققىتىمۇ دەل شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرىدىن بولغان لىرىك قىسمىغا — شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئىدىيە يۈكلەنگەن قىسمىغا مەركەزلىشىدۇ. بۇ شېئىردىكى شېئىرىي پىكىر ۋە ئۇنىڭدىن ئابستراكتلىشىدىغان ئىدىيە — مۇھەببەت ئادەمگە تەبىئەت تەرىپىدىن بەخش قىلىنىدىغان ئالاھىدە ئىمتىياز، ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ، تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ



نېسىۋىدە ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بار، ئۇ ھەر قانداق بىر كۈچنىڭ توسقۇنلۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇ تەبىئەتكە ئوخشاش مەڭگۈلۈككە ئىگە، كىشىلىك ھايات مۇھەببەت بىلەن مەزمۇنلۇق ۋە گۈزەل، مۇھەببەت گۈزەل ھايات قۇرۇشنىڭ ئۇل تېشى، گۈزەل كېلىچەك مۇھەببەت ئارقىلىق بەرپا قىلىنىدۇ، دېمەك مۇھەببەت ھەممىدىن ئەلا دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. ئەسەردە يىگىتنىڭ بوۋايغا بەرگەن جاۋابى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن بۇنداق پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى شېئىرنىڭ دەسلەپكى قىسمى، يەنى بايان بۆلىكىدە ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى مۇمكىنچىلىكىنى ھازىرلايدۇ، ئاخىرقى قىسمى، يەنى لىرىك بۆلىكىدە ئاندىن ئىپادىلىنىدۇ. بۇمۇ ئاخىرقى ھېسابتا «تۈگىمەس ناخشا» نىڭ لىرىك شېئىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بۇ شېئىردىكى ئىجادىي خاسلىقى، ئۇنىڭ يۇقىرىقى پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئاشكارا ھەم يالىڭاچ ھالدا ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئۇنى يىگىتنىڭ بوۋايغا بەرگەن جاۋابى ۋاستىسى ئارقىلىق كىتابخان تەسەۋۋۇرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمىگەندە ئاسان بايقىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يوشۇرۇن ئىپادىلىگەنلىكىدە، سالمىقى شۇنچە ئېغىر بولغان يۇقىرىقى پىكىر ۋە ئىدىيىنى ھەجمى قىسقىلا بولغان بىر پارچە شېئىرغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە مىسراسىغا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. خۇددى «سېغىنىش» تىكىگە ئوخشاش، «تۈگىمەس ناخشا» دىمۇ ھېسسىيات ناھايىتى ئاجىز ھالدا باشلىنىپ، كۇپلېتسېرى كۈچىيىدۇ، ئاخىرقى كۇپلېتتا يۇقىرى پەللە ھاسىل قىلىدۇ، تۆۋەن دولقۇندىن باشلىنىپ، يۇقىرى دولقۇندا ئاخىرلىشىدۇ، بۇنى گاما بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات «دو» نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «شى» دا ئاخىرلىشىدۇ، ئاردا بىرەر قېتىممۇ چېكىنىش ۋە تەكرارلىق كۆرۈلمەيدۇ. پۈتۈن شېئىر لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ بوۋايغا بەرگەن جاۋابى ئارقىلىق ئاخىرلاشقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كىتابخان قەلبىدە تېخى ئاخىرلاشمايدۇ.

يىگىت بوۋايغا بەرگەن جاۋابى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ سۆيگۈ سەۋدالىقىدا مەجنۇن بولۇۋاتقان ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋاينىڭ قەلبىدىن ئاللىقاچان قوقاس ۋە كۈل تەكتىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن ياشلىق ئەسلىمىلىرىنى چۇخچىلاپ، ئۇنىڭمۇ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزىدۇ. بوۋاي ھازىرغىچە يىگىتنىڭ «جاقىرىشى» دىن ئۇيقۇسى قاچقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆمۈر ئالبومىنى ۋاراقلاپ، ياشلىقىنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىگە چۆمۈلۈشى، راستلا ئۇخلىيالماسلىقى مۇمكىن.

*كايىما بوۋاي،*
*سەنمۇ بىر چاغدا*
*ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.*
*سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن*
*شۇنداق ناخشا بۇ —*
*تۈگىمەيدىغان !*

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان بوۋاي قايتا ئېغىز ئاچمايدۇ، ئۇ ئەمدى ئېغىز ئاچسا، بەلكىم جاھىللارچە ئېتىراز بىلدۈرۈشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئەمدىلىكتە بوۋاينىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگىمۇ ئورۇن يوق ئىدى. يىگىتنىڭ توغرىدىن توغرا، ئۇدۇللا ئېيتقان بۇ جاۋابى بوۋايغا نىسبەتەن قاتتىق تەگكەن تاياقتەك، بۇ تاياق ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندەك، شۇ تۈپەيلىدىن بوۋاي ئېغىز ئاچالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئۇيقۇسى قاچقان بوۋاي ئاچچىقتىن ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ، يىگىتنىڭ بۇ جاۋابىنى ئۇنسىز تەستىقلايدۇ، ئۆزى ھەققىدە، ياشلىقى ھەققىدە ئويغا چۆمۈلىدۇ، ئۆز يېنىدا يېتىپ، ئۇيقۇسى قاچقانلىقتىن ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈۋاتقان مومىيىنى تۈرتۈپ، ياشلىق ئالبومىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاراقلايدۇ . . . كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كىتابخان قەلبىدە بۇ شېئىردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئورنىدا ئورۇن ئالمىشىش يۈز بېرىدۇ، يەنى باشتىن تارتىپ



باش قەھرىمانلىق رولىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ناخشىچى يىگىتنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە بوۋاي ئىگىلەيدۇ.

شۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، «تۈگىمەس ناخشا» نىڭ ناخشىچى يىگىتنىڭ بوۋايغا بەرگەن جاۋابى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقى شائىردىكى يەنە بىر خىل بەدىئىي تالانت ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، شېئىرنىڭ ئاشۇ جايدا ئاخىرلاشقانلىقى ئىككى خىل ئەۋزەللىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، ناۋادا، يىگىتنىڭ جاۋابىدىن كېيىن شېئىر يەنە داۋاملىشىپ، ئۇنىڭدا بوۋاينىڭ ئېتىرازلىرى، نارازىلىقلىرى يەنە يېزىلىۋەرگەن بولسا، شېئىردىكى لىرىك مۇددىئا بىلەن لىرىك نىشان بۇرۇلۇپ كەتكەن، شېئىردا باشتىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ھېسسىيات سۇسلىشىپ كېتىپ، بۇ شېئىرنىڭ كىتابخان قەلبىدىكى يارقىن ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ كەتكەن، تەسىرى ئاجىزلاشقان، ئاخىرى «تۈگىمەس ناخشا» بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۈگۈنكىدەك شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. ئىككىنچىدىن، شېئىر دەل شۇ يەردە ئاخىرلاشمىغىنىدا ئىدى، كىتابخانلار قەلبىدە يىگىت ھەققىدە، بوۋاي ھەققىدە، بولۇپمۇ يىگىتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ قەلبىدە يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ۋە نازۇك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا ئورۇن قالمىغان بولاتتى. شېئىر ئارقىلىق كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاش، كىتابخانىنى ئويغا سېلىش، كىتابخان سۇبيېكتىنى جارى قىلدۇرۇشقا كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، شېئىرنى شائىرنىڭ باشلايدىغانلىقىغا، كىتابخانىنىڭ داۋاملاشتۇرىدىغان ھەم ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، بۇنىڭ ئۈچۈن شېئىردا بەلگىلىك بوشلۇق قالدۇرۇش ۋە شېئىرنى دەل جايىدا ئاخىرلاشتۇرۇش شېئىرنى ھەقىقىي چۈشەنگەن تالانتلىق شائىرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئادەتتە دېيىلىدىغان شېئىردىكى لىرىك بوشلۇق دەل يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تۈگىمەس ناخشا» شېئىرنىڭ تاشقى ئامىللىرى بولغان بوغۇم، تاشقى رىتىم، قاپىيە قاتارلىقلارنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئىچكى رىتىم، شېئىرىي مۇھىت، لىرىك بوشلۇق ئارقىلىق كىتابخان سۇبيېكتىنى جارى قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ كەڭرى ئىمكانىيىتىنى يارىتىش قاتارلىق زۆرۈر

ئىچكى ئامىللارنىمۇ ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان نەمۇنىلىك شېئىر. بۇ شېئىرنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەسىرىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى دەل شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك.

1949 - يىلىدىكى ئازادلىق تېگىنىڭ ئېتىشى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىدە مېھنەتكەش خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىدەك زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىدى. ئازادلىقتىن تارتىپ تاكى 1956 - يىلىغىچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيىلىشىش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بورۇلۇشلارنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ھەر قايسى سەپلەردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتى. بۇ مەزگىلدە خەلقىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ئىلىم - پەن، سەھىيە، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى شۇ دەۋرگە خاس ھالدا دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتتە سەنئەت دېموكراتىيىسى يولغا قويۇلدى. «تۈگىمەس ناخشا» خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى شۇ دەۋرگە ماس ھالدا گۈللەنگەن، ھەممىلا ئادەم تىنچ قۇرۇلۇشقا كۆچكەن بىر دەۋردە يېزىلغان. بۇ شېئىردىن سىياسىي ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن خالىي بولغان بىر خىل تىنچ - ئاسايىشلىقنى، ماددىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىكنى، مەنىۋى جەھەتتىكى كۈچلۈك ئىنتىلىشنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ شېئىردا بەدىئىي سەھنىگە چىقىرىلغان، جانان ۋەسلىگە تەشنا بولغان «مەن» مۇ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ھاياتى كاپالەتكە ئېرىشكەن، باشقا غېمى يوق بىر يىگىت، ئۇنىڭ جانان ۋەسلىگە بولغان كۈچلۈك مۇشتاقلىقىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق غەمسىزلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ سىنىپىي ياكى مىللىي تەڭسىزلىكتىن ئەندىشە قىلمايدۇ، يەنە كېلىپ قورسىقى توق، شۇنداق بولغاچقا، ئۇ «ئاشۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي»، «ھەر ئاخشىمى ناخشىسى بىلەن دېرىزە قاقىدۇ.» بۇ «تۈگىمەس ناخشا» دا نامايان بولىدىغان دەۋر پۇرىقى ھەم ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان دەۋر خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت.



«تۈگىمەس ناخشا» لىرىك سۇژېت ئارقىلىق تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارنى ھاسىل قىلغان شېئىر، بىز بۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ لىرىك شېئىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر تەرىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىكى لىرىك باياندىن ھاسىل بولىدىغان دراملىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ سەل قارىيالمايمىز. شۇڭا بۇ شېئىرغا دراما نۇقتىسىدىنمۇ يانداشقىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز. ناۋادا، بىز «تۈگىمەس ناخشا» غا دراما نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشسەك، ئۇنى بىر پەردىلىك دراما دەپ ئېيتالايمىز. بۇ شېئىرنىڭ 1 - ، 2 - كۇپلېتلىرى تولۇق كۆرۈنۈشلۈك دېكوراتسىيىلەشتۈرۈلگەن كىچىك بىر سەھنە ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئەسەردىكى ئاساسلىق شەخسلەر سەھنىگە چىقىپ، درامىتىك توقۇنۇش تاماشىبىنلارغا تاپشۇرۇلىدۇ، 3 - كۇپلېتتا بوۋاينىڭ

*جاقىرايسەن ھەركۈنى شۇنداق،*
*سارائىمۇ سەن ئوڭشالمايدىغان*
*يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن . . .*

دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق ئەسەردىكى درامىتىك توقۇنۇش راۋاجلاندۇرۇلىدۇ ھەم مۇشۇ كۇپلېتتىكى ئاخىرقى مىسرا بولغان «قانداق ناخشا بۇ، تۈگىمەيدىغان ؟! . . . » ئارقىلىق بۇ توقۇنۇش كۇلمىناتسىيە باسقۇچىغا كۆتۈرۈلىدۇ. 4 - كۇپلېت پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك جەزبىدارلىققا ئىگە قىسمى بولۇپ، بۇ قىسىمدا پۈتۈن ئەسەردىكى توقۇنۇش يىگىتنىڭ بوۋايغا بەرگەن جاۋابى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

*كايىما بوۋاي،*
*سەنمۇ بىر چاغدا*
*ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.*
*سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن*
*شۇنداق ناخشا بۇ —*
*تۈگىمەيدىغان !*

تازا دىققەت قىلىدىغان بولساق، يىگىتنىڭ بۇ جاۋابى يېنىككىنە بىر كومېدىيىلىك كەيپىيات شەكىللەندۇرىدۇ ۋە پۈتۈن ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مۇشۇ كومېدىيىلىك كەيپىيات— كومېدىيىلىك يېشىم ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئەسەردىن سەھنە ۋە دېكوراتسىيە، ھەرىكەت، تەقلىدىي ئاۋاز (مەسىلەن، ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى)، دىئالوگ قاتارلىق سەھنە ئامىللىرىنى، شۇنداقلا دىرامىدا كەم بولسا بولمايدىغان دىراماتىك توقۇنۇش، ئۇنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولغان پېرسوناژلار، دىراماتىك توقۇنۇشنىڭ راۋاجى، كۇلمىناتسىيىسى، يېشىمى، شۇنداقلا بۇ جەرياندا يارىتىلىپ بەلگىلىك نىسپىي تۇراقلىقىغا ئىگە قىلىنغان خاراكتېر قاتارلىقلارنى تولۇق تېپىشقا بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، لىرىك شېئىرنى دىرامىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىشنىمۇ شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» دا ئىپادىلىگەن بىر خىل ئىجادىي خاسلىقى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«تۇگىمەس ناخشا» يۇقىرىقىدەك روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتىگە، تويۇنغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىجادىي خاسلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇ دۇنياغا كەلگەن 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئىزچىل تۇردە قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. خەلق سەنئەتكارلىرى ئۇنىڭغا ئىشلىگەن بىر قانچە خىل ئاھاڭ، بۇ شېئىرنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىر خەلقىمىز قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، «تۇگىمەس ناخشا» دۇنياغا كەلگەن 40 نەچچە يىلدىن بېرى، نۇرغۇن قېتىملىق بەس- مۇنازىرىنىڭ ئوبيېكتى بولدى. مۇنازىرىچىلەر بۇ شېئىرنى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىل چۈشىنىشتى ۋە ھەر خىل باھالاشتى. مەسىلەن، ئەينى يىللاردىكى «تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ‹تۇگىمەس ناخشا›سى ھەققىدە مۇنازىرە» («تارىم» ژۇرنىلى، 1959- يىللىق 12- سانى) دېگەن ماقالىدە، بۇ شېئىر ھەققىدە «شىنجاڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ روھىي ھالىتى، ئارزۇ- ئارمىنى،



ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ كەيپىياتىنى شېئىرىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن . . . شىنجاڭنى جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىدىن پارچىلاپ ئېلىپ، ئىمپېرىئالىزمنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش— ‹تۇگىمەس ناخشا› نىڭ ئالدىغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسى. بۇنداق ئەسەرنى شېئىرىيەت باغچىسىدىن شۇم بۇيا قاتارىدا يۇلۇپ تاشلاش لازىم» دېيىلگەن. بۇ، 1959- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە «تۇگىمەس ناخشا» ھەققىدە شەكىللەنگەن قاراشنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا ئايرىم كىشىلەردە پەيدا بولغان خاتا قاراشنىڭ مەھسۇلى دېيىشكىلا بولىدۇ. 80- ، 90- يىللارغا كەلگەندە، «تۇگىمەس ناخشا» ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك خاتا كۆز قاراشلار تۈزىتىلدى. ئەمدىلىكتە بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئەسلىي ئىجادىيەت مۇددىئاسى، جۈملىدىن سەنئەت قانۇنىيىتى ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىندى. مەسىلەن، پولات ھېۋزۇللا «شېئىردىكى لىرىك ھېسسىيات» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە، ئەخمەتجان ئوسمان « ‹تۇگىمەس ناخشا› ھەققىدە تەھلىل» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1992- يىللىق 4- سان) دېگەن ماقالىسىدە، قۇربان بارات « ‹تۇگىمەس ناخشا› — شېئىر ئەمەسمۇ؟» («شىنجاڭ گېزىتى»، 1993- يىلى 8- ئاينىڭ 14- كۈنىدىكى سانى) دېگەن ماقالىسىدە، شۇنداقلا ئابدۇللا مەتقۇربان «تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلاردا «تۇگىمەس ناخشا» دىكى مەزمۇن ۋە ماھارەت مەسىلىلىرى باشقىدىن مۇھاكىمە قىلىندى. بەلكىم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا باشقا ھېچقانداق بىرەر شېئىر «تۇگىمەس ناخشا» دەك بۇنچىلىك كۆپ مۇنازىرە قوزغىمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ پاكىتمۇ «تۇگىمەس ناخشا» نىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنىنىڭ شۇ دەرىجىدە يۇكسەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، «تۇگىمەس ناخشا» تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىدىكى، شۇنداقلا پۈتكۈل بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ نادىر مۇھەببەت لىرىكىسى. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇھەببەت تېمىسى گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن يېڭى بولمىسىمۇ، لېكىن شائىر بۇ شېئىردا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ئەركىن، سىمۋوللۇق ۋە

يوشۇرۇن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولغان سۆزلەر ۋە ئۇلاردىن تەبىئىي تۈزۈلگەن مىسرالار ئارقىلىق سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغان. شۇ نەرسە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، بۇ شېئىردا گەرچە سۆيگۈ- مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن شېئىردا باشتىن- ئاخىر بىرەرمۇ يالىڭاچ ئىبارە ئۇچرىمايدۇ، پەقەت شېئىردا تۆت قېتىم تەكرارلانغان «ناخشا» سۆزى ئارقىلىق يار ۋىسالىغا تەشنا بولغان لىرىك قەھرىماننىڭ تەخىرسىز تەشنالىقى ناھايىتى ھايالىق ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى شىجائىتىنى، قايناق ھېسسىياتىنى ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان شېئىرىي تالانتىنى، ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىر نادىر ئەسەر بولۇپ، شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق مۇھەببەت شېئىرلىرىنى تۈرمۇشقا، كىشىلىك ھاياتقا يېقىنلاشتۇرۇشنىڭ ھەقىقىي نەمۇنىسىنى ياراتقان. بۇنى تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بارلىق مۇھەببەت شېئىرلىرىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلارنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

# §11.تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ساتىراسى ھەققىدە

«ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» تېيىپجان ئېلىيوپ 1955 - يىلى يازغان مەشھۇر سىياسىي ساتىرا. ئۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا سانى ئىنتايىن ئاز بولغان ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ ئىنچىكە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە جەلپ قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئەھمىيىتى تىپىك بولغان ۋەقەلەرنى ۋالاقتەگكۇروپ ۋۇجۇدىغا مەركەزلەشتۇرۇپ، قولىدىن قۇرۇق گەپ قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي بىر ئىش كەلمەيدىغان سۆلەتۋاز سىياسەتچىنىڭ كۈلكىلىك ھەم لەنەتلىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، پارتىيە ئىچى- سىرتىدىكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ بيۇروكراتلىقىنى قاتتىق قامچىلىغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدىكى يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق بۇرچىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىكى كىنايە ۋە مۇبالىغە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئۆتكۈر ئىجتىمائىي تەنقىد پارتىيىمىز ئىچىدىكى بيۇروكراتلىققا ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىككە قارىتىلغان. «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» نى سىياسىي مەزمۇندىكى ساتىرا دېگىنىمىزدە، دەل ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر سىياسىي مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، قەيەردە بيۇروكراتلىق مەۋجۇت بولسا، «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» شۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەنقىدىي رولىنى جارى قىلدۇرۇۋېرىدۇ. بۇ، ئالدىن ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا.

«ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» تېيىپجان ئىجادىيىتىدە «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە. بۇ ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ تېمىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى «باراۋەرلىك» بۇ ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان. ئەگەر بىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە مەزمۇن جەھەتتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقچىللىق ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ۋە كىشىلىك مۇھەببىتى مەدھىيىلەنگەن دەپ قارىساق، يەنە كېلىپ، تېيىپجان ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرگە «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» نى، كىشىلىك مۇھەببىتى كۈيلەنگەن ئەسەرلەرگە «تۈگىمەس ناخشا» نى ۋەكىل قىلىپ تاللىۋالساق، ئۇنداقتا «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» نى شائىرنىڭ خەلقچىللىق تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولالايدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» دىكى خەلقچىللىق ئىدىيىسى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دىكىگە ئوخشاش توغرىدىن توغرا مەدھىيە يولى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنى زور زىيانغا

ئۇچرىتىشى مۇمكىن بولغان خەتەرلىك دۈشمەن – بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش يولى بىلەن ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىكى ئۇسۇلى سىياسىي كۈرەش ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى سەنئەتلىك ئۇسۇل، يەنى بيۇروكراتلىقنى كومېدىيىلىك كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈپ، كىنايە ۋە مۇبالىغە ياردىمىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، كۈلكە ۋە مازاق ئاستىدا يوقىتىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. شائىر ئۇنىڭدا بيۇروكراتلىقنى رېئاللىقتىكى خۇنۇك ئوبيېكت سۈپىتىدە تاللىۋېلىپ قاتتىق تەنقىد قىلىشنى، بيۇروكراتلىق ئورنىغا دېموكراتىيىنى دەسسىتىشنى، خۇنۈكلۈك ئورنىغا گۈزەللىكنى جەۋلان قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى» تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان دەسلەپكى ساتىرىك شېئىرى بولۇشىغا قارىماي، ھاسىل قىلغان كومېدىيىلىك ئۇنۇم جەھەتتە كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان بەزى ساتىرىك شېئىرلاردىن ئېشىپ كەتكەن. مەسىلەن، 1957 - يىلى يېزىلغان «ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى› ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق»، 1962 - يىلى يېزىلغان « ‹ئاساەن› نىڭ شىكايىتى» قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، «ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى» دە كومېدىيىلىك تۈس ئالاھىدە قويۇق، ھەجۋىي پۇراق ئالاھىدە ئۆتكۈر، يارىتىلغان ئوبراز ئالاھىدە روشەن، كىتابخاندا پەيدا قىلىدىغان تەسىرىمۇ ئالاھىدە كۈچلۈك.

«ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى» 172 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ بىر چوڭ ھەجىملىك شېئىر ھېسابلىنىدۇ. بۇنچىلىك چوڭ ھەجىم ئىچىدە شائىر بىزگە باش - ئاخىرى مۇكەممەل ۋە ئىزچىل بولغان بىرەر ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىپ بېرەلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن بىز بۇ ئەسەردىن بۇنداق ئىزچىللىققا ئىگە ۋەقەلىك ئەمەس، ئەكسىچە پەقەت پارچە - پۇرات دېتاللارنىلا ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، بۇ ئەسەردە ۋالاقتەگكۈروپتىن ئىبارەت تۆۋەن دەرىجىلىك بىر رەھبەر سەھنىگە چىقىدۇ. ۋالاقتەگكۈروپ ئۆز ئىسمىدىنلا مەلۇمكى، ئەتىدىن كەچكىچە، ئاخشامدىن تاڭغىچە قۇرۇق گەپلا قىلىدۇ، لېكسىيىلا سۆزلەيدۇ، لېكسىيە سۆزلەش ئۇچۇن ياكى سورۇن ياكى ئاڭلىغۇچى



ئوبيېكت تاللىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىدىغىنى يىغىن ئېچىش ۋە سۆزلەشتىنلا ئىبارەت. ئۇ تولا سۆزلەپ ئائىلىسىدە خوتۇنى ئايخاننى كېچىلىرى زادى ئۇخلاتمايدۇ، ئايخان كېچىلىرى ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئايىغى چىقماس لېكسىيىلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولۇپ ئۇخلىيالمىغانلىقتىن، كۈندۈزلىرى ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەي، ئۆي ئىشلىرىغىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. ۋالاقتەگكۈروپنى يىغىن مەيدانىدىنلا ئەڭ ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنى تونۇش ناھايىتى ئاسان. چۈنكى ئۇنىڭ

*. . . . . بەلگىسى ئېنىق :*
*سۆزلەشكە پەرۋانە، ھەممىدىن سۆزمەن.*

ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئاغزى ئېچىلدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن خۇدانىڭ بەرگىنى، ئاڭلىغۇچىغا نىسبەتەن نەس باسقىنى – خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ. چۈنكى ۋالاقتەگكۈروپ توختىماستىن سۆزلەپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە، «ياخشىراق ئاڭلاڭلار، خىزمەت يوق بۈگۈن» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ، يەنە سۆزلەۋېرىدۇ. ئۇنىڭ «يىغىپ ئېيتقاندا»، «ئاخىرىدا»، «ئەڭ ئاخىرىدا» دېگەنلىرى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئەمدىلەتىن باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ئاشۇنداق تولا سۆزلەۋېرىپ، بەزىدە تۈن نىسپىي بولۇپ ئېلېكترمۇ ئۆچۈپ قالىدۇ:

*دەيدۇ ئۇ شۇ چاغدا: بىر- بىرىمىزنى،*
*كۆرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.*
*مەقسەت بۇ يەردە دوكلاتنى ئاڭلاش،*
*قۇلاققا ئوخشاشقۇ قاراڭغۇ- يورۇق.*

بىر قېتىم ئۇ رادىئو ئۇزېلىدا 10 مىنۇت سۆزلەشكە پۇرسەت تاپقان بولسىمۇ، بۇ 10 مىنۇتتا دەيدىغان گېپىنىڭ كىرىش سۆزىنىمۇ دەپ بولالماي، «داۋامى بار» دەپ سۆزىدىن توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئامبارغا ئوت كەتكەندە،

ئوت ئۆچۈرۈشكە ئالدىرىشىۋاتقان ئادەملەرنى يىغىپ يىغىن ئاچماقچى، ئالدى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولىدۇ. تېتىقسىزلىشىپ:

*سىلەردە نەزەربىيە ئىشقى پەقەت يوق،*
*بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ*
*چۆكۈش كېرەككۇ تېگى- تەكتىگە،*
*شۇ ئوتنى چۈشەنمەي ئۆچۈرگەن بىلەن،*
*بولمايدۇ ئىش چوڭقۇر ئۇتۇققا ئىگە.*
*ھەي كاتىپ،*
*ما خەقنى يىغقىنا چاپسان،*
*سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن تىزىلىپ رەتكە.*
*مۇشۇنداق پەيتلەردە نەزەربىيىنى*
*باغلاش بەك قۇلايلىق ئەمەلىيەتكە . . .*

دەپ چالۋاقايدۇ. ئوت ئۆچۈرۈشنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئەمەلىيەتتە ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ۋالاقتەگكۇرلىكىنى تەنقىدلەش يىغىنى بولسىمۇ، لېكىن ۋالاقتەگكۇروپ ئۆزىگە قارىتىلغان تەنقىدلەرنى قىرىغىمۇ ئالماي، يۈزىنى داپتەك قىلىپ يەنە دوكلاتقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ۋالاقتەگكۇرلىكىدىن جاق تويغان يىغىن ئەھلى ئاخىرى غەزىپىنى باسالماي، ئۇنى «ۋاقىت خىيانەتچىسى» دەپ ئەيىبلەيدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئەيىبنامىسىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنمۇ توغرا تاپىدۇ. ۋالاقتەگكۇروپ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى «ئۆلدى» گە چىقىرىۋېتىدۇ. يۇقىرىقىلار پۈتۈن شېئىردا سۆزۈت ئورنىدا ئەمەس، بەلكى ئايرىم تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئورنىدىلا تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ شېئىر مۇكەممەل سۆزۈتتىن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىقىدەك ئايرىم تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىن قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە ئۇ «داستان» ياكى «باللادا» دەپ ئەمەس، «شېئىر» دەپلا ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋالاقتەگكۇروپنىڭ سۆزمەنلىكىنى ئاساس قىلغان كېسەلمەن خاراكتېرى دەل ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاشۇنداق ئايرىم تۇرمۇش



تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق ناھايىتى روشەن يارىتىلغان. ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زاماندىكى سۆزمەنلىكىنىڭ تەكرار تەسۋىرى بۇ شەخس خاراكتېرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەمىن ئەتكەن. بۇ جەھەتتىن «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» نى غەيرىي مۇكەممەل سۆزۈت ئارقىلىق مۇكەممەل بەدىئىي خاراكتېر يارىتىلغان ئەسەر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. كىتابخان بۇ ئەسەر ھەققىدە ناۋادا كۆرۈش سەزگۈسىنىمۇ ئىشقا سالسا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەڭگۈ يۇمۇلمايدىغان، تولا سۆزلىگەنلىكتىن بەزىدە تۈكرۈك چاچراندىلىرىنى چاچرىتىپ تۇرغان، بەزىدە لەۋلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن يوغان بىر ئېغىز نامايان بولىدۇ. كىتابخان پۈتۈن شېئىردا ۋالاقتەگكۇروپنىڭ قاش- كۆزى، چىرايى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما توختىماي سۆزلەۋاتقان ئۇ ئېغىز ئۇنىڭ ئىگىسىنى بىر پۈتۈن تىرىك گەۋدە ھالىتىدە قىياس قىلىشقا ھەرگىز كەملىك قىلمايدۇ. كىتابخان ۋالاقتەگكۇروپ ئوبرازىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ھەققىدىكى تەسىراتقا ئاپتورنىڭ بۇ ئوبرازغا مۇناسىۋەتلىك تەكرار ۋە مۇبالىغىلىق تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئىگە بولىدۇ. ۋالاقتەگكۇروپنىڭ كېچىچە يىغىن ئاچقاندا، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ دەسلەپ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىدىغانلىقى، كېيىنچە قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ يىغىن زالىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قاچىدىغانلىقى، سۆزلەۋېرىپ خۇمارى تۇتقان ۋالاقتەگكۇروپنىڭ تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چاققان سەرەڭگىنىڭ يورۇقىدىن ئۆزىنىڭ ئادەمسىز قاراڭغۇ زالغا سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىقىغا چىدىماي، ئېشىپ قالغان لېكسىيىسىنى ئايخانىغا سۆزلەيدىغانلىقى، رادىئو ئۈزۈلىدىكى شەرمەندىچىلىكى، ئوت ئۆچۈرۈش مەيدانىدىكى تېتىقسىزلىقلىرى . . . ۋالاقتەگكۇروپ ھەجۋىي ئوبرازىنىڭ مۇبالىغە ئىچىدە يارىتىلىشى بولۇپ، بۇلار كىتابخانغا بىمەنە ئويدۇرمىلاردەك، شۇ جۈملىدىن كۈلكىلىكتەك تۇيغۇ بېرىدۇ، كىتابخاننى ئويلاندۇرىدۇ. كىتابخان ئويلىغانسېرى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ قانداقتۇ بىمەنە ئويدۇرما ئەمەس، بەلكى چىنلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ چىنلىقىغا ئىشەنگەنسېرى، كىتابخاننىڭ بۇ ئەسەردىن ئالىدىغان تەسىراتى ۋە زوقى شائىرغا بولغان قايىللىق ھېسسىياتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. كىتابخان بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ

بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ۋە بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىش تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز رېئاللىقى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ۋاقىت خىيانەتچىلىرىنى ۋالاقتەگكۈرۈپقا ئوخشىتىپ، ئۇنداقلاردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن، ۋالاقتەگكۈرۈپ ئوبرازى بىر خىل سەلبىي ئەينەكلىك رولىنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» ساتىرىك ئەسەر. ساتىرىك ئەسەرلەردە تۇرمۇشتىكى خۇنۇك، چاكىنا، پاسسىپ ۋە كېسەلمەن نەرسىلەر كۈلكە ئاستىغا ئېلىنىپ، قامچىلىنىدۇ. كۈلكىدىن ئىبارەت بۇ قامچا ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى نامايان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى كۈلكە ئارقىلىق تېزلەشتۈرىدۇ، كۈلكە ئارقىلىق كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ساغلاملاشتۇرۇلىدۇ. «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» دەل كۈلكە ئارقىلىق چاكىنا، خۇنۇك نەرسىلەرنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرۈشنى، كىتابخانىنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى ساغلاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەسەر. شائىر بۇ ئەسەردە ساتىرانىڭ ئاشۇنداق قۇدرىتى بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىرىي ئوبيېكتىنىڭ ھەجۋىي قىلىنىدىغان بەلگىسىنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنى يەتكىچە مۇبالىغە قىلىش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىر ئالاھىدە ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك مۇدەررىس ئەھمەدشاھ قارىقاشى (1750 ـ 1828) نىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» دېگەن ئەسىرى بىلەن شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى (1820 ـ 1889) نىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» دە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يۇقىرىقىدەك نادىر ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئاشۇ ئالاھىدە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ سۆزمەنلىك كېسەللىنى مۇبالىغىدىن ئىبارەت مىكروسكوپ ئارقىلىق چوڭايتىپ، كۈلكە بىلەن قامچىلاپ، ئاخىرى ئۆلتۈرىدۇ ۋە مازاق گۆرىگە مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋېتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەردە



ۋالاقتەگكۈرۈپتىنمۇ مۇكەممەل بولغان بىر بەدىئىي ئوبراز بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئەسەردە ھەممە نەرسىگە يوشۇرۇن قوماندانلىق قىلىپ، جان ۋە روھ بېرىپ تۇرىدىغان كۈلكىدىن ئىبارەت. بۇ كۈلكە بۇ ئەسەردە ئاشكارا كۆرۈنسىمۇ، يەنە كېلىپ ئۇ بۇ ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا كىتابخانىنىڭ روھىي ھالىتىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل پسىخىك ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن ئەسەردىكى كەيپىياتنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كۈلكە بەزىدە غەزەپ بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. ۋالاقتەگكۈرۈپنى ئۆلۈمگە بەنت قىلدۇرغان نەرسىمۇ دەل ئاشۇ كۈلكىدىن ئىبارەت. ئۇ ۋالاقتەگكۈرۈپتەك ئۇچىغا چىققان ھاكاۋۇر، بىلەرمەن شەخسنى ئۆز مەغلۇبىيىتى بىلەن ھالاكىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دېمەك، ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ مەغلۇبىيىتى كۈلكىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» دە ساتىرانىڭ كۈچىنى، كۈلكىنىڭ قۇدرىتىنى ئالاھىدە نامايان قىلغان. ئاپتور ئەسەردە ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ سۆزمەنلىكىنى نۇقتىلىق ۋە تەكرار يېزىش ئارقىلىق ۋالاقتەگكۈرۈپتىن ئىبارەت بىر شەخسنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭ رەزىل ئىچكى قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ:

*ئۆيلىمىغان ئىدى بۇنداق بولار دەپ،*
*باشقىچە ئىدىغۇ ئۇنىڭ كۈتكىنى:*
*ئۇ تىنماي سۆزلىسە، ھەممە ئاڭلىسا،*
*قول ئاستىدىكىلەر چالسا چاۋاكىنى،*
*رەھبەرلىك بۇلارنى ئىش دەپ چۈشەنسە. . .*
*تاپقىنى ئەمەسمۇ ئالتۇن تاۋاقنى.*
*نەزەردىن چۈشتى ئۇ، تۆكۈلدى ئابرۇي،*
*ئەمدى نېمە ھۇزۇر ئالسۇن ھاياتتىن؟*
*ئاھ، شېرىن ئارزۇلار، ئەسقاتمىدىڭغۇ،*
*قۇتقۇزۇۋالساڭچۇ ئىگەڭنى دەردتىن.*
*. . . .*

*ئۆزىگە سۆزلىدى سۆزمەن ئەپەندى:*
*«كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن بۇ باشنى قانداق،*
*ئۆلگىنىم ياخشىغۇ، ئۆلدۈمغۇ ئەمدى.»*

بۇ مىسرالاردا ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ قۇرۇق گەپ قىلمىسا قولىدىن باشقا ئىش كەلمەيدىغان ئەجەللىك ئاجىزلىقى، يەنى ئۇنىڭ زەئىپ ئىچكى دۇنياسى نامايان بولىدۇ. ۋاللاقتەگكۈروپ ئۆزىنىڭ تۈگىمەس قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان ئوبيېكتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، «ئاغزىدىن جان بېرىپ» ۋاقىتسىز ئۆلىدۇ.

ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى، بىرىنچىدىن، مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆلۈم، بۇنداق ئۆلۈم جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلۈمگە قارىغاندا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق. چۈنكى، ۋاللاقتەگكۈروپ تېنى ئۆلمەي تۇرۇپ، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن. ئىككىنچىدىن، ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى مۇقەررەر ئۆلۈم. چۈنكى، ناۋادا ئاپتور ئەسەردە ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ سۆزمەنلىك كېسىلىنى مۇبالىغە قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن ۋە كۇپايىلەنگەن بولسا، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇنۇمى ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ئادەتتىكى ئىجتىمائىي تەنقىد دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن بولاتتى. ئەمما شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ قاناتلاندۇرۇپ، ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ ئادەت خاراكتېرى ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن قىسمەتتىن ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى مۇقەررەر ئۆلۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەسەرگە يەنىمۇ جان كىرگۈزگەن، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا قىياستىكىدىن ئارتۇق ئۆلۈم ھاسىل قىلغان. بۇ خىل بەدىئىي ئۆلۈم ئەسەرنىڭ كومېدىيىلىك تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان.

ماھارەت جەھەتتىن ئالغاندا، ئەگەر پۈتۈن ئەسەردىكى ھەممە تاپشۇرۇقلارنى لىرىك بايان دەپ ئاتىساق، بۇنداق لىرىك بايان ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ «ئاغزىدىن جان بەرگەن» لىكىدىن كېلىپ چىققان كۈلكىلىك ئۆلۈمىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخاندا بۇ كۈلكىلىك ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى ھەققىدە كۈچلۈك قىزىقىش قوزغاپ، ئۇنى بۇ



كۈلكىلىك ـ سىرلىق ئۆلۈمنىڭ جەريانىنى بىلىشكە قىزىقتۇرىدۇ. كىتابخان بۇ ئۆلۈمنى نۆل نۇقتىسى قىلىپ، شائىرغا ئەگىشىدۇ. ۋاللاقتەگكۈروپ بىلەن ئۇچرىشىش ۋە تونۇشۇش ئارقىلىق، بۇ شەخسنىڭ نېمە ئۈچۈن «ۋاللاقتەگكۈروپ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى، يەنى بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىنايىلىك مەزمۇننى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئاندىن نۇرغۇن جەريانلار ئارقىلىق يەنە ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت ئاخىرقى نۇقتا (ئەمەلىيەتتە نۆل نۇقتا) غا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىن، «ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى» بىر نۇقتىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان قىزىقارلىق چەمبەرسىمان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ «چەمبەر» نىڭ مەركىزىدە مۇبالىغە، كىنايە ۋە مازاقتىن كېلىپ چىققان كۈلكە تۇرىدۇ ۋە بۇ خىل كۈلكە «چەمبەر» نىڭ ھەممىلا يېرىگە تەڭ يېيىلىدۇ. بۇ، شائىردىكى يۈكسەك ئەركىن تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي تالانتنىڭ مەھسۇلى.

ئىككىنچىدىن، ئەسەردە ئاپتور بايانى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئاپتور ۋە باشقا پېرسوناژلارنىڭ بايانى كىتابخانغا ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ سىرتقى قىياپىتى بىلەن ئادىتىنى تونۇشتۇرغان دەپ ئېيتىشقا بولسا، ئۇنداقتا، ۋاللاقتەگكۈروپنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى كىتابخاننى ئىنتايىن ھالقىلىق پەيتتە بۇ شەخسنىڭ روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ شەخس ھەققىدىكى تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ، ۋاللاقتەگكۈروپ ئوبرازىنىڭ چىنلىق قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەسەرنىڭ

*ئۇنىڭغۇ چىرايلىق ئۈزىتىپ قويدۇق،*
*ئەمدى گەپ تىرىكلەر ئۈستىدە قالدى.*

دېگەن قىسمى كىتابخاننى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۈتۈن شېئىردىكى شېئىرىي پىكىرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى بولۇپ، بۇ قىسىمنى غايەت زور بىر ئىمارەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر

تال مۇستەھكەم تۈۋرۈككە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۇ قىسىمدا شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋالاقتەگكورۇپنىغۇ مازاق كۈلكىسى بىلەن قامچىلاپ، ئۆلتۈردۇق ۋە مەڭگۈلۈككە دەپنە قىلىۋەتتۇق، ئەمدى رېئاللىقتىكى باشقا ۋالاقتەگكورۇپلار زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟ دېگەن ئىدىيىسى، ئاخىرقى ھېسابتا شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەگكورۇپنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ئەسەرنى يېزىشتىكى ئەسلىي مۇددىئاسى سوئال شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شائىر رېئاللىقتىكى باشقا ۋالاقتەگكورۇپلارنىمۇ مۇشۇ ۋالاقتەگكورۇپقا ئوخشاش مەسخىرە ۋە مازاق ئارقىلىق كالتەكلەپ، ئۇلارنى بيۇروكراتلىقىغا چەك قويۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ قىسىمنى بىر پۈتۈن ئەسەردىن چىقىرىلغان شېئىرىي ۋە مەنتىقىي خۇلاسە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، «ۋالاقتەگكورۇپنىڭ ئۆلۈمى» نىڭ شېئىرىي ۋە مەنتىقىي خۇلاسىسى بولغان بۇ ئىككى مىسرا چېخوف يازغان «غىلاپ بەندىسى» ھېكايىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈملىلىرى بولغان «بىلىكوفنى كۆمۈشنىغۇ كۆمدۇق، لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشىغان غىلاپ بەندىلىرىدىن يەنە قانچىلىك بار، كەلگۈسىدە يەنە قانچىلىك بولار؟»[1] بىلەن ماياكوۋسكىي يازغان «مەجلىسۋازلار» نىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى بولغان

*ناۋادا*
*يەنە بىر رەت مەجلىس ئېچىلسىدى،*
*شۇ مەجلىستە*
*باشقا بارلىق مەجلىسۋازلار بىراقلا گۆرگە تىقىلسىدى.*[2]

نى ئەسلىتىدۇ. چېخوف، ماياكوۋسكىي ۋە بىزنىڭ تېيىپجان ئېلىيوپ ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرگە تەۋە ئەدىبلەر بولسىمۇ، لېكىن «غىلاپ بەندىسى»، «مەجلىسۋازلار» ۋە

① چېخوف: «غىلاپ بەندىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992- يىلى نەشرى، 160- بەت.
② «ماياكوۋسكىي تاللانما ئەسەرلىرى» 1- توم، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1957- يىلى نەشرى (خەنزۇچە) 265- بەت.



«ۋالاقتەگكورۇپنىڭ ئۆلۈمى» ئوخشاشلا سىياسىي ساتىرىك ئەسەر بولغاچقا، ئۈچىلا ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي مۇددىئالىرىنى ئوخشاش ھالدا ئاشكارا ئىپادىلىگەن، يەنى يۇقىرىقى ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ سىياسىي ساتىرىك ئەسەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاراكتېر ئورتاقلىقى بەدىئىي مۇددىئانىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاشكارا ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت ئورتاقلىققىمۇ ئىگە قىلىنغان.

## §12. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانلىرى ھەققىدە

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923 ـ 1995) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي پەن ئالىمىدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1939- يىلىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدىن بولغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلىرى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش غەلىبىلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق دراممىسى ۋە «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانىمۇ مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان. 1946- يىلى نەشر قىلىنغان «يۈرەك مۇڭلىرى»، 1949- يىلى نەشر قىلىنغان «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىدىكى شېئىرلار ۋە «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داڭلىق داستانى شۇنىڭدەك ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە يازغان «چىن مودەن» دراممىسى قاتارلىقلار خەلقىنىڭ ئازاب- ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى چوڭقۇر

ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلەپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. 1985 - يىلى تاللانغان شېئىر، داستان، نەسرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر پېشقەدەم شائىر، شۇنداقلا داڭلىق يازغۇچىدۇر. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خېلى كۆپ شېئىر، داستانلارنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاساسەن شېئىرىيەتكە، ئازادلىقتىن كېيىن تولىراق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن رومان ئىجادىيىتىگە قاراتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن «ئىز» ناملىق تۇنجى رومانى 1984 - يىلى نەشر قىلىندى. 30 - يىللاردىن 40 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىبدات مىلىتارىستلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان



ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى سۈرەتلەنگەن «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمى 1988 - يىلى، 2 - قىسمى 1994 - يىلى نەشردىن چىقتى. بۇ رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چوڭ ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ رومانلار جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ خېلى زور زىلزىلە قوزغىدى. خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلىپ بەس - مۇنازىرىلەر بولدى. يىغىنچاقلىغاندا، تەنقىدچىلىرىمىز: بۇ رومانلار بىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان رومانچىلىقىمىزنىڭ يېڭى نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئىجادىيىتىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى، دەپ باھا بەردى.

بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەلىيەت، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئەمەلىيەتنىڭ تارازىسىدۇر. بىز بۇ رومانلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى باھا، ئىنكاس ۋە مۇھاكىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېۋىسى بولغان بۇ رومانلار بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز.

ئۆتكۈر ئەپەندىدە قۇمۇل رايونىنىڭ، كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ ئەسەر يېزىش ئىستىكى خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەر خىل زور ۋەقەلەرگە تويۇنغان بولۇپ، خىلمۇ خىل ئۆزگىرىش، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە تولغان، ئۇنىڭدا ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ مول ھەرىكەت پائالىيەتلىرى بار، تەڭرىتېغىدەك زەبەردەست باتۇرلارنىڭ تىللاردا داستان قىلىنىۋاتقان ياكى قىلىنىشقا تېگىشلىك مەردۇ مەردانىلىكلىرى، شۇنىڭدەك ئىستىبدات پاسىق مۇناپىقلارنىڭ مەڭگۈ لەنەتلىنىشكە تېگىشلىك رەزىللىكلىرىمۇ بار. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار كىچىكىدىنلا ئاشۇ ئاجايىپ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ كەلگەن يازغۇچىنى مۇشۇ تارىخىي تۇرمۇشنى ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە

ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ مۇقىم ئىجادىيەت مۇددىئاسى بىلەن ماتېرىيال توپلاشقا باشلىغان ۋاقتى 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەپ، قۇمۇل رايونىدا بىر قانچە قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن زىيارەت قىلغان ئادەملىرى مىڭغا يېتىدۇ. ئۇ زىيارەتلىرىدىن نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. 104 ياشلىق روزى بوۋايغا ئوخشاش قوزغىلاڭنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تاغ ـ جىلغىلار، يول، ئۆتەڭ، مەنزىللەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئارخىپلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ماكان دائىرىسى، ئارىلىق مۇساپىلىرى ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھەر خىل پايدىلىنىش خەرىتىلىرىنى، قوللانمىلارنى ئىشلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىجادىيەتكە ھەقىقىي كىرىشكەن مەزگىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى چاغلاردۇر. مەنىۋى كىشەنلەر پاچاقلىنىپ، «چەكلەنگەن رايون» لار بۆسۈپ تاشلانغاندىن كېيىن ھەقىقىي رەۋىشتە روھىي ئازادلىققا ئېرىشكەن يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى تېزلىتىپ، ماتېرىيال يىغىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ماتېرىياللارنى ئۆگەندى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە كۆرگەن ـ ئۆگەنگەن ماتېرىياللىرى بىر نەچچە مىليون خەتكە يېتىدۇ. ئۇ ھەتتا شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنىمۇ تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق زور ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئۇنى قىزغىن قوللاپ نۇرغۇنلىغان كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي دېھقان ئاياللىرىغىچە ئۆز ياردەملىرىنى ئايىمىدى. ئاددىيغىنا بىرلا مىسال ئالساق، «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1 ـ قىسمىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قازاقىستاندىكى ۋىلىباينىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كېرەك بولغاندا، كىشىلەر ھەتتا ۋىلىباينىڭ ياركەنتتە بىنا قىلغان مەسچىتىنىڭ خەرىتىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى.



ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن تۇرمۇش، جەمئىيەت، تارىخقا نىسبەتەن يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تونۇشى بولۇشى زۆرۈردۇر. ئۇنىڭدا ھەممىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان ھېسسىيات، جىمىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل، چوڭقۇر ئىدىيە بولۇشى لازىم. ئۇتۇقلۇق چىققان ئەسەرلەر ئۆز مۇئەللىپىدىن ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان تۇرمۇش مەزمۇنىنى پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە مۇئەللىپتىن پۈتكۈل جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كونكرېت تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قاڭقىپ چىقىپ دەۋر، تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت يۇكسەكلىكىدە ۋە چوڭقۇرلۇقىدا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئاپتور توپلىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراشلىرىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق تەييارلىق باسقۇچىدىن كېيىن 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى رەسمىي يېزىشقا كىرىشتى. 1985 ـ يىلى «ئىز» رومانى، 1988 ـ يىلى «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1 ـ قىسمى، 1994 ـ يىلى 2 ـ قىسمى نەشردىن چىقتى.

ئاپتورنىڭ بۇ رومانلارنى يېزىشتىكى ئىجادىيەت مۇددىئاسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە قۇمۇلدا پارتلىغان تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلاش، زورىيىش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئىپادىلەش ۋە بۇ تارىخىي جەريانىنى دەۋر قىلغان ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنى، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار تارىخىي كارتىنىسىنى سىزەتلەپ بېرىش بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئېستېتىك غايىسى «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئىزھار قىلىنغان. گەرچە تارىخىي ترىلوگىيە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ دەسلەپكى پىلاندىكى 3 ـ قىسمى ئاپتورنىڭ سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومانلارنىڭ مەزمۇن كۆلىمىگە ۋە قۇرۇلما مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئېستېتىك

غايىسىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ رومانلارنىڭ قايتا - قايتىلاپ نەشر قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىراژىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىپ بېرىشىدىكى، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىزدەك جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بىر نەچچە يىلدىلا ئاجىزلاپ كەتمەي، ئەكسىچە كۈچىيىپ بېرىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە، تۈپ سەۋەب ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىدە ۋە ئېستېتىك قىممىتىدە.

بىزگە ئايانكى، ھەر قانداق يازغۇچى تۇرمۇش چەكلىمىلىكلىرىدىن ۋە تارىخىي چەكلىمىلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىنى بىلىش، ھەممىگە ئۇلگۇرۇپ، ھەممىگە قابىل بولۇپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇ يىراقنى يېقىنغا ئەكىلىپ، چەكسىزلىكنى چەكلىك دائىرە ئىچىگە سىغدۇرۇپ ئۆز ئەسىرىنى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. بىز تۆۋەندە ئاپتورنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇمۇلدىن ئىبارەت كونكرېت ماكاندىن خېلىلا ھالقىغان ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭلىككە، كونكرېت جەريانىنى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي مۇساپىگە قويۇپ، بىر تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، ئىنسانشۇناسنىڭ كۆزىدە كۆزىتىپ، ئۇنى چىن، جانلىق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى توغرا يەكۈنلەپ چىققان. مانا بۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا، ھاياتقا ھاسىل قىلغان پۈتۈن تەسىراتىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، بۇ تىندۇرما ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەۋھىرى، يەنى ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق بۇ جەۋھەرنى ئەسەرلەردىكى كونكرېت تەسۋىر، جانلىق ئوبرازلاردىن، قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاپالايمىز.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ، زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ شىللىسىغا چىقىۋالغان فېئودال ۋاڭ - غوجاملار، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەزگۈچىلەر



سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشى، ھوقۇق - مەنپەئىتى ئۈچۈن خەلقنىڭ سۆڭىكىنى چېقىپ، يىلىكىنى شۈمۈرۈۋاتقان ئاشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا تۆمۈر خەلىپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى خۇددى لى زىچېڭ، خۇڭ شيۇچۈەن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن ئوخشاشلا تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق، ئىستىخىيىلىك قارشىلىقلاردىن قۇراللىق كۈرەشكە، يەككە ئېلىشىشلاردىن تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئۆزگەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ» ھەمدە «گەرچە مۇرادى ھەل بولمىغان بولسىمۇ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جياڭجۈن يامۇللىرىنى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەندۇرۇپ» مەغلۇپ بولۇپ كېتىشىمۇ مۇقەررەرلىكتۇر. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن تارىخىي پاجىئەلەرمۇ بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەڭ باب كېلىدىغان تراگېدىيىدىن ئىبارەت بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان.

ئىنسانىيەت تارىخى خىلمۇ خىللىقلارغا تولغان بولىدۇ. تارىخنىڭ مەزمۇن جۇغلانمىسىدا ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن، بىراق، ھەر قانداق تراگېدىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەممىسىلا خۇددى لۇشۈننىڭ بەرگەن تەبىرىدىكىدەك: «قەدىر - قىممەتلىك نەرسىلەرنى پارە - پارە قىلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ.»، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە ساختىلىق، قاباھەت، رەزىللىكنى سۆكۈش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

بۇ ئىككى پارچە روماندا تەسۋىرلەنگەندەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قۇمۇل خەلقى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋاڭ - غوجاملار، باي - پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، چارۋىسىنى بېقىپ تۆككەن تەرىگە، قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋاڭلىق تۈزۈم، شۇنىڭدەك شا مەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى ئوردا بەگلىرى ۋە باي - غوجاملار

خەلقنى ئات، ئېشەك ئورنىدا ئىشلەتكەننى ئاز دەپ، ئۇلارنى ھايات خۇشاللىقلىرىدىن ۋە ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي لەززەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. كۆزىدىلا ئەمەس، يۈرىكىدە قان يىغلاپ، نالە قىلىپ ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىگەن بىچارە خەلق قوزغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بىراق، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلىقىدىن، تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە ئۆزلىرىدىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن قۇمۇلدىن باشلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەغلۇپ بولەدى. قوزغىلاڭلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن قەھرىمانلار جەڭلەردە قۇربان بولدى. جازا مەيدانلىرىدا بېشى ئۈزۈلگەن، تىلى كېسىلگەن، كۆزى ئويۇلغان جەسەتلەر قەبرىسىز قالدى. بىز ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن قايغۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىدىن، ئىزدىنىشلىرىدىن ئىلھاملىنىمىز. جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق چاقناپ تۇرغان ئەسەر سەھىپىلىرىدىن كۈچلۈك ئېستېتىك زوققا ئېرىشىمىز. دېمەك، ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۈچى، ئېستېتىك كۈچى بىزنىڭ قەلبىمىزنى زىلزىلىگە سالىدۇ.

تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ بۇ ئىككى پارچە رومانغا ئوخشاش قەھرىمانلىق تراگېدىيىلىرىدە تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنىڭ قانداق يارىتىلىشى ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. تراگېدىيىلىك قەھرىمانلار چوقۇم چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ پارە - پارە قىلىپ كۆرسىتىلىشى ھېچقانداق ئېستېتىك تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدا ئۆلگەن، يەنى «پارە - پارە قىلىپ كۆرسىتىلگەن» پېرسوناژلار خېلىلا كۆپ. لېكىن، شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلۈمى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىككى پاي ئوق بىلەن جاجىسىنى يېيىشى، قارانىيەت توختى سەيپۇڭ، ئاغمىچى قارا بوسۇقلارنىڭ قەدىرسىز ئۆلۈمى، ساتقىن روزى موللا، توخسۇن فۇگەن، سايىت تۇڭچىلارنىڭ لەنەتلىك ئۆلۈمى، يى شىفۇ قاتارلىق چېرىكلەرنىڭ جەھەننەمگە مېڭىشى بىزدە قىلچە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا



قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، خوپ بوپتۇ، دەيمىز. ئەمما، تۆمۈر خەلپىنىڭ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ، ئامانقۇل، مەڭلىك نىياز، ھەسەن دولان، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىزدە تامامەن باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 - قىسمىدىكى ھەسەن دولان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە توقۇلما قىلىنغان پېرسوناژ، ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولغان ئىلغار پىكىرلىك پەن ياۋنەننىڭ ھارۋىكىشى. ئۇ پەن ياۋنەننى «دارىن ئىمانسىز بولغىنى بىلەن ئىنساپلىق، مۇلايىم، باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان ئوبدان ئادەم» دەپلا بىلىدۇ. شۇڭا، جىن شۇرېننىڭ قولچوماقلىرى پەن ياۋنەننىڭ كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغاندا، ئۇ ئۆزىگە: «تاياق ئاستىدا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇ ياكى بىر ئىلغار تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ياكى پەن ياۋنەننىڭ شېرىكىمۇ ئەمەس، پەقەتلا ساۋاتسىز، ئاددىي ھارۋىكەش، لېكىن ئۇ بىز كىنولاردا كۆرگەن، كىتابلاردا ئوقۇغان قەھرىمانلارغا ئوخشاش ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي سوراقچىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلۈمنى مەردانىلىك بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ساۋاتسىز، ئاددىي بىر ھارۋىكەشنىڭ «ياخشىغا يانتاياق بولۇش» تەك سادا، ئەمما ئۇلۇغ ئەقىدىسى بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. مەڭلىك نىياز بولسا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ئاددىي بىر قوزغىلاڭچى دېھقان. ئۇمۇ ھەسەن دولانغا ئوخشاش ئەسەرنىڭ مۇھىم قەھرىمانلىرىدىن ئەمەس. مەڭلىك نىياز ئادەتتە يۈزى تۆۋەن، نومۇسچان، ئەمما جەڭدە باتۇر يىگىت. ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، ھايات گۈزەللىكلىرىگە تەلپۈنىدۇ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن، قوزغىلاڭنىڭ سەردارى خوجىنىياز ھاجىغا خەۋپ تۇغۇلغاندا، ئۇ ئۆز خوۋلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي خوجىنىياز ھاجىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇشى، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى لازىم ئىدى ۋە شۇنىڭغا ھەقلىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ قازا قىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئېچىنىمىز ۋە بۇ

قەھرىمانغا قايىل بولىمىز. «ئىز» رومانىدىكى ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ ئەرمىكى بولغۇچە قىلىچ ئاستىدا پارە- پارە بولۇپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلگەن قەلبى گۈزەل، رەڭگىمۇ گۈزەل گۈلقىزنىڭ شا مەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ ھالاك بولۇشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بىز ئېچىنىش بىلەن بىللە پاك، غۇبارسىز بۇ تاغ گۈلىدىن سۆيۈنىمىز. راجى بالىنىڭ جازا مەيدانىدىكى قورقۇمسىزلىقى بىزنى تەسىرلەندۈرسە، جاللاتنىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشى بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇ ياش، باتۇر يىگىتنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقىغا بولغان قايىللىقىمىز ۋە ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.

«ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى ئايرىم شەخسلەرنىڭ تەزكىرىسى يېزىلغان بىئوگرافىك ئەسەر ئەمەس، بەلكى تارىخىي رومانلاردۇر. شۇڭا، ئاپتور بۇ رومانلىرىدا ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ناھايىتى كۆپ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقان. پەقەت «ئىز» دىلا خېلى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىلگەن پېرسوناژلار ئوبرازى يەتمىشكە يېقىن، تىلغا ئېلىنغان يانداش پېرسوناژلار ئاتمىش ئەتراپىدا. «ئويغانغان زېمىن» نىڭ ئىككى كىتابىدا بولسا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئاجايىپ مول ۋە رەڭدار پېرسوناژلار دەھلىزىنى ھاسىل قىلغان. بۇ پېرسوناژلار قاتارىدا تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى، نىياز پالگان، سالى دورغا قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ سەركەردىلىرى؛ ئامانقۇل، راجى بالا، ئەنسارى، قاسىم قىزىق، ھۆسنارىخان، ئايقىز، مەڭلىك نىياز، مىرول مەرگەن قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى، شۇنىڭدەك ئاددىي دېھقانلار، كاسىپلار، ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەر، ئوۋچىلار، خوتۇن- قىزلار ۋە باللار بار. بۇلاردىن باشقا شا مەخسۇت ۋە ئۇنىڭ ھاشىر تەيجى، نۇشىرىۋان تەيجى، قىز بەگ خوجا، نورۇز ئەئلەم، ئۇۋەيسە مۇپتى، توختى دورغا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ماجۇڭيىڭ، يولۋاس . . . قاتارلىقلاردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ بەي ۋېنچاۋ، چيەن دارىن، لىيۇ سىجاڭ، لى



شۇفۇ، شۈي شيەنجاڭ دېگەندەك قولچوماقچىلىرىغىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن.

باش قەھرىمان تۆمۈر خەلىپە ئوبرازى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تارىخىي چوڭقۇرلۇقلىرى، خاراكتېرىنىڭ چىنلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئاپتور تارىخىي ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق يورۇتقان بولغاچقا، تۆمۈر خەلىپىنىڭ تارىخىي رېئاللىقتىكى پروتوتىپىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە بەدىئىي زېمىن ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. تۆمۈر خەلىپە دەل مۇشۇنداق كىشى. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇرتكىسىدە تەڭرىتاغ ئېتىكىدىمۇ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بوراندا جار سېلىپ پەرۋاز قىلغان باتۇر بورانقۇش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان يول باشلىغۇچى، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس. ئۇ تارىخنىڭ، دەۋرنىڭ ئوغلانى، ئۇنىڭ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، يوقسۇللۇق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆسۈشى، تېنەپ- تەمتىرەپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ كۆپنى كۆرۈشى ۋە كۆپنى ئاڭلىشى، ئۇنى باشقىلاردىن ئالدۇرراق ئويغاتقان، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. دېمەك، ئىجتىمائىي بارلىق ئۇنىڭ ئېڭىنى بەلگىلىگەن. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قويىدۇ، تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، ھەرىكەت ئىچىگە، ئۆسۈش ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

سۇژېتنىڭ غول لىنىيىسى «تورپاق يېغىلىقى» دىن باشلانغان. ئاپتورنىڭ بۇنداق يېزىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بىرىنچىدىن، ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىك بولغان تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۈرەشلەرگە باغلاپ، تارىخىي ئىزچىللىقنى نامايان قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق خەلق ئىنقىلابى خۇددى ئۈزۈلمەس دولقۇنلاردەك بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بارىدۇ، دېگەن كۈرەش ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسا، ئىككىنچىدىن، ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەدرىجىي ئەقىل تېپىپ بارغانسېرى ئۆسۈپ ماڭغان يېتىلىش جەريانىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

تۆمۈر خەلىپە «توپاق يېغىلىقى» دىن قانداق ساۋاق ئالدى؟ ئۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. قوراللىق كۈرەش ئېقىمىنىڭ يېتىلىشى تۆمۈر خەلىپىدەك دېھقان قەھرىمانىنىڭ ئېڭىدىكى ناھايىتى زور يۈكسىلىش، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى مەرگەنلەر (پالگانلار) ياشايدىغان (قارا مىلتىق بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا مىلتىق بار) تاغدىن باشلىنىدۇ. تۆمۈر خەلىپە (دەسلەپتە ئۇ تۆمۈر مۇجاڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) ئۆزىنىڭ ئەلنىڭ خۇشلۇقىغا كۆلۈپ، قايغۇسىغا يىغلايدىغان خەلقچىللىقى، تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئىسيانكار روھى، جەڭگاھتىكى باتۇرلۇقى، تەشكىللەش قابىلىيىتى، قوماندانلىق تالانتى، ئاددىي ـ ساددا ۋە كەمتەرلىكى، چىقىشقاقلىقى بىلەن ناھايىتى تېزلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلىپە يەنى يولباشچى بولۇپ قالىدۇ.

تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، يازغۇچى ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىمانىنى تارىخنىڭ تەرەققىيات ئىزناسىدىن زادىلا ئاجرىتىۋەتمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشى، كۈچىيىشى، غەلىبە قىلىشى ۋە ئاخىردا مەغلۇپ بولۇشىنىمۇ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا سۈرەتلىگەن. ئەمدى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەلۋەتتە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت تاشقى سەۋەبنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىچكى سەۋەب بولسا، ئاساسەن دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس مەنىۋى ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولالماسلىقى، ئىلغار ئىدىيىنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمەسلىكى، توغرا ۋە ئېنىق نىشانىنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر. ئاپتور تارىخىي رېئاللىقنىڭ مۇشۇنداق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن تامچە سۈزدىن قۇياش نۇرىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرسەتكەندەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. گېگىل يۇنان



تراگېدىيىلىرىدە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا، ئۇخشىمىغان ئىككى خىل خاراكتېر ئوتتۇرىسىدىلا قانات يايدۇرۇلىدىغانلىقىنى؛ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى تراگېدىيىلەردە بولسا، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغان بولغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدى. دېمەك، گېگىل خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ ئىپادىلىنىش ئەھۋالىدىن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى بايقىيالىغان. بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ رومان ئىجادىيىتى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، دېگىنىمىزدە دەل مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتىمىز. يەنى ئۇنىڭ رومانلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ بەلگىلىك چوڭقۇرلۇق ئىچىدە يورۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز. «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلىپە ھەممىشە دۈشمەنگە نەپرەت بىلەن كەڭ قورساقلىق، رەھىمسىزلىك بىلەن ئەپۇچانلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن پاسسىپلىق، كۆرەشچانلىق بىلەن ئىلاھىي تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەننى يوقىتىش لازىملىقىنى بىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ، لېكىن، تۇرۇپلا يەنە ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. نەتىجىدە، خۇددى ئىت سۈدىن چىقىپلا پاقالچاقتىن ئالغاندەك تۆمۈر خەلىپىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن دۈشمەنلەر قايتا ئات مىنىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىغا قايتا كۆلپەت ياغدۇرىدۇ. ئەسەردە تۆمۈر خەلىپىنىڭ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن چېرىكلەرنى ھەممىشە ئاتقا مىنگۈزۈپ قويۇۋېتەلىكلىرى ھەتتا چېرىكلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانلىقلىرى يېزىلغان. تۆمۈر خەلىپە ئۆزىنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى «يىقىلغاننى تەپمەك يوق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. توختى سەيپۇڭنىڭ تۆمۈر خەلىپىنىڭ قىزىغا ئېيتقان «يوچۇنلا» گەپلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قارا نىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى. ئەمما، تۆمۈر خەلىپە بۇ سۆزلەرنى «ئوينىشىپ ئېيتقىنىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ توختى سەيپۇڭنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىنمۇ يۈز تۇرانە سۆزلىشىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايدۇ. ئۇنىڭ قارا بوسۇق قاتارلىق

سەركەردىلەرنى ئازدۇرۇپ، قوشۇننى پارچىلىشىغىمۇ سۈكۈت قىلىدۇ، ھەتتا توختى سەيپۇڭ خائىنلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاتقان چاغدىمۇ رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىدۇ. خېلى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئىرادىسىگە، مەقسىتىگە خىلاپ ھالدا ئىش قىلىدۇ. مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرگە يول قويغانلىقىنى غۇۋا سېزىسىمۇ، بىراق ئېڭىدىكى تەقدىرچىلىك قارىشى باش كۆتۈرگەن ھامان مەغلۇبىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى قېزىشتىن دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەممىنى تەقدىردىن، ئىرادىدىن كۆرۈپ، روھىي تەڭپۇڭلۇقتا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. لېكىن، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغاچقا، ئۇ بەربىر روھىي ئازابتىن، قايغۇدىن قۇتۇلالمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكۈدەك سەۋىيىگە ئىگە بولمىغاچقا، ئۆزىدىكى چەكلىمىلىكلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرى پۈتكۈل قوزغىلاڭنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە تۆمۈر خەلىپە ئوبرازى مۇشۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، تىپىك مۇھىتتىكى بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى خوجىنىياز ھاجى ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى «ئىز» رومانىدا، بولۇپمۇ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا ئەتراپلىق ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر ئاساسلىق قەھرىمان. ئۇنىڭ ئوبرازى «ئىز» دا تۆمۈر خەلىپىگە يانداشتۇرۇلۇپ، قوشۇمچە ئورۇندا تەسۋىرلەنگەن بولسا، «ئويغانغان زېمىن» دا ئاساسلىق قەھرىمان سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭ يورۇتۇلغان. ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شۇ ئاساستا بەدىئىي چىنلىق بويىچە ئەتراپلىق تەسۋىرلىنىپ، بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بەك مول، ھەرىكەت قىلغان تۇرمۇش سەھنىسى بەك كەڭ، بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پەقەت قۇمۇل بىلەنلا چەكلەنمەي، پۈتكۈل شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن زور تارىخىي ۋەقە



بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەردە ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يورۇتۇش مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ چىگىشىنى چىقىرىشنى، خىلمۇ خىل سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە چېتىشلىق بولغان خوجىنىياز ھاجىدەك تارىخىي شەخسكە توغرا باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغان ئۆتكۈر ئەپەندى تارىخقا، شۇنىڭدەك خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىجادىيەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ، بەزى ئاپتورلاردەك ئۆتكۈر ۋە نازۇك زىددىيەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەن. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۈچىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغىمۇ يەتكىلى بولمايتتى. ئۆتكۈر ئەپەندى خېلى بىر مەزگىل چەكلەنگەن رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن شىنجاڭ تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ تولىمۇ تېيىزلىقىغا قارىماي، قەھرىماننى ياراتقان تارىخىي مۇھىت ۋە شارائىتنى تەتقىق قىلدى، ماركسىزملىق كۆز قاراش بىلەن تارىخىي ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلدى. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ھادىسىلەرنىڭ يۈزە كۆرۈنۈشلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ماھىيىتىگە يېتەلىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابىيلىق، ئىلغارلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىكى تارىخىي چەكلىمىلىك ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىكلىرىنى، شۇنىڭدەك ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىنىمۇ قەلەمگە ئالالىدى. گىرەلەشمە زىددىيەتلەرگە تويۇنغان تىپىك ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ گۆش ۋە ئۇستىخىنىمۇ بار، تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى ئۇخچۇپ تۇرىدىغان جانلىق، يارقىن بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ چىقالىدى.

خوجىنىياز ھاجى تاغدا ئۆسكەن قورقۇمسىز، قەيسەر، تۈز كۆڭۈل ئادەم. ئۇنىڭ مۇھەببەت- نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئۇ تۆمۈر خەلىپىنىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇل تاغلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، پالۋانلىقى بىلەن دەسلەپىدىلا تونۇلغان. دېمەك، ئېزىلگەن، خورلانغانلارغا يار- يۆلەك

بولۇش، بايلارغا ئۆچ بولۇش ۋە باتۇرلۇق جەھەتلەردە ئۇ تۆمۈر خەلىپە ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە. لېكىن، ئۇنىڭ ئالاھىدە كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭدا ئۆزگىچە سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندا تېخى ياش بالا ئىدى، جەڭلەردە پىشتى، تاۋلاندى، مۇھىم سەركەردىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ يۇرتمۇ يۇرت سەرگەردان بولۇپ يۈردى. خېلى ئۇزاق مەزگىللىك سەرگەردانلىق هايات ئۇنىڭ كۆپنى كۆرۈشى، كۆپنى چۈشىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ، ئۇنىڭغا بىر مەكتەپ بولدى. ئۇ ھەممىلا يۇرتتا كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ ئېزىلىپ، خارلىنىپ غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغانلىقىنى، خۇددى جاھاندىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسىلا قارا بولغىنىدەك، ھەممىلا يەردىكى باي- غوجاملارنىڭ ئاچ كۆز، زومىگەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت بىلەن ئاپاق- چاپاق بولۇۋېلىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ، سۆڭىكىنى چېقىپ يەيدىغانلىقىنى كۆردى. بولۇپمۇ چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ ئېڭىنىڭ بىر بالداق كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. ھەر مىللەتتىن بولغان مەخسۇت مۇھىتى، ھەيدەر ئەپەندى، خوخول گېرىگورى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار، ئىلغار زاتلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى، شۇنىڭدەك ئىنقلابنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. مانا مۇشۇنداق زورۇر بولغان چېنىقىش ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يولباشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قۇمۇل تاغلىرىدا، قۇمۇل دىيارىدا قايتىدىن يانغان ئىنقىلاب ئوچقۇنلىرىنى ئۇلغايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى زۇلۇمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور گۈلخانىغا ئايلاندۇرالىدى.

ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنى مانا مۇشۇنداق كەڭ كۆرەش سەھنىسىگە، خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرغان داھىيانە سۈپەتلەردىن بولغان ئەينى دەۋردە كەم تېپىلىدىغان ئەقىل ۋە تەجرىبە، مەردۇ مەردانىلىك، پىداكارلىق روھ،



ئىنسانىي پەزىلەت قاتارلىقلارنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەرەققىيات ئۈستىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. يەنى تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئاددىي بىر تاغلىق يىگىتتىن قەلبىگە مىللەتنىڭ غېمىنى سىغدۇرۇپ، يەلكىسىگە ئەلنىڭ يۈكىنى يۈكلىگەن يولباشچىغا ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ھەرىكەت جەريانىغا قويغان. ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇ پرىنسىپقا ئىزچىل بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن، بىز خوجىنىياز ھاجى ئوبرازىدىكى ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئىچىدىكى كەمتۈكلۈكنى، باتۇرلۇقنىڭ ئىچىدىكى قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى، ئەقىل ۋە تەجرىبە ئىچىدىكى كالتە پەملىكنى، يىراقنى كۆرەرلىك ئىچىدىكى ئامالسىزلىقنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىچىدىكى دىنىي ئەقىدىچىلىكنى، چىقىشقاقلىق، كەمتەرلىك ئىچىدىكى ئۆز سۆزلۈك، چوڭچىلىقنى ئېنىق كۆرىمىز، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوبرازىدىكى مۇرەككەپلىكنى ھاسىل قىلىۋاتقان تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىرىگە قارىتا چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىدىكى تراگېدىيىلىك خاتىمىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆز ئالدىمىزدا روشەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئەلۋەتتە، ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قىرغاس- چۇقانلار پەلەككە يەتكەن جەڭ مەيدانلىرىنىڭ تەسۋىرلىرىگىلا يۈلىنىۋالمىغان، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر خىل سورۇن ۋە ھەر خىل ئادەملەر بىلەن بولغان تۈرلۈك سۆھبەت، ئۇچرىشىشلارنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشلىرىنى گەۋدىلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاپتورنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك تەجرىبە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى ئىزچىل تۈردە تىپىك مۇھىت، تىپىك شارائىت ئۈستىگە قويۇپ يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بەزى ئەسەرلەردىكىدەك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قەھرىمانلار پەقەتلا

تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان ياكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ئۇلارنىڭ سۆز- ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى، يەنى ئۇلار قاتناشقان ۋەقە - ھادىسىلەر زېمىنىدە ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ بايانى، شۇنىڭدەك قەھرىماننىڭ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئادەتلەردىن ساقلانغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدىكى تارىخىي تۇرمۇش تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجىدىن ئىبارەت باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ھەمدە بىر مۇنچىلىغان يانداش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يورۇتۇشتىكى سەھنە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇ بىر تۈركۈم پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي تۇرمۇشى ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئاپتور ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، زىددىيەت توقۇنۇشىنى پەقەت دوست- دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدىلا بولىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىگە زىت ھالدا خاراكتېرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى (مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى) ئىچكىرىلەپ قازغان، ھەممىشە پسىخىك تەسۋىرلەرنى ھەرىكەت- پائالىيەتلەرنىڭ تەسۋىرلىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ، ئوبرازلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈرگەن. نەتىجىدە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىققا ئۇيغۇن، دەۋر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە تۆمۈر خەلىپە ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىپ چىققان.

ئاپتور ئەسەر قۇرۇلمىسىغىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىككى رومان ۋەقەلىك جەھەتتە نىسپىي تۇرغۇنلۇققا ئىگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بىر- بىرىنى تولۇقلايدۇ، كۈچەيدۇ. «ئىز» رومانىدىكى سۈژىتنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، راۋاجلىنىشى، مەغلۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريانغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ غول لىنىيە «ئويغانغان زېمىن» دىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ ۋە شۇ ئىزنا بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئەسەردە يەنە ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ھوقۇق- مەنپەئەت تالىشىش، ئۆزەڭگە



سوقۇشتۇرۇشلار ۋە شۇنىڭدەك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ئىختىلاپلاردىن شەكىللەنگەن سۈژىتنىڭ كېسىك لىنىيىلىرى بار. بۇلار غول لىنىيە ئىچىگە خۇددى سىمفونىيىنىڭ قىستۇرما كۈيلىرىگە ئوخشاش تەبىئىي كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، خىلمۇ خىللىق، رەڭدارلىق ۋە كەڭلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، سۈژىتنىڭ غول لىنىيىسى بىلەن كېسىك لىنىيىلىرى ئۆز ئارا كېسىشىپ ۋە گىرەلىشىپ، ئەسەرنى غايەت زور تورسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان.

مەلۇمكى، رومان ئىجادىيىتى يازغۇچىدىن يېزىقچىلىق ماھارىتىدىن باشقا ناھايىتى پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق، مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم تەييارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككى روماننىڭ ئاپتورى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى بار ئالىم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ پۇختا بىلىم ئاساسى، بىلىم قۇرۇلمىسىغا قانائەت قىلماي، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۆگەنگەن بىلىمىنى تولۇقلىغان. ئۇ ئۆزى بۇ ھەقتە توختىلىپ: مەن يېنىمدىن كىچىك دەپتەرچەمنى ئايرىماي يۈرگىلى يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى، دەيدۇ. دېمەك، ئاپتور موشۇنداق مول بىلىم جۇغلانمىسىغا يۆلىنىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەر بىزگە ناھايىتى كۈچلۈك تارىخىي تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ، بۇ رومانلار شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، سودا، قاتناش، مەدەنىيەت، بىناكارلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ئېتنوگرافىيە، دىنىي ئېتىقاد، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئۆرپ- ئادەت ۋەھاكازالاردىن خېلىلا ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. بىرلا مىسال ئالساق، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، تاتار، رۇس قاتارلىق ھەر قايسى مىللەت، ھەر خىل تەبىقە، ھەر قاتلام ۋە ئوخشىمىغان جىنس، ئوخشىمىغان ياش قۇرامىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردە كىيگەن كىيىملىرىنى شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ تەسۋىرلىشىمۇ بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئىلمىيلىكى بىزنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بۇ رومانلىرىنى مەزمۇن سىغىمىنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ تۇرۇپ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ موللۇقىغا ئاساسەن ئۇلارنى قىممەتلىك يادىكارلىق ئورنىدا كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ رومانلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئايرىم يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت، بۇ يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن «ئىز» رومانىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلمىغانلىقى، «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا بولسا، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش سەھنىسى بەك كەڭ، تارىخىي مۇساپە بەك ئۇزۇن، چىگىشىنى چىقىرىشقا تېگىشلىك زىددىيەتلەر بەك كۆپ، جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر نۇرغۇن، تارىخىي مەزمۇن مول بولغاچقا، بۇ تېمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلى بەدىئىي تۇسىنىڭ سۇسراق بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ. لېكىن، بۇ يېتەرسىزلىكلەر بۇ ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ سەمەرىسى بولۇشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغان نامايەندە بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

## §13. زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە

«چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ ئاپتورى زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى مۇھىم.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دەسلەپتە درامىدىن باشلىغان. ئۇ يازغان «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق نادىر درامىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى پەللە ھېسابلىنىدۇ. زۇنۇن قادىرى ئىجادىيەتتە ئۆز دىققىتىنى تولاراق پروزىغا قاراتقاندىن كېيىن بولسا «ماغدۇر كەتكەندە»، «كۈچۈككە ھۇجۇم»، «رودىپاي»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن» قاتارلىق سەرخىل ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىسىغا مۇستەھكەم ئاساس سالدى.



«چېنىقىش» ھېكايىسى زۇنۇن قادىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ياقتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

تۆۋەندە بىز «چېنىقىش» ھېكايىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

«چېنىقىش» 1955 - يىلى يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان ھېكايە. زۇنۇن قادىرى بۇ ھېكايىنىڭ ئىجادىيىتىگە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىك كۆزىتىش، ئۆگىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرىشكەن بولغاچقا، بۇ ھېكايە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئاددىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش خاھىشلىرىغا بېقىنمىغان ھالدا بۈسۈش خاراكتېرلىك زور نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتورنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنى نامايان قىلدى. «چېنىقىش» ئاشۇ جۇشقۇنلۇق يىللاردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە بېغىشلانغان ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىنى، ئۆز قەدىر- قىممىتىنى تونۇشقا باشلاۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېڭىنىڭ شۇنداقلا خوجايىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقى، ئىنسانىي تەلەپلىرى ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىگە، ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ھېكايىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كوپېراتسىيىلىشىشكە ئۆتۈش ھەرىكىتى يېزىلغان. بۇ ھەرىكەت سىياسىي جەھەتتە چەك قويۇپ پومېشچىكلارنىڭ يەر- زېمىنىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋالىدىغان يەر ئىسلاھاتىغا ئوخشىمايدۇ. گەرچە

كوللېكتىپلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدىمۇ ئىككى يولنىڭ كۈرىشى جىددىي داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىشقا قارىتىلغان. ئىككى يولنىڭ كۈرىشىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، دېھقانلار بۇ ئەۋزەللىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىلا، دېھقانلار ئاممىسى كوللېكتىپلىشىش يولىغا ئۆزلۈكىدىن بېرىلىدۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرمىغان، قېلىپقىمۇ كىرگۈزۈۋالمىغان، بەلكى بۇلارنى سەنئەت نۇقتىسىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى مەتنىياز تارىخنىڭ ئېغىر بوپىسىنى يۈدۈگەن ھالدا يېڭى تۇرمۇشقا كىرگەن پېرسوناژ. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا دېھقانچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەن بۇ «يېڭى دېھقان» نىڭ ئىش-ئەمگەكتىكى ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى كونكرېت ئىپادىسى ئارقىلىق ئۇنى ئۆتمۈشكە باغلىغان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەتنىياز ھۇرۇن، لايغەزەل، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئىرادىسىز كىشى. ئەسەردە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە تەسۋىرلىرى، شۇنىڭدەك مەتنىيازنىڭ ئۆزىنىڭ ئىش- ھەرىكىتى ۋە گەپ- سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«بىر دېھقان مەتنىيازغا ئېرگولو ھارۋىنىڭ بىر چاقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالتە ئاي داۋامىدا قاتراپ يۈردى. بىر نەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ، بىر نەچچە قېتىم تىللىدى. مەتنىيازنى تىللىساڭمۇ، ياخشى گەپ قىلساڭمۇ ھېجىيىپلا تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىشى ئۇرۇشالمايدۇ- دە»، «مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، ساقال- بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشۈرتكەن ئادەمنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى



كېرەك. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئون- ئون بەش مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇۋۇلايدۇ. كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۈندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. ساتىراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ توختاپ قالغانلىقلىرىنى سەزمەي قالاتتى. تاكى تاش ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان كىشى: ‹ئۇستام، چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ› دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە ھۆلدەپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايتتى.» مەتنىيازنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق كېرەكسىز، لايغەزەل ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئەلۋەتتە ھوشيار كىتابخانلار سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ، تەجرىبىلىك ئاپتورمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ يىغىنچاق بايان ئارقىلىق ئۇنىڭ ھايات تارىخىنى ۋاراقلايدۇ: «مەتنىيازنىڭ ئەسلىي كەسپى ساتىراش. ئۇ ھۈنەرنى شەھەردە دادىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان. بوشىشىپ كېتەي دېگەندە قۇلىقىنى سوزۇپ بۇراپ- بۇراپ قويىدىغان دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ھۈنىرىنى تاشلاپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكاننى گازىر- پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. بۇ تەنزە ئاز كۈندە قۇرۇق بولۇپ قالدى. كېيىنكى ئەتىيازدا مەتنىياز ئۆزى ياسىغان تۈرلۈك لەگلەكلەر بىلەن يەنە ئېچىلدى. لېكىن، بۇ نەرسىلەر بىلەن دۇكان ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان يېزىدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز ئۆيى بار كىچىك بېغىغا كۆچۈپ چىققانىدى.»

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەتنىياز خاراكتېرىدىكى ئىللەتكە ياتىدىغان يارىماسلىقلار، ئېگىزدىكى بىخۇدلۇق، خاراكتېرىدىكى بوشاڭلىق ئەلۋەتتە مۇئەييەن كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن،

كىتابخانلار ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا، تۇرمۇشنى ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە پۇرسەت بەرمەيدىغان، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىدە ياتلاشتۇرۇپ نابۇت قىلىۋېتىدىغان كونا جەمئىيەتنىڭ ئادەمخور ماھىيىتىنى كۆرۈۋالالايدۇ. بىز ئەسەردىكى كونكرېت تەپسىلاتلاردىن مەتنىيازنىڭ دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقىنى ياساپ بېرىش جەريانى، كىشىلەرنىڭ چىچىنى قانداق ياسىغانلىقى، ئىززەتخانىنىڭ توپلىيىنىڭ تىكىلىش ئەھۋالى، دېھقانچىلىققا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئورما ئورۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن گەرچە ئۇنىڭ قولى ھۈنەرلىك بولسىمۇ، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان بېلى بوش، بىكار تەلەپ، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان بىر كىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن بولساق، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ باشقا بىر تەرەپلىرىگە مەنسۇپ بولغان خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي گۈزەللىكىنىڭ ئامىللىرىنى يورۇتىدۇ. مەتنىياز يەنىلا ئاق كۆڭۈل كىشى. ئاچ كۆز، تەمەگەر ئەمەس. «ئۇ مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ ۋە بۇغا- جاۋەنلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ. لېكىن، ھەق بەرسە تالاشماي ئالىدۇ، ھېچ نەرسە بەرمەي قۇرۇق «رەھمەت» دەپ قويسىمۇ خۇشال بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىرەر چىنە قايماق چاي ياكى تاماققا چاقىرىپ قويسىغۇ تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ھېچكىمنىڭ ئىشىكىگە تەمە قىلىپ بارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ پايدا- زىيان بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى.» بۇ تەرەپلىرى ئۇنىڭ قانائەتچان، سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ سەممىيلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا كېتىۋېتىپ قىلغان قاملاشمىغان بىر ئىشنى مىسال قىلساق ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ:

«ئاشلىقلار يىغىلىپ بولۇپ ئېرىق- ئورمانلارنى ساپسېرىق غازاڭ قاپلىغان كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى مەھەللىدىكى پۈتۈن دېھقانلارنى ئۆستەڭ چېپىشقا چاقىردى. شۇ كۈنى مەتنىيازمۇ كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇ قەدىمىنى بارغانسېرى چاپسانلىتىپ كۆپچىلىكتىن خېلى



ئۇزاپ كەتتى- دە، تام ياقىسىدىكى پاكار- پاكار قويۇق ئۆسكەن ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار يۈز قەدەمچە نېرىدىلا ئۇنىڭ شاخ ئارىسىدا كىرىپ مەدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ھېچكىم ئۇنى ھېچقانداق ئىزدەپ ئاۋارە بولماستىنلا كۆرۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبى: ئۇ ئۆرۈكلۈككە سوڭگۈپ كىرىۋاتقاندا ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلار تەتۈر ئۆرۈپ «مانا مەتنىياز ماۋۇ يەردە» دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاملاشمىغان بۇ ئەخمىقانە ئويۇنى ئۆستەڭگە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن خېلى كۈلكە بولدى.

— ھوي ماۋۇ يەردە سېمىزلا بىر قوي ئۆلۈپ قاپتىغۇ، — دېدى كەكەساقال بىر قىزىقچى مەتنىيازنىڭ جۇۋىسىنى كۆرسىتىپ.

كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر»، بۇ ھەمراھلىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك. بىچارىنى بىر نېمە بوغۇپ قويۇپتۇ- دە.

— ھاي- ھاي، توختاڭلار! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر، مۇرىسىدە كەتمەن تۇرىدىغۇ بۇنىڭ؟

— دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋالغان قوي بولسا كېرەك.

— ھەي تىرىك ئىكەن، مىدىرلاۋاتىدۇ.

مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ، ئارقىسىغا سىلجىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئەستاغپۇرۇللا، غەلىتە ئىش بولدى- دە، مۆكۈۋالسام كۆرۈپ قالدىڭلار، — دېدى خىجالەت بولۇپ، ھىجىيىپ يۈزىنى تۆۋەن قاراتتى.

توساتتىنلا كاللىسىغا كىرىپ قالغان ئىشتىن قېچىش خىيالىدا ئويلىمايلا قىلىپ قويغان ئىش كۆپچىلىككە خېلى كۈلكە بولدى. مەتنىياز بۇنى كۈلكە- قىزىقچىلىق ئۈچۈن ئويۇن قىلدىم دېگەن باھانىنى كۆرسەتكەن بولسا، ھېچكىم گۇمانلىنىپمۇ كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن، تۈز سۆزلۈك، سەممىي مەتنىياز يالغان ئېيتمىدى. تېخى ھېچكىم بۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن شارائىتتا:

— ئەمدى- ئەمدى، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ . . . راستتىن ئېيتقاندا، بىز ئەيىبلىك،— دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ.

— شۇنداق، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئوي مېڭەمگە كىرىپ قالدى- دە، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم.

— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك؟ — دېدى سىيىت ئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ.

— مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك بوينىمىزنى ئېگىپ تۇردۇق، نېمە قىلساڭلار ئىختىيار سىلەردە،— دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ بوينىنى ئەگكەن ھالدا.»

مىسال ئالغان بۇ پارچە مەتنىياز خاراكتېرىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان تەرەپلىرىنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، مەتنىياز ھەممە ئىشقا پەرۋاسىز قارايدىغان ئادىتى تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان ھەلقۇملۇق پەيتتىمۇ بۇ ئىشقا ئېتىبارسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئېتىبارسىزلىق ھەرگىزمۇ قېلىنلىق، يۈزسىزلىك دەرىجىسىگە بارغان نومۇسسىزلىق ئەمەس. مەتنىيازنىڭ ئوڭايسىزلىنىشى، يۈزىنىڭ قىزىرىشى، بوينىنى ئېگىپ خىجىللىق بىلەن تۇرۇپ كېتىشلىرى، كېيىن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ياخشى ئىشلەپ كەمچىلىكىنى يۇيۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ پارچىدا ئەڭ مۇھىمى مەتنىيازنىڭ راست سۆزلۈك، ھالال، سەمىمىيلىكى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ دېھقاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى سادda، سەمىمىي يەنى ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىپادىلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى، باشقىلارغا ھەتتا ئۆزىگىمۇ بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى بىزگە ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، ئادەمدەك ياشاش ئىستىكى يوقتەك، ئادىمىي ھېس- تۇيغۇلار يوقتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەمگەكچان، ساغلام، روھلۇق يېزا قىزى ئىززەتخانغا يوشۇرۇن كۆيۈشى، نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ توپلىيىنى تىكىپ پۈتتۈرۈپ ياغلىقتا چىگىپ ئالاھىدە ئاپىرىپ بېرىشى، ئىززەتخاننى كۆرگەندە ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇشلىرى ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن بۇزۇلغان



ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا باي، ئادەملىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتمىغان شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مەتنىيازغا ئاچچىق قىلىپ ھەتتا تىللاپ كەتكىنى بىلەن يەنىلا ئۇنى ئارىغا ئېلىشى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلگىنى بىلەن يامانمۇ كۆرمەسلىكى، ئومۇمەن مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدە يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەندەك ياخشى تەرەپلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى ھەم ئەيىبلەيمىز، ھەم ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھېسداشلىق قىلىمىز. ئۇنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈكىگە قايىل بولىمىز. نېمىشقىدۇر بىز بۇ بىر پۈتۈن پېرسوناژنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئەيىبلەپ زاڭلىق قىلساق، مەلۇم تەرەپلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرگىمىز كېلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قايىل بولىمىز.

زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلبىدە نازۇك ۋە كۆپ تەرەپلىمە ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى ئۇرغۇتۇش ھەرقانداقلا بىر يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتىكى ماھارىتىگە قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئومۇمەن يازغۇچى مەتنىياز ئوبرازىنى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتقان ۋە خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگىرىش ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. ئاپتور مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئوبرازىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. خۇددى تۇخۇمغا يېتەرلىك ھارارەت بېرىلسە چۈجە تۆرەلسىمۇ، ئەمما تاشقا قانچىلىك ھارارەت بېرىلگىنى بىلەنمۇ تاشتىن سادا چىقمىغىنىدەك، مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئىدى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭىلىقلار، يەنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ تەسىرى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تاشقى ئامىلدۇر. ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلىرى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا، شۇنىڭدەك مەنىۋى قىياپەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. مەنىۋى كورلۇق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەن دېھقانلار

ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەتراپىنى كۆزەتتى ۋە ئۆزىگە نەزەر سالدى. ئىنسانىي سېزىملارنىڭ ئويغىنىشى، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىستىكى، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش قاتارلىقلار ئاشۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئىدى. بۇ خىل روھىي كەيپىيات ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئىلغارلىقى، قىزىقارلىقلىقى بىلەن ھەتتا «كېرەكتىن چىققان»، «يارىماس» مەتنىيازغىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز تەسىراتى بىلەن ھېس قىلغان مەتنىياز تەدرىجىي ھالدا ھەمرا باشچىلىقىدىكى تەشكىللەنگەن دېھقانلارنىڭ ئىش- ھەرىكىتىگە سەپسالىدىغان، قىزىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. تەنھا ئۆزى پىژغىرىم ئاپتاپتا ئورما ئورۇۋېتىپ، يىراقتىن (ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىشلەۋاتقان تەرەپتىن) كېلىۋاتقان كۈلكە ۋە ناخشا ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالىدۇ. خوتۇنلارنىڭ قولىدىكى بوغما قاپاقلارغا قارايدۇ، ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان بۇ سوغۇق چايلارنى ئىچكۈسى كېلىدۇ. خۇش چاقچاق، قىزىقچى، گەپدان كەلگەن مەتنىياز تۇنجى رەت ئۆزىنى خۇشاللىقتىن، كۈلكىدىن مەھرۇم قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى تەنھالىققا، جاپاغا قالدۇرغان ئۆزىدىن نارازى بولىدۇ. مۇشۇنداق روھىي ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىچكى ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ.

مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئاپتورنىڭ مۇھەببەت ۋاسىتىسىدىنمۇ ئەپلىك پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەتنىياز ئېرى ئۆلۈپ تۇل ئولتۇرۇپ قالغان ياش چوكان ئىززەتخاننى ياخشى كۆرىدۇ. مەتنىياز ئىززەتخاننى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ ئېسىپ قويغان گۈللۈك چەت كۆڭلىكىنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ھەتتا ئىززەتخانغا تىكىۋاتقان توپلىيىمۇ تېخى ئۇنىڭ پۇتىغا سېپىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆيدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن باشقىچىرەك يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، پات- پات «مۇشۇنى كىيىدۇ- دە» دەپ ئالىقىنى بىلەن سىلاپ قويىدۇ. ئۇ توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ: «ئىززەتخان ئەجەب كېلىشكەن قاۋۇل چوكان. ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاش



نامراتلارغا شەپقەتلىك. نېمىشقا خۇدايىم شۇنداق خوتۇنلاردىن بىرەرىنى ‹ئال قۇلۇم› دەپ بېرىۋەتمەيدىغاندۇ.»

ئەمدى ئىززەتخانغا كېلىدىغان بولساق، ئىززەتخان ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چىققان لايىقلارغا تۇرمۇشلۇق بولۇشقا قىزىقمايدۇ. بالىسىنىڭ ئۆگەيلىك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بۇ تەرەپلىرىدىن مەتنىياز ئەڭ باب لايىق. ئۇنىڭ ئوغلى ئەركىنجانمۇ «بۇ يۇمشاق مۇئامىلىلىك كىشىنى ئوبدان كۆرىدۇ. لېكىن، ئىززەتخانغا ياقمايدىغىنى ئۇنىڭ بوشاڭ ۋە بىپەرۋالىقى. ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دادىلراق بولۇپ، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەييار ئىدى.»

ئىززەتخانغا بولغان يوشۇرۇن كۆيۈش مەتنىيازنى ئىززەتخاننى ئويلاشقا قىستايدۇ، ئۇ ماڭغان يولغا، ئۇ ئىشلىگەن ئېتىزغا قاراشقا تەلمۈرتىدۇ. بىراق، يار ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن، يارنىڭ مەيلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يارنىڭ كۆتكىنىدىن چىقىش كېرەك. شۇڭا، ھېكايىدە يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن مۇھەببەتنىڭ كۈچى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، زۇنۇن قادىرى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى قېلىپلاشقان كونا تەجرىبىلەر بويىچە ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسى، خاراكتېرنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ياقتىن كۆپ تەرەپلىمە قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولغاچقا، بۇ ئۆزگىرىش ئۆزىنىڭ چىنلىقى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ ۋە ئىشەندۈرىدۇ. ئەسەرگە كونا جەمئىيەت ئادەملەرنى خاراب قىلغان بولسا، يېڭى جەمئىيەت كىشىلەرنى گۈل قىلدى دېگەن تۈپكى ئىدىيە مەجبۇرىي تېڭىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپ خاراكتېردىكى جانلىق ئوبرازغا تەئەللۇق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى، كونكرېت ئىش- ھەرىكەت ۋە گەپ- سۆزلەر بىلەن تەبىئىي سىڭدۈرۈلگەن.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئەينى يىللاردا ئېلىمىز يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر ۋە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ

قويمىغان، بەلكى ئادەمنى يېزىش، ئادەم تەقدىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتەك ئېستېتىك غايە بويىچە ئىجاد قىلىپ زور نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇڭا، مەتنىياز ئوبرازىنىڭ سىمۋول دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەتنىياز كونا ۋە يېڭىنىڭ ئالمىشىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىر بۆلۈم ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبراز. ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مەتنىيازدىن ئىبارەت پېرسوناژنىڭ پسىخىك تەۋرىنىشلىرىنى جانلىق خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكتىن ئاجرىتىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇ ھېكايە باشقا ئەسەرلەردەك كوپېراتسىيىلىشىش قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانىنى ئىپادىلەشنى يېزىش مەقسىتى قىلمىغان. بۇ دېگەنلىك كىشىلەر خاراكتېرىگە، تۇرمۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان تارىخىي ئۆزگىرىشلەردىن چەتلەپ كەتكەن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى پېرسوناژنى تەسۋىرلەشتىكى تىپىك مۇھىت ئورنىدا بىر تەرەپ قىلغان. دەل مۇشۇ نۇقتىدا زۇنۇن قادىرى باشقا يازغۇچىلاردىن پەرق قىلىدۇ. 50- يىللاردىلا ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بۇ ئەسەرنىڭ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەتىۋارلىنىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. «چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن مەتنىياز ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلسە، ئىككىنچىدىن، تەسۋىرلىرىنىڭ چىن ۋە يارقىنلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەسەردە مەيلى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى بولسۇن ياكى كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ پورترېت، پسىخىك تەسۋىرلىرى بولسۇن ۋە ياكى مۇھىت ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى بولسۇن ھەممىسى ئىنچىكە، ئېنىق ۋە روشەن بولغاچقا، كىتابخان بۇ تەسۋىرلەردىن «مۇشۇ» پېرسوناژنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك، ئۇ ياشاۋاتقان ماكانغا بارغاندەك، ئۇنىڭ تۇيغۇ- سېزىملىرى، مەنىۋى پائالىيەتلىرى ئۆزىگە مەلۇملۇقتەك ئېنىق تەسىراتقا كېلىدۇ. ئاپتور مەتنىيازنىڭ پورترېتىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنى ئاجرىتىۋېلىپ ئالاھىدە تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ تەپسىلاتلىرى ئىچىدە تەدرىجىي تەسۋىرلەپ، ئۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتنى بېيىتىپ بارىدۇ.



مەسىلەن، مەتنىيازنىڭ پورترېتى توغرىسىدىكى ئەڭ تولۇق تەسۋىر مەتنىيازنىڭ كىشىلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويغان چاغلىرىدىكى ئەزمىلىكلىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن: « — ھى، ھى، ھى . . . — ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر قىلىپ كۈلەتتى. لېكىن، قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنى ئايرىۋېلىش تەس ئىدى. ئۇنىڭ پىستە كۆزلىرى پۈرۈلۈپ، ئۇچلىرى جاۋغىيىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە شالاڭ سارغۇچ بۇرۇتى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بېشى سەل ئالدىغىراق ئېگىلگەن، ئۇيقۇغا مايىل مۇلايىم قىياپەتلىك چاقچاقچى ئادەم ئىدى.» مەتنىياز پورترېتىدىكى ماھىيەتلىك باشقا خۇسۇسىيەتلەر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يورۇتۇشقا ماس كېلىدىغان يەنە باشقا تەپسىلاتلار ئىچىدە ئازراقتىن تەسۋىرلىنىپ بىر- بىرىنى تولۇقلاپ بارىدۇ. مۇھىت ئەسەر قەھرىمانلىرى ھەرىكەت قىلىدىغان، ياشايدىغان بەدىئىي سەھنە. زۇنۇن قادىرى «چېنىقىش» ھېكايىسىدە تەسۋىرلىگەن مۇھىت تەسۋىرلىرى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل يارىتىشقا ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلغان. ئەسەرنىڭ بېشىدا مەتنىيازنىڭ بېغى، ئۆيى، ئۆي روزىغارلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر كىشىگە تولىمۇ روشەن ۋە ئېنىق چۈشەنچە بېرەلەيدۇ: «ئۆينىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر- بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتىدۇ. قازان بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇرۇنقى زاماندىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار، دات باسقان سۇنۇق ئۇستىرىلار، ئۇششاق ۋېنتا، گايكا، كونا تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان، ئويۇقتا قېلىن، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە كىتابتىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ. تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۈچكە، قېلىپىنى تارتىپ چىقىرىدىغان بولجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن.» مىسال كەلتۈرۈلگەن بۇ پارچە مەتنىيازنىڭ ئۆيىنىڭ، يەنى ئۇ ياشايدىغان مۇھىتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە، بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان قۇرۇق گەپلەرنىڭ تىزمىسى ئەمەس. بۇ تەسۋىرلەردە مەتنىياز خاراكتېرىدىكى چۇۋالچاق، ئەزمە، ئىرادىسىز، بىپەرۋالىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىمزاسى بار. ئۇنىڭدىن

باشقا تاشلاقلىق تۇرغان جەڭنامە كىتابلار مەتنىيازنىڭ ھەر ھالدا خەت ساۋاتى بارلىقىدىن شەپە بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ چاچ چۇشۇرۇۋېتىپ سۆزلىگەن جەڭنامىلىرىنى مەنبە قىلىپ تەمىنلىسە، ھەر خىل جابدۇقلار ئۇنىڭ قولى «ھۈنەرلىك» ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بولالايدۇ. ئۆيدىكى رەتسىزلىك، مەينەتچىلىك ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بىپەرۋا قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ بويتاق ئادەم ئىكەنلىكىدىنمۇ بېشارەت بېرىدۇ. تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە يارقىن. ئۇلار ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتى، كەيپىياتىنى ئىپادىلەش، روھىي دۇنياسىنى ئېچىش، مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى زېمىن ھازىرلىغان. مەسىلەن: «كۆپۈشۈپ، تاۋلىنىۋاتقان ئېتىزلاردىن نەم توپىنىڭ پۇرىقى بىلەن شىۋاقنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى. قىشچە ھەرىكەتسىز ياتقان قۇرت- قوڭغۇزلار ئۆچەكلىرىدىن چىقىپ يېڭىدىن ھەرىكەتكە چۈشمەكتە. ئىسسىقراق جايلارغا قىشلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئۇچار- قاناتلارمۇ قايتىپ كېلىپ يازچە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە.»، «يېڭىدىن ئېگىزغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن ئالۋۇنلار يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ. ئېرىقنىڭ ياقىسىغا ئارقانلاپ قويغان ئات ئوت چىشلىمەستىن تىنماي بېشىنى سىلكىمەكتە. ئاشلىقلار ئىچىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاران قوزغىلىۋاتقان ئىسسىق شامالار ھۆرۈنلۈك بىلەن خېلى يەرلەرگىچە ئېلىپ كېتىدۇ.»

بۇ تەسۋىرلەر شۇنداق كونكرېت ۋە روشەنكى، ئۇنى تەبىئەتنىڭ جانلىق كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرىنى خالىسا يازىدىغان، خالىمىسا تاشلىۋېتىدىغان، گاھىدا ئۇزارتىپ، گاھىدا قىسقارتىۋەتسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئەھمىيەتسىز قىستۇرما ئورنىدا كۆرمىگەن. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرى ئەسەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئايرىلماس قىسمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەسەر ۋەقەلىكى، پېرسوناژلار ھەرىكىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن باب كېلىدىغان تاشقى شارائىت، يەنى ھەرىكەت سەھنىسىدۇر. مىسال ئېلىنغان ئالدىنقى ئابزاستا



باھار بىلەن تەڭ ئويغانغان پۈتۈن كائىنات ئىخچام سۈرەتلەنگەن بولۇپ، تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ھەرىكەتنى، يەنى تەبىئەتنىڭ جانلىنىشىنى قويغان. بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئالدىراشلىقى، مەتنىيازنىڭ تۇنجى قەدەمنى بېسىشقا تەرەددۇتلانغانلىقىنى سەۋەب- نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ئىچىگە قويغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەتنىيازنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرى، پسىخىك تەۋرىنىشلىرى ئىشەنچلىك تاشقى شارائىت بىلەن تەمىنلەنگەن. كېيىنكىسى تومۇز ئىسسىقتىكى تەبىئەتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۇنجى رەت دېھقانچىلىققا تۇتۇش قىلغان بۇ يېڭى دېھقاننىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىي پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇشقا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. ئەگەر بۇ تەسۋىر بېرىلمىگەن بولسا مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىدە تەكرارلىنىشلارنىڭ بولغانلىقى، ئۇزۇن جەريانلىق ۋە جاپالىق بولغانلىقىنى ئىپادىلەشكە تەسىر يەتكەن بولاتتى.

زۇنۇن قادىرنىڭ تەبىئەت تەسۋىرلىرى ھەمىشە ناھايىتى ئىخچام بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەيران قالغۇدەك دەبدەبىلىك، جەزبدار سۆزلەر يوق، ئارتۇقچە «رەندىلىمەيدۇ»، تەبىئىيلىكنى قوغلىشىدۇ. بۇ تەسۋىرلەر ئېنىق ۋە ئاددىيلىقى بىلەن زور ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. تەبىئەت ۋە مۇھىت داۋاملىق ئەسەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەسۋىرلىنىدۇ. تەبىئەت ۋە مۇھىتنىڭ تەسۋىرى جەزمەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەت ۋە مۇھىت تەسۋىرلىرىگە جان كىرگۈزىدۇ. «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىياز ئوبرازىنىڭ جانلىق، يارقىن يارىتىلىشى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدە پسىخىك تەسۋىرلەرنىڭ ئوينىغان رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بۇ پىكرىمىزنى ھېكايىدىن ئېلىنغان بىرلا مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز: «مەتنىياز ئىززەتخاننىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلىرىنى، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىنى، ئاناردەك مەڭىزلىرىنى، كېلىشكەن سۇمباتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئەتىياز ئىززەتخاننىڭ پۈتىنى چىگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا دومىلاق پاچىقى تېگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتىۋەتكەنلىكى يادىغا چۈشۈپ بىئارام بولدى. ئۇ ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ

يېيىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرگەندىمۇ ئۆزىدە قانداقتۇر غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.»

مەتنىيازنىڭ مۇھەببەت سىېزىملىرى، نازۇك پسىخىك پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ پارچە مەتنىيازنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈش باسقۇچىدىكى سىېزىملىرىنى، مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىنى شۇنداق جانلىق ۋە جايىدا تەسۋىرلىگەنكى، ھەر قانداق كىتابخان مەتنىياز خاراكتېرىنىڭ ئەڭ پىنھان قاتلاملىرىنى ئاشكارىلاۋاتقان بۇ تەسۋىرلەرگە قايىل بولماي قالمايدۇ؛ مۇھەببەت كۈچىنىڭ مەتنىيازنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرى بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ؛ ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يۈگۈرەلەيدىغان، ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە ساھەللىرىغىمۇ شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان قەلىمىگە زوقلىنىدۇ.

تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەن ئىپادىلەنگەنلىكى ھېكايىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر.

«چىنىقىش» ھېكايىسى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى، غەم- قايغۇسى، ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ھېكايىدىكى تىپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن كونا ۋە يېڭىنىڭ ئالمىشىش پەيتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ھېكايىدە تۇرمۇش رېئاللىقىغا زىت بولغان بىرەرمۇ كۆرۈنۈش ۋە بىرەرمۇ پېرسوناژ يوق. تەسۋىرلەنگىنى پۈتۈنلەي يېزا تۇرمۇشى، ئاددىي دېھقانلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى، توپىلىق يول، ئېتىز- ئېرىق، كۈندە تەكرارلىنىۋېرىدىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرى، ئەمما شۇ كۈندىلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىچىدە چىن ۋە ھەقىقىي ھايات نامايان قىلىنغان. مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ ئالاھىدە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئايرىم قىلىپ ئەمەس، بەلكى يەنىلا شۇ تۇرمۇش ئىچىدە يورۇتۇلغان. پېرسوناژلارنىڭ گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتلىرى، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرى، ئادەت ۋە يوسۇنلىرى ئۆزگىچە تۇرمۇش شەكلى ۋە تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق يورۇتۇلغان، قىسقىسى،



باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي تۇرمۇش كارتىنىسى ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن.

مەتنىيازنىڭ دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى ياساپ قويۇشى مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر كۆرۈنۈش، لېكىن بىز مۇشۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈشتىن، يەنى باشنى سۇ بىلەن قۇرۇق ئۇۋۇلاپ ئىۋىتكەندىن كېيىن، ئۇستىرا بىلەن چاچنى قىرىپ چۈشۈرۈشلىرىدىن، ئەزمىلىك قىلىپ سۆزلەپ تۈگىتەلمىگەن جەڭنامىلىرىدىن مەتنىيازنىڭ قانداق ئادەملىكىنى، ئۇنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى، تەسۋىرلەنگىنى قايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولىمىز. دېمەك، مىللىي ئالاھىدىلىك تۇرمۇش تەسۋىرلىرى ئارقىلىق، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنكى، ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە بايانلىرىنى، مۇھاكىمە- مۇلاھىزىلىرىنى ۋاسىتە قىلمىغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى بىز بىر سەنئەت دەپ ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتىمىز.

دەرۋەقە، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئىپادىلىنىشىدە تىلنىڭ ئوينىغان ۋاسىتىلىك رولىنى كۆرمەسلىككە بولمايدۇ. ھېكايىدە ئىشلىتىلگەن تىل ھەقىقىي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، جانلىق ۋە يۇمۇرلۇق، ئىپادىلەش كۈچىگە باي. ھېكايىنى ئوقۇغان كىشى ئەسەرنىڭ ئامىباب، يەڭگىل ۋە قىزىقارلىق تىلىدىن ھۇزۇرلانماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تىلىنىڭ باشقىلارنىڭ تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

زۇنۇن قادىرى خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاغزاكى تىلىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ چىققان بولغاچقا، ھېكايە تىلى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان. بۇ ئۆزگىچىلىكنى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بايانىدا، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئىخچام، قىزىقارلىق تەسۋىرلىرىدە ئېنىق كۆرىمىز، مەيلى بايان بولسۇن ياكى كونكرېت تەسۋىردە بولسۇن قۇرۇق- قۇرۇقتىن- قۇرۇق گەپ ئوينىتىش، سۆز ئويۇنى قىلىش مەۋجۇت ئەمەس. تىل شۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە توغرا ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، ھېكايىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخان ساددا، ئەمما ھۇزۇن، قولى ھۈنەرلىك،

ئەمما قولىدىن ئىش چىقمايدىغان، ھەرىكىتى ئاز ۋە ئۇيقۇغا مايىل، شاپاق دوپپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ سۆگەتنىڭ سايىسىدە ئوڭدا ياتقان، بولۇۋاتقان ئىسسىقنى ھەتتا ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ تۇرغان توك قاغىنىمۇ تىللاپ قارغاۋاتقان مەتنىيازدىن ئىبارەت «مۇشۇ» دېھقاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئاپتور كىتابخاننى تىلنىڭ ياردىمىدە مەتنىيازنىڭ كىچىككىنە باغلىق قورۇسىغا، ئىگىسىنىڭ چۈۋالچاقلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغان سۇپىلىق ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ. ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى ھەمرالارنىڭ كاۋا بارىڭىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ يۇمغاقسۇت ۋە پىننە كۆكى سېلىنغان مەززىلىك سۇيۇقئاشىنى ئاشۇلار بىلەن ئىچىپ، كۆڭۈللۈك يېزا تۇرمۇشىدىن بىللە راھەتلەنگەندەك بولىدۇ. ئىسسىقتىن بوغۇلۇپ، چارچاشتىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن مەتنىيازنىڭ بىچارە، ئەمما كۈلكىلىك ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك بولىدۇ. قىسقىسى، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋە پېرسوناژلار ھەققىدە ئېنىق، روشەن تەسىراتقا ئىگە بولالايدۇ.

ھېكايىنىڭ تىلى ئاددىي، ھەرگىز ھەشەمەتلىك ئەمەس، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەنلەرمۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ئوردا- قەسىرلەر ياكى يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان مەردۇ مەردانىلەر ئەمەس، بەلكى ھەممىسى شۇنداق ئاددىي كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى. بىراق، نېمە ئۈچۈن ئەسەر بىزنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ؟ چۈنكى، ھېكايە ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ ئوبيېكتى بولالىغان. ھېكايىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى – تەسۋىرلىرى، تىلى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلىرى، قۇرۇلمىسى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئوبراز يارىتىشنىڭ ئېھتىياجىغا باب كەلگەن. شۇڭا، بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسى بىزدە گۈزەللىك تۇيغۇسى قوزغىيالايدۇ.

ئېيتقىنىمىزدەك، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئادەمنى يېزىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇلغان بولغاچقا، بۇنىڭدا باش- ئايىغى بار ئىزچىل داۋاملاشقان بىر پۈتۈن ھېكايە سۆزلەنمەيدۇ، بەلكى ۋەكىل خاراكتېرلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى مەتنىيازنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەيلى ئاپتورنىڭ بايانى بولسۇن ياكى كونكرېت تەسۋىرلەر بولسۇن، پۈتۈنلەي ئادەمنى يېزىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە



بولىدۇ، دېتاللارنى مەقسەتسىز دۆۋىلەپ ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا باش قاتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. «چېنىقىش» زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ ئىچىدە ھەجىم جەھەتتە نىسبەتەن چوڭراقى. لېكىن ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن، تارىخىي مۇساپە، ئىپادىلىگەن تۇرمۇش دائىرىسى جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ ھەجىمنى چوڭ ئەمەس، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملانغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بىز بۇ ھېكايىدىن مەتنىيازنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى، كونا ۋە يېڭى دەۋردىكى سەزگۈرەشتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرىمىز. رومان ياكى پوۋېستقا تەئەللۇق مەزمۇننى مۇشۇنچىلىك بىر ھېكايىگە سىغدۇرۇشىدىن بىز ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاش، مەركەزلەشتۈرۈش ماھارىتىنى، ۋەقەلىكنى جايىدا، ئەپلىك قۇراشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كۆرەلەيمىز.

ئاخىرىدا ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قاتارىدا ئۇنىڭ كومېدىيىلىك تۈسى ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. «چېنىقىش» مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىكى ۋە مەتنىياز خاراكتېرىدىكى كومېدىيىلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەسەردە ئاپتور ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىماننىڭ يېڭى دەۋرگە سىغىشمايدىغان قىلىقلىرىنى، يارىماس ئادەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزمىلىكى ۋە بوشاڭلىقىنى ئۆتكۈر ھەجۋىينىڭ ئاستىغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تۈزىلىشىگە بولغان ئىشەنچىسى ئارقىلىق كېيىنكى ئۆزگىرىشىگە زېمىنىمۇ قالدۇرىدۇ. تەسۋىردىكى بۇ خىل مايىللىق ئەسەرگە ئوچۇق، يەڭگىل كەيپىياتنى سىڭدۈرگەن. شۇڭا، بۇ ھېكايىنىڭ ئۇسلۇبىنى قەلەم يەڭگىل، تىل قىزىقارلىق، تەسۋىرلەر يۇمۇرلۇق، كەيپىيات يورۇق ۋە يەڭگىل دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. ئەسەر ئۇسلۇبىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى مىسكىن، مۇڭلۇق كەيپىياتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇسلۇبنىڭ ئۆزگىرىشى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئەسەرنىڭ قايسى

كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقى ــ كومېدىيىلىكمۇ، تراگېدىيىلىكمۇ ياكى تراگېكومېدىيىلىكمۇ، بۇ پۈتۈنلەي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. زۇنۇن قادىرنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇب بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى رېئالىستىك روھنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «چېنىقىش» ھېكايىسى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن زۇنۇن قادىرنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. گەرچە بۇ ھېكايە 50 - يىللاردىكى تارىخىي چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرىگە ئاز- تولا ئۇچرىغان بولسىمۇ ۋە بەزىبىر نۇقسانلارغا يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەنە شۇنداق شارائىتتا يەنىلا كۈچلۈك ئىجادىيلىقىقا ئىگە نادىر ئەسەرنى ئىجاد قىلىپ چىققىتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھېكايە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مانا مۇشۇنداق ئۆلمەس ئەسەرنىڭ ئاپتورى زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىپ توغرا خۇلاسىلەپ چىقىش ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئەلۋەتتە ئەھمىيەتكە ئىگە.

## §14. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانى ھەققىدە

زوردۇن سابىر (1937– 1998) بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ پروزا ئىجادىيىتىدىكى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1961 - يىلى شېئىر يېزىش بىلەن كىرىپ كەلگەن. 1972 - يىلىدىن



باشلاپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قەلىمىنى تاشلىماي «ئاۋۇال شامالللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلارنى، «سۇبھى»، «ئارچا ياپرىقى»، «خەيرلىك ئىش»، «خىرە دېرىزە»، «كەچ كۈز»، «ئاخىرقى پادىچى» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «قەرزدار»، «قوشنىلار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھە، توپىلىق يول»، «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتقان ۋە كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ھازىرغىچە ھەر خىل تىللاردا 21 پارچە ئەسىرى (كىتابى) نەشر قىلىنغان.

زوردۇن سابىرنىڭ تالانتى تاسادىپىي شەكىللەنگەن ئەمەس. ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئىلى يېزىلىرىدا چوڭ بولغان. كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ 1957 - يىلى ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان. بۇ مەكتەپتە نەزەرىيە، مىللەتلەر تارىخى ۋە خەنزۇتىلى ئۆگەنگەن. تۆت يىل ئوقۇش جەريانىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئەدەبىيات بىلىمىنى تولۇقلىغان، بەدىئىي دىت يېتىلدۈرگەن. بىراق ئۇ ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا زەربە يەپ، يۇرتىغا چۈشۈرۈلۈپ دېھقان بولغان. بۇ خىل يېزا تۇرمۇشى ئۇنى مول ئىجادىيەت مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ يېزىدا تۇرۇپ، دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرىغىچە تونۇشقان. يېڭى زاماندىكى رېئال تۇرمۇشنى ئېنىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەمما، مەيلى قايسى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرسۇن، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى روھ بىردەك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە ئاپتورنىڭ دەۋرگە يېقىندىن ئەگەشكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. زوردۇن سابىر غايەت زور قىزغىنلىقى ۋە ھاياتقا بولغان يېڭىچە تۇيغۇ بىلەن رېئال تۇرمۇشتا ئۈزلۈكسىز پاش بولۇۋاتقان يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى شەرھلەپ بەردى. ئۇ كۆزىتىش، ئويلىنىشلاردىن كېيىن زىددىيەتلەرگە قارىتا ئۇچۇق كۆڭۈللۈك

بىلەن ئۆز باھاسىنى قويىدۇ، يەنى تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئاددىي ئەمگەكچىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ، قالاقلىقلارنى سەممىي تەنقىد قىلىدۇ، روھىي دۇنياسى رەزىللىك بىلەن تولغان ئەبلەخلەرنى ئاچچىق مەسخىرە قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، زوردۇن سابىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق ۋە خۇشخۇي مىجەز- خۇلقى بىلەن تولغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بىز ئۇ سۈرەتلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر تۇتاش تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن دەۋرنىڭ مول ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنىڭ بىرى دەۋر تەلىپىگە لايىق يېڭىچە بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى، تەتقىقات ۋە كەشپىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشى ۋە گۈللىنىشى، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئەقلىنىڭ يۇكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ، ياشنىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ھازىر ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ زەربىدار ئەترىتى سۈپىتىدە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىدە غەلىبىلىك ئىلگىرىلىمەكتە. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزىنىڭ بىر قاتار رېئالىستىك ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدە قىياپىتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى تۇرمۇش گۈزەللىكى بويىچە ئەينەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەگرى- توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن قايغۇ - ئەلەملىك كۆنلەردىمۇ ئىپادىلىگەن داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش روھىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى مەدھىيىلەپ، شۇ ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى توغرا كۆرسىتىپ بەردى. بېلىنىسكى ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغىنىدا:



«ئەدەبىيات يازغۇچىلارنىڭ قۇرۇقتىن- قۇرۇق خىيال سۈرۈشىدىن ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، بەلكى، تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ئەركىن ئىلھام ئېلىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ زورۇر غەيرىتىدىن ھاسىل بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى دەۋرنىڭ ئۆزىگە قويغان يۇقىرى تەلىپىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ، تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، رېئال تۇرمۇشقا ئاساسەن خاراكتېرى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تىپىك قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق بۈگۈنكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ، دەۋرىمىز كىشىلەر ئالدىغا قويغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىش، ئۆزگەرتىش، راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىشى زۆرۈر. «ئىزدىنىش» رومانىدا ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ تارىخىي باسقۇچتا ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۆگىنىشىگە، شەخسىي مۇھەببىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمىۋاتقان زىددىيەت پارتىيىمىزنىڭ 8- قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن- كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇش فاكتېنى بىلەن «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» تىن ئىبارەت سولچىل پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. «ئىزدىنىش» تىكى پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قايغۇ- ئەلەم گىرەلىشىپ كەتكەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۇرىدۇ ۋە ھەر خىل تەقدىر- قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئاپتور بۇ باسقۇچتىكى ئالاھىدە زىددىيەتنى ۋە بۇ زىددىيەت ئىچىدىكى ياشلارنىڭ ھايات تەقدىرىنى، ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى يېزىپ، شۇ تارىخىي باسقۇچتىكى تەجرىبە- ساۋاقلارنى ئەسلەپ ھەم تەھلىل قىلدى. سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان ئەگرى- توقايلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، ئىلىم- پەننى ئىگىلەپ، جۇڭخۇانى

گۈللەندۈرۈش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇقەررەرلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

روماندا 10 يىللىق ئىلمىي تەربىيە جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، روشەن كەسپىي سەۋىيىگە ئېرىشكەن بىر توپ ياشلارنىڭ ئىلىم- پەن يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. رومانىنىڭ مەركىزىدە ئۆزىنىڭ هاياتىي بۇرچىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئىرادىلىك يىگىت ئەلا تۇرىدۇ. ئۇ رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىنىش مەقسىتىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ قېرىنداش مىللەتلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈمىدلىك، ياش ئىلمىي خادىملارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم- پەنگە بولغان قىزغىنلىقى، هاياتنىڭ هەر قانداق قىزىقى ۋە لەززىتىدىن ئوقۇش، ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭچە مۇھەببەت ئىلىم- پەنىنىڭ دۈشمىنى، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ زور توسالغۇسى ئىدى. ئەمما هايات رېئاللىقىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى، ئۇنىڭ بۇ خىل ساددا چۈشەنچىسىنى يىمىرىپ تاشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن گۈزەللىكىنى ياخشى كۆرىدىغان، بارلىقى گۈزەللىككە باغلانغان يىگىتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەلانىڭ مەقسىتى يالغۇز بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشىشلا ئەمەس، ئۇ غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق تەتقىقات ئەمگىكى ئارقىلىق هاياتنى يېڭىلاشنى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشنى ئويلايتتى. دەل شۇ غايە ۋە ئەقىدىگە ئېرىشىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش، ئۇنى تەشكىلىي ئېتىبارىدىنمۇ، كەسپىي شۆھرەتتىنمۇ، ئائىلىۋى بەختتىنمۇ مەھرۇم قىلدى. ئەلا مۇھەببەتلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن خاتىرجەملىك، تۈگىمەس- پۈتمەس رىغبەت، ئىلھام تەمە قىلىدۇ. بىراق ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇنىڭ بۇ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، گۈزەللىكىنىڭ مۇھەببەت، بەخت ھەققىدىكى قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكلىكى، تۇرمۇشنى



چۈشىنىشتىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ گۈزەل تۇرمۇش بۇزۇلىدۇ، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار گۇمران بولىدۇ. بۇ ماهىيەتتە ئەلا هايات پاجىئەسىنىڭ باشلىنىشى، ئىلىم- پەن يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ۋە ئوڭۇشسىزلىققا قاراپ يۈزلىنىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلانىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان قەدىمى تۇرمۇش دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇ ئويلىمىغان ۋە پەرەز قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئېتىقاد قىلغان كىشىلەرنىڭ ئوغچى، مىللەتچى، ئەكسىلئىنقىلابچى بولۇپ سىياسىي قالپاق كىيدۈرۈلۈشى، تۇرمىگە ئېلىنىشى، سۇيىقەستچى، مەنسەپپەرەسلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەر خىل زىيانكەشلىكلەرنى قىلىشى ئۇنىڭ ئىزدىنىش روهى ۋە يالقۇنلاپ تۇرغان قىزغىنلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ، دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئاپتور ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق زىددىيەت توقۇنۇشلىرى، ئازاب- ئوقۇبەت، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە تاۋلايدۇ، چېنىقتۇرىدۇ. ئەمما ئەلا ئۆزىنى بىچارە هالەتكە چۈشۈرۈپ قويىۋاتقان شەپقەتسىز رېئاللىق، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكمەيدۇ، باش ئەگمەيدۇ. ياشاش، غايە، ئىستىقبال يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىدۇ، تىرىشىدۇ، تىرمىشىدۇ، يېڭىچە بىر ئىرادە بىلەن تۇرمۇشقا ياندىشىپ، ياشاش، ئىزدىنىش يولىنى، ئىلىم ۋە غايە يولىنى تاللىۋالىدۇ. ئەلانىڭ ئىلىم- پەنگە بېرىلگەن ئالىيجاناب قەلبى هاياتنىڭ ھەممە ئازاب، بەختسىزلىكلىرىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ. ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ هالەتلەردىكى ئالاھىدە ھەرىكىتى بىلەن نازۇك ھېسسىي ئىپادىلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن هاياتىي قىممەتكە ئىگە، ماهىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى بەدىئىي روشەنلىك بىلەن پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇقنىڭ تەبىئىي بىرلىكى زېمىنىدا يورۇتۇپ بېرىپ، هاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئىلىم- پەن يولىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەلانىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ قەھرىمانى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پىكىر ۋە نۇقتىئىنەزەرى كەڭ، هايات ۋە كىشىلەرنى چۈشىنىشى چوڭقۇر، كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتى قايناق، ئىلمىي ئىزدىنىش غايىسى بىلەن مەنىۋى

مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش روھى تولۇپ تاشقان ئالاھىدە تىپتىكى يېڭى ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

رومان ۋەقەلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان 60 - يىللاردا شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. بۇنىڭغا جۈرئەت قىلغانلارغا سىياسىي قالپاق كىيدۈرۈلەتتى - دە، تەتقىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالاتتى. يەنى ئىلىم - پەن دېموكراتىيىسى زور توسالغۇغا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ خىل ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى ئۇ چاغلاردا پەقەت ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە ئىچكى ئۆلكىدىكى ئىلىم مۇتەخەسسىسلىرىدە بار ئىدى. ئاپتور بۇ رېئاللىقنى ئاقىلانىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆز قەھرىمانىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئىزدىنىشىنى ئاڭلىق ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىلىم، تەربىيە مۇھىتىغا يۆتكىگەن، ئۆز قەھرىمانىنى نىسبەتەن كەڭ، ئازادە، ئىلغار ئىجتىمائىي شارائىت ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يېتەرلىك كەسپىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە، ھايات ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىشى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولغان مۇكەممەل پەن خادىمى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى كېيىنكى ئىزدىنىشلەردە ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەلانىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زامانىۋى مىللىي پەن - تەتقىقات خادىمى ئىكەنلىكىدەك تۈپ ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلەنگەن. ئەلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شۇ يىللاردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى ياشلىرىمىزنىڭمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، توغرا دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگىنىش، خىزمەت، دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

رېئال ھاياتتىكى ناچار ئادەملەر ئۆزىنىڭ يامانلىقى، ئەسكىلىكىنى ھەمىشە بۇزغۇنچىلىق، قاتىللىق يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي سالاھىيىتى، خاراكتېر، مىجەز - خاھىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، جىنايەت ئۆتكۈزۈش، رەزىللىك سادىر قىلىش ۋاستىسى، ئۇسۇلى پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلىرى قۇتراتقۇلۇق، كۆرەلمەسلىك، پەسلىك قىلىدۇ؛ بەزىلىرى ناباب مىجەزى، بولمىغۇر ئىشلىرى بىلەن كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى تەپرىقىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭلاشقا لۇشۈن «ياخشى كىشىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، كىچىككىنىمۇ يامان يېرى يوق قىلىپ تەسۋىرلەش، يامان كىشىلەرنى تەسۋىرلىگەندە كىچىككىنىمۇ ياخشى يېرى يوق قىلىۋېتىش — ئەمەلىيەتتە ناتوغرا ئىللەت. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، پۈتۈنلەي يامان بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن» («جۇڭگو ھېكايىلىرى تارىخىدىكى ئۆزگىرىشلەر») دېگەنىدى. بۇ خىل قانۇنىيەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان يازغۇچىلىرىمىز سەلبىي ئوبرازنى ئەسەرلىرىدىكى ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تېرەنلىك، يۈزەكىلىك دەرىجىسىنى ئوخشىمىغان ھالدا ھەر خىل ئىپادىلەش شەكىللىرى بىلەن يارىتىپ ۋە يارىتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئال ھاياتتىكى گىرەلەشكەن زىددىيەت ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى چىنلىقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىۋاتىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى رەقىبمۇ سەلبىي جەھەتتىن خېلى ئەقىلغا مۇۋاپىق يارىتىلغان. ئەلانىڭ مەنىۋى دۈشمىنى بولغان رەقىب مىجەز - خۇلقى، ئىش - ھەرىكىتى، گەپ - سۆزى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىتابخان قەلبىدە نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان سەلبىي تىپ. رەقىب باي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، مەئىشەتلىك ئائىلە شارائىتى تۈپەيلى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا پۇلپەرەس، شاللاق ۋە شەھۋەتپەرەس بولۇپ چوڭ بولغان. بۇ ئىللەتلەرگە كېيىنرەك ئىككى يۈزلىمىلىك، چېقىمچىلىق، خۇشامەتگۈيلۇق، كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ئۇنىڭ خاراكتېرى تولۇقلىنىدۇ. رەقىب غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئىقتىدارى بىلەن ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ پۇلنىڭ كۈچى، خۇشامەتچىلىك ۋە چېقىمچىلىق بىلەن يۈز تېپىشقا، مەنسەپكە ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن سولچىل لۇشيەن ئۇنىڭ قارانىيەت بىلەن تولغان خاراكتېرىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئاشكارا بولۇشىنىڭ

ئەۋجى بولىدۇ. ئۇ ئاشكارا سەھنىگە چىقىپ، نۇرغۇن ئىلىم- پەن خادىملىرى ئۇستىدىن قارا ماتېرىيال بېرىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئۇ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىدۇ. رەقىب ئەلانى تەشكىلىي جەھەتتە ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، يەنە چاندۇرماي ساختا شەپقەت، يالغان كۆيۈمچانلىق پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئەلانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ئېزىقتۇرغۇچى ۋەز- نەسىھەتلىرى بىلەن گۈزەلئاينى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئەلاغا نىسبەتەن ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئىش ئاقىۋەت بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر رەقىب جانلىق، پائالىيەتچان، كۈچلۈك رىقابەتچى، ھىيلە- مىكىرلىك، قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە قىلىپ تەسۋىرلەنمىگىنىدە، ئەلا ئوبرازىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى نامايان قىلدۇرۇش قىيىن بولغان بولاتتى، شۇنىڭدەك ئەلانىڭ مەنىۋى پەزىلىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى، مەھكۇم بولغان تراگېدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تولۇق ئېچىپ بەرگىلى بولمايتتى. سەلبىي قەھرىماننى ئاجىز، ئىقتىدارسىز، تەلۋە، نادان قىلىپ تەسۋىرلەش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا قارشى يەكمۇ يەك كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە ئۇنى ئاخىرى بېسىپ چۈشىدىغان ئىجابىي قەھرىماننىڭ كۈچىنى ئاڭسىز ھالدا ئاجىزلىتىپ قويغانلىقتۇر. ئەلانىڭ خىلمۇ خىل قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرۇشىمۇ رەقىبكە ئوخشاش ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ جەمئىيەتتە تېخى نامايان مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا، روشەنكى، ئاپتورنىڭ مەقسىتى، گۈزەللىكنى ئاسراش، گەۋدىلەندۈرۈش، مەدھىيىلەشلا ئەمەس، بەلكى، ئىجتىمائىي غەرەزلەرنىمۇ ئاشكارىلاپ، پاش قىلىپ، كىتابخانلاردا ئۇلارغا نىسبەتەن سەزگۈر تۇيغۇ، ھوشيار سىياسىي ئاڭ، ئويغاق زېھىن پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاپتور ئىنتايىن ئىخچام تۇرمۇش دېتاللىرى، قىياپەت تەسۋىرى، مۇۋاپىق ھەم نەپىس بەدىئىي تىل ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، چىرايلىق ئەمما نەزەرى ئۇستۇن سۇمباتلىق ئۇيغۇر قىزى گۈزەلئاينىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئاپتور گۈزەلئاينى زور، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەر سادىر بولغان بوران- چاپقۇنلۇق 60- يىللاردىكى ۋەزىيەت ئىچىگە قويۇپ، شۇ دەۋرنىڭ



ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. گۈزەلئاي ئوبرازى ئارقىلىق شۇ چاغدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، تۇرمۇش كۆز قارىشى، پسىخىكىسى، مەنىۋى، ھېسسىي پائالىيەتلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىدى. ئاپتور گۈزەلئاينىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلە شارائىتى، تەبىئەت ئاتا قىلغان جىسمانىي گۈزەللىكتىن مەغرۇرلىنىش ھېسسىياتى ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردىن ئىزدەيدۇ. ئۇ بىر قەدەر ھاللىق ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى. شۇڭا پارنىكتىكى گۈلدەك ئاسراپ، ئەتىۋارلاپ ئەركە ئۆستۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئۆز گۈزەللىكىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا مەغرۇرلۇق، ياسانچۇقلۇق ۋە ئابرۇيپەرەسلىك قاتارلىق چاكىنا ھېسسىياتلار ئۆسۈپ بارىدۇ. دەسلەپتە بىز گۈزەلئاينى ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئاتلانغان، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىستىكىدە يانغان بىر توپ ئىرادىلىك ياشلار، غايىلىك ياشلار ئىچىدە كۆرىمىز. گۈزەلئاي ئۆزگىچە مىجەز- خۇلقى، ئاجايىپ ئۇستۇن خاراكتېرى بىلەن باشقا قىزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ھەمدە شوخ يىگىتلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ. ئۇلاردا ھەر خىل چۈشەنچە، ھەر خىل قاراشلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. باشقا قىزلار ئويۇنچى، خۇشپېئىل، ناخشا خۇمار يىگىتلەرگە يېقىنلىشىدۇ، ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىدۇ، تونۇشىدۇ، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ، گۈزەلئاي بولسا، يىگىتلەرگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماستىن، «تاغلارغا، كەچكى شەپەققە ۋە ئاق قىزغۇچ بۇلۇتلارغا قاراپ تۇراتتى» (51- بەت): كېيىن گۈزەلئاي لەنجۇ شەھىرىگە جايلاشقان غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا پەيدا بولىدۇ. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ئەلا رەقىب بىلەن ئادىلەنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق گۈزەلئاي بىلەن تونۇشىدۇ، دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. «مېنىڭ كۆزلىرىم، ھېلىقى چاغدا قىزنىڭ مېنى كەمسىتىپ كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرگىنىنى، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى كۆرگەن، مېنىڭدە غەزەپ ۋە نەپرەت پەيدا قىلغان كۆزلىرىم بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ئىرادەمگە بويسۇنمىغىلى تۇردى. دېمەك، ھەممىدىن يامىنى كۆز ئىكەن، بۇ كۆزلىرىم مېنى بالاغا قويمىسا بولاتتىغۇ . . . » (120- بەت)، بۇ سۆزلەردە ئەلانىڭ

ۋۇجۇدىغا تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇۋاتقان يالقۇنلۇق مۇھەببەت سېزىملا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاستىن قاتلاملىرىدىكى ئەندىشىسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، ئىلىم- پەنگە ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىنتىلگەن ئەلاغا گۈزەلئاينى تېپىشتۇرۇۋاتقان رەقىبىنىڭ نىيىتى يامان، گەرچە ئۇ تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئەلانىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەلانىڭ يۇقىرى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ گۈزەلئاينى ئۆزىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ يامان غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەلانى بىردىنبىر ۋاستە، بۇ ئاساۋ ئاتتەك شاش قىزنى باغلىۋالىدىغان «ئىشەنچلىك مۇم ياغاچ» قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق خەۋپلىك ۋە بوش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت يالقۇنى ئەلانى قاتتىق ئازابلايدۇ. لېكىن ئۇزۇن سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن مەڭگۈلۈك مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ. چىن ۋە پاك مۇھەببەتنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئەلانىڭ رىشتىنى گۈزەلئاينىڭ نازۇك جامالىغا مەھكەم باغلايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ سۆيگۈ ئۇلغىيىپ، كۈچەيگەنسېرى گۈزەلئاينىڭ ئەلاغا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش جەھەتتىكى تەلىپى كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىمى كۈچىيىدۇ. ئەلا تويى قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا، گۈزەلئاي قالتىس ھەشەمەتلىك توي قىلىش، بۇنىڭغا ئالدىرىماي پۇختا تەييارلىق قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئەلا ئاددىيراق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىسا، گۈزەلئاي توققۇزى تەل بولغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇ چاغلاردا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. ئەلا بولسا، قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن بېلىدىكى كەمەرنى قاتتىق تارتىپ باغلاپ، ماغدۇرسىزلىقتىن تىترىگەن ئاياغلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، سوغۇق ئۆيدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا سەككىز، توققۇز سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بۇ ئېغىر كۈنلەردە گۈزەلئاي ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتە ھەمدەم بولماي، ئەكسىچە ئەلانى تېخىمۇ زور قىيىنچىلىققا ئىتتىرىدۇ. خىجالەتچىلىك، تەڭقىسلىق دەردى جاندىن ئۆتىدۇ. كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، گۈزەلئاي جەنۇبىي جۇڭگوغا



ئويۇن قويغىلى بېرىپ، ئۇ يەردىن ئەلاغا مۇنداق خەت يازىدۇ: «غەيرەت قىلىڭ، بىر ئامال قىلىپ ماڭا يەنە ئىككى يۈز سوم ئەۋەتىپ بېرىڭ. ئادىلە ئېمىنى سېتىۋالسا، مېنىڭمۇ شۇنى ئالغۇم كېلىدۇ. ئۇ تۇنۇگۈن بىر يۈز سەكسەن سومغا ئاجايىپ چىرايلىق، ياقۇت كۆزلۈك، جىڭ ئالتۇندىن ياسالغان بىر جۈپ ئۈزۈك سېتىۋالدى. مەن شۇنچىلىك بوينۇمنى قىستىمكى، يىغىدىن ياستۇقنى چىلىق- چىلىق ھۆل قىلىۋېتىپتىمەن» (382- بەت). رومانىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلىشىپ، سۈژىتلار مۇرەككەپلىككە يۈزلەنگەنسېرى گۈزەلئاينىڭ راھەتپەرەسلىك، ئابروي تالىشىش، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق تەبىئىي ئىللەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ، تەرەپ- تەرەپتىن چۈۋۈلۈپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. مۇشۇ خىل ئادەمنىڭ بولۇشى رېئاللىققا ئۇيغۇن. بۇ ئەمەلىيەت ئەينى يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئايانكى، بىزنىڭ ئىلىم- پەن خادىملىرىمىز كېپەكتىن نان، بېدىدىن قورۇما يەپ جاپالىق كۈنلەرنىڭ مۈشكۈللىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ۋە ئۇنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، گۈزەل مەنزىلگە قەتئىي ئىشەنچ، قالتىس جاسارەت بىلەن مېڭىۋاتقان چاغدا، بىر تۈركۈم مىشچانلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان، ياراتمىغان، ئۇلار بىلەن مۈرىنى- مۈرىگە تىرەپ، تەقدىرداش بولۇپ كۈرەش قىلىشنى ئويلىماي، ئەكسىچە ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، بۇ ۋەزىيەت بىلەن قىلچە كارى بولمىغان، ھەتتا ئۇلار بىلەن ئىش- پەش تارتىشىپ قالغانلىرى نومۇس قىلماي نۇرغۇن پۇل، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، پىكاپ، يۇقىرى ئىمتىياز، ئېسىل تۇرمۇش شارائىتى تەلەپ قىلىشقان. مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش كۆز قارىشى تۈپەيلىدىن گۈزەلئاي بىلەن ئەلانىڭ ئېقى كېلىشەلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار توي قىلىشقاندىن كېيىن دۇنيا قاراش، ئارزۇ- ھەۋەس، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مىجەز- خۇلقى قاتارلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە بىر رىلىستا ماڭالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. گۈزەلئاي رەقىبكە ئوخشاشلارنىڭ پۈۋلەپ كۆككە ئۇچۇرۇشىدىن ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى دۇنياغا چەكسىز بەخت ۋە ئويۇن- كۈلكە ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن يارالغان دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى ئەلا بىلەن ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىدىكى زىددىيەتلىرىنى دەسلەپتە نىقابلاپ تۇرالىغان بولسىمۇ،

تويدىن كېيىن تېزلا ئاشكارىلىنىدۇ. «بۇيتاق ۋاقتىڭىزدىكىدەك كەچكىچە كىتاب ئوقۇيدىغىنىڭىزنى قويۇڭ. بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن كۆلكە، ناخشا، مۇزىكا ئاڭلىنىپلا تۇرىدىغان بولسۇن.» مانا بۇ گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇش مەسلىكىنىڭ يەكۈنى. «كۆنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا بەش يىلدىن كېيىن كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىمەن. گۈزەل ئارزۇلىرىمنى چىرايلىق ئائىلە ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتكەن ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ چىقىمەن. ياق، مەن تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى قىلاي. گۈزەلئاينى ئىرادەمگە بويسۇندۇراي.» مانا بۇ ئەلانىڭ قايتۇرغان جاۋابى. ئوخشاش بولمىغان بۇنداق ئىككى خىل تۇرمۇش قارىشى ئاخىرى مۇھەببەتتىن غالىب كېلىپ، ئىككى ياشنى ئۆز يولى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئىرادىسىزلىك، چىدامسىزلىق ۋە چاكىنا ئارزۇلار ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇرمۇش يولى گۈزەلئاينى ئاخىرى سەنئەتتىكى ئىستىداتى ۋە ئۆزى كۆتكەن بەختتىن مەھرۇم قىلىپ، كېرەكسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاپتور ئۇنى ئەلا بىلەن بىر قاتارغا قويمىغاندەك، رەقىب بىلەنمۇ بىر قاتارغا قويمايدۇ. گۈزەلئاي ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى توغرا تۇرمۇش يولىنى تاللىيالماسلىق تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدىغان بىر قىسىم ياشلارنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر.

بىز گۈزەلئاينىڭ دەسلەپتىكى ھالەتلىرى بىلەن روماننىڭ ئاخىرىدىكى ھالىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ پسىخىكىسىدىكى جىددىي تەرەققىياتنىڭ نەقەدەر تەبىئىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. گۈزەلئاينىڭ ھېسسىياتى، تۇيغۇسى، ئارزۇ- ئىستىكى، خۇشاللىقى، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى، كەچمىش- كەچۈرمىشلىرى ۋە نازۇك، ئىنچىكە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئىچكى ھالەتلىرىدىن تارتىپ گۈزەلئاي خاراكتېرىنىڭ تۈپ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان تىپىك مۇھىت بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ تەسۋىرلەنگەن. گۈزەلئاي مۇشۇنداق جانلىق، كەسكىن، زىددىيەتلىك تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ باي، مۇرەككەپ، چىگىش ھالەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن ھەمدە شۇ خۇسۇسىيەت



ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى پېرسوناژلارغا يېڭى روھ، يېڭى مەزمۇن بېرىپ، ئۇلارنى تولۇقلايدىغان، كۆتۈرىدىغان ئوبراز بولۇپ شەكىللەنگەن. گۈزەلئاينىڭ كىشىنى قايىل قىلىپ تەسىرلەندۈرىدىغان، ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەللىكىمۇ ۋە سېھرىي كۈچىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. ھەر قانداق دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك نەرسىلىرى بولغىنىدەك، پاش قىلىش، تەنقىدلەشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىمۇ بولىدۇ، ماھىر ئەدىب مانا مۇشۇ نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، تىپىكلەشتۈرۈپ، بەدىئىي ئوبرازنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھاياتنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى، ئەينى قىياپىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۇلارنى تۇرمۇشتىكى پەسكەشلىك، چاكىنىلىقلاردىن قاتتىق سەسكەندۈرىدۇ. گۈزەلئاي ئوبرازىدا ئەينى دەۋرنىڭ تىپىك ھاياتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. گۈزەلئاي ناۋادا بۇ تىپىك مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىمۇ تۈگەيدۇ. بۇ نازاكەتلىك، تەكەببۇر مەلىكىنىڭ قانداق قىلىپ پاجىئەلىك يولغا ماڭغانلىقىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ. ئاپتور تۇرمۇشتىكى تىپلارنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، يېڭى تىپ يارىتىش جەھەتتە كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن.

پېرسوناژ تىلى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كېتەلىسە، ئۇ چاغدا پېرسوناژنىڭ خاسلىقى، ئۆزگىچىلىكى، تەقى- تۇرقى ۋە مىجەز- خۇلقىنى ھاياتتىكىدەك ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، شۇ ھالەتنى كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. گۈزەلئاي چەت ئەلگە ماڭماقچى بولغاندا ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەت داۋامىدىكى كەسكىن دىئالوگدىن بىز ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، چىرايى ۋە رەڭگى روھىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. گۈزەلئاينىڭ تۇرقى بىزگە گويا بىشەملىك بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پېرسوناژ تىلىدۇر.

ئاپتور روماندا يەنە، گۈزەلئاي توغرىسىدىكى باياننى بىردەم ئەلانىڭ تىلىدىن، بىردەم گۈزەلئاي، رەقىبلەرنىڭ تىلىدىن، بەزىدە بولسا خەت يېزىش

شەكلى ئارقىلىق بېرىپ، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى كۈچەيتىپ بارىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن كىتابخاننى رومانىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، گۈزەلئاي ۋە باشقا پېرسوناژلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەۋزەللىكى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاپتور ئۆزىنى بايان ئىچىدىن ئەپچىللىك بىلەن چەتكە ئېلىپ، بۇرۇندىن تەكرارلىنىپ، قېلىپلىشىپ قالغان ئاپتور ھەممىگە ئارىلىشىۋېلىشچە چات كېرىۋېلىشتەك ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولىدۇ.

«ئىزدىنىش» رومانىدا يەنە ھاشىر، گېنىدىك جامسۇ، ساۋۇتوپ قاتارلىق ئىلىم- پەن خادىملىرىنىڭ ئوبرازلىرىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن.

رومانىدا ئوبراز يارىتىشنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئۈلگىسى تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۇقتىدا زادىلا يېتەرسىزلىك يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا نۇقسانمۇ بار. مەسىلەن، روماندىكى مەركەزلىك مەسىلە ئەلانىڭ ئىلىم- پەن يولىدىكى جانلىق ئىزدىنىشى بولسىمۇ، لېكىن رومانىدا ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىلىپ كەتكەن، ئەلانىڭ ئىلىم- پەن يولىدا ئىزدىنىشىگە ئائىت ئىش- پائالىيەتلىرى ئاز بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى يەنىمۇ كەڭ ۋە مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھال ئەلانىڭ بەلگىلىك بىر غايىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇكەممەل تىپ بولۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز ئەسىرىنىڭ باش تېمىسى بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان مەركىزىي لىنىيىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىشى ۋە باش قاتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دائىرىنى يېتەكلەشكىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

رومانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، شۇنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇكى، «ئىزدىنىش» رومانىدا، مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىك، يېڭى مەزمۇنى — ئىزدىنىش، يول ئېچىش جۇرئىتىگە ئىگە غايىلىك يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، يېڭى ئىجتىمائىي ھاياتى يېڭى ھەم ئىجادىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئاپتور بۇ خىل



يېڭى تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىش جەريانىدا ئۇسۇل جەھەتتىن باشقىلارنى دورىماي، شەكىللۋازلىققا بېرىلمەي، قېلىپلىشىپ قالغان كونا ئۇسۇللاردىن خالىي بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ئۇسۇلنى قوللانغان. رومانىدا بىر لىنىيىنىڭ ئىككى تەرىپىنى مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا تەڭ تەسۋىرلىگەن، يەنى رومانىدا يۈكسەك چوققىغا ئۆرلەش جەريانىدىكى ئىزدىنىشمۇ بار، يەنە گۈزەللىك ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ جاپا- مۇشەققەتلىك مۇساپىسىمۇ بار. ئاپتور ئۆزى ياراتماقچى بولغان پېرسوناژلىرىنى يۈكسەك قىزغىنلىق، كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە روشەن ۋە جانلىق تىپ قىلىپ ياراتقان.

ئاپتور رومانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەر خىل مۇھىتتىكى خىلمۇ خىل پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا، دەل ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكلىرى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، ياسانچۇقلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، ئەركىنلىك، مىشچانلىق تەرەپلىرىنى مۇپەسسەل ئىپادىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. شۇنىڭدەك يەنە ئۇيغۇر خەلقىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، ئوچۇق- يورۇقلۇق، تۈزلۈك، مۇغەمبەرلىك، كۈلكە- چاقچاق، خۇشال- خۇراملىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش، يۇمۇرلۇق سۆزلەش، قىزغىن ۋە ھېسسىياتلىق بولۇش ئادەتلىرى ناھايىتى جايىدا، ئورنى- ئورنىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەسەردىكى روھىي ھالەت تەسۋىرلىرى ۋە پەلسەپىۋى پىكىر تەسۋىرلىرى كۆپىنچە ھاللاردا باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى ھالقىلىق پەيتلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەشمۇ ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھايات توغرىسىدا يۈرگۈزۈۋاتقان پىكرىنى، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشىنى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە تولىمۇ ماسلاشقان. مانا مۇشۇنداق تەرەپلىرى رومانىنىڭ بىر ياخشى ئەسەر بولۇپ قېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇرلاردا رومانچىلىقنىڭ تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. گەرچە ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۇنجى رومان دۇنياغا كەلگىنى بىلەن بۇ تارىخ ئىزچىللاشماي خېلى بىر

مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇڭا بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ياش ژانىر دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ مەيدانغا كېلىپ، جامائەتچىلىك ئىچىدە غايەت زور ئىجابىي تەسىر قوزغىشى، ئۇيغۇر رومانچىلىق تارىخىدا بىر نادىر، يىرىك ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى مۇكەممەللىشىش، پىشىپ يېتىلىش دەۋرىگە قاراپ ئىلگىرى سۈردى. ئەسەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئۇتۇقلۇق چىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئالدى بىلەن زوردۇن سابىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان تۇرمۇشتىكى ھەممە قاتلاملارغا چۆككەن، ئۇنى بىۋاستە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ قويۇق ئاتموسفېراسى ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. بۇ ئانا دىيار ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك يېقىملىق، مېھرىبان ۋە پىششىق تونۇش، شۇڭلاشقا رومانىنىڭ پۈتۈن سۈژىت تەرەققىياتى — سۇرۇن، كۆرۈنۈش، تەپسىلاتلىرىغا قويۇق ئۇيغۇر مىللىي روھى سىڭدۈرۈلگەن. شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈر يەرلىك پۇراققا ئىگە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، توي-تۆكۈن، مېھماندوستلۇق، ئائىلە، مۇھەببەت، مۇزىكا ۋە ناخشىغا ھېرىسمەنلىك قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە غۇرۇر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن.

زوردۇن سابىر ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ بىر مەزگىل تۇرغان. مەكتەپلەر، شەھەرلەر، ئىچكىرىسىنىڭ يېزا-سەھرا، يايلاقلىرىغىمۇ بارغان، ئۇ يەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرگەن، يەر-سۇلىرى، تاغ-دەريالىرى، ئادەملىرى، ياشاش ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشقان. ئەلانىڭ دوستى ھاشىرغا يازغان خېتىدە تەسۋىرلەنگەن لەنجۇ شەھىرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قىشتىكى مەنزىرە تەسۋىرى، ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ تويىدىن كېيىنكى ھۇجرا تەسۋىرى، ئەلا ئەمگەككە ئەۋەتىلگەن يايلاقنىڭ زېرىكىشلىك، ھەسرەتلىك تەبىئەت مەنزىرىلىرى . . . قاتارلىق كۆرۈنۈش دېتاللىرى خىلمۇ خىللىقى، يېڭىلىقى، گۈزەللىكى، جانلىق ۋە روشەنلىكى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئەگەر ئاپتور بۇ تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن، ئۇنىڭدىن ئىنچىكە خاتىرە قالدۇرمىغان بولسا، ئۇنى بۇنچىلىك يارقىن سۈرەتلەپ بېرەلمىگەن بولاتتى. شۇنداقلا زوردۇن سابىر يەنە ئۇيغۇر



كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئەدەبىياتى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلغان، ئۆگەنگەن، شۇ ئارقىلىق تىل بايلىقى، بەدىئىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. مانا بۇلار ئۇنىڭ تۇرمۇش جۇغلانمىسىنىڭ مول، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## §15. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى ھەققىدە

مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن چاچما شېئىر ۋە داستانچىلىقتا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ 1934-يىلى تۇغۇلغان، 1952-يىلدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. ئۇ ھازىرغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا خەلقىمىزگە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، بىر پارچە شېئىرىي رومان، بىر پارچە نەسرىي رومان، 20 پارچىدىن كۆپرەك داستان، 20 نەچچە پارچە باللادا تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ دەۋر روھىغا باي، مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك، تېمىسى ئاكتىپ، پىكرى يېڭى، ئوبرازلىرى جانلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، شەكلى ئەركىن، تىلى پاساھەتلىك شېئىرلىرى شېئىرىيەت تارىخىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومان شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان يىرىك، شۇنداقلا داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ شېئىرىي رومان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن شېئىرىي رومانلىرىمىزنىڭ سەرخىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئەسەر مەلۇم ئەدەبىي قىممەتكە ۋە بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك ۋە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن لىرىك شېئىرلار ۋە داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئومۇمەن ھايات تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەنگەن ھەقىقەتلەر، پەلسەپىۋى قاراشلار، ئادەم ۋە ئادىمىيلىك پەزىلەت ئۇلۇغلانغان پىكىر- ئىدىيىلەر، تەبىئەت ئاتا قىلغان لىرىك تۇيغۇ - تەسىراتلار قايناق ھېسسىياتقا ماس ئەركىن شېئىر شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسا؛ ئۇنىڭ داستانلىرى- چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەرلىرى ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى، ئۇلارنىڭ تارىختىكى قىسمەتلەرگە باي كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆتمۈشتىكى زۇلۇم ۋە زورلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق ھاياتىنى، جەڭگىۋار كۆرەشلىرىنى نىسبەتەن كەڭ، جانلىق، تەسىرلىك كۆرسىتىپ بېرىشكە بېغىشلانغان. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىمۇ، داستانلىرىمۇ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ داستانچىلىقتىكى ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى «ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي رومانىدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ شېئىرىي رومان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شائىرنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغان.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي رومانى تەخمىنەن 11 مىڭ مىسرادىن كۆپرەك شېئىردىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەر. ئۇ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەسنەۋى شەكىلدە، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. بىزنىڭ بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغىنىمىز شۇ ناملىق شېئىرىي روماننىڭ 1 - قىسمى بولۇپ، ئۇ مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا يەنە 15 بابتىن تۈزۈلگەن. «ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي رومانىدا شائىر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى، جەڭگىۋار كۆرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. نۇقتىلىق قىلىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۆرەشلىرىنى ئارقا



كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇم ۋە ئاچلىق دەستىدىن ياشاشقا ئامالسىز قالغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى، ئەمەلدار- بەگلەرنىڭ يولسىزلىقى، ۋەھشىيلىكى، زالىملىقىنى، خەلقنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىرنىڭ بۇ تېمىنى تاللىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ، كونا دۇنيادىكى ئېچىنىشلىق ھاياتنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق بۈگۈنكى يېڭى ھاياتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، بۈگۈنكى بەختىيار ھاياتنىڭ ئۆتكەنكى سانسىزلىغان كۆرەشلەر ۋە قەھرىمانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئاسى قىلىپ تاللىغان. شائىر بۇ روماننىڭ «شائىر ئۈمىدى» دېگەن قىسمىدا بۇ خىل مۇددىئاسى ھەققىدە ئېنىق توختىلىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

*ئۇلۇشكۈن كەينىدىن كەلدى تۈنۈگۈن،*
*بۈگۈننىڭ ئۆتمۈشى ئاشۇ ئۆتكەن كۈن.*
*كۈندۈزنىڭ قىممىتى ئاشىمامدۇ شۇنچە،*
*مۇبادا تەلتۆكۈس چۈشىنىلسە تۈن ؟!*
*ھە، بۈگۈن قانداق*
*سىز ۋە مەن تۇغۇلغان جاندىن ئەزىز يۇرت ؟!*
*ئارمىنىم يوق ئىدى يورۇتالىسا،*
*ئاشۇ بىر تارىخنى يۈرەكتىكى ئوت !*
*سىزگە مەن، كىتابخان، ئىككى زاماننىڭ*
*سۈرىتى- ھۆسنىنى بېرىمەن سىزىپ.*
*ھاياجان ئىچىدە ئويغا چۆمىسىز،*
*سىزىلغان زامانلار باغرىدا كېزىپ.*
*ئاخىرى قەلبىڭىز چىن باھاسىدا*
*قەدرىنى يەنىمۇ تاپسا زامانىم.*
*كۆزلىگەن گۈلشەندە كۈلەتتى قاھ - قاھ،*
*قەلەمنى ئالغاندا قىلغان ئارمىنىم . . .*

ئەسەر ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، شائىر بۇ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ئۇنۇملۇك يەتكەن.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي رومانىدا شائىر ئاۋرال تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ياشايدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ، بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئەسەردە ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇنى شائىر دانىيار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. دانىيار جاپاكەش، ئەمگەكچان دېھقان. ئۇ ئايالى گۈلەمخان، ئوغلى بەختىيارلار بىلەن بىرلىكتە مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئېتىز بېشىدىن كىرمەي ئىشلەپ ئاخىرى ھوسۇل ئالىدۇ، ئەمما ھوسۇل ھەر خىل ئالۋان- ياساق ۋە يولسىز ھەقلەرگە تاپشۇرۇلۇپ دانىيارلارغا ھېچنەرسە قالمايدۇ، ھەتتا ئۇلار قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ. بەگلەرنىڭ بۇلاڭ- تالىڭىغا ئۇچراپ قاتتىق غەزەپلەنگەن دانىيار «ئالمامسەن، زالىملار، قالدىغۇ سامان، ئالمامسەن، قالدىغۇ تەندە يالغۇز جان ! . . . » دەپ خىتاب قىلىدۇ. كۈنلەر ئاچلىق، نامراتلىق، زۇلۇم، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە ياشاشقا ئامالسىز قالدىغان ھالەتتە ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. دانىيار لېۋىنى چىشلەپ، مۇشتىنى تۈگۈپ قالىدۇ، گۈلەمخاننىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، بەختىيارنىڭ گۆدەك قەلبى جاراھەتلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يالغۇز دانىيارلارنىڭ بېشىغىلا كەلگەن كەلگۈلۈك ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يېزىدىكى جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىسى ۋە ئورتاق تەقدىرى، ئەڭگە بوۋاينى مىسال ئالىدىغان بولساقمۇ، ئۇ يەرسىزلىكنىڭ دەردىنى بەك قاتتىق تارتىپ كەتكەن بولغاچقا، تاشلىنىپ قالغان ساينى بارمىقى بىلەن تاتىلاپ دېگۈدەك بىنەم قىلىپ ئېچىپ ئۇ يەرگە بۇغداي تېرىيدۇ. بۇغدايلار پىشاي دەپ قالغاندا، غوجىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بۇغدايغا ئوت قويىۋېتىدۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئوغۇل غوجىنىڭ ئۆيىگە ئىنتىقام ئالغىلى بارىدۇ . ئەمما، رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان غوجا ئەڭگە بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، ئوغلىنى زىندانغا تاشلاپ، بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئەڭگەنىڭ



ئايالى ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا قايغۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەڭگە بولسا سەرسان بولۇپ يۈرۈيدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھەر خىل ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئوخشاش پاجىئەلىك تەقدىرى بار. شائىر خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەرنى، ئۇلارنىڭ ئازاب- ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى، ئادەم سۈپىتىدە ياشاشقىمۇ ئامالسىز قالغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ھالىتىنى جانلىق، تەسىرلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى، كەيپىياتقا باي، ئېسىل تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئەسەردە شېئىرنىڭ رولى، ئالاھىدە بەدىئىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان. شائىر ئەسەردە ھاياتنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرىنى مۇنداق ئومۇملاشتۇرۇپ، بەدىئىيلەشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن:

*ئەلەمدىن سارغايغان مۈڭلۈق چىرايدەك،*
*ئاي چىقىپ كەلمەكتە ئاۋرال كەينىدىن.*
*ئاھ، تەنھا يولۇچى ھۆسنىدە پىغان،*
*نارازى بولغاندەك گويا «سەيلىدىن».*
*ئاي كۆردى: زېمىندا تالاي- تالاي رەت*
*تۈنلەردە كۆزىنى ياشلىغانلارنى،*
*ياغدۇرۇپ زامانغا لەنەت تېشىنى،*
*دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغانلارنى.*
*ئاي كۆردى: زېمىندا سانسىز تۇل- غېرىب*
*ماكانسىز تەمتىرەپ كېزەر سەرگەردان.*
*تاپىنى تېشىلگەن پاناھسىز يېتىم*
*ئاشپۇزۇل ئالدىدا ياتىدۇ نىمجان . . .*
*ئاي كۆردى: سۆگەتكە ئېسىلغان يوقسۇل،*
*ئاھىدىن تۇرۇلۇپ ئاققان بۇلۇتنى.*
*تاشلىدى يايلار ياردىن تۆۋەنگە،*
*زالىم بەگ ئۆلتۈرگەن باتۇر بۈركۈتنى.*

«ئىلى پەرزەنتلىرى» دە، يالغۇز خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق هاياتى تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان هېسداشلىق ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خەلقنى ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىققا، بەختسىزلىككە دۇچار قىلغان يەرلىك بەگ- ئەمەلدارلارنىڭ زالىم- ۋەهشىيلىكىنى، مۇتتەهەم- يولسىزلىقىنى، رەزىل- پەسكەشلىكىنى چوڭقۇر پاش ۋە تەنقىد قىلغان. شائىر خەلقنىڭ ئازاب- ئوقۇبەتلىرىنىڭ مەنبەسى ئاشۇ بەگ- ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنى قوللايدىغان چىرىك، ئەكسىيەتچى تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ- نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. هەيدەرخان ۋەكىللىكىدىكى ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلار پۈتۈن يۇرتقا ئۆزى خان- ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ، خەلقنى رەهىمسىزلىك بىلەن ئېزىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ، ئۇلارنى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇلارنى هېچنەرسىگە ئىگە قىلمايدۇ. خەلقنى تالان- تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ قان- تەرى بەدىلىگە ئۆزلىرى كەيپ- ساپا هايات كەچۈرىدۇ. خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمايدۇ، خەلقنى هەدەپ ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندە خەلقنىڭ جېنىغا جازا سېلىپ، مۇستەبىتلىك قىلسا، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ ئارقا تىرىكىنى مۇستەهكەملەيدۇ، دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاپ، پەتىۋاغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى هاكىمىيىتى، هۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار خۇددى ۋاباغا ئوخشاش، قەيەرگە بارسا، شۇ يەردە خەلقنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالىدۇ. ئەمەلدار- بەگلەرنىڭ، جۈملىدىن هەيدەرخاننىڭ ئالۋان- ياساقلىرى دەستىدىن خەلق جېنىنى دوغا تىكىپ قويۇپ تېرىقچىلىق قىلسىمۇ، يىل ئاخىرىدا هېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، هەيدەرخاننىڭ ۋەهشىيلىكى سەۋەبىدىن خەلق ئۆز جېنىغا ئۆزى ئارا تۇرالمايدۇ. هايات ئۈچۈن باشقا چىقىش يولى تاپالمىغان خەلق تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، دۆڭلۈكنى ئۆزگەرتىپ، بىنەم ئېتىزى ئاچسا، هەيدەرخان زورلۇق بىلەن بۇ يەرنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. دوغىلار خەلقنىڭ بېشىدىن زۇلۇم قامچىسىنى چۈشۈرمەيدۇ. كۆكبېشى ئېرىق- ئۆستەڭلەردە سۇ ئەمەس، خەلقنىڭ قان- ياشلىرىنى ئاققۇزىدۇ، غالچىلار خەلقنى پۈتمەس- تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرگە



ئىتتىرىپلا تۇرىدۇ. شائىر ئەسەردە خان- غوجىلارنىڭ، بەگ- ئەمەلدارلارنىڭ ۋەهشىي- زالىملىقىنى، ئۇلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بەختسىزلىكلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈپ، كىشىنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز چەكسىز غەزەپ- نەپرەت پەيدا قىلىدىغان دەرىجىدە تەسۋىرلىگەن. ئەلۋەتتە خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشت- تەقدىرى بىلەن هۆكۈمرانلارنىڭ زالىم، ۋەهشىيلىكى، يالغۇز شائىر ئەسەردە گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەر سۇژىتىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇهىم روللارنى ئوينايدىغان زىددىيەتنىڭ مۇهىم ئىككى تەرىپى بولۇپمۇ هېسابلىنىدۇ.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» دە يەنە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال هۆكۈمرانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرى قىزغىن مەدهىيىلەنگەن. فېئودالىزم جەمئىيىتىدە كەڭ دېهقانلار بىلەن فېئودال هۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەڭ ئاساسلىق، ماهىيەتلىك زىددىيەت ئىدى. شائىر مەلۇم ئىجتىمائىي يۈكسەكلىكتىن چىقىپ، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ناهايىتى ماهىرلىق بىلەن ئەسەردىكى ئاساسىي زىددىيەت قىلىپ تاللىغان ۋە ئۇنى روشەن خاراكتېر- ئالاهىدىلىككە ۋە ۋەكىللىك ئەهمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلارنىڭ زىددىيەت، قارىمۇ قارشىلىقى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەر ئاملىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بەلگىلىك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان. دېهقانلار بىلەن فېئودallar ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت هامان ئۇخشىمىغان كۈرەش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شائىر بۇ كۈرەشنى تەسۋىرلەشكە ئەسەردىن ئالاهىدە سەهىپە ئاجراتقان. بۇ كۈرەشنى تەسۋىرلىگەندە شائىر دېهقانلار قوزغىلىڭىغا هۆكۈمرانلارنىڭ زالىم- ۋەهشىيلىكى سەۋەب بولغانلىقىنى، دېهقانلارنىڭ پەقەت كۈرەش يولى ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت هەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەهمىيەت بەرگەن. شائىر دېهقانلار كۈرىشىنى تەسۋىرلىگەندە، خەلق ئاممىسىنىڭ قەيسەرلىكىنى، ئېگىلمەي- سۇنماي كۈرەش قىلىش روهىنى، باتۇرلۇقىنى قىزغىن مەدهىيىلىگەن، شۇنداقلا يەنە فېئودال هۆكۈمرانلارنىڭ ۋەهشىيلىك، قورقۇنچاقلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، مەككار-

ئالدامچىلىق . . . قا ئوخشاش خاراكتېرلىرىنى، رەزىل - پەسكەش ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىلى پەرزەنتلىرى» خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈش - كونا زامانلاردىكى ئېچىنىشلىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بېغىشلانغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ بەختسىزلىكىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىنغان، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇمى، ۋەھشىيلىكى پاش ۋە تەنقىد قىلىنغان، دېھقانلارنىڭ فېئودallارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئوبرازلىق ھالدا كۆرسىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆز بەختىنى، ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى نامايان قىلىنغان.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» مول مەزمۇنلۇق ئەسەر. ئۇنىڭدا يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا يەنە، غۇلجا نامىغا ئوخشاش يەر نامىلىرى ھەققىدىكى چىرايلىق رىۋايەتلەر، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا ئادەم كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت زور تارىخىي ۋەقە، خوجىلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا دائىر تارىخىي مەلۇماتلار، ئاۋرال تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىسى، ئىلگىرىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى . . . گە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەزمۇنلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى رەڭدارلىقتا ئىگە قىلغان. بۇنداق مەزمۇنلارنىڭ بەزىلىرى ئەسەر ۋەقەلىكى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى شائىرنىڭ لىرىك قىستۇرمىلىرى ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

*ئەسكەرتكىم كېلىدۇ ساڭا ئەۋلادلار،*
*بىزدىكى شۇنداق بىر ئېسىل ئادەتنى.*
*سەن ئەگەر ئۇيغۇرنىڭ پۇشتى بولساڭلا*
*تاشلىما بۇ سەنئەت، بۇ ماھارەتنى:*
*دۇتاردىن ۋە ياكى راۋاب - سازلاردىن*



*ئايرىلماس سەپەرلەر، سەيلىلەر بىزدە.*
*يانغانلار ئېتىمىزدىن ھېرىپ، كەچلىكى*
*ئاڭلايدۇ ساز يەنە سۆگەت تېگىدە.*
*ئالدىدا راۋابچى، كەينىدە دوستلار*
*كېلىدۇ ئايدىڭدا كوچا ئارىلاپ.*
*قارايدۇ ئىشقىنى تۆكۈپ يىگىتلەر —*
*يولىغا سۇمبۇل چاچ قىزلار مارىلاپ.*

«ئىلى پەرزەنتلىرى» دە شائىر پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، يىرىك ھەجىمدىكى ئېپىك ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياخشى يارىتىش، ئۇلارنى روشەن خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىش، پېرسوناژلارنى ئەسەر سۇژېتىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنى ھەم تۇرمۇش چىنلىقىغا ھەم بەدىئىي يۇكسەكلىككە ئىگە قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. شائىر بۇ ئەسەردە مۇشۇ تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن. ئەسەردە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان پېرسوناژلار نىسبەتەن كۆپ. بۇلارنى دانىيار ۋەكىللىكىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ۋە ھەيدەرخان ۋەكىللىكىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ غالچىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئەسەردە بۇ ئىككى خىل كۈچ، ئىككى خىل سىنىپ، ئىككى خىل ئىدىيە، ئىككى خىل خاراكتېر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىنغان ھەم پېرسوناژلار خاراكتېرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىنغان.

دانىيار — ئەسەردىكى ئاساسلىق ئىجابىي باش قەھرىمان. ئۇ فېئوداللىق تۈزۈم، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ۋە ئېزىشىگە ئۇچراپ، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، شۇنداقلا قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ باتۇر، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، قەيسەر خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئەمما فېئوداللىق كونا

جەمئىيەتتە ئۇنىڭ بۇنداق ئېسىل پەزىلەتلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش پەيدا قىلالمايدۇ. كونا كەپىدە ئاچلىق، نامراتلىق، كېسەللىك دەستىدىن قىينىلىپ ياشايدۇ، يىل بويى ئەمگەك قىلىسىمۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي، ھەتتا قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن دانىيار بۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ئۆزى ۋە ئۆزىگە ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ كۈنى ۋە تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىدۇ:

*— ئۆكۈزدەك ئىشلەيمەن تىنىم تاپماستىن،*
*ماڭلىيىم ئۈستىدە مۇنچاق - مۇنچاق تەر.*
*ھامان مەن ئاچ - زېرىن، جۇل - جۇل خارۇزار،*
*ھامان مەن ھاياتتا شور پېشانە ئەر.*
*شۇنچىلىك كۈچىنىپ تارتساممۇ، بىراق*
*چىقالماس كاتاڭدىن تۇرمۇش ھارۋىمىز.*
*ياشاشنىڭ ھېچقانداق يولى قالمىغان،*
*ھېيتتىمۇ يىغلايدۇ بىزنىڭ ناغرىمىز.*
*راستتىنلا دېھقانغا يوقمۇ ياخشى كۈن،*
*ماڭلايغا شۇم تەقدىر يېزىلغانمىدۇ؟*
*راستتىنلا تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا - ھە*
*ئىككى خىل «ھۆكمى ھەق» تىزىلغانمىدۇ؟ . . .*

دانىيارنىڭ بۇنداق ئويلىنىشى ھەقىقەتەن ناھايىتى قىممەتلىك ۋە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مۇشۇ ئويلىنىشلىرى ئاساسىدا، خەلقنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دىنىي خۇراپىي پەتىۋالارنىڭ ساختا ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىدىن، يولسىزلىقىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ياشاش يولى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ ھايات تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، ئۆز بەختى، ئۆز ھوقۇقى ئۈچۈن ئۆزلىرى قوزغىلىپ كۆرەش قىلمىغۇچە، فېئودال ھۆكۈمرانلاردىن قۇتۇلغىلى، ياخشى كۈنلەرگە



ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىدىكى دېھقانلارنى ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بوز دۆڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە ھەيدەرخان بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق كۆرەشكە ئۆزى باشلامچى بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇر - قەيسەرلىكى، تەدبىرلىككىلىكى، يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن دېھقانلار كۆرىشىنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، كۆرەشتە ھەقىقەتەن ياخشى باشلامچى بولىدۇ. دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دانىيار كۆرەشتە قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا قىلچە باش ئەگمەيدۇ. دۈشمەننىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى، ئالدامچىلىقلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى دۈشمەنلەردىن ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. شائىر ئەسەردە دانىيارنىڭ باشلامچىلىق رولىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەلۋەتتە ئۇمۇ فېئوداليزم جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇنلىغان خەلق قەھرىمانلىرىغا ئوخشاش تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما، ئۇ باشلىغان كۆرەش نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىنقىلاب يولىغا ئاتلاندۇرىدۇ. خەلق كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساق، فېئودال ھۆكۈمرانلارنى چوقۇم ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدىكەن، دېگەن ئىشەنچكە كېلىدۇ. شائىر دانىيار ئوبرازىنى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم مۇكەممەل ياراتقان. كىشىنى قايىل قىلىدىغان يېرى شۇكى، شائىر دانىيارنى تەڭداشسىز قەھرىمان، كەسپىي ئىنقىلابچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ۋە كۆرەشلەر جەريانىدا يېتىشىپ چىققان ھەقىقىي بىر دېھقان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. شائىر دانىيارنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى تىپىك شارائىت ئىچىگە قويۇپ، ئىدىيىسى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكىدە قويۇپ، خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەم روشەن خاسلىقتا ھەم ماھىيەتلىك ئورتاقلىقلارغا ئىگە قىلىپ ياراتقان. شۇڭا ئۇ كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» دە يەنە فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان ھەيدەرخان ئوبرازىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. شائىر يەرلىك ئەكسىيەتچى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زالىم - ۋەھشىيلىك، يولسىز-

مۇتتەھەملىك، ھىيلىگەر- ئىككى يۈزلىمىلىككە ئوخشاش خاراكتېر- ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇشۇ ئوبرازغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شائىر بۇ ئوبرازنى ياراتقاندا، ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، بۇ ئوبرازنى تىپىك خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. ئۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن خەلقنى قاقشاتقان زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ پۇشتى بولۇپ، يۇرتنى ئۆزىنىڭ شەخسىي يېرى، خەلقنى ئۆزىنىڭ قۇلى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. پۈتۈن يۇرتتىكى ئەمگەكچى خەلق ئۇنىڭ ئۈچۈن يەر تېرىپ، ئالۋان- ياساق تۆلەپ، ئۇنىڭ ھەر خىل يولسىزلىقلىرىغا، ئېزىشلىرىگە ئۇچراپ خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. ھەيدەرخان پەقەت ئۆزىنىڭ ئامبار- ساڭلىرىنى تولدۇرۇش، مۇتلەق ئىمتىيازىنى ساقلاش، ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلقنىڭ ئۆلۈپ- تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئالۋان- ياساقنى ئۆزى خالىغانچە كۆپەيتىدۇ. خەلققە ھەر خىل يولسىزلىقلارنى قىلىدۇ، قارشى چىققانلارنى ۋەھشىيانە ئۇسۇلدا جازالاپ، ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. خەلقنىڭ قان- تەرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بىنەم يەرلەرنى مۇتتەھەملىك بىلەن ئىگىلىۋالىدۇ. غەزەپلەنگەن خەلقنى ھەر خىل ھىيلە- مىكىرلەر بىلەن ئالدايدۇ، قوزغالغان خەلققە ئۆزى تەڭ كېلىپ بولالمىغاندا، شەنگەنلەرگە سوۋغا- سالام يوللاپ، ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپ، خەلقنى چېرىك- يايلار ئارقىلىق قانلىق باستۇرىدۇ. بۇ زالىم ھۆكۈمراننىڭ ئىككى قولى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. شائىر بۇ ئوبرازنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىنى بەزىدە تىپىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئېچىپ بەرسە، يەنە بەزىدە بىۋاسىتە بايان ئارقىلىق، لىرىك قىستۇرمىلار ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك تەسۋىرلەپ بەرگەن:

*بۇ تاغلىق يېزىغا ھەيدەرخان ھاكىم،*
*ياشايدۇ ھەركۈنى يايراپ راھەتتە.*
*ياشايدۇ ئۇنىڭغا يالانغان يوقسۇل*
*قىش- يېزى ئېيتقۇسىز ئېغىر ھەسرەتتە.*
. . . . .



*قۇرۇلغان زۇلۇمنىڭ قات- قات تورىقى،*
*باسالماس ئەمگەكچى مەيلىچە ئاياغ . . .*
*غوجىنىڭ ھەر سۆزى يېزىدا قانۇن،*
*غىڭ قىلغان ئادەمنىڭ ۋايىدى ھالىغا.*
*ئالاتتى ساڭ- ساڭلاپ بۇغداي ھەر يىلى،*
*دېھقاننىڭ قېنىنى چېچىپ دالىغا.*

«ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي رومانى ھەقىقىي مەنىدىكى بىر پارچە ئېپىك ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى لىرىكا ياكى بولمىسا ئىدىيە، خاراكتېر ۋە باشقا بەدىئىي ماھارەتلەر ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى سۇژېت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەسەردە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى، كىتابخانغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغىنى ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ زىددىيەت- توقۇنۇشلارغا باي سۇژېتىدىن ئىبارەت. شائىر ئەسەر سۇژېتىنى ئومۇمەن ۋەقەلىك ئارقىلىق قانات يايدۇرغان بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر ئاساسەن دېگۈدەك ۋەقەلىك بىلەن يېزىلغان. ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق، زىددىيەت- كۈرەشلەر پۈتۈن ئەسەردە ئىزچىللىشىپ بارىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ تىل ماھارىتىنى، بايان ماھارىتىنى ۋە باشقا يېزىقچىلىق ماھارەتلىرىنى سۇژېت ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغان. شۇڭا ئەسەرنىڭ سۇژېتى ناھايىتى جانلىق، ئىزچىللىققا ئىگە، جەلپكار ھەم تەسىرلىك بولۇپ، كىتابخاننى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. گەرچە بۇ بىر پارچە شېئىرىي ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۇژېت ئالاھىدىلىكى كىشىنى بىر پارچە پروزا ئەسىرى ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەسەرنىڭ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغانلىقى ئۇنىڭ لىرىكىلىقىنى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئەسەر بىر پارچە سۇژېتلىق ئەسەر بولۇپ، شائىر سۇژېتنى ئەسەرنىڭ مەركىزىگە قويغان ھەمدە سۇژېتنى يېزىشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن، سۇژېتنىڭ ئىزچىللىقىغا، مۇكەممەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، سۇژېت ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرى

ئارقىلىق سۇژېت قانات يايدۇرۇلغان. ئەسەر سۇژېتى ئاساسەن دانىيار ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بىلەن ھەيدەرخان ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ كۈرەشتىن ئىبارەت ئاساسلىق لىنىيە بويىچە قانات يېيىپ داۋاملاشقان. ئەسەردىكى سۇژېت نىسبەتەن جىددىي ۋە كەسكىن بولۇپ، كىشىنى ھاياجانغا سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەر سۇژېتى ئەسەرنىڭ تېمىسى، مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىدىنلا ئەسەردە شائىرنىڭ قانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانداق پىكىرنى ئىلگىرى سۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئەسەردە شائىر سۇژېتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ياخشى تاللاپ، تەشكىللەپ، بۇ ئاساسىي گەۋدىنى ھەقىقەتەن ياخشى قۇراشتۇرۇپ چىققان ۋە بۇ ئارقىلىق شۇنداق ياخشى بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان. ئەسەردىكى سۇژېت تەركىبلىرى مول مەزمۇنلۇق بولغىنىغا قارىماي، ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيە ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى ئۈچۈن ناھايىتى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بايان خاراكتېرلىك ئەسەر. شائىر ئەسەردە باياننى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، بايان ماھارەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭلاشقا، ئەسەردە قوللىنىلغان بايان ماھارەتلىرى ئۆزىگە خاس بەزىبىر خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان.

بايان شەكلى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر چېكىنمە بايان شەكلى بىلەن يېزىلغان. شائىرنىڭ بۇ خىل بايان شەكلىنى تاللىۋېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. چېكىنمە بايان شەكلى ئەسەرلەردە باياننى ئېلىپ بېرىشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ، كىتابخانلارنىڭ ئەسەرگە بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىدۇ، ئەسەر سۇژېتىدىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگىچە بەدىئىي يول بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. شائىر ئەسەردە چېكىنمە باياننىڭ بۇ خىل روللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئەسەر مۇقەددىمىسىدە يېڭى كۆمۈلگەن قەبرە



بېشىدا ئېغىر قايغۇغا پاتقان ھالەتتە ئازابلىنىپ تۇرغان بەختىيار تەسۋىرلىنىدۇ. شائىر بۇ يەردە بەختىيارنىڭ كىملىكى، قەبرىگە كىمنىڭ، نېمە سەۋەبتىن كۆمۈلگەنلىكى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ، پەقەت چېكىنمە بايان شەكلى ئارقىلىق ئاندىن بۇ بىر قاتار جەريانلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئەسەر خاتىمىسىنى يەنە قەبرىستانلىقتا ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنى شائىر تەرتىپلىك بايان شەكلى بىلەن يازسىمۇ تامامەن بولاتتى. ئەمما، قوللىنىلغان چېكىنمە بايان شەكلى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، شائىر يەنە چېكىنمە باياننى چىرايلىق ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇقەددىمە بىلەن خاتىمىنى ئىزچىللىقتا، بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، ئەسەردىكى باياننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ھەقىقىي مەنىدە كاپالەتلىك قىلغان. ئەلۋەتتە ئەسەردە يەنە قىستۇرما بايان شەكىللىرىمۇ مۇھىم جايلاردا ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان، ئەمما، ئاساسلىق بايان شەكلى يەنىلا چېكىنمە بايان شەكلىدىن ئىبارەت بولغان. چېكىنمە بايان شەكلىنى قوللىنىشنى شائىرنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە بايان ماھارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر تەرەپ دەپ تونۇش كېرەك.

ئەسەردە بايانچىنىڭ ئورنىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ھەممىنى بىلىدىغان، بىلىدىغانلىرىنى قويماي بايان قىلىپ بېرىدىغان سالاھىيەتتە بايان ئېلىپ بارىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەسەردىكى بايانچىنىڭ ئورنى ئەسەر سىرتىدىكى ئاپتورنىڭ ئورنى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. شۇڭا، ئەسەردىكى بايانچى ئەسەر تەركىبلىرىنى نىسبەتەن كەڭ، تولۇق ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەپ، ئەسەردە بوشلۇق ۋە تولۇقسىزلىق قالدۇرمايدۇ. ھەممىنى بايانچى سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ ماڭغىنى ئۈچۈن، كىتابخان ئەسەر ھەققىدە تولۇق، ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ھېسسىيات ـ خاھىشتا ئورتاقلىشىپ بارىدۇ. باياننىڭ ئەنە شۇنداق ئورنى سەۋەبلىك، ئاپتور، بايانچى ۋە كىتابخان كۆپ ۋاقىتلاردا بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باياننىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئېنىق. ئۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەرنى، پېرسوناژلارنى بايان قىلغاندا ئۇلارغا بولغان قارىشى، باھاسى، پوزىتسىيىسىنى روشەن ئىپادىلەپ بارىدۇ. مەسىلەن،

شائىر ئەسەردە ئىجابىي قەھرىماننى تەسۋىرلىگەندە بايانچىنىڭ ئۈنىڭغا بولغان قايىللىقىنى، ھۆرمىتىنى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىشىنى ھەم بىللە يازىدۇ:

*تۇرقىدا باتۇرلۇق قىلاتتى كۆرەك،*
*قوشۇلغان ئەقىلنىڭ كۈچى ئۈستىگە.*
*پولاتتەك ئىرادە ئۇرۇقىدىن ئۇ*
*جەسۇرلۇق تېغىدا ئۆسكەن قارىغاي.*
*ئېھ، بۇنداق قامەتنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل*
*كۈن ۋە تۈن توختىماي ئۇرغۇپ سايرىغاي! . . .*
*گويا ئۇ غىلاپتىن سۇغۇرۇلغان تىغ،*
*ۋە ياكى يېتىلگەن بىر قىران بۈركۈت.*

بۇ تەسۋىردىن بايانچىنىڭ ئەسەردىكى بۇ پېرسوناژغا بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بايانچىنىڭ سەلبىي پېرسوناژلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ شۇنچە روشەن. ئۇ ئىجابىي پېرسوناژلارنى ئەڭ ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىسە، سەلبىي پېرسوناژلارنى ئەڭ يامان سۈپەتلەر بىلەن سۆككەن. ئەسەردە بايانچى ھەتتا ھەيدەرخاننىڭ ھويلىسىنىمۇ ۋەھشىيلىكتە تەڭداشسىز زۇلۇم زىندانىغا، ھويلا ئىشىكىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. بايانچىنىڭ ئېنىق پوزىتسىيە، باھاسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بۇنداق تەسۋىرلەرنى بىز ئەسەردە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» دە ئېپىكا بىلەن بايان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئەسەردە يەنە بىر مۇنچە لىرىك تەركىبلەرمۇ بار. ئەلۋەتتە، مۇنداق چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەر ئۇچۇن ئېپتقاندا لىرىك تەركىبلەرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شائىر ئەسەرنى لىرىك تەركىبلەر بىلەن بېيىتىشقا ئۇرۇنمىغان بولسىمۇ، لېكىن يولىدا كەلگەن لىرىكىلارنى ناھايىتى چىرايلىق يازغان. ئەسەردىكى لىرىكىلارنىڭ بەزىلىرىدە تەبىئەتنىڭ، ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرىدە شائىرنىڭ چوڭقۇر



پىكىر- مۇلاھىزىلىرى ئىپادىلەنگەن، يەنە بەزىلىرىدە سۆزتىنىڭ ئەۋجى ياكى پېرسوناژلارنىڭ خۇشاللىق- قايغۇلىرى شائىرنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرغاندىكى ھېسسىيات ئىزھار قىلىنغان، يەنە بەزىلىرىدە ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتلىك لىرىك تەركىبلەر بېرىلگەن. بۇنداق لىرىك تەركىبلەر گەرچە ئەسەردە ئالاھىدە سەھىپە ئىگىلىمىسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەم ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى، ئېستېتىك ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رولىلارنى ئوينايدۇ. ئەسەردىكى لىرىكىلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، لىرىكىلار مەيلى قانداق مەزمۇندا، قانداق مەقسەتتە يېزىلغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيە ۋە ئاساسلىق پېرسوناژلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق. تۆۋەندە، ئەسەردىكى لىرىكىلارنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

*قانچىلىك چىرايلىق بۇندا ياز ئايلار،*
*قانچىلىك چىرايلىق يازنىڭ سەھىرى!*
*دىلبەر تىنىقىدەك ئىللىق بىر شامال*
*ئۇچىدۇ، كۆڭۈللۈك ئۈنىڭ سەپىرى.*
*بۇغدايلىق ئىچىدە كۈيلەيدۇ تورغاي*
*شۇنچىلىك يېقىملىك كۆڭۈل كۈيىنى.*
*ئاڭلايدۇ تاغ- دالا، يېشىل ئېتىزلار،*
*ئاھ غېرىب كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىنى . . .*
*گۈزەللىك ئىچىدە مۇڭلۇق كەيپىيات،*
*كۆرۈنەر تەبىئەت سۈرگەندەك خىيال.*
*گوياكى پايانسىز بۇ گۈزەل ۋادا*
*غەم بىلەن ئولتۇرغان بىر ساھىبجامال . . .*

شائىرنىڭ بۇ لىرىكىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز ھاياجانغا سالىدۇ. تەبىئەت شۇنچىلىك گۈزەل، شائىرانە قەلب بۇ گۈزەللىككە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى ھەۋەس بىلەن، ئەڭ چىرايلىق تىل بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئەمما مانا مۇشۇنداق گۈزەل تەبىئەت قوينىدا داۋاملىشىۋاتقان ئېچىنىشلىق ھاياتنى شائىر ئۇنتۇپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت گۈزەللىك ئىچىدىكى مۇڭلۇق كەيپىياتنىڭ ھاياجانلىق ئىپادىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

ئەسەردە كەيپىيات ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان. شائىر ھاياتنىڭ ئازاب بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولغاچقا، پۈتۈن ئەسەر باشتىن ـ ئاياغ بىر خىل مۇڭلۇق كەيپىيات بىلەن داۋاملىشىپ بارىدۇ. تېخىمۇ توغرىسى شائىرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى، تەپسىلاتلار ھەققىدىكى ۋە پېرسوناژلار ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنى ئوقۇغان كىتابخان تەبىئىي رەۋىشتە بىر خىل مۇڭلۇق كەيپىياتقا چۆممەي قالمايدۇ. شائىرنىڭ مۇنۇ تەسۋىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

*بىر چەتتە تۇرىدۇ، شىلدىرلاپ كەپە،*
*بىر چەتتە دۆۋىلىنىپ مەنگەن ۋە سامان.*
*ئۈيسۈننىڭ ئۈستىدە ئۈزەر تولۇن ئاي،*
*چاڭ ـ توزان ئىچىدە تېخىچە خامان.*
*ـــ ئانا ـــ دەپ ئېتىلدى ھوشىدىن كەتكەن*
*ئانىسى ئۈستىدە بالىسى يىغلاپ.*
*تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز خەنجەردەك،*
*دانىيار كۆكسىنى كەتتى ئاھ تىلغاپ.*
*بالىسى «ئانا» دەپ پۇچۇق ھىجىردا*
*سۇ تۇتۇپ تۇراتتى يىغلاپ بېشىدا.*
*ھىجىرنى بوتىسى توشقازماقتىدى*
*كۆزىدىن توختىماي ئاققان يېشىدا.*



دانىيار ئائىلىسىنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق تۇرمۇش تەسۋىرى كىشى قەلبىنى ئۆرتەپ، مۇڭلۇق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. شائىر دانىيارنىڭ ئۆلۈمىنى تەسۋىرلىگەندە بولسا، تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كېتىدۇ :

*كۆك ئاسمان ياش تۆكتى، قىچقىرار كاككۇك،*
*ماتەملىك ۋادىغا ئېغىر مۇڭ تۆكۈپ.*
*تاغ ـ تېرەك، گۈل، گىياھ . . . . ـ ئانا تەبىئەت*
*تۇرىدۇ ئىزگۈ بىر جىملىققا چۆكۈپ.*
*كۈيلەيدۇ مەرسىيە ئېرىقتىكى سۇ،*
*يېزىنىڭ ئۈستىدە مۇسىبەت تۈنى،*
*ئاۋالنىڭ چىرايى كەتكەن قارىيىپ،*
*ئاڭلىنار چىرقىرىغان بۈركۈتنىڭ ئۈنى.*
*شائىرنىڭ قەلىمى قەھرىمانىنىڭ*
*ئۆلۈمى تۈپەيلى ئالدى جىم تۇرۇپ،*
*شائىرنىڭ ئۈستىدە ماتەم كىيىمى،*
*يىغلايدۇ يۈرىكى قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ.*

ئەسەردە قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ كۆپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ۋە بۇ تەسۋىرلەر پەيدا قىلىدىغان مۇڭلۇق كەيپىيات شائىرنىڭ ئەسەردە قوللانغان ئاساسلىق ئەدەبىي ماھارىتىنىڭ ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئالاھىدە بەدىئىي ئۈنۈمنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسەردە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش، سۇژىتنى قانات يايدۇرۇشنىمۇ بىر خىل پايدىلىق مەنىۋى مۇھىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شائىر، ئەسەرنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت، دەرد ـ مۇڭ بىلەن توشقانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلغان، ئۇ ئەسەردىكى ئىدىيە، پېرسوناژ، سۇژىت ئۈچۈن ئاشۇنداق بىر مۇھىت ۋە كەيپىيات يارىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بولسا، تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغان، شۇڭلاشقا شائىر مۇڭ ـ ھەسرەت ئارقىلىق ئەسەرنىڭ كەيپىياتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى تاللىۋالغان. مۇڭ ـ ھەسرەت ئەسەرگە ئۆزگىچە رەڭ بەرگەن.

باشقا تەرەپلىرىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، شۇنچە چوڭ ھەجىملىك، مول مەزمۇنلۇق ئەسەرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ چىقىشنىڭ ئۆزىلا شائىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى شېئىرىي شەكىل شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەر خىل ئۇسۇل، ماھارەت، ۋاستىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىي ئەسەرلەردە تىلغا تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ. چۈنكى شېئىرىي تىل پروزا تىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىپادىلىك، ئوبرازلىق، تاۋلانغان تىل بولۇپ، ئۇ مەزمۇن- مەنە ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىن سىرت، يەنە ناھايىتى قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. «ئىلى پەرزەنتلىرى» شېئىرىي رومانىدا شائىر شېئىرىي تىلنىڭ قاتتىق تەلەپلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك چىققان. گەرچە ئەسەر تىلىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك چوڭ يېڭىلىقى، ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇن نەچچە مىڭ مىسرادا ئىشلىتىلگەن تىل تەركىبلىرى، جۈملە شەكلى، قاپىيىلەرنىڭ ئىزچىللىقى؛ ئىپادىلەنگەن مەنە- پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ رەڭدارلىقى ۋە باشقا تىل ماھارەتلىرىگە، تىل ئۈنۈملىرىگە قاراپ، ئاپتور مۇھەممەتجان سادىقنى شېئىرىي تىلنىڭ ئۇستىسى ئىكەن، دەپ قالىمىز. شائىر ئەسەردە ئاساسەن مېغىزلىق، ئىپادىلىك، ئاممىباب، ھېسسىياتلىق تىللارنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولغاچقا، مىسرالاردا مەنە- پىكىرلەر گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، مىسرالار كىشىدە كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق تىل ئالاھىدىلىكى ئەسەرنى راۋان، سىلىق كەيپىياتقا ئىگە قىلغاننىڭ ئۈستىگە يەنە ئەسەر بىلەن كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەزمۇن تەركىبلىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ياخشى شېئىرىي رومانىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇھىم ئەسەرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



## §16. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە

مەمتىمىن ھوشۇر (1944— ) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىندۇر. ئۇ پروزىنىڭ رومان، پوۋېست، ھېكايە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر تۈركۈم ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»، «ئايخان»، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ساراڭ»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز» قاتارلىق ھېكايە- پوۋېستلىرى، «قۇم باسقان شەھەر» رومانى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ھارماي- تالماي ئىزدەنگەنلىكىنىڭ، ئىجادىيەتتە يېڭى ئۇسلۇب (يېڭى يول) تېپىشقا تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولغان «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتكەن، بەدىئىيلىكىمۇ باشقا ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن نادىر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە جانلىق ھەم يۇمۇرلۇق تىل، ئاجايىپ ئوخشىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ساتىرىك كەيپىيات ھاسىل قىلغان. ئۇ بۇ خىل ساتىرىك كەيپىيات ئىچىدە ناھايىتى مول تەركىبلەرگە ئىگە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى يۇدۇپ بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئادەم بولۇش

ئۆلچەملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، قىممەت قاراشلىرى، ئىستېتىك چۈشەنچىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن هالدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ يەنە باشقا بىر قاتار ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا «مەن» (مۇهەررىر) بىلەن غەلىتە مىجەزلىك يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە هەم ئۇ يازغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق چەت ئەلگە چىقىپ كېلىش جەريانىدىكى «ئاق تاپان» نىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان هەم هەيران قالدۇرىدىغان سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

هېكايە مۇهەررىر بىلەن يازغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن باشلىنىدۇ:

«. . . بۇ هېلىقى ‹ساراڭ› نىڭ ئاپتورى ئىدى.

ـ سالامەتمۇسىز؟ ـ دېدىم ئۇنى ئۇچراتقىنىمغا خۇشال بولۇپ.

ـ هوي، مۇهەررىر ئەپەندىمۇ بۇ؟ ـ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىككى قولىنى بوينۇمغا ئارتىپ، مەڭزىمگە شالاپشىتىپ سۆيۈپ، قۇچاقلاپ قويدى. خىجىللىقتا ئىتتىك ئەتراپىمغا قاراپ، ئەمدى بۇ نەچچە كۆرۈشۈش بولۇپ كەتتى، دەپ قالدىم.

ـ بۇ دېگەن چەت ئەلچە كۆرۈشۈش! ـ دېدى ئۇ ئىزاهلاپ، ـ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتۇ، شۇنداقمۇ؟»

بىز بۇنىڭدىن مۇهەررىر بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناهايىتىمۇ قويۇق، لېكىن يۇمۇرىستىكلىققا باي بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز، هەممىلا يېرىنى چاقماق بېسىپ كەتكەن «يازغۇچى» بىلەن ژۇرنالنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان مۇهەررىرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ئەخلاق قاراشلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى هېس قىلىمىز. ئەسەردىكى «ئاپتور» نىڭ قوللىرىنى «مەن» نىڭ بوينىغا ئارتىپ، شالاپشىتىپ سۆيۈپ كېتىشى بىزنى هەيران قالدۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە قىلغانلىرىدىن مەمتىمىن هوشۇرنىڭ رېئال هاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى سەزگۈرلۈكىنى، ئىدىيىسىنى، بەدىئىي ماهارىتىنى، تىل ئىشلىتىش جەهەتتىكى خاسلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.



يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر «مەن» بىلەن «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىنىڭ تىلىدىن: «. . . ماۋۇ ئۈستۈمدىكى كىيىملەر ياراشقاندەكمۇ؟

ـ شۇنىڭغا هەيران بولۇۋاتىمەن. چاقماقنىڭ ئۈستىگە چاقماق، چاقماقنىڭ ئىچىگە چاقماق كىيىۋاپسىز، قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدىكەن.

ـ هە، يېقىندا يەنە چەتكە چىقىپ مال ئەكەلگەنتىم، مانا مۇشۇنداق چاقماق گۈللۈك نەرسىلەر، سېتىلماي قالغانلىرىنى ئۆزەم كىيىۋالدىم. مۇنۇ ئۈستۈمدىكىنى ئاددىيلا كاستۇممىكىن دەپ قالماڭ. بۇنىڭ دۈمبىسىدىمۇ يانچۇقى بار. بۇرۇلكىسىچۇ تېخى. مۇهىمراق بىر نېمىلىرىڭىز بولسا مانا بۇ يەردىكى مەخپىي چۆنتەككە سالىمىز، ـ شۇنداق دەپ ئۇ قولىنى كىشىلەر بار يەردە ئاپارغىلى بولمايدىغان يەرگە سۇندى.

ـ بولدى، بولدى، ئىسسىللىقى تېشىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ! ـ دېدىم.

ـ هەببەللى، سىزگە ئوخشاش كۆزى بار ئادەم تونۇيدۇ، ـ دېدى ئۇ، ـ شۇنداق قىلىپ سالامەت تۇردىڭىز، هېلىمۇ شۇ ئۈستەلگە دۈمچىيىۋېلىپ، قەغەز ـ قەلىمىڭىزنى كىتىرلىتىپ ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىپ ئولتۇرامسىز؟

ـ قانداق قىلىمىز، ئۆمرىمىز شۇ ئىش بىلەن ئۆتۈپتۇ، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە . . .

ـ بۇمۇ غەلىتە هۆكۈمەت ئىكەن، بىر زامانلاردا باي بولغانلارنى يوقىتىمىز دەپ كۈندە ئەپچىقىپ دۈمبالىدى، ئەمدى ماختاپ هالى قالمايۋاتىدۇ . . . مەن سەل قورقۇپ قالدىم. ئاز كۈندىن كېيىن زادى باي بولالمىغان كەمبەغەللەردىن بىر ـ ئىككىنى ئەپچىقىپ ئاتامدۇ، قانداق؟! ـ نېمە دەيدىغاندۇ بۇ، دەپ ئەتراپىمغا قارىدىم.» دەپ يازىدۇ. بىز بۇ يەرلەرنى ئوقۇۋېتىپ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مۇلاهىزىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا تەھسىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. بىزنىڭ خېلى بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز مۇشۇنداق يارقىن پىكىرلەرنى ئىپادىلەيمەن دەپ ئاجايىپ داغدۇغىلىق ۋەقەلەرنى، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ مەقسىتى بىلەن ئىجادىيىتى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەس هاڭ پەيدا قىلىۋېلىپ ئىسىلىپ قالىدۇ.

بىز يەنە تۆۋەندىكى تەسۋىرلەرنى كۆرسەك، ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلىشىش ئادىتى، تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بەدىئىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتىدە بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتور ئەسىرىدە «ساراڭ» نىڭ ئاپتورنىڭ تىلىدىن شۇنداق سۆزلەيدۇ: «. . . چەت ئەلدىكى يازغۇچىلار يۇگۇرۇپ يۇرۇپ ئەسەر تەھرىرلەيدىكەن، شائىرلىرى ‹ھېسسىياتقا تەسىر يېتىدۇ› دەپ خوتۇنمۇ ئالمايدىكەن . . . بىر شەھەرگە بارسام پۇقرالىرى شۇنچە پۇزۇر كىيىنىۋاپتۇ، شەھەر باشلىقى يالىڭاياغ يۇرىدىكەن. ئايالىرى يالغان بۇرۇت قويۇپ، ئەرلىرى يالغان چاچ سالىدىكەن. تاماقنى بازاردا يەپ، كېچىسى مېھمانخانىدا يېتىپ، ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدىكەن. قىزىق چايغا مۇز سېلىپ ئىچىپ، ماروژنىنى ئىسسىتىپ يەيدىكەن . . . بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلىڭىز ھەيران بولىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىكى سەمىتاخۇننى تونۇمسىزكىن؟ ھازىر ئۇ ئىشتانپايپاق ئېلىپ- سېتىپ بېيىپ كەتتى، بەيتۇل ھەرەمگە بېرىپ ئابدۇسەمەت ھاجى بولۇپ كەلدى. يېقىندىن بېرى ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز نەگە كەتتى؟ دەپ قايناپ ماتادىن كۆڭلەك كىيىپ، سەگەزدىن گالستۇك باغلاپ، ئالغان پىكاپىنىڭ ئىچىگە بورا سېلىپ ھەيدەپ يۇرىدۇ . . . ». قىسمەن يازغۇچىلىرىمىز رېئاللىققا ئىچكىرىلەپ كىردىم دەپ بەدئىيلىكتىن، مىللىي ھېسسىياتتىن، ھېسسىياتقا ئىچكىرىلەپ كىردىم دەپ بەدىئىي جانلىق تىلدىن، تىلنى پىششىقلىدىم دەپ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان شارائىتتا مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ ئەسىرى دەل ۋاقتىدا يېزىلىپ، ئەدەبىياتىمىزدا بۇگۇنكى دەۋردە بولۇشقا تېگىشلىك سەۋىيىنى ھازىرلاپ بەردى.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىدە «مەن»، «مەن» نىڭ ئايالى ۋە ئىتنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى ئىشلار يېزىلغان. «مەن» چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەن قولۇم- قوشنىلاردىن چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «ئاق تاپان» نى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئايالى بىلەن يولغا چىققانلىقى، ھەمسەپەرلىرىنىڭ ئىت ھەققىدە ئېيتقان ۋەھىملىك سۆزلىرى،



باشقىلارنىڭ چېگرادىن پاسپورت ئىشلەتمەيلا ئىتلارنى ئۆتكۈزۈپ كېتىش چارىلىرى ھەم «ئاق تاپان» نىڭ چېگرادىن ئۆتۈش ماھارىتى، «ئاق تاپان» نىڭ چېگرادىن ئۆتكەندىن كېيىنكى «. . . مېنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭلار، شۇمۇ ئادەمگەرچىلىك بولدىمۇ؟» دېگەندەك چۈشىنىكسىز غىڭشىشلىرى ھەم «مەن» نىڭ، ئايالىنىڭ، ئىتنىڭ چېگرادىن ئىككى پاسپورت بىلەن ئۆتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىقارلىق ۋەقە تەسۋىرلەنگەن.

بىر پارچە ھېكايىدە، ھېكايە كەيپىياتى يارىتىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. ھېكايە كەيپىياتى يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشى، ئەسەرنىڭ تېمىسى، مەزمۇنى، سۆز- جۈملىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، پېرسوناژلارنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشلىرى ۋە يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىز ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى ئوقۇپ، ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسمىنىڭ، ۋەقەلىكىنىڭ، تىلىنىڭ، خاھىشچانلىقىنىڭ ناھايىتىمۇ نورمال ھالدا تاللىۋېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدىكى «. . . چېگرادىن ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمەيدۇ . . . چېگرادا بۇنداق ئىتلارنى كۆرۈپ قالسا، گەپ- سۆز يوق گۇمىدە قىلىپ ئېتىۋېتىدۇ . . . » دېگەندەك ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بەدىئىي تىللارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆزلەر بىزنىڭ چىنلىق تۇيغۇلىرىمىزنى يېتىلدۇرۇپ، ئەسەردىن زوقلىنىش ئىستىكىمىزنى كۈچەيتىدۇ.

ھېكايىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بۆلىكى ئەسەرنىڭ مەركىزىي قىسمى بولۇپ، ئاپتور ئەسەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە دەل مۇشۇ يەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىككىنچى قىسمىدا «مەن»، كۈچۈك ۋە ئايالىنىڭ چەت ئەلدىكى سەزگۈرەشتىسى، بولۇپمۇ ئىتنىڭ چەت ئەلدىكى سەزگۈرەشتىسى ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا بەدىئىي تىلىمىزدىكى ئىپادىلەش كۈچىگە باي، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر بولغان «قورسىقىغا كىرىپ باقسام»، «قارىسام ئىتنىڭ ئۆزىكەن»، «ئېشەكتەك قىلىقىڭ بار ئىكەن»، «ئاغزىغا ئىككى خىش قويسا ئوبۇرنى بولىدىكەن»، «ئادەم دېگەن بەربىر خام سۈت ئەمگەن

نەرسە» دېگەندەك غەيرىي ئەقلىي ۋە سەنئەت لوگىكىسى كۈچلۈك بولغان خۇسۇسىيەتكە مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى يېڭىلاپ، ھەجۋىيلىكى ۋە مەزمۇننى بېيىتقان. شۇ ئارقىلىق دارىتمىدىن ئىبارەت ئۇسلۇبنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، «چەت ئەللىكلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئۈچ ۋاق تاماق يەيدىكەن. . . بىر ئوخشىمايدىغان يېرى كۆرۈشكەندە ئۇزاققىچە سۆيۈشۈپ پوملاقلىشىپ كېتىدىكەن. باشتا توۋا،دەپ ياقامنى تۇتتۇم، كېيىن- كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئۆگىنىپ، تونۇش- بىلىشلەرنى كۆرگەندە يىراقتىنلا غۇلاچ كېرىپ بېرىپ ئەر- ئايال دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايلا بەھۇزۇر قۇچاقلاۋېرىدىغان بولۇپ قالدىم. . . ئۇرۇق- تۇغقان، تونۇش- بىلىشلەرنىڭ خوتۇن- بالىلىرىغىچە ئالا قويماي سۆيۈپ چىقتىم. قاملاشمىغان يېرى ئۇلارمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمنى سۆيۈۋېرىپ مەسلىھەتنى قويمىدى. خەپ، چەت ئەل دېگەنگە خوتۇن خەقنىمۇ ئېلىپ چىقامدىغان دەپ قالدىم. ئامال قانچە، ئۇلار ئۇچۇن مۇنداق تەنتەنىلىك كۆرۈشۇش ناھايىتى چوڭ مەدەنىيەت ھېسابلىنىدىكەن. . . » بىز بۇ بۆلەكتىن گۈزەللىك قارىشى، ئەخلاق قارىشى، بىز بىلەن ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئوخشاش بولغان مەدەنىيەت يىلتىزىغا ئىگە ئىككى خىل ئادەملەر توپىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە دىققەت قىلساق، يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى نازۇك مەسىلىلەرگە ناھايىتىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلغانلىقىنى، بەزى كىشىلەر دىققەت قىلسىمۇ، لېكىن ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بۇنداق مەسىلىلەرنى سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بەدىئىي مۇلاھىزىمىزگە تاشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدىكى ئادەملەر بىزگە خىلمۇ خىل ھايۋانلاردەك كۆرۈنسە، ھايۋانلار خۇددى ئادەملەردەك كۆرۈنىدۇ. قېنى قاراپ باقايلى: «. . . ‹ئاق تاپان› چەت ئەلدىمۇ قىلچە يۈزۈمنى تۆكمىدى. ئۇ نەگە بارساق شۇ يەرگە ئەگىشىپ باراتتى. بىز ساھىبخانىلار بىلەن ھېلىقىدەك تەنتەنىلىك ئامانلىشىۋاتقاندا، ئەدەپ بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇراتتى. مىجەزىمۇ ناھايىتى مۇلايىملىشىپ كەتتى. ئۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى كۆرسىمۇ ئۆز ئۆيىدەك يوغانچىلىق قىلماي، ئاستا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تۇرۇۋالاتتى ياكى ھېلىقى ناتونۇش ئىتقا قاراپ قۇيرۇقىنى



پۇلاڭشىتىپ، ئۇ قېشىغا كەلگىدەك بولسا، پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇڭدىسىغا يېتىپ، سەمىمىي دوستلۇقنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ يېتىپ- قوپۇش ئىشىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. بىز چۈشكەن ئۆينىڭ بىر ئاپشاركىسى بار ئىكەن. ئۇ باغنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاختايدىن ياسىلىپ ئالا- بۇلىماچ سىرلانغان بىر كاتەكتە يېتىپ قوپىدىكەن . . . ‹ئاق تاپان› ئاشۇ تۇغقىنى بىلەن تۇردى. ئۇي خوجايىنى ئۇلارغا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىككى چاقماقتىن قەنت بىلەن ئازراق سۈت پوشكىلى، يېڭى گۆش، ئۆپكە، قېرىن، كەچتە سارماي سۈركەلگەن بولكا بېرەتتى. ‹ئاق تاپان› چەت ئەلنىڭ سېمىز- ئۇرۇق، ئېگىز- پاكار، تۈكى ئۇزۇن، تۈكى قىسقا دېگەندەك ھەممە ئىتلىرى بىلەن چىقىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ چەت ئەل كوچىلىرىدا سۆلەتلىك قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرى ئۇ يەرنىڭ ئالىي نەسىللىك ئىتلىرىدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى. كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش، مەيلى ئۆيدە، مەيلى سىرتتا بولسۇن، ئۇ چوڭ- كىچىك تەرەت قىلسا ئۇدۇل ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭاتتى. خۇددى چەت ئەلنىڭ يېزىقىنى تونۇيدىغاندەك ھەرگىزمۇ ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كېتىپ قالمايتتى. . . بىر قېتىم چۈشكەن ئۆينىڭ خوجايىنلىرى بىزنىڭ شەرىپىمىزگە مېھمان چاقىرغانلىقى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۇ كۈنى ‹ئاق تاپان› ھەر بىر مېھمان كەلگەندە دەرۋازىنى ئۆزى بېرىپ ئېچىپ، مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھەممىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. . . ‹ئاق تاپان› مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، ھەممىگە تەكشى قاراپ، ئالدىغا قويۇپ بەرگەن تائاملارغا ئانچە- مۇنچە ئېغىز تېگىپ، سەرەڭگە ياغىچىدا چىشىنى كوچىلاپ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى. . . ئازراق قېقىۋېلىپ قىزىپ قالغان ‹ئاق تاپان› ناياقلاپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ، خانىملارنىڭ ئارىسىدىكى ياش خېنىمغا تىزلىرىنى ئېگىپ، ھەدەپ تەزىم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تانسىغا چۈشمەكچى بولدى. ‹ئاق تاپان› نىڭ بۇ قىلىقلىرىغا . . . ھېلىقى ياش ئېرى تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: ‹ماۋۇ نەدىن كېلىپ قالغان لالما ئىت، مېنىڭ ئايالىمنى ئۇ نېمە كۆرۈۋاتىدۇ! › دەپ ۋارقىراپ، ئۈستەلنى بىر مۇشتىلىۋىدى، چىنە- قاچىلار جىغىلداپ كەتتى . . . ‹ئاق تاپان›

غىڭشىغىنىچە نېرىغا بېرىپ قۇيرۇقىنى گېلىغا تىقىپ، ئازراق قەي قىلىپ، شۇ يەردىلا بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يېتىپ قالدى.»

بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئادەملەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ قىلىقلىرىدىن گۇمانلانمايمىز. بۇ پۈتۈنلەي سەنئەت چىنلىقى بولۇپ، تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، تۇيغۇدىكى كۈچ تەسىرىدىن بولغان ئىش. بىز ئالدى بىلەن تۇرمۇش دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى مەنە دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز زۆرۈر. بىز ئادەتتە تۇرمۇش دېگەندە ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئادەملەر بىلەن جەمئىيەت، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. ھالبۇكى، تۇرمۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم تەرىپىمۇ بار. يەنى ئىنساننىڭ تەنھالىق ئىچىدىكى تەپەككۇرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى، غەيرىي ئەقلىيلىك بىلەن قىلغان قىلمىشلىرىمۇ تۇرمۇش. دېمەك، كۈندىلىك تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىن، ئەسلى تەبىئىتىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بەزى نەرسىلەر رېئال تاشقى دۇنيادا مەۋجۇت بولسا، يەنە بەزى نەرسىلەر ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مەۋجۇت بولىدۇ. تاشقى دۇنيا بىلەن ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىمۇ بىر- بىرىگە باغلانغان بولۇپ، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ. بىز بۇ خىل قانۇنىيەتنى يازغۇچىنىڭ خام ماتېرىيال توپلاش، ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش جەريانى ۋە ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلىرىدىن ئايرىپ قارىساق خاتا قىلغان بولىمىز.

ئاپتور ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا يەنە كىشىلەرنىڭ مال- دۇنياغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك پسىخىك ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «. . . ئەر- خوتۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئازراق ئالتۇن ئېلىپ چىشىمىزغا قاپلىۋالماقچى بولدۇق. بۇ يەرگە كېلىپ ئۇچراشقانلار بىلەن سۆيۈشۈۋېرىپ ئوتتۇز چىشلىرىمىز لىڭشىپ قالغانىدى، ئەر- خوتۇن ئىككىمىز چىشلىرىمىزغا ئېلىپ- سالىدىغان قىلىپ ئالتۇن قاپلىتىۋالدۇق.



شۇنىڭدىنمۇ يەنە ئازراق پۇلىمىز ئېشىپ قالدى. تەييار دۇنيانى تاشلاپ كېتىشكە كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ، دەيسىلەر؟ بىر كۈنى ئايالىم:

— ۋۇي، ماڭا قاراڭ، يەنە بىر ئاز خەجلەپ ‹ئاق تاپان› غىمۇ ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋەتمەيمىزمۇ؟ — دەپ قالدى.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئىتقىمۇ چىش سالدۇرغان بارمۇ؟ بۇنى ئاڭلىسا ھەممە ئادەم كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدۇ! — دېدىم . . . — ئىتنىڭ چىشىنى ئېلىپ - سالىدىغان قىلىپ سالغىلى بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى. . . بوپتۇ، دەپ ئامالسىزلىقتىن باھاسىنى بېكىتتۇق.»

ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىغا كەلگەندە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسى ساق ياكى ساق ئەمەسلىكىدىن ئازراق گۇمان قىلغاندەك بولىمىز. لېكىن، ئاپتورنىڭ ئېغىر دارىتمىسىدىن غەزەپ ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئىبارەت بەدىئىي تۇيغۇغا ئىگە بولىمىز.

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر قىسىم كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلىپ، بەدىئىيلىكى ۋە ئىدىيىۋىلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ بۆلىكىدە «چەت ئەلگە چىقىپ ھەتتا ئىتقىمۇ ئالتۇن چىش قاپلىتىپ كەپتۇ دېسە، ھەر قانداق ئادەم ھەيران قالىدىغان گەپ ئىكەن. بۇرۇنقى ھالىمىزدىن خەۋىرى يوقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تازىمۇ بېيىپ كەتكەن نەرسىلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىسا، ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىدىغانلار ماۋۇ زاڭلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى، ئەزەلدىنمۇ بىر گىلەم تاپسا ئۆيىگە سالماي تالاغا يېيىپ قويىدىغان نېمىلەر ئىدى، دەپ تەنە قىلىدىغان بولدى. . . ‹ئاق تاپان› نىڭ چىشىدىكى ئالتۇنلارنى قومۇرۇۋالماقچى بولۇپ . . . زادىلا ئالالمىدۇق . . . ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سېرىق نىجىس بىرەر قاتتىق ئۈستىخاننى غاجىلاۋاتقاندا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتسىمۇ كاشكى. . . ھېلىقى چىشچىنى كۆرۈپلا ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملىگەنىدىم . . . ‹ئاق تاپان› نىڭ مىجەزىمۇ غەلىتە بولۇپ قالغانىدى. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىت دېگەننى كېچىلىرى قاۋاپ ئۆينى كۆزەت قىلىدۇ، دەپ باقمىسا نېمىگە باقىدۇ دەيسىلەر؟ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۈزۈكرەك قاۋاپ باققىنىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق.

كىرگەن - چىققانلارغا ئۇ خۇددى ئاغزىمدىكى ماۋۇ ۋىلىلداپ تۇرغاننى كۆردۈڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار جېنىڭلارنى بېرىدىغان ئالتۇن دېگەن شۇ، دېگەندەك قىلىپ، ھېجىيىپ قاراپلا تۇراتتى. تېخى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، ياخشىراق كىيىنىۋالغان مېھمانلارنى كۆرسە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ نايناقلاپ كېتەتتى، كىيىملىرى ناچارراق مۇساپىرلار كەلسە كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى. . . ئۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئولتۇرىدىغان، ئولتۇرىدىغان يېرىنى قۇيرۇقى بىلەن پاكىز سۈپۈرۈۋېتىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىرتىلدىتىپ تۈكۈرگىنىچە چوڭ كوچىدىكى ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ھېجىيىپ قارايدىغان بولۇۋالدى. تېخى بەزى كۈنلىرى چەت ئەلدىكى سارماي سۈركەلگەن بولكىلارنى يەپ، بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك، ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە خىيالغىمۇ كېتىپ قالاتتى. . . » دەپ يازىدۇ.

ئەسەرنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى بۆلەكلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى چىققان بولۇپ، پۇلپەرەسلىك قاپلاپ كەتكەن ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۆتكۈر كىنايىلىك تەپسىلاتلار بىلەن پاش قىلىنغان. بۇ قىسىمدا «مەن» نىڭ ئايالى كېسەل بولۇپ قالىدۇ. دوختۇرلار بۇ ئاتالمىش بايلاردىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئايالنى داۋالىمايدۇ. ئۆيگە بولسا ئوغرى كىرىدۇ. «مەن» نىڭ ناھايىتىمۇ بېشى قېتىپ غەمگە چۆمىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا يۈرىدۇ. ئاپتور باشتىكى ھېلىقى قائىدە - يوسۇنلۇق، مەدەنىيەتلىك «مەن» نىڭ ئىتىنىڭ چىشىنى چىقىرالمىغاندىن كېيىنكى يىرگىنىشلىك ھالىتىنى ئۇنىڭ كەيپىياتىغا زىت ھالدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئەلەمدە تالاغا چىقىپ ‹ئاق تاپان› غا قارىدىم. ‹ئاق تاپان› غېمىدە يوق ئۆگزىدە قۇيرۇقىنى دۈپدۈگىلەك قىلىۋېلىپ، كوچىدىن ئۆتكەن سەتەڭلەرنى قۇيرۇقى بىلەن شەرەتلەپ، چىشىنىڭ سىرىقىنى چىقىرىپ ھېجىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.» ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئەسەرنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە رولى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولغان. بىز بۇ مەزمۇنلارنى ئوقۇغىنىمىزدا بىمەنە بىر تەپسىلاتتىن ئاجايىپ گۈزەل بولغان ئەپسانىدەك بىر بەدىئىي دۇنياغا غەرق بولىمىز.



ئۇنىڭدىن بەدىئىي ئەسەرلەردىكى تۇيغۇ چىنلىقىنىڭ، ئەپسانىۋى گۈزەللىكنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق چۈشىنىمىز.

ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا «مەن» ئايالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دوختۇرلارغا پارا بېرىدۇ. پارا بەرمىسە ئايالىنىڭ ھاياتىنىڭ ئامان قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ھېلىقى قىممەتلىك ئىتىنى چوڭ دوختۇرغا بېرىۋېتىدۇ. دېگەندەك «مەن» نىڭ ئايالىنى دوختۇرلار ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ داۋالايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت مەيلى قەدىمدە بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، مەيلى چەت ئەل ياكى ئېلىمىزدە بولسۇن، ئۆزىنىڭ رېئاللىققا بولغان كۈچلۈك دەرىجىدە دارىتما قىلالايدىغانلىقى ۋە دارىتمىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئەسەرنىڭ ھۇجەيرە - ھۇجەيرىسىگىچە سىڭدۈرۈۋېتەلىگەنلىكى، بۇ خىل دارىتمىنى غۇۋا، گۈزەل ئىپادىلىيەلىگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك.

ئاپتور ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئالتۇن چىشلىق ئىتنىڭ دوختۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئالتۇننى قومۇرۇپ ئېلىپ چىش سالدۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىدە غەلىتىلەشتۈرۈش، سىرلىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي ماھارەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسىغا يېتىدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ماھارەت خەلقىمىزنىڭ نۇتقىدا، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا، تام سىزما رەسىملىرىمىزدە كۆپتىن - كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاپتور بۇ خىل بەدىئىي ماھارەتنى ئەسىرىدە مۇنداق نامايان قىلىدۇ: « . . . بىر كۈنى دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت تۆكىدىغان ئازگالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتىمەن. ئەخلەت ئازگىلى ئىچىدە كۆزۈمگە تونۇش بىر خىل نەرسە غىل - پال چېلىققاندەك قىلدى. . . قارىسام قان - يىرىڭلار. . . ئىچىدە ‹ئاق تاپان› نىڭ جەسىتى يېتىپتۇ. قولۇمغا بىر تاياقنى ئېلىپ، نېرىدىن تۇرۇپ ‹ئاق تاپان› نىڭ بېشىنى كۆتۈردۈم. ئۇنىڭ چىشلىرىنى قومۇرۇپ چىقىرىۋېلىشىپتۇ. ئىچىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىم ياشقا تولۇپ، ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە غۇۋالىشىپ كەتتى. . .

ئاز كۈن ئۆتمەي دوختۇرخانىدىكى بىرىدىن يەنە بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ھېلىقى چوڭ دوختۇرنىڭ مۇز چىراي ئايالى يېڭىدىن ئالتۇن چىش

سالدۇرغانىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچ ئىش قىلماي، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ كوچىدا ئۆتكەن ئەر خەقلەرگە ھېجىيىپلا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— چوڭ دوختۇرنىڭ ئۆزىچۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— چوڭ دوختۇرمۇ بىر- ئىككى تال چىش سالدۇرغانىكەن. ئاربلاپ ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ، خالتىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا رەسمىي خىرىس قىلىپ ھۇرپىيىدىغان بولۇپ قاپتۇ.»

بىز ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنى ئوقۇپ، بىردە گۇمانلانساق، بىردە ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەندەك بولىمىز. بۇنداق بولۇشىغا بىرىنچىدىن، خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىكى كىشىنىڭ رىزقىنى يېگەن ئادەم قىيامەتتە ھايۋان بولۇپ تىرىلىدىكەن، دېگەندەك ئەقىدىلەر سەۋەب بولسا، ئىككىنچىدىن، بۇنداق بىنورمال پسىخىك ھالەت ئەسلىي ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت. ئۈچىنچىدىن، تەسۋىرلەنگەن بۇ قىلىقلاندۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا ئايان بولىدىغان ھادىسىلەردۇر. بۇنداق ھادىسىلەر غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇپ يېزىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ھەم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر ئەنە شۇ ئۇچۇرلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

قىسقىسى، بىر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مىجەزى، قىزىقىش دائىرىسى، تۇرمۇش ھەۋىسى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى، يېزىقچىلىق مۇددىئاسى، مىللىي ئېڭى جەزمەن شۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا، مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى، سادىقلىقى بىلەن ئىجاد قىلىۋاتقان يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى، ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۇرگەن ئامىلمۇ دەل يازغۇچىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ پسىخىك قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنى قېزىپ يېڭى تۇسكە ئىگە قىلغانلىقى، ئۆز خەلقىنىڭ روھىيىتىگە قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە يۈكسەك سەزگۈرلۈك بىلەن قارىغانلىقى ۋە يېزىقچىلىققا نىسبەتەن جىددىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قارىغانلىقىدىن ئىبارەت.



# §17. پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق رومانى ھەققىدە

پەرھات جىلان — دەۋرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇ 1945 - يىلى تۇغۇلغان، 60 - يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، «پۇل» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان، بۇ ھېكايىلىرى قولىيازما شەكلىدە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان، پەرھات جىلاننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 80 - يىللاردىن باشلاپ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان، ئۇنىڭ 80 - يىللاردا يازغان «‹ئالتۇن قان› دىكى توي» ناملىق ھېكايىسى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ياخشى تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىن باشقا يەنە «گۇاڭجۇ شاملى» قاتارلىق پوۋېستلىرىمۇ بار، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى رومانچىلىقتا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «‹ئالتۇن قان› دىكى توي» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى بىلەن «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق رومانى نەشر قىلىندى، «مەھمۇد قەشقەرى» ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مەھمۇد قەشقەرى» رومانى پەرھات جىلاننىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلارنىڭ ياخشىلىرىدىن بىرى، بۇ روماننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىر تەرەپتىن، يازغۇچىنى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخىي رومانچىلىقىمىزنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندى رومانلىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. «مەھمۇد قەشقەرى» رومانى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم- پەن تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم- پېنىنى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە قىلىشقا زور تۆھپە قوشقان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە

ئىلىم ساھەسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغانلىقى، يازغۇچىنىڭ بۇ تېمىنى ناھايىتى كەڭ، چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ مۇھىمى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. مەزكۇر رومانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، رومانچىلىقىمىزغا قوشقان تۆھپىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىشتا ئوينىغان رولى قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھا ۋە ئېتىراپلارغا ئېرىشتى. پەرھات جىلاننىڭ مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە رومان يېزىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى مەنىۋى ھاياتىدا غايەت زور ۋەقە بولغانىدى، ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن خەلقىمىز ‹‹تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قانداقتۇر «ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى،جۈملىدىن ئىلىم- پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت- سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى- ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇس» ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەسەرنى تەشكىل قىلغان مەزمۇنلارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق بىر قىممەتلىك ئەسەرنى ئىجاد قىلغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىگە بولغان ھۆرمىتى، قايىللىقى ،سېغىنىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، خەلقىمىز بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى بىلەن پەخىرلەندى، ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى، ئۇنىڭدىن سۆيۈندى، ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزدى، قىسقىسى، ئاشۇ يىللاردا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە مەھمۇد قەشقەرى قىزغىنلىقى شەكىللىنىپ، بۇ قىزغىنلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، ئالدى بىلەن بىر پارچە تىلشۇناسلىق ئەسىرى



ھېسابلىنىدىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئىشقا سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر تىلشۇناس ھېسابلىنىدىغان يازغۇچى پەرھات جىلان تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغان، بۇ ھال تەبىئىي رەۋىشتە يازغۇچىدا مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىبارەت بۇ ئىلىم گىگانتىغا ئاتاپ ئەدەبىي ئەسەر يېزىش شەكلى ئارقىلىق بىر بەدىئىي ھەيكەل ــ مەڭگۈ يوقالماس ئابىدە تىكلەش ئىستىكىنى ئويغاتقان، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى « ‹ئالتۇن قان› دىكى توي» غا ئوخشاش تارىخىي تېمىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىغا ۋە قەلەم قۇۋۋىتىگە ئىشەنچ قىلغان بۇ تىلشۇناس، ئەدىب قىيىنچىلىقى زور، مۇشەققەتتى ئېغىر بۇ تېمىدا ــ مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە چوڭ ھەجىملىك يىرىك ئەسەر يېزىشقا ئىرادە باغلاپ، ئالتە يىللىق ئەجرى بىلەن ئاخىرى «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

«مەھمۇد قەشقەرى» رومانى بىر توم ئىككى قىسىملىق، تەخمىنەن 370 مىڭ خەتلىك چوڭ ھەجىملىك يىرىك تارىخىي تېمىدىكى ئەسەر بولۇپ، «مۇقەددىمە» ۋە «خاتىمە» دىن باشقا يەنە 40 بابتىن تەشكىل تاپقان، ئۇ 1986 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تارىخىي چىنلىق جەھەتتىكى باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1994 - يىلى شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

روماندا، ئاساسلىق قىلىپ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قىسمەتلەرگە باي، ئەگرى- توقاي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانى كەڭ كۆلەمدە بايان قىلىنغان، شۇڭلاشقا رومانىدىكى سۇژىت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، ئوردىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن يەككە- يېگانە قېلىپ، كېيىنكى كۈنلىرىنى ياقا- يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ ئۆتكۈزگەنلىكى ... گە ئوخشاش ۋەقەلەر ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان، رومان مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغان ئائىلىنىڭ نەسەبىنى يېزىشتىن باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى ئۆز يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى يېزىش بىلەن

ئاخىرلىشىدۇ، ھېسابتا روماندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ توقسان يەتتە يىللىق ھايات مۇساپىسى ھەم تارىخىي يوسۇندا ھەم بەدىئىي يۈكسەكلىكتە قايتىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يازغۇچى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتىنى مۇھىم تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرگە باغلاپ، مول تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى بىلەن بېيىتىپ، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە ئىگە قىلىپ، قويۇق ئىلمىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. شۇڭا مەھمۇد قەشقەرى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، نۇرغۇن مەزمۇنلار بىلەن چېتىلىدىغان، سىغىمچانلىقى چوڭ ئوبرازغا ئايلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يازغۇچى روماندا مەھمۇد قەشقەرىنى تەسۋىرلەشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىرگە، شۇ دەۋرلەردىكى زور تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئالاھىدە سەھىپە ئاجراتقان، ئۇلارنى روماننىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ يازغان، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق تارىخىي مەزمۇنلار ئەسەرگە ناھايىتى قويۇق تارىخىي تۈس ئاتا قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان ھەم ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان. ئەسەردىكى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋە يازغۇچى ئالاھىدە قوللانغان فولكلور تەركىبلىرى ئەسەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى، مەنا قاتلىمىنى ۋە يەنە جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇكەممەللىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمدارلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن.

«مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق تەسىراتلىرىدىن بىرى، ئەسەرنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنى يازغۇچى ئاددەتتىكى تەسۋىرلەر، قۇرۇق بايانلار بىلەن ئەمەس، بەلكى مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقان. ئەسەرنى تەشكىل قىلغان مەزمۇنلار ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردىكى زور تارىخىي ۋەقەلىرى، مۇھىم تارىخىي شەخسلىرى، ئوردىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى، سىياسىي ئىختىلاپلار، چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەر؛ ئاشۇ مەزگىللەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە باشقا فولكلور مەدەنىيىتى، خەلقئارالىق دىپلوماتىيە ۋە سودا ئالاقىلىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر زېمىنىنىڭ تېررىتورىيىلىرى، جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكلىرى، خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، جۈملىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈش جەريانلىرى، تۈرك ۋە ئەرەب تىلىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى ئورنى، قوللىنىلىش ئەھۋالى، بولۇپمۇ تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، شۇ مەزگىللەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى، مۇھىم ئەسەرلىرى، شۇ مەزگىللەردىكى ئاستانە ۋە مۇھىم شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلاردىكى ھايات ... قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئەسەرنى ئۆز نۆۋىتىدە ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇر زاپىسىغا ئىگە قىلىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى سىغىمچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. «مەھمۇد قەشقەرى» روماندا ئىجتىمائىي ھايات كۆپ تەرەپتىن ناھايىتى كەڭ تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى مەزكۇر روماننى شۇ دەۋرلەر رېئاللىقىنىڭ ھەقىقىي بىر بەدىئىي كارتىنىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەرنى ناھايىتى كەڭ ماكان شارائىتىغا ئىگە قىلىپ، خانلارنىڭ ئوردىلىرىدىن غېرىب ـ مىسكىنلەرنىڭ كەپىلىرىگىچە، ياسىداق سارايلاردىن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىگىچە، ئاۋات شەھەرلەردىن خىلۋەت يېزا ـ قىشلاقلارغىچە، كۆجۈم بوستانلىقلاردىن قاقاس جەزىرىلەرگىچە تەسۋىرلەپ، ئوخشىمىغان مۇھىتتىكى ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ناھايىتى كەڭ ئەكس ئەتتۈرگەن. يازغۇچى ئەسەردە ياراتقان پېرسوناژلار ئىچىدە سەلتەنەتلىك خانلاردىن ھوقۇقسىز قۇللارغىچە، ئوردا ئەھلىلىرىدىن، ئاددىي دېھقانلارغىچە، قەھرىمان، باتۇر سەركەردىلەردىن ئوغرى، قاراقچىلارغىچە، ئۇلۇغ ئالىم ـ دانىشمەنلەردىن نادان، ھاماقەت كىشىلەرگىچە، ئېسىل ئادەملىك سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئالىيجانابلاردىن رەزىل تەبىئەتلىك مۇناپىقلارغىچە، ئىشقىلىپ ھەر خىل تەبىئەت، ھەر خىل خاراكتېردىكى ھەر خىل كىشىلەر بار. بۇنداق خىلمۇ خىل ئادەملەرمۇ تۇرمۇشنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ گەۋدىلەندۈرگەن، ھايات ھەقىقىدە ماھىيەتلىك پىكىر ـ قاراشلاردىن بېشارەت بەرگەن. يازغۇچى مەھمۇد

قەشقەرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە يولۇقۇشى، تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ۋە يېتىم قېلىپ مۇساپىر بولۇپ ياشىشى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى، ئىدىقۇت خانلىقى، ئىلى ۋادىسى، قىپچاق دالىسى، بارسىغان، بۇخارا، سەمەرقەنت، نىشاپۇر، باغداد قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەر . . . ھەققىدە، قاراخانىيلار سەلتەنىتىنىڭ ئاجىزلىشىش، سالجۇق تۈركلىرىنىڭ زەپەر قۇچۇش جەريانلىرى ھەققىدىمۇ ناھايىتى مول تارىخىي، جۇغراپىيىۋى مەلۇماتلارنى بەرگەن. بەدىئىي توقۇلمىلار ئارقىلىق شۇ دەۋرلەر رېئاللىقىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق، شۇنداقلا مۇكەممەل قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى سىغىمچانلىقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مەيلى تارىخىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىي تەسۋىرلەش جەھەتتىن بولسۇن، بۇ رومان ئاشۇ دەۋرلەر رېئاللىقىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا چىنلىق بىلەن قايتا نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان ئادەم مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىبارەت بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقاندىن باشقا، يەنە ئاشۇ دەۋرلەر ھەققىدىمۇ ناھايىتى مول چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن مەزكۇر رومانىنى ئاشۇ دەۋرلەر ھاياتىنىڭ ناھايىتى جانلىق بىر بەدىئىي قامۇسى دېيىش مۇمكىن.

«مەھمۇد قەشقەرى» رومانىدا، مەھمۇد قەشقەرى ئوبرازى ھەقىقەتەن ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، «مەھمۇد قەشقەرى» رومانى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ھەقىقىي، جانلىق، چىن، تەسىرلىك، مۇكەممەل يارىتىپ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بەدىئىي ئوبرازىنى تىكلەشكە بېغىشلانغان. مۇبادا، بۇ ئوبراز ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىكتە يارىتىلمىسا، رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، پەرھات جىلان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قەلبىدە يۈكسەك ئورۇن تۇتىدىغان



ئالىمنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىپ ياراتتى. يازغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھالارغا، ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازى بار بولدى. بۇ بەلكىم يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئوبرازىنىڭ تۇنجىسى بولسا كېرەك. «مەھمۇد قەشقەرى» رومانى مانا مۇشۇ جەھەتتىمۇ بىر خىل يېڭىلىق ياراتقان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى بارلىقىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، بۇ جەھەتتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئۇلۇغ ئالىم. بۇ ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاساسلىق، شۇنداقلا ماھىيەتلىك تەرىپى. يازغۇچى ئەسەردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلاش روھىنى، ئىلىم دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ۋە ھەقىقىي بىر ئالىمغا خاس سۈپەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدىغان، كىشىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان ھەقىقىي بىر ئالىمنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. مەھمۇد قەشقەرى ئوبرازى ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇكەممەل ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كاتتا ئالىم بولۇپ چىقىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى كىچىكىدىن تارتىپ يېتىلدۈرگەن تىرىشىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئىزدىنىش، مەسىلىلەرنى ماھىيەتلىك مۇھاكىمە قىلىش، تەتقىق قىلىشتا جۈرئەت قىلىش روھىنىڭ مەھسۇلى. يازغۇچى ئەسەردە بۇ تەرەپنى بەدىئىي يوسۇندا دەلىللەپ، كىتابخاندا چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلىم ئىزدەش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى تەسۋىرلەشكە خېلى كۆپ سەھىپە ئاجراتقان. يازغۇچى مەھمۇد قەشقەرىنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇنجى قېتىم مۇنداق ھالەتتە پەيدا قىلىدۇ:

«مەھمۇد ئۆز ھۇجرىسىدا، پۈتۈن خانىغا بىر كەلتۈرۈپ سېلىنغان ئۇدۇن نۇسخىسىدىكى رەڭدار گىلەم ئۈستىدە چازانى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى

نەقىشلىك شىرەگە قويۇلغان سېرىق خۇرۇم مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. ئىشكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنى ياقىلاپ قويۇلغان ئىككى جاۋەنگە ۋە مەھمۇدنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامنىڭ تەكچىلىرىگە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى كىتابلار، كانەيچە قىلىپ يۆگەلگەن قول يازمىلار ۋە ئۇدۇنىنىڭ دەستە- دەستە سۇپەتلىك سېرىق قەغەزلىرى تىزىۋېتىلگەنىدى. مەھمۇد كىتابقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە، بوۋىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى ۋە ئىشىك ئالدىدا توختاپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمەي قالدى».

مەھمۇد قەشقەرى مانا مۇشۇنداق تىرىشىپ ئوقۇيدۇ، ئۆگىنىدۇ. ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ئۇ مەشھۇر ساچىيە مەدرىسىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىقىنى قولدىن بەرمەيدۇ، «قەشقەرىيە تارىخى»، «سەمەرقەند تارىخى»، «ئالتۇن يايلاق»، «زامان گۆھەرلىرى» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ ئۆگىنىدۇ. مەدرىسەنى تاماملىغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى ھوقۇق- مەنسەپلەرگە قىزىقماي، باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىپ «تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر- قارلۇق ئەدەبىي تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىسىل قوللانما ھېسابلىنىدىغان بۇ ئەسەر پۈتۈن خاقانىيە ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ تەتقىقات ئۈچۈن ئەمەلىي تىل پاكىتلىرىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان كەڭ زېمىنلارنى ئايلىنىپ تىل تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يازغۇچى مۇشۇ جەريانلارنى يېزىش ئارقىلىق، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم يولىدا جاپادىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقىنى، تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان ئالىملىق پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. يازغۇچى يەنە ئۇنىڭ بوۋىسى، دادىسى، ئانىسى، ئايالى، باشقا قېرىنداشلىرى ۋە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك دەھشەتلىك ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ شاھانە ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ تاماملاش جەريانىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن. مۇشۇ بىر قاتار جەريانلاردا ئۇنىڭ ئالىملىق



پەزىلىتى، ئالىيجانابلىقى، بارلىقىنى ئىلىمگە بېغىشلاش، ئىلىمگە تۆھپە قوشۇش روھىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئالىملىق ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پەقەت بىلىمنىڭلا پۈتمەس- تۈگىمەس بايلىق، ئەبەدىي يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي ئىشلار ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقتەك ھايات ھەقىقىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

روماندا يازغۇچى مەھمۇد قەشقەرى ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆپ خىل پەزىلەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇنى خاراكتېر جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ھەم كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلىشقا تىرىشقان. شۇڭا، يازغۇچى ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئىش- پائالىيەتلىرىنى،گەپ- سۆزلىرىنى، پىكىر- ئىدىيىلىرىنى نوقۇل ئىلمىي تەتقىقاتقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەنلا چەكلەپ قويمىغان. روماندا تەسۋىرلەنگەن مەھمۇد قەشقەرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئالىملىقتىن باشقا يەنە ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، قەتئىي ئىرادىلىك ئىنسان سۈپىتىدىمۇ نامايان بولىدۇ. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا مەدرىسەلەردە تالىپلارنى تەربىيىلەش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى ۋە ھاياتلىقتىكى ئۇلۇغۋار غايىسى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. مۇشۇ ئىشلاردا نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، دېگەندەك ئاخىرىدا مۇدەررىسلىكتىمۇ، ئىلمىي تەتقىقاتتىمۇ تىللاردا داستان بولغىدەك ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق قەتئىي ئىرادىسى، قەيسەرلىكى بىلەن خان جەمەتىنىڭ ئەنئەنىسى، ئاتا- ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ چولپانئاي بىلەن توي قىلىپ، تۇرمۇشتا بەختلىك بولىدۇ؛ مۇشەققەتلىك، ئۇزۇن ئىلمىي تەكشۈرۈش سەپىرىگە ئاتلىنىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مول نەتىجە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ بىر ئۆمۈر قەتئىي ئىرادىسى بىلەن ياشاپ، ھاياتتىكى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر ئازابلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، سەرسانلىق، مۇساپىرلىقنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىدىن ۋايسىمايدۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشتەك مۇشەققەتلىك ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ؛ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىنى ئۆز

يۇرتىدا ئۆتكۈزۈشتەك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. يازغۇچى ئالىمنىڭ بۇنداق قەيسەرلىك بىلەن ياشاش روھىنى نۇرغۇن تەپسىلاتلاردا گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنداقلا ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش، مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىماسلىقتەك ھايات ھەقىقىتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇلاردىن باشقا، بىز ئەسەردە يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆزى خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي - ساددا ياشىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ياكى ئالىملىق شۆھرىتىنى كۆز- كۆز قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلارنىڭ تەقدىرىگە، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، تۇرۇمتاي، گۈلپەرى قاتارلىق قۇللارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرگەنلىكى، يېتىم ئوغۇل ئىلتەمۇرنى بالا قىلىپ بېقىپ، ئۇنى تەربىيىلىگەنلىكى. . . گە ئوخشاش تەپسىلاتلار مەھمۇد قەشقەرى خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئىجابىيلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. يازغۇچى نۇرغۇن جانلىق، تەسىرلىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ تەسۋىرلىگەن ۋە بۇ سۈپەتلەرنى ئىزچىللىقا ئىگە قىلغان.

قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى، ئۆزگىچە بەدىئىي دىتى، مول تارىخىي بىلىمى ۋە يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى، شۇنداقلا ئىجادىيەت ئىقتىدارى، بەدىئىي ماھارەتلىرى نەتىجىسىدە مەزكۇر روماندا مەھمۇد قەشقەرى ئوبرازى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

«مەھمۇد قەشقەرى» روماندا مەھمۇد قەشقەرىدىن باشقا يەنە بىر تەبىقە — ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل مىللەت، تۈرلۈك قەبىلىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ رومان ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلىرى ئەڭ كۆپ رومانلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يازغۇچى روماندىكى مەيلى ئاساسلىق، كۆپ ئۇچرايدىغان پېرسوناژلار بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى بىرەر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پېرسوناژلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى روشەن خاراكتېرى بىلەن تەسۋىرلىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىتابخاندا ئېنىق تەسىرات قالدۇرىدۇ.



يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتىكى بۇنداق ئەستايىدىللىقى كىشىنىڭ ئىختىيارسىز دىققىتىنى قوزغايدۇ. يازغۇچى ئەسەردە بەزى پېرسوناژلار ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ مەزمۇنلارنى، چوڭقۇر پىكىرلەرنى، ھاياتلىق مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئەسەردە سوغدى قىزى گۈلپەرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە قۇللۇق ئورنى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە سوغدىلاردىن ئىبارەت قەدىمكى مەدەنىيەتلىك بىر خەلقنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق تارىخىدىن، يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئورنىدىن، خېلى ئىلغار مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ، بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ھازىرقىدەك قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدەك بىر تارىخىي جەريان ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يازغۇچى سوغدىلارنىڭ بۇنداق خارابلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە يەنە: «. . . ‹ھايات› سۆزى ھامان ‹كۈرەش› مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىنسانلار ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. كىم كۈرەش قىلمىسا شۇ ئالدى بىلەن ئەركىنلىكتىن، ئاخىرىغا بېرىپ ھاياتتىن مەھرۇم بولىدۇ، ياشاش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ھالبۇكى كۈرەش قىلغۇچىلارمۇ كۈرەشنىڭ توغرا يۆنىلىشى، توغرا ئۇسۇللىرىنى تاللاپ، مۇرەككەپ دۇنياغا ماھىرلىق بىلەن ماسلىشالمىسا، ئوخشاشلا روناق تاپالمايدۇ» دېگەن ھايات قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەردە ھەيدەر كاتىپ ئوبرازىمۇ ناھايىتى ئىبرەتلىك مەنىگە ئىگە. ھەيدەر كاتىپ ئىقتىدارسىز، روھىي دۇنياسى ناھايىتى رەزىل، تۇترۇقسىز بىر ئاددىي «زىيالىي». ئەمما ئۇ ناھايىتى خۇشامەتچى، ئىككى يۈزلىمچى، چېقىمچى ئادەم بولغاچقا، ئوردىدا ئۇنىڭ بۇنداق ئېزىقتۇرۇشلىرىدىن ئازىدىغان ئەمەلدارلارمۇ چىقىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ باغدادتىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئاخىرى ناھايىتى سەت شەرمەندە بولىدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە ھەيدەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ۋە روھىي دۇنياسىنى، جۇملىدىن شەرمەندە ئاقىۋىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەر ۋە ھاياتلىقنىڭ مەنىسى، قىممىتى ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر دىداكتىك پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن. قىسقىسى، روماندا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەلۇم خاراكتېر- ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان، ئۇلار ئەسەردە مەلۇم مەنا ئىپادىلىگەن.

«مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يالغۇز ئۇنىڭدا مەھمۇد قەشقەرى ئوبرازىنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە بەدىئىيلىكىكە ياتىدىغان بىر مۇنچە تەرەپلەردىمۇ خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ رومان بەدىئىي ماھارەتلەرگە تويۇنغان، بەدىئىي سەۋىيىسى ئومۇمەن خېلى يۇقىرى بولغان، ئوخشىمىغان بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان رومان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پروزا ئەسەرلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، سۇژىتنىڭ قانداق بولۇشى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش- چىقماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۇنكى، سۇژىت پروزا ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ بەدىئىي تارىخىدىن ئىبارەت. سۇژىت جانلىق، تەسىرلىك، جىددىي، قايىل قىلارلىق بولمىسا، ئەسەر كىتابخانلارنى جەلپ قىلالمايدۇ. ئۇنداقتا ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىدا يازغۇچى ئەسەر سۇژىتىنى ناھايىتى جانلىق يازغان، ماھارەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان. جانلىق، تەسىرلىك، چىن سۇژىتلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ھېكايىچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەرنى كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ گەۋدىلەندۇرگەن. ئەسەر سۇژىتى ناھايىتى كەڭ تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىۋى مۇھىت ئىچىدە قانات يايدۇرۇلغان. ئەسەر ۋەقەلىكى مەلۇم پېرسوناژ، مەلۇم ئورۇن بىلەن چەكلەنمەي، پۈتۈن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. رومان سۇژىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، شۇ دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت- كۈرەشلەر ئەسەردىكى زىددىيەت- توقۇنۇشلار ئاساسىدا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بەزىدە بىر قىسىم پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشت تەقدىرى ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن زىددىيەت- توقۇنۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى مەسىلىلەر ئەمەس، بەلكى



شۇ دەۋر ئۇچۇن ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بوۋىسى، دادىسى، ئانىسى ۋە ئايالىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئەسەردىكى ناھايىتى تەسىرلىك بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، ئەسەر سۇژىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ كۆرۈنۈش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قاراخانىيلار خانلىقى تارىخىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ قىرغىنچىلىق ئارقىلىق يازغۇچى يەنە قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرلەردىن خوشلىشىپ، خارابلىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن. يازغۇچى يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغدادتىكى تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىنى، ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى يېزىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سالجۇق تۈركلىرى قۇرغان ئىمپېرىيىنىڭ باش- ئاخىرىنى، ئۇنىڭ شۇ دەۋرلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى ناھايىتى ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەسەر سۇژىتىدا تارىخىي تەركىبلەرمۇ، توقۇلما قىلىنغان تەركىبلەرمۇ بار. ئەسەردە تارىخىي تەركىبلەر بىلەن توقۇلما قىلىنغان تەركىبلەر ناھايىتى ياخشى باغلانغان بولۇپ، بىر- بىرىگە سىڭىپ كەتكەن. بۇنداق سىڭىشىش نەتىجىسىدە «مەھمۇد قەشقەرى» رومانى ھەم تارىخىي ئەسەر، ھەم ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ پۈتكەن. شۇڭا ئۇ كىشىگە ھەم تارىخىي چىنلىق تۇيغۇسى ھەم بەدىئىي چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۇيغۇ بەك روشەن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

رومانىنىڭ سۇژىتى جانلىق ھەم تەسىرلىك. سۇژىتنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىنى پۈتۈن گەۋدىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئايرىم تەپسىلاتلاردىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رومان سۇژىتى بۇنداق ماھىيەتلىك تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئۇنۇملۇك چىققاچقا، ناھايىتى كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە بولغان. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ بۇ رومانىنى بىر باشلىسا قولىدىن چۈشۈرگىسى كەلمەيدىغان، قانچە ئوقۇسىمۇ زېرىكمەيدىغان ھالەتتە بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. رومانىنىڭ سۇژىتى ئاساسەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات

سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلغان. ئەمما بۇ ئالدى بىلەن بىر پارچە تارىخىي رومان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم ئەسەر پېرسوناژلىرى ناھايىتى كەڭ مۇھىتتا، ئوخشىمىغان جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، يازغۇچى مۇناسىۋەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى كىتابخانلارغا ئېنىق تاپشۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەردىكى ئاساسلىق سۇژىتقا بەزىبىر زورۇر قىستۇرمىلارنى قوشقان. يازغۇچى بۇ قىستۇرمىلارنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ھەم ناھايىتى ئورۇنلۇق قىستۇرغان بولغاچقا، ئۇمۇ ئەسەر سۇژىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئەسەر مەزمۇنىنى موللاشتۇرغان. ئەسەر سۇژىتىدىكى يەنە بىر خىل ئالاھىدە ئەھۋال شۇكى، ئەسەرنىڭ بېشىَ ۋە ئاخىرىدا يازغۇچى ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، رومانىنى يېزىش سەۋەبى، بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى، مەھمۇد قەشقەرى ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى ھەققىدە لىرىك بايانلارنى بەرگەن. يازغۇچى رومانىنى «‹يېزىش كېرەك! ـ دەپ خىتاب قىلدى يازغۇچى، ـ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ھاياتىنى، خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرلەردە قانداق ياشىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك. يازغۇچىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ‹مەھمۇد قەشقەرى› رومانى ئاخىرى يېزىلىپ تاماملاندى» دېگەن قۇرلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. سۇژىتتىكى بۇنداق ئۆزگىچە تەركىبلەر ئەسەرنى مەلۇم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان.

رومان ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بايان قىلىش سەنئىتى ئەمەلىيەتتە رومانچىلىقتىكى ناھايىتى مۇھىم ماھارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومانىنىڭ قانداق ھالەتتە پۈتۈشىنى بايانىنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشى بەلگىلەيدۇ. يازغۇچى نېمىنى بايان قىلسا، نېمىنى تەسۋىرلىسە ئەسەر مەزمۇنىنى شۇ نەرسىلەر تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بايان بىلەن ئەسەر ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمدى «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنىڭ بايان ماھارەتلىرىگە كەلسەك، ئەسەردە بايانچى ئۆز رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بايان قىلىشنى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان. يازغۇچى ئەسەردە بەزى بايان ماھارەتلىرىنى ئىشلەتكەن. دەسلەپىدە يازغۇچى ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ بايانى ئارقىلىق ئەسەرنى باشلايدۇ: «خىيالىم كەپتەرلىرى تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، ئۇزاق تارىخنىڭ



قوينىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. يىللار، ئەسىرلەر بىر- بىرلەپ كەينىمدە قالدى. زامانلارنىڭ چاڭ- توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى كارۋان يوللىرى گويا قايتىدىن قۇچاق ئېچىپ، ئىلھام تۇلپارىمنى مەشھۇر خاقانىيە دىيارىغا ئېلىپ باردى. مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئالتۇن تۇپراقلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، ئارسلان خان ۋە بۇغراخانلارنىڭ ئۆز دەۋرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سەلتەنەت ئىزلىرىنى بويلاپ قەدەم تاشلىدىم». يازغۇچى ئەسەرنىڭ ئاخىرىنىمۇ ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ بەرگەن بايانى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەرنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا بۇنداق بىۋاسىتە بايان بېرىشى، بىر تەرەپتىن، ئەسەرنى مەلۇم قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بايان مەزمۇنلىرىنى كىتابخانلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بىۋاسىتە بايانىدىن كېيىن يازغۇچى بايانىنى ئۆزىنىڭ ئەسەردىكى ۋاكالەتچىسى- بايانچى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ، پۈتۈن ئەسەر پېرسوناژلىرىنى ئۈچىنچى شەخس سۈپىتىدە كۆرۈپ تەسۋىرلەيدۇ ھەم ۋەقەلىكنىمۇ ئۈچىنچى شەخس شەكلىدە بايان قىلىدۇ. ئەسەردە ناھايىتى نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بېرىشكە ھەقىقەتەنمۇ ئۈچىنچى شەخس بايان شەكلى مۇۋاپىق كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەسەردە بايان شەكلى ياخشى تاللانغان، يازغۇچى ئۈچىنچى شەخس بايان شەكلىنىڭ رولى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن ھەقىقەتەن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ئەمدى ئەسەردىكى بايانچىنىڭ ئورنىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچە يازغۇچى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەممىنى بىلىدىغان سالاھىيەتتە بايان ئېلىپ بارىدۇ. بايانچىنىڭ مانا مۇشۇنداق سالاھىيەتتە ئېلىپ بارغان بايانى ئارقىلىق بىز شۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە، يۇرت- ماكان، جۇغراپىيىۋى مۇھىت ھەققىدە، مەدەنىيەت- ئېتنوگرافىيە ھەققىدە، ئىشقىلىپ نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. بايانچى بىزگە ھەتتا ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ھەققىدىمۇ، پېرسوناژلارنىڭ نېمە ئويلاپ- نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بايان قىلىپ بېرىدۇ. بايانچىنىڭ بايانى ھەقىقەتەن مۇكەممەل ۋە تولۇق بولۇپ، بۇنداق بايان قىلىنماي قالغان ھېچنەرسە قالمايدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئېستېتىك

بوشلۇق، ياكى مەنە تۇراقسىزلىقىغا ئوخشاش بەدىئىي ئۇنۇمگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئوردا قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن مەھمۇد قەشقەرى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە تېپىشالماي قالىدۇ. بۇۋى رابىيەنىڭ ئۆزۈنغىچە ئىز- دېرىكى بولمايدۇ. بۇ ھال ئەسلىي ئەنە شۇنداق پايانسىز قالدۇرۇلسا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم پەيدا قىلىدىغان بىر پۇرسەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بايانچى بۇ بوشلۇقنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، كىتابخاننى رازى قىلارلىق دەرىجىدە تولدۇرۇپ قويىدۇ.

رومانىنىڭ بايان ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئوبيېكتىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئەسەر مەزمۇنىنى كىتابخانغا بىۋاسىتە، تولۇق، ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغان بۇ خىل ئۇسۇل ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە مۇكەممەل بولۇشىدىن ئىبارەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. يازغۇچى بۇ خىل بايان ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەر سۇژېتىنى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەسەردىكى باشقا مەزمۇنلارنى ئومۇمەن بايانچىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىۋاسىتە بايانى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. تۆۋەندە رومانىدىكى بىر كىچىك ئابزاسنى بايان قىلىش شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

«مۇھەممەد بۇغراخان بۇ مۇدەررىسىنىڭ ‹قۇت بولسۇن› دېگەنىنىڭ ئورنىغا ھەمىشە ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› دېگەن ئەرەبچە ئىبارىنى ئىشلىتىشكە تېخىچە كۆنەلمەي يۈرەتتى ۋە ئۆزىنى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلىدىكى ‹خاقان› ياكى ‹خان› دېگەنىنىڭ ئورنىغا ‹شاھى ئېھرام› دېگەن پارسچە نام بىلەن ئاتىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئاتاقلىق ئالىمغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا قائىدە- يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلىپ، كۆڭلىدىكى بۇ كىچىككىنە نارازىلىقنى بىلدۈرمەيتتى».

دېمەك، رومانىدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئەسلى، مانا مۇشۇنداق سۇبيېكتىپ ئويىنىمۇ خۇددى رېئاللىقنى بايان قىلغاندەك ئوبيېكتىپ، مەنتىقلىق، تولۇق بايان قىلىغان. يۇقىرىقىدىكى بىر پارچىدىن بىز رومانىدا قوللىنىلغان بايان شەكلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلالايمىز.



«مەھمۇد قەشقەرى» رومانىدەك بۇنداق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنىڭ تەسۋىرسىز پۈتۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما رومانىدا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە بايان قىلىش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلىپ، تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئازراق قوللىنىلغان. شۇڭا، ئەسەردە تەسۋىرلەرنى ئۇنچە كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ يازغۇچى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ، سىپتا تەسۋىرلىگەن. رومانىدىكى تەسۋىرلەرنى «ئاز، ئەمما ساز» دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. يازغۇچى چولپانئاينىڭ پەقەت بېزىلىشىنىلا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«چولپانىنىڭ ئۇستۈبېشىغا نەزەر سالغۇدەك بولساق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۇمباتلىق بويىدا جەم بولغان شۇنچە كۆپ ئالتۇندىن ياسالغان جاۋاھىراتنى ئۇ ئاران كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بېشىغا ئالتۇندىن ياسالغان گۈلتاج كىيگەن، بوينىغا ئاسقان توققۇز قۇر قىممەتلىك مۇنچاق كۆكسىگە ئېسىلىپ چۈشۈپ، ھەسەن- ھۈسەندەك كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. مۇنچاقلارنىڭ تۆپىسىدىن يوغان باقان، يەنى ئالتۇندىن ياسالغان چەمبەر شەكىلدىكى بويۇن ھالقا سېلىنغان. قۇلاقلىرىدا يامغۇر تامچىلىرىدەك چېچىلىپ تۇرغان سىرغا، نازۇك بىلەكلىرىدە قوش- قوش ئالتۇن بىلەزۈك، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلىرىدا ياقۇت ۋە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر. ھال رەڭ نېپىز كۆڭلىكى ئۈستىدىن كىيگەن يېشىل پىنجىكىنىڭ جىيەكلىرىگە ئاق، سېرىق مەرۋايىتلار گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن. چاققانغىنە ئۆتۈكلىرىنىڭ كالتە قونجىلىرى ۋە ئۇچلۇق قايرىما تۇمشۇقلىرىغا تىللا، تەڭگىلەر قادىلىپ زىننەتلەنگەن».

بۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇساق، بىز يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز چولپانئاينىڭ بېزەكلىرىنىلا تەسۋىرلەپ قالماي، بۇ تەسۋىر ئارقىلىق ھېچ بولمىغاندا قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى، كىيىم مەدەنىيىتىنى، كىيىنىش ئادەتلىرىنى كىتابخانلارغا ۋاسىتىلىك تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلماي قالمايمىز. تەسۋىرلەرنىڭ تەسۋىرلەشتىن باشقا روللىرىنىمۇ ئوينىشى بۇ رومانىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومانىدىكى يەنە بىر قىسىم تەسۋىرلەر ناھايىتى قويۇق لىرىك ھېسسىياتقا

تويۇندۇرۇلغان بولۇپ، كىتابخاندىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. تەسۋىرلەرنى لىرىكىلىقتا ئىگە قىلىش، بۇ ئارقىلىق كىتابخان قەلبىدە ئەسەر پېرسوناژلىرى قەلبىدىكىدەك ھاياجان پەيدا قىلىش - رومانىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى ھاللاردا روماندا تەسۋىرلەش بىلەن بايان قىلىش ئارىلاش قوللىنىلغان. تەسۋىر ئىچىدىكى باياننى، بايان ئىچىدىكى تەسۋىرنى بىز ئەسەردە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئەسەردە مۇنداق بىر خىل تەسۋىرلەر بار: بۇ تەسۋىرلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىدىن ئابستراكت مەنىسى كۈچلۈك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇنداق تەسۋىرلەردە ئەمەلىيەتتە بېشارەتلىك يوشۇرۇن مەنە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ توغرىسى بىر ئوخشىتىشقا ياكى بىر سىمۋولغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. روماندا، سۇلايمان ئارسلان خان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تازا ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇپ بولالماي، مالىمانچىلىقتىن قۇتۇلالماي، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ھالەتنى يېزىپ كېلىۋېتىپ، يازغۇچى كارۋان ھەققىدە مۇنداق بىر تەسۋىرنى بېرىدۇ: «زور بىر كارۋان پايانسىز قۇملۇق باياۋاندا يولدىن ئازغىشىپ قالغان. كارۋان بېشى ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، تېڭىرقاپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سۇ ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە كېتىپ قېلىشقان. تۆگىلەرگە يەم - خەشەك بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى دادىللىق بىلەن باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ مادارى قۇرۇغان . . . »

ئەلۋەتتە يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە تەسۋىرلەۋاتقىنى ئادەتتىكى كارۋان ھەم كارۋان بېشىنىڭ ھالىتى ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ۋە سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ كۆڭۈلسىز رېئاللىق ئالدىدىكى ھالىتىدىن ئىبارەت. يازغۇچى مانا مۇشۇ ئېسىل تەسۋىر ئارقىلىق خانلىق ۋە خاقان دۇچ كەلگەن رېئاللىقنى ناھايىتى ئىخچام، ناھايىتى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «مەھمۇد قەشقەرى» روماندا ھەر خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى، تەسۋىرلەش ماھارەتلىرى ئۇنۇملۈك قوللىنىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتى ھەققەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ،



شۇنداقلا رومانچىلىقىمىزنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، رومانىدىكى تەسۋىرلەش سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

«مەھمۇد قەشقەرى» روماندا يازغۇچى مۇھاكىمىلەرگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. بۇنداق مۇھاكىمىلەرنىڭ بەزىلىرى تارىخ ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشىنى، بەزىلىرى ھايات تەجرىبىلىرىنى، بەزىلىرى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، يەنە بەزىلىرى بولسا ئەخلاقىي - دىداكتىك ئىدىيىلەرنى مەزمۇن قىلغان. ئەسەردىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلى، ئويى، خىتابى بىلەن بېرىلگەن. دەرۋەقە، ئەنە شۇنداق چوڭقۇر پىكىرلىك مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئەسەردە ئەڭ سالاھىيەتلىك پېرسوناژ دەل مەھمۇد قەشقەرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مۇلاھىزىلەرنى قىلىدۇ. ئۇ سوغدى قىزى گۈلپەرىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن سوغدىلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ھەققىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئويلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ مۇھاكىمىدىن پارچە كۆرۈپ باقايلى:

«شۇنداق، - دەپ ئويلىدى مەھمۇد، - ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆز خاقانلىرى يوق، سىياسەتچىلىرى يوق، سەركەردىلىرى يوق، ھەتتا ئادەتتىكى چېرىكلىرىمۇ يوق. سوغدىلار ھازىر دېھقانلار، سودىگەرلەر، ناخشىچى - ئۇسسۇلچىلار دېگەن ناملارنىلا ساقلاپ قالدى. ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ئوڭ قولىغا ‹پايدا ساڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولسۇن› دەپ ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن تۇمار باغلاپ قويىدۇ. بالىسى تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتىدۇ.

چاتاق يېرى شۇكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوغدىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە كىشىلەر بالىلىرىنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ سوغدىلاردا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساۋاتسىز بايلار كۆپەيدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، باشقا خەلقلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. باشقا خەلقلەر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەيتتە سوغدىلار پۇل ساناپ، بوش ۋاقىتلىرىدا دۇنيادىن پەرۋايى پەلەك ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىر

قىزىقچىنى تېپىۋالسا كېچە- كېچىلەپ راستتىنمۇ، يالغاندىنمۇ كۈلۈپ ئالتۇن ۋاقىتلىرىنى ناھايىتىمۇ «مەنىلىك» ئۆتكۈزدى. قەدىمكى سوغدىلار ئالىملار بىلەن قەھرىمانلارنى قەدىرلەيتتى ھەم ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشاتتى. ھازىرقى سوغدىلار ئۇسسۇلچى بىلەن قىزىقچىلارنى قەدىرلەيدۇ ھەم ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشىدۇ . . . ھەممىسى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقايسىسى قالتىس ئەمەس، ھەقىقىي بىلىملىك ئادەملەر، زامانغا لايىق ھۈنەر- كەسىپ ئىگىلىرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ . . . »

سوغدىلار ھەققىدىكى بۇ مۇھاكىمە روماندىكى مۇھاكىمىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. باشقا مۇھاكىمىلەرمۇ ئومۇمەن مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، ھەم روماندا مەزمۇن - پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان، ھەم يەنە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە، تونۇتۇش رولىغا ئىگە بولغان. روماندىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى بىلىمنى ئۇلۇغلاش، بىلىم ئىگىلەش، بىلىم بىلەن ئۆزىنى مۇستەھكەملەپ، مەڭگۈلۈك بەختكە ۋە ھاياتلىققا ئىگە بولۇش . . . نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

«مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنىڭ تىلىنى دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات «ئەسەر تىلى شاھانە، ئىچكى كۈچكە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان» دەپ باھالىغانىدى. دېمىسىمۇ، رومانىڭ تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەقىقەتەن ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە. ئەسەردىكى تىل رومانىڭ ياخشى پۇتۇشىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىنى مۇھىم ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان رومانىڭ بىر مۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا يازغۇچىنىڭ تىل قوللىنىشتىكى ماھىرلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر تىلى گەرچە بىزگە ئالاھىدە تەسىراتلارنى بېرىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بىزنى كۆپ جەھەتلەردە رازى قىلىدۇ، شۇنداقلا جەلپ قىلىدۇ. رومانىڭ تىلى روماندىكى ھەر خىل ئۇچۇر- مەزمۇنلارنى، ھېسسىيات- كەيپىياتلارنى، شۇنداقلا ھەر خىل مۇمكىنچىلىكلەرنى كىتابخانلارغا توغرا، ئېنىق ھەم تەسىرلىك يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ



ۋاسىتىچىلىك رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرغان. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا رومان تىلىنىڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومانىڭ تىلى ئارتۇقچە بېزەك- سۆپەتلەردىن خالىي بولۇپ، يازغۇچى دىققەت مەركىزىنى ئاساسەن مەنە- مەزمۇن ئىپادىلەشكە قاراتقان. شۇنداقتىمۇ، يازغۇچى ئەدەبىي ئەسەر تىلى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك تىل ئارقىلىق ئەسەر يېزىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئەسەردە ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تىل قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسەر تىلىنىڭ پاساھەتلىك بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. قانداق ئادەمنى قانداق سۆزلىتىشكە دىققەت قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى يارىتىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. يالغۇز پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىنى تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ قەلب سۆزىنى — مونولوگىنى بېرىشكىمۇ سەل قارىمىغان. ئەسەردىكى دىئالوگلار ھازىر جاۋابلىقتا، دەللىككە ئىگە بولسا، مونولوگلار ھېسسىياتقا، مۇھاكىمىگە باي. ئەسەر تىلىنى يەنىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن يەنە يازغۇچىنىڭ رىتورىك سوراق جۈملىلىرىنى، پېئىللارنى كۆپ قوللىنىشتەك بەزى تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

يازغۇچى روماندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە قوللانغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يازغۇچى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قەدىمكى تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان نام- ئاتالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئالغان. بۇنداق تىل تەركىبلىرى ئەسەرگە مەلۇم دەرىجىدە شۇ دەۋر تۈسىنى بېرىش رولىنى ئوينىغان. يازغۇچى يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قەدىمكى ماقال- تەمسىللەرنى، شېئىر- قوشاقلارنى، ھېكايە- رىۋايەتلەرنى روماندا ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىپ، قەدىمكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىدە شۇ دەۋر كەيپىياتىنى ياراتقان، شۇ تەركىبلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە رومانىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان. شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، يازغۇچى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا

ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، روماندا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيە- فولكلورىغا، مەدەنىيىتىگە دائىر مەزمۇنلارنى تەسۋىرلىگەن، بايان قىلغان. بۇ تەركىبلەر رومانىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر مەنە قاتلىمىنى ياراتقان، شۇنداقلا رومانىنى نىسبەتەن كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە قىلغان. بۇنى رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك.

رومان ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ۋاقتىمىزدا، مۇنداق بىر مەسىلە ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدىن خۇلاسىلەنگەن ئىجادىيەت تەجرىبىسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى مۇھاكىمە قىلىش يازغۇچى ئۈچۈنمۇ، بۇندىن كېيىنكى رومان ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈنمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەلۇمكى، تارىخىي تېمىدىكى رومانلارنى يېزىشتا ئالدى بىلەن دۈچ كېلىدىغان مەسىلە تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ھەر قانداق بىر پارچە تارىخىي رومانىنىڭ سۈژىتى تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى تارىخىي چىنلىق بىلەن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ ئىككى تەركىبنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش- چىقماسلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «مەھمۇد قەشقەرى» روماندا تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلار ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلۇپ، بىر- بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان. روماندا يازغۇچى تارىخىي پاكىتلارنى ئاساس قىلغان، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، رومانىنىڭ تارىخىي تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان: شۇنداقلا يەنە بەدىئىي توقۇلمىلارنى يېزىشقىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى، جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان. بۇ ھەقتە يازغۇچى پەرھات جىلان ئۆزىمۇ مۇنداق دەپ قارىغان: «مۇشۇنداق بىر زور، مۇرەككەپ ۋە نازۇك تېمىدا بەدىئىي ئەسەر يېزىشتا يۇقىرى دەرىجىدىكى



مەسئۇلىيەتچانلىق روھ بىلەن تارىخىي پاكىتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن تاكى رومان يېزىلىپ تاماملانغانغا قەدەر ماتېرىيال كۆرۈش ۋە ئىزدىنىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىمنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىدىم. تارىخىي تېمىلاردا يېزىلغان بەدىئىي ئەسەرلەردە، جۈملىدىن تارىخىي رومانلاردا تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولىدىكەن. . . بەدىئىي توقۇلما مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. توقۇلما بىر تەرەپتىن، تارىخىي چىنلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ۋە دۇنيا قارىشىغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. تارىخىي پاكىتلار بىلەن بەدىئىي توقۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋە نازۇك مۇناسىۋەتلەر ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنسا، بىر پۈتۈن ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بولىدۇ». يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى يەنە شەرھلەپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇ بۇ يەردە تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ماھىيەتلىك پىكىر يۈرگۈزگەن. مۇشۇ ئاساستا يازغۇچى تارىخىي رومانلارغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «تارىخىي رومان بەدىئىي پائالىيەت بىلەن ئىلمىي تەتقىقات جەريانلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا، تارىخىي رومان دېگىنىمىز، ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرىنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان ئىجادىيەت بىلەن تەتقىقاتنىڭ سەنئەتلىك بىرىكمىسىدىن ئىبارەت . . . تارىخىي رومانىنى بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان تارىخ دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، ياخشى يېزىلغان تارىخىي رومان ھەم رومان، ھەم تارىخ بولالايدۇ.»يازغۇچىنىڭ تارىخىي رومان ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرى، تەجرىبىلىرى «مەھمۇد قەشقەرى» روماندا ھەقىقەتەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

خۇلاسە قىلغاندا، پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئوبرازىنى تۇنجى بولۇپ ئەدەبىي ئەسەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانلىقتەك يېڭىلىقى ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. پەرھات جىلان «مەھمۇد قەشقەرى» دىن ئىبارەت بۇ رومانى بىلەن تارىخىي رومانچىلىقىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

# §18. قۇربان باراتنىڭ «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىرى ھەققىدە

قۇربان بارات بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، روشەن ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن ھەم كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇناسىپ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1946 - يىلى تۇغۇلغان، 1956 - يىلى ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا «قىزىلگۈل» داستانىغا ئوخشاش يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغان. ئۇ شۇندىن بېرى ئىزچىل شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يېشىل ھايات»، «كېسىلگەن توغراق»، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «سەن بۈركۈت ئۇۋىسى، سەن ئالتۇن بۆشۈك» قاتارلىق لىرىكىلارنى، «ئاقارغان چاچ توغرۇلۇق ناخشا»، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز»، «يوقالماس پەلەستىن»، «ئاق روماللىق پەرىزات» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ، شېئىرىيىتىمىزگە مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان ھەم شېئىرىيىتىمىزنى تېما، پىكىر، تىل ۋە بەدىئىي ماھارەتلەر جەھەتتە كۆرۈنەرلىك بېيىتقان.

«كېسىلگەن توغراق» شائىر قۇربان بارات «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يازغان «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ئومۇمىي



ماۋزۇ ئاستىدىكى چوڭراق ھەجىملىك بىر لىرىكا بولۇپ، ئۇنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئەسەر دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدۇ. بۇ لىرىكا شائىرنىڭ 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا شائىر قۇربان باراتنىڭ شېئىرلىرىدا ھېسسىياتنى بىمالال ئىپادىلەش، روشەن شېئىرىي مەنزىرە ھاسىل قىلىش ۋە كىتابخاننىڭ بارلىق سەزگۈسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى تولۇق نامايان قىلىنغان.

بىز قۇربان باراتنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلاردىن سەنئەت ئۈچۈنلا سەنئەت دەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى ياكى سەنئەتنى سىياسىي شوئارلارنىڭ، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىزاھاتى قىلىۋالىدىغان چاكىنىلىقلارنى ئۇچراتمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ ھەممىلا ئەسەرلىرىدە ۋەتەن، خەلققە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە قىزغىن مۇھەببەتنىڭ سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە قىزغىن مۇھەببەت بىلەن چەمبەرچاس بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ، شائىر قۇربان باراتنىڭ تېز تەسىرلىنىپ، ئاسان ھاياجانلانغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىشكە ئالاھىدە ماھىر ئىكەنلىكى، ئەڭ مۇھىمى، سەنئەت ئىشىنى خەلق ئىشى، ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك سەزگۈرلۈك ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئادەتتە شائىرلار كۆزىتىشكە ماھىر بولسىلا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىن شېئىرىي ئوبيېكت بولالايدىغان نەرسىلەرنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. بۇنداق ئوبيېكتلار شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا كىرىپ كېلىپ، ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قايتا پىششىقلىنىپ چىقىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتى ۋە مەزمۇنىدىن پەرقلىق بولغان ئوبراز كاتېگورىيىسىگە كىرىپ، جانسىز نەرسە بولسا جانلىنىدۇ، كىتابخانغىمۇ تەسىر بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسى ھېسسىيات دۇنياسى بولۇپ، ئەگەر دىققەت ۋە ئېتىبارنى جەلپ قىلغان، تاللانغان ئوبيېكتلار ئاشۇ

ھېسسىيات دۇنياسىغا كىرمىسە، ئوبيېكتىنىڭ ئەسلىي ھالىتى ھېسسىيات سىڭدۇرۇلۇپ قايتا قۇراشتۇرۇپ چىقىلمىسا، ئۇنداق ئوبيېكت جانلىنالمايلا قالماستىن، ئەسلىي ھالىتى بويىچە قېلىۋېرىدۇ، كىتابخانغىمۇ تەسىر بېرەلمەيدۇ. دېمەك ئوبيېكتىنىڭ ئوبرازغا ئايلىنىشىدا ھېسسىيات ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان «سىياقسىز قارا تاش» نىڭ شائىرنىڭ نەزەرىدە ۋەتەنگە سادىق بىر ئەرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىغا ئايلىنالىشىدىكى سىر ــ ئاشۇ «تاش» قا ھېسسىيات سىڭدۇرۇلگەنلىكىدە، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا تەۋە بىر تۈپ «كېسىلگەن توغراق» نىڭ سەنئەت دۇنياسىغا بىمالال كىرىپ كېلىپ، مۇقەددەسلىكنىڭ سىمۋولىغا ئۆزگىرىشىمۇ، ئوبيېكتىنىڭ ھېسسىياتنىڭ ياردىمىدە بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ھېسسىياتنىڭ شېئىرنىڭ زۇرۇر ئامىلى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ. شۇنى دېيىش كېرەككى، ھېسسىيات قۇرۇق - پۇچەك نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەمىشە پىكىر بىلەن تويۇنغان بولىدۇ. ھېسسىيات بىلەن پىكىر ئوبيېكتتىن تۇغۇلىدۇ، پىكىر ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، پىكىر بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر- بىرىنى شەرت قىلىدىغان، لېكىن قەتئىي زىتلەشمەيدىغان مۇناسىۋەتتۇر. شائىر قۇربان بارات ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان لىرىك شېئىرلار (ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى پوئېمىزىيىنىڭ داستان تۈرى ئىگىلەيدۇ)، بولۇپمۇ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى شېئىرلاردا ئوبيېكت ھەمىشە دېگۈدەك ئۆتكۈر پىكىر بىلەن قايناق ھېسسىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، پىكىر- ھېسسىيات شۇنچىلىك زىچ بىرىكىپ كېتىدۇ. ئۇلاردا شېئىري ئوبيېكتتىن تۇغۇلغان شېئىري پىكىر ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولغان ھېسسىياتنى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلغاچقا، بىز كۆندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان «ئاشپۇزۇل يېنىدا»، «دۇكانلارنىڭ ئالدىدا»، «ساماندەك سارغىيىپ»، «ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قول ئۇزىتىپ» تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان «ئېگىز بويلۇق»، «ئۇزۇن ساقاللىق چال» كىتابخاننىڭ نەزەرىدە ئەجدادلارنىڭ سەنئەت مىراسلىرىنى ئاشۇ ئەخمىقانە ۋە ئاپەتلىك يىللاردا ئامان ساقلاپ،



گېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچى سەنئەت مۇئەككىلى قىياپىتىدە نامايان بولىدۇ («دېۋانىنىڭ ھەيكىلى»)؛ كىتابخان «ھەر كىمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان»، «10 ياشلاردىكى ئوماق قىز» ئامىنەنىڭ يەيدىغانغا «جىگدە، ئېگىز چامغۇرى» ۋە «ئەجدادلاردىن مىراس بولۇپ قالغان ئاشۇ زاغرا» مۇ تېپىلمىغانلىقتىن ئاچ قېلىپ، «ئورۇقلاپ»، «كىچىك يۈزى سارغىيىپ كەتكەن» ھالىتىگە قاراپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەللىمەسى بىلەن بىرلىكتە «شىرەنى گۇمبۇرلىتىپ» مۇشتلىغۇسى كېلىدۇ . . . («ئامىنە»)؛ كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان بالىلىرىمىزغا «ئۆز ئانىسىدەك غەمخورلۇق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن» ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىۋاتقان ئوقۇتقۇچى قىزنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زورلۇقلارغا چىدىماي، «قارلىق كېچىدە مەكتەپ تۈرمىسىدىن چىقىپ»، «سوغۇق دۇنياغا تەنىلىك بېقىپ»، «باھاردا تۆكۈلگەن بىر چېچەكتەك ئاقىرىپ»، «ئۆزىنى قۇدۇققا ئېتىپ» ئۆلۈۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ جەسىتى قۇدۇقتىن سۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن كۆرەش قىلىنىپ، ھايات ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئارتۇق خورلانغانلىقىنى، جەسەتنىڭ ئەسكى بورىغا ئورىلىپ قارلىق تاغقا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن كىتابخان كۆزى بىلەنلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يىغلايدۇ، بۇ قىزنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە، ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ خورلىنىشىغا زادى نېمە ۋە كىم سەۋەبچى؟ دەپ زامانغا سوئال قويىدۇ («قىزنىڭ ئۆلۈمى») . . . . . بۇ مەنزىرىلەرنى كىتابخان رېئاللىقتا ئۇچراتسىمۇ تەسىرلىنىشى، كۆز يېشى قىلىشى تۇرغان گەپ، لېكىن ئۇلارغا ھېسسىيات ئامىلى قوشۇلغانلىقتىن (بۇ مەنزىرىلەر شائىرنىڭ ھېسسىيات مەبلىغى قوشۇلۇپ شېئىرلاشقانلىقتىن)، تېخىمۇ تېپىكلەشكەن، تېخىمۇ يارقىنلاشقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەنزىرىلەر كىتابخاننىڭ قەلبىنى ئالاھىدە لەرزىگە سالىدىغان، ئۆرتەيدىغان تراگېدىيىلىك گۈزەللىك تۈسىگە ئىگە بولغان. بۇ يەردە كىتابخاننىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆرتىگەن ۋە تراگېدىيىلىك گۈزەللىك ھاسىل قىلغان نەرسە ئۇ مەنزىرىلەرنىڭ ناتۇرال ھالىتى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ ئۇ مەنزىرىلەرگە سىڭدۇرگەن قايناق ھېسسىياتىدىن ئىبارەت. «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىدىمۇ ئەھۋال

يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشايدۇ. ناۋادا كىتابخان يىلتىزىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان توغراقنىڭ قايتىدىن كۆكلىگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاسىتە كۆرگىنىدە، ئۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىنىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ تەسىراتى ئادەتتىكى ھەيرانلىق، ئەڭ كۆپ بولسىمۇ توغراققا نىسبەتەن قايىللىق بىلەن كۇپايىلەنگەن بولاتتى، يەنى كىتابخان رېئاللىقتىكى توغراقتىن بۇ شېئىردىكىدەك ئۇنداق تەسىرلىك ۋە تەرتىپلىك ئۇلانما تەسەۋۋۇرلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشى ناتايىن ئىدى. دېمەك بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى كىتابخاننىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇرنى يېتەكلەش رولىنىمۇ ئوينىغان. ئۆز نۆۋىتىدە شائىرنىڭ ھېسسىياتى بۇ شېئىردا «كېسىلگەن توغراق» تىن «بىخلىنىپ چىققان نوتىلار» نى، ھەتتا «كېسىلگەن توغراق» نىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان غولىنىمۇ جانلاندۇرۇپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزىسىمان ئاجايىپ لىرىك بىر مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئاشۇ لىرىك مەنزىرە بولغاچقىلا، كىتابخان تەسەۋۋۇرىدا:

*ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ گۈللەشلىرىدە،*
*ياردار جەڭچىنىڭ كۈلۈشلىرى بار.*
*ئۆلۈمى ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم،*
*قىلىچقا تايىنىپ يۈرۈشلىرى بار.*
*ئۇ گويا ھاۋادا ئوق يېگەن لاچىن،*
*بۇلۇتلار باغرىدا ياڭرىتار سادا.*
*ئۇ گويا زۇلمەتتە ئۆچكەن بىر يۇلتۇز،*
*نۇرلانغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا.*

قاتارلىق تەسۋىرلەر مۇمكىنچىلىككە ئايلىنالايدۇ. بۇ يەردە لىرىك ھېسسىيات شېئىردىكى لىرىك مەنزىرىنى ھاسىل قىلىشنىڭ ئاساسى، «كېسىلگەن توغراق» بىلەن «ياردار جەڭچى»، «ئوق يېگەن لاچىن» ۋە «ئۆچكەن يۇلتۇز» ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش ھاسىل قىلىشتىكى ۋاسىتە، شۇنداقلا «كېسىلگەن توغراق» تىن ئىبارەت شېئىري ئوبيېكتتىن تۇغۇلغان



شېئىري پىكىرنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن قاناتلاندۇرغۇچى ئاساسلىق ئىنېرتسىيە ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا ھېسسىياتنى ئاجايىپ بىمالال ئىپادىلىگەچكە، «كېسىپ تاشلانغان بىر تۈپ توغراق» ھېسسىياتقا تويۇنغان ئاشۇ لىرىك مەنزىرە ئىچىدە قايتىدىن بىخلىنىپ، يېڭى نوتىلارنى چىقىرىدۇ. ئېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئاددىي «توغراق» بىردە «ياردار جەڭچى» گە، بىردە «ئوق يېگەن لاچىن» غا، يەنە بىردە «ئۆچكەن يۇلتۇز» غا سىمۋول قىلىنىدۇ.

شېئىردىكى «ياردار جەڭچى»، «ئوق يېگەن لاچىن» ۋە «ئۆچكەن يۇلتۇز» دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بەدىئىي ئوبراز ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كىتابخاننىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بىرىنچىدىن، دەسلەپتىكى چوڭلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا كىچىكلەپ بارىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دەسلەپتىكى يېقىنلىقتىن تەدرىجىي ھالدا يىراقلاپ بارىدۇ، يەنى كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئاۋۋال يېقىندىكى ئادەم — ياردار جەڭچى، ئاندىن كۆكتىكى لاچىن، ئاخىرىدا يىراق بوشلۇقتىكى ئۆچكەن يۇلتۇز نامايان بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئوبرازلار كىتابخانغا چوڭلۇقتىن كىچىكلەپ، يېقىندىن يىراقلاپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن بارغانسېرى غايىب بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن شائىر كىتابخان نەزىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان قەلىمىنى بىراقلا بۇراپ، «كېسىلگەن توغراق» ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن، شۇنداقلا چوڭقۇر ھاياجان ۋە كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن ئۆلمەس بىر خەلقنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە شائىرانە ئوبرازىنى يارىتىدۇ. «كېسىلگەن توغراق» مۇشۇ يەردە، يەنى «ئۆلمەس بىر خەلق» نىڭ ئوبرازى دەرىجىسىگە يەتكەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن كىتابخانغا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بۇ نۇقتىدا «كېسىلگەن توغراق» نىڭ ئوبرازلىشىشى ئاخىرقى چەككە يېتىدۇ ۋە شېئىرمۇ ئاخىرلىشىدۇ. «كېسىلگەن توغراق» ئاشۇ ئاخىرقى چەكتە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار تۈسكە ئىگە بولىدۇ، تېخىمۇ يۈكسەكلىشىدۇ. بىر قەيسەر توغراق . . . بىر قەيسەر خەلق . . . بۇ خەلقنىڭ تارىخىي كەچمىش ـ قىسمەتلىرى ئاشۇ توغراقنىڭ كەچمىش ـ قىسمەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ توغراق —

تەكلىماكان توغرىقى، بۇ خەلق – تەكلىماكان خەلقى، تەكلىماكان توغرىقى بىلەن تەكلىماكان خەلقى تەقدىرداش. بۇ تەكلىماكان توغرىقى تەكلىماكاندا «قۇملار دۇنياسىنى ماكان قىلىپ يېتىلىدۇ»، «چۆل - جەزىرىلەرنىڭ جاپاسىدا تاۋلىنىدۇ»، «يازدا قۇياش يالقۇنى» غا قاقلىنىپ، «چۆل بورانلىرى» دا يەلپۈنىدۇ؛ «قىش پەسلى تىنىمسىز جەزىرە شىۋىرغانلىرى» غا نىشان بولىدۇ . . . شۇنداق بولسىمۇ، «ئانا تۇپراقتىن ھاياتلىق تېپىپ»، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە چۆللەردە يىلتىز تارتىپ، ھەر ياققا يامراپ، «يېشىل نەسلىنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ تۇرىدۇ». ئۇنىڭ يىقىلغىنى ۋە كېسىلگىنى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە باراۋەر ئەمەس. ئۇ ھەتتا كېسىپ تاشلانسىمۇ، قاغجىراپ - قاقشال بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان غول ۋە كېسەك« بېغىشلىرى» دىن «يېڭى بىخ ۋە نوتىلارنى چىقىرىپ»، ئاداققى ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. تەكلىماكان توغرىقىنىڭ بۇ قەيسەر قىياپىتىدىن تەكلىماكان خەلقىنىڭ جەسۇر ھالىتىنى كۆرۈش مۇمكىن. دېمەك تەكلىماكان نەسلى بولغان بۇ توغراق تەكلىماكانىنىڭ يەنە بىر نەسلى بولغان خەلق بىلەن بىللە مەڭگۈ ياشايدۇ . . . يۇقىرىقىلار، شائىر قۇربان باراتنىڭ «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنى يېزىش ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالدا ئىپادىلىمەكچى بولغان شېئىرىي پىكرى، بۇ پىكرنى ئىپادىلەش، شائىرنىڭ مەزكۇر شېئىرنى يېزىشتىكى تۈپ مۇددىئاسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر شېئىردىكى قايناق ھېسسىيات ۋە بۇنداق ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان لىرىك مەنزىرە شائىرغا يۇقىرىقى شېئىرىي پىكرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

«كېسىلگەن توغراق» شېئىرىدا سىمۋوللۇق مەزمۇنغا ئىگە بولغان «توغراق» ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان بىر قانچە بەدىئىي ئوبراز كىتابخانىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىمۇ ئېنىق ھېس قىلالىغۇدەك دەرىجىدە كونكرېتلىققا ئىگە قىلىنغان. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىي مەنزىرە ھاسىل قىلىشتا نەمۇنە ياراتقان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «شېئىرىي مەنزىرە» شېئىرىي پىكىردىن ھاسىل بولىدىغان مەنىۋى مەنزىل (شېئىرىي پىكىردىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق) دىنمۇ ھالقىپ، تولاراق ھالدا



شېئىردا ھاسىل بولىدىغان شېئىرىي كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىي كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن بىز «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان بىر پارچە ستېرېئولۇق رەسىمگە ئوخشىتىمىز. مەسىلەن:

. . . . . .

*شاخلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى بىر تۈپ،*
*ياش ۋە ھۆل يېڭىلا كېسىلگەن توغراق.*
*ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ياتاتتى جانسىز،*
*ئۆلۈم ئازابىدىن قاتتىق تولغىنىپ.*
*ئانارنىڭ سۈيىدەك قانلىق كۆز يېشى،*
*كېسىلگەن جايىدا قاپتۇ مۇز بولۇپ.*

. . . . .

*تومۇزدا نوتىلار چىقتى بىخ سۈرۈپ،*
*ئۇنىڭ ھۆل ۋە كېسەك بېغىشلىرىدىن.*
*دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ يېڭى بىخلار،*
*كېسىلگەن توغراقتىن تاپقان ئىدى جان.*
*نۇرلىنىپ تۇراتتى ئۇلار ياپيېشىل،*
*باھاردا ئويغانغان مايسىدەك يۇمران.*
*ۋە ھەممە ھاياتلىق بوغۇنلىرىدەك،*
*كۆزگە تاشلىناتتى بۇدرۇق ھەم ئوماق.*
*سەبىي بىر نەزەردە بېقىپ جاھانغا،*
*كۈلەتتى بۆشۈكتە كۈلگەندەك بوۋاق.*

. . . . .

بۇ مىسرالار بىزگە ناھايىتى ئىجتىھات بىلەن سىزىلغان ستېرېئولۇق خۇسۇسىيەتكە ۋە ھەرىكەتچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر پارچە رەڭلىك رەسىم تۇيغۇسىنىمۇ بېرىدۇ. كىتابخان بۇ مىسرالارنى ئۆزى ئوقۇسىمۇ،

باشقىلارنىڭ دېكلاماتسىيە قىلغىنىنى ئاڭلىسىمۇ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىۋاتقان مەنزىرىلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كىتابخان «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىدىن ئۇنىڭدا ھاسىل قىلىنغان مەزمۇننىڭ كەڭلىك دائىرىسى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە ئاساسلىنىپ، يەنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئىدراك قىلىپ تۇرۇپ زوقلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ شېئىرغا رەسىم ئورنىدا مۇئامىلە قىلىپ، كۆرۈش سەزگۈسىنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ زوقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان شېئىري لەززىتى ستېرېئولۇق بولۇپ، بۇ خىل لەززەت كىتابخاننىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئەسەر دەپ قارىلىشى، ئۇنىڭدا ھاسىل قىلىنغان مەنىنىڭ ئۆزگىچە كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان زوق - لەززىتىنىڭ دولقۇن تۈرۈملىرىدەك ئاشۇنداق كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

«كېسىلگەن توغراق» گەرچە «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى بىر پارچە شېئىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت «ئاپەتلىك يىللار» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە — 1967 - يىلى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىك «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى «دېۋاننىڭ ھەيكىلى»، «يىغا قوشىقى»، «ئامىنە»، «قىزنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق شېئىرلاردىكىدەك تراگېدىيىلىك گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى بىر خىل يۈكسەكلىك گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇنىڭدا كېسىۋېتىلگەن توغراقنىڭ قايتا بىخ چىقىرىپ كۆكلىگەنلىكىدىن ئىبارەت مۆجىزىسىمان بىر ھادىسە ئارقىلىق تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئاجايىپ بىر خىل قەيسەرلىك - جەسۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىق روھى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق روھقا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ ۋە بۇ خىل روھ ئۇلۇغلىنىدۇ. قەيسەر خاراكتېرگە ۋە جەسۇرانە ئىرادىگە ئىگە بولغان توغراق سىمۋولى ئارقىلىق قەيسەر خاراكتېرگە ۋە جەسۇرانە ياشاش ئىرادىسىگە ئىگە بىر خەلقنىڭ يۈكسەك ۋە مەردانە بەدىئىي



ئوبرازى يارىتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنى شائىر قۇربان بارات ئىجادىيىتىدىكى، شۇنداقلا پۈتكۈل بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدىكى بىر پارچە نەمۇنىلىك قەھرىمانلىق ناخشىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى دېيىش كېرەككى، «كېسىلگەن توغراق» لىرىك مۇھاكىمە بىلەن لىرىك تەسۋىر ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەر. ئۇنىڭدىكى پات - پات ئۇچراپ تۇرىدىغان، تەسۋىر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن لىرىك مۇھاكىمە — ھېسسىياتنى كۈچەيتىش رولىنى، لىرىك تەسۋىر بولسا، ئوبرازلارنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ نۇقتىدىن «كېسىلگەن توغراق» لىرىك مۇھاكىمە بىلەن لىرىك تەسۋىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈلگەن نەمۇنىلىك ئەسەر بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

## §19 .ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تۇزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى ھەققىدە

ئوسمانجان ساۋۇت يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1945 - يىلى تۇغۇلغان، 1961 - يىلىدىن تارتىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىكا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «مامكاپ ۋە تاش»، «تۇزان قەسىدىسى»، «ياخشىلار كۆپ ئالەمدە، ياخشىلار كۆپ»، «يىللار ھەققىدە خىياللار» قاتارلىق ۋەكىللىك شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادەمىيلىك ئۇلۇغلانغان لىرىكىلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئادەم، تەبىئەت، ھايات ئاساسلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا يېڭىچە پىكىر، جانلىق

شېئىرىي ئوبرازلار بولغاندىن سىرت، يەنە كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە يېقىشلىق رىتىم بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەسەۋۋۇرغىمۇ ناھايىتى باي. شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەم كىتابخانلارنىمۇ ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ.

«تۇزان قەسىدىسى» شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ نەمۇنىلىك لىرىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1981 - يىلى 7 - ئايدا بېيجىڭدا يېزىلغان. تېما جەھەتتىن ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بەزىدە دەھشەتلىك جەڭ مەيدانى كۆرۈنۈشى (مەسىلەن، «ئوغۇزنامە») ۋاستىسى ئارقىلىق، بەزىدە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ رېئاللىقى بىلەن كېلەچىكىگە نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى (مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك») ئارقىلىق ۋە بەزىدە ئانا يۇرتنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى ئۇلۇغلاش (مەسىلەن، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى: «سەپەرنامە») ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تارىختىن بۇيان ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئانا تېما ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىمىز دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، مىللەتلەرنىڭ ئازاد بولۇشىنى رېئاللىقنىڭ جىددىي كۈنتەرتىپىگە قويغان ھالدا باشلاندى. ھازىرقى زامان تارىخىمىز بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ئاشۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز رېئاللىقنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يەنە ئۆزىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى قىلدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھى بىلەن ناھايىتى قېنىق سۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى ماھىيەتتە شائىرنىڭ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى يازغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» دېگەن لىرىك داستانى ۋەكىللىكىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم شېئىرلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغانىدى. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيىتى ئېلىمىز خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىغان 1937 - يىلدا باشلىنىپ، بۇ ئۇرۇش



ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلغان 1945 - يىلى شائىرنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋەتەن، مىللەت ئىنتايىن ئېغىر تارىخىي سىناقتا، تارىخىي خاراكتېرلىك تاللاشقا دۇچ كەلگەن يىللارغا توغرا كەلگەچكە، ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىگە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئىدىيە مەڭگۈلۈك مۆھۈر بولۇپ بېسىلغان. بۇ پاكىتلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنى بىلەن تويۇنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دۆلىتىمىزدە ئۈچ چوڭ تاغ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، خەلق دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، ئەدەبىياتىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۈزۈلۈپ قالمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئۆزگىچە شەكىل ۋە قىياپەت بىلەن ئىپادىلەندى. نىمشېھىتنىڭ 1956 - يىلى يازغان «سېغىندىم»، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ 1962 - يىلى يازغان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 1979 - يىلى يازغان «ياخشى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مەزمۇن قىلىنغان ئەڭ نادىر ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن نىمشېھىت «سېغىندىم» شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ھەج سەپىرى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىسىلە، تېيىپجان ئېلىيوپ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان قايناق ۋە ھېسسىياتلىق مۇھەببىتىنى لىرىك يول بىلەن بىۋاسىتە بايان قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ياخشى» دېگەن غەزىلىدە بولسا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ سىياسىي بوران - چاپقۇنلىرىدا قېقىندى - سوقۇندى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى يەنىلا ۋەتەن دەپ سوققان بىر ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئاشۇ چوڭ سىياسىي قالايمىقانچىلىق يىللىرىدىكى ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى لىرىك يول ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن. ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئۈچ غەزەل»، «خوتەن قەغىزى»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن . . . كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەيلى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن، يېزىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالغانلىكى كىشىلەردىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يازمىغان، ۋەتەننى كۈيلىمىگەن، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىمىگىنى زادىلا يوق. بىز بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى مەيلى توغرا لىنىيە نۇقتىسىدىن، مەيلى تىك لىنىيە نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى، ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنىڭ ئەڭ كۆپ يېزىلغانلىقىنى بايقايمىز. قىسقىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋە ئوخشاش بولمىغان بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن كونكرېتلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى بولۇپ كەلگەن.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت «توزان قەسىدىسى» شېئىرىدا، تارىختىن بۇيان تەكرار- تەكرار يېزىلغان ئاشۇ تېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ شېئىرىدا مەزكۇر تېمىنى يورۇتۇش ئۇسۇلىمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

بىرىنچىدىن، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا خېلىلا ئۈلگىلىك بەزى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «مامكاپ ۋە تاش» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. بۇلاردىن « ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ۋە «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» تا شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان لاۋىدەك ھارارەتلىك ھېسسىياتىنى لىرىك بايان ياردىمىدە بىۋاسىتە ئىزھار قىلسا، «مامكاپ ۋە تاش» تا «مامكاپ» ۋە «تاش» تىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق جىددىي- ھالقىلىق پەيتتە كىم ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر دېگەن بىر سوئالنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كۆرۈنۈشتە گۈللەرنىڭ «سەركىسى» گە ئوخشايدىغان «كۈمۈش رەڭ قۇببە» لىق مامكاپنىڭ ئازراقلا شامالنىڭ



زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي توزۇپ دەقىقە ئارىلىقىدا «قاقشال» بولۇپ قالغانلىقى، «سىياقسىز قارا تاش» نىڭ ھەرنە بوران- چاپقۇن ئالدىدىمۇ ۋەتەننى تەرك ئەتمەي، گويا «مەن ئاڭا مەپتۇن- مەھلىيا» دېگەندەك ئانا يەرنى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتقانلىق تەسۋىرى ئارقىلىق ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىدۇ.

*كۈمۈش تاج، زەر قۇببە، گۈزەل قامەتلەر،*
*دەقىقە ئىچىدە بولدى ساياق قۇم.*
*تاش ياتار قۇچاقلاپ ئانا دىيارنى،*
*دېگەندەك مەن ئاڭا مەھلىيا- مەپتۇن.*

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا كۆرۈنۈشتە گۈللەرنىڭ سەركىسىدەك تۇيغۇ بېرىدىغان مامكاپتا ئەمەلىيەتتە «سىياقسىز قارا تاش» تىكىچىلىك چىدام، غەيرەت، ۋىجدان ۋە نومۇسنىڭ يوقلۇقىدىن قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە ئاچچىق كۈلىدۇ، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىككە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بۇ شېئىردىكى «قارا تاش» نىڭ بوران- چاپقۇن ئالدىدا ئانا يەرنى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتقان ھالىتى كىتابخانغا شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ياخشى» دېگەن غەزىلىدىكى

*مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،*
*بوسۇقتىن دالىجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ ۋاپا ياخشى.*

دېگەن مىسرالىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «توزان قەسىدىسى» دە شائىر چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر مۇھاجىرنىڭ زىيارەتكە بارغان بىر ۋەتەندىشىنىڭ كىيىمىدىكى چاڭ- توزاننى ئانا ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى ئورنىدا قەدىرلىگەنلىكىدىن ئىبارەت تەسىرلىك بىر لىرىك ھېكايىنى بايان قىلىدۇ. ۋەتەننىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىش، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇش، بۇ شېئىردا ئاۋازىلا ئاڭلىنىدىغان لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ ئۆزۈن يىللىق

سەرسانلىق كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ھاسىل قىلغان تەسىراتى. ئەسەردە بۇ «مەن» نىڭ ئەينى ۋاقىتتا ۋەتەننى تەرك ئېتىشىگە كونكرېت ھالدا نېمىلەرنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى ئېنىق تاپشۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن «مەن» ئۆزىنىڭ بىر «ئازغۇن قوزا» ئىكەنلىكىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئازغۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، ئۆمۈر بويى نادامەت ۋە پۇشايماندا ئۆتىدۇ. يات ئەلدە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ۋەتەننىڭ قەدرى ئۆتۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ زىيارەتكە بارغان ۋەتەندىشىدىن كىيىمىنى قېقىۋەتمەسلىكىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىدۇ. ئۇ چاڭ ـ توزانلارنى مۇقەددەس ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىدەك بىلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلغۇدەك بولىدۇ، كۆزلىرىگە سۇرتىدۇ، قانماي سۆيىدۇ، ئۇلارنى قەلبىگە قوندۇرماقچى بولىدۇ، چۈنكى بۇ چاڭ ـ توزانلار ئۇنىڭغا ئانا ۋەتەننىڭ باغلىرىدىكى گۈل ـ چېچەك ھىدىنى پۇرىتىدۇ. «مەن» ئۇنىڭدىن تەڭرىتېغىنىڭ قامىتىنى كۆرگەندەك، «شاھ مۇقاملارنى»، «زەر قىرغاقلىق دەريالارنىڭ شاۋقۇنلىرىنى» ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. . . بىز كۆرۈنۈشتە مۇبالىغىدەك تەسىر بېرىدىغان يۇقىرىقى ئىچكى كەچۈرمىشلەرنى ۋەتەنسىزلىك ئازابىدىن ئۆمۈر بويى ھەسرەت چېكىپ ئۆتكەن «مەن» نىڭ روھىي ھالىتى نۇقتىسىدىن چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ قىلچىمۇ مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئىنتايىن چىن بولغان قەلب ئىزھارى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. دېمەك، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت «توزان قەسىدىسى» دېگەن بۇ شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى ئىپادىلەشتە، شېئىرىي دېتالدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ماڭغان ئىزىنى تەكرارلىماي، كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزەرى ئاسان چۈشمەيدىغان «توزان» غا مەركەزلەشتۈرىدۇ، يەنى ئادەتتە تازىلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا پاسكىنىلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان «توزان» شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت ئابستراكت ھېسسىياتىنى كونكرېتلاشتۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ئوبراز كاتېگورىيىسىگە كىرىپ، بىردىنلا جانلىنىدۇ ۋە كىتابخاننىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغۋارلىشىدۇ.



ئوسمانجان ساۋۇت بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ لىرىك شېئىر تۈرىدە ئىزچىل ھالدا كىتابخانلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، شۇنداقلا ئەلقىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شائىر. ئۇنىڭ سانى نىسپىي ھالدا ئاز، لېكىن سۈپەت جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن ئېسىل بولغان لىرىكىلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلاردا قايناق لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق يارقىن لىرىك مۇھىت يارىتىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز بۇنى شائىر ئوسمانجان ساۋۇت لىرىكىلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دەپ قارىساق، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ باشقا تېمىدىكى لىرىكىلىرىغا ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى لىرىكىلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىگە جەننەت تۇيغۇسى بېرىدىغان ياز پەسلى، چىمەندە رەڭگارەڭ گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كەتكەن، كۆرۈنۈشى كۈمۈشرەڭ قۇببىنى ئەسلىتىدىغان مامكاپ خۇددى گۈللەرنىڭ سەركىسىدەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بىر چەتتە «سىياقسىز بىر قارا تاش» چىمەننىڭ بۇ ئۇز ھۆسنىنى بۇزۇپ دېگۈدەك ياتىدۇ («مامكاپ ۋە تاش»): ۋەتەنسىزلىك ئازابىدىن قەلبى ئۆرتەنگەن بىر مۇساپىر مۇھاجىر ۋەتەندىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىيىمىدىكى چاڭ ـ توزاننى ئانا ۋەتىنىنىڭ ھەممە نەرسىسىگە ئوخشىتىپ ئەزىزلەيدۇ («توزان قەسىدىسى») ؛« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت «ئاپەتكە ئامراق ـ ئاپەتلىك يىللاردا» توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ئۆگىنىپ قالغان چار بازارچىلار قەيسەر ئىرادىلىك بىر جەڭچىنى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھلىك بىلەن قىيناپ، قاتتىق ئازابلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەڭچى ئانا ۋەتىنىنىڭ «ھالال ۋە ئاپئاق سۈتى» نى ئاقلاش ئۈچۈن ۋەتەنگە بولغان چىن ئەقىدىسىدىن، كېلەچەككە بولغان ئۈمىدىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەي، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋەتەن ئوغلانلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ («ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»). . . ئوسمانجان ساۋۇت لىرىكىلىرىدىكى بۇنداق ئىچكى رىتىم ئەسەرلەردىكى شېئىرىي مۇھىتنى جانلاندۇرغان. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدا ئاشۇنداق قايناق ھېسسىيات ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان مۇزىكىدارلىق، ئىچكى رىتىم قاتارلىقلارنى ئىنىرتسىيە قىلغان جانلىق مۇھىت بولغاچقىلا،

ئادەتتىكى «سىياقسىز قارا تاش» ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى بىلەن چىڭ باغلىيالايدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنالايدۇ، ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ سىغىدۇ، ئۇستىۋاشتىن ھەر ۋاقىت قىپقىپ- تازىلاپ تۇرۇش زۆرۈر بولغان «توزان» ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ۋاستە- شېئىرىي ئوبيېكت بولالايدۇ. . . ئەگەر بۇنداق شېئىرىي مۇھىت بولمىغىنىدا، «سىياقسىز قارا تاش» بىلەن كېيىمدىكى «توزان» شېئىرىي ئوبيېكت سۈپىتىدە بۇ دەرىجىدە كونكرېتلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ھالقىپ، بۇنداق يارقىن ھالدا ئوبرازلىشالمىغان، كىتابخانىغىمۇ بۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر بېرەلمىگەن ۋە ئۇلارنى ئىشەندۈرەلمىگەن بولاتتى. بۇ، رېئاللىقتىكى مۇمكىنسىزلىكنىڭ شېئىرىيەتتە تېگىشلىك شېئىرىي مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا مۇمكىنچىلىككە ئايلىنالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شېئىردىكى پەلسەپە دەل مۇشۇنداق مۇمكىنسىزلىك ئىچىدىكى مۇمكىنچىلىككە قارىتىلغان. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرىدا دېگۈدەك ئاشۇنداق يۇقىرى ماھارەت بىلەن قۇراشتۇرۇلغان ۋە تاۋلانغان شېئىرىي مۇھىت ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدىنمۇ ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بىز مۇشۇ پەرققە قاراپ، ئاندىن ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ باشقا شائىرلارنى دورىمىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۆز پىكىرلىرىنىمۇ تەكرارلىمىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىمىز.

«توزان قەسىدىسى» شېئىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «ياخشى» قاتارلىق شېئىرلارغا سېلىشتۇرغاندا، «توزان قەسىدىسى» دە نامايان بولىدىغىنى بىر خىل نەپىس- نازۇك گۈزەللىكتىن ئىبارەت. چۈنكى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «ياخشى» شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات كىتابخانىغا قانداقتۇ بىر خىل جەسۇرلۇق، قەتئىيەت ۋە مەردانىلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئىككىلا شېئىرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋەتەنگە بولغان ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك ھېسسىياتىنى ناھايىتى



بىمالال، مەردانىلىك بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇڭا ئۇ شېئىرلارنىڭ كىتابخانىغا بېرىدىغان زوقىنى مەردانە گۈزەللىك دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئەمدى «توزان قەسىدىسى» دە بولسا، ئەھۋال يۇقىرىقى ئەسەرلەردىكىدىن پەرق قىلىدۇ. بۇ شېئىردا باش قەھرىمان «مەن» نىڭ ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى كۆز يېشىغا قوشۇلۇپ دېگۈدەك ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە كىتابخان ئەسەردىن «مەن» نىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە يىغلاۋاتقانلىقىنى، مۇساپىرلىق- ۋەتەنسىزلىك دەردىدە پۈتۈن بەدىنى توختىماي تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. «مەن» ئۆزىنىڭ مۇساپىرلىقتا ئۆرتەنگەن قەلبىگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ۋەتەندىشىنىڭ كىيىمىدىكى توزانلارنى ۋاقتىنچە قاقماي تۇرۇشنى ئۆتۈنىدۇ. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ كىتابخانىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مەنزىرە، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان گۈزەللىك نەپىس- نازۇك گۈزەللىك بولۇپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. 10 كۇپلېتلىق بۇ شېئىرنىڭ سەككىز كۇپلېتىدا تەكرارلانغان: «قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۈستۈڭنى» دېگەن بۇ مىسرا پۈتۈن شېئىردىكى بۇنداق نازۇكلۇقنىڭ دەرىجىسىنى كۇپلېتسېرى ئاشۇرۇپ بارىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، بىر مىسرانىڭ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشى كىتابخانىغا ھەرگىز زېرىكىش تۇيغۇسى بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ.

(2) «توزان قەسىدىسى» شېئىرىنىڭ ھېسسىيات ۋەزنى ناھايىتى يېنىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن سالمىقى ناھايىتى ئېغىر. شائىر بۇ شېئىرىدا چۈشىنىشلىك ۋە ئوبرازلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن قىسقا مىسرالار ئارقىلىق كىتابخانىغا ۋەتەنسىزلىكنىڭ ئازابىنى ۋە پۇشايمىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بويىچە بىر قېتىملىق ئەمەلىي دەرس ئۆتىدۇ، كىشىلەرنى ۋەتەننى قەدىرلەش ۋە سۆيۈشكە، ۋەتەننى تەرك ئەتمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، «توزان

قەسىدىسى» شېئىرى پۈتۈن مىللىتىمىز كىشىلىرى، بولۇپمۇ كەڭ ياش-ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا بىر پارچە ئوبرازلىق قوللانما ھېسابلىنىدۇ.

(3) شائىر ئوسمانجان ساۋۇت «توزان قەسىدىسى» شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغۋار ئىدىيىنى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ دىققەت-نەزىرى ئاسان چۈشمەيدىغان «توزان» ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى يورۇتۇشنىڭ ئۆزگىچە بىر نەمۇنىسىنى ياراتقان. بۇ شېئىردىكى مۇساپىر مۇھاجىر بىلەن «توزان» نىڭ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى شائىرغا بۇ تېمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇشنىڭ ئۆزگىچە ۋە كەڭرى مۇمكىنچىلىكىنى يارىتىپ بەرگەن. شېئىردا ئاشۇنداق پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلىش ۋە ئوي-پىكىرنى شۇ خىل مۇناسىۋەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەش، شائىر ئوسمانجان ساۋۇتتىكى شەيئىلەرنى پەۋقۇلئاددە كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

(4) «توزان قەسىدىسى» شېئىرىنىڭ مۇزىكىدارلىقى خېلىلا كۈچلۈك. بۇ شېئىردىكى مۇزىكىدارلىق، ئالدى بىلەن ھەر قايسى كۇپلېتلاردا ھېسسىياتنىڭ ئاساسەن تەكشى-قويۇقلۇقىدا، ئاندىن قالسا، ھەر قايسى كۇپلېتلاردىكى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنىڭ ئوخشاشلىقىدا، ئاخىرىدا، قاپىيىلەرنىڭ ئاساسەن تولۇق ۋە توقلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شېئىردا مۇزىكىدارلىقنى ھاسىل قىلغان يۇقىرىقى ئامىللار شېئىردىكى تاشقى ئامىللار — تېخنىكىلىق مەسىلىلەر بولۇپ، ئوسمانجان ساۋۇت مەزكۇر شېئىردا بۇ مەسىلىلەرگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن ۋە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. «توزان قەسىدىسى» شېئىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدە



دىققەت مەركىزىنىڭ بىر بۆرجىكىدە تۇرالىشى — ئۇنىڭدا تولۇق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئاشۇ تاشقى ئامىللار — تېخنىكىلىق ئامىللارغىمۇ باغلىق.

## §20. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق درامىسى ھەققىدە

تۇرسۇن يۇنۇس 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر دراماتورگىيە ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن مول ھوسۇللۇق دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1942-يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ كونا شەھەر رايونىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1964-يىلى مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل-دراما ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان. 1990-يىلدىن ئېتىبارەن تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ سېنارىستى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن يۇنۇس مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا «قارلىق تاغدىكى تاڭ نۇرى» ناملىق درامىسىنى يېزىش بىلەن دراما ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «قانلىق يىللار» (1981-يىل)، «كۈتۈلمىگەن توي» (1983-يىل)، «ئالتۇن بۆشۈك» (1986-يىل)، «قوغۇن پىشقاندا» (1987-يىل)، «ئەگرى پاچاققا دوناي توقماق» (1988-يىل)، «دۇنياۋى تىلسىمات» (1989-يىل)، «گۈلدەستە» (1993-يىل)، «سۈرگۈن قۇللار» (1994-يىل)، «ھەسەن-ھۈسەن» (1995-يىل)، «مۇقام ئەجدادلىرى» (1996-يىل) قاتارلىق 30 غا يېقىن دراما؛ «پۇل دېگەن نەرسە» (1987-يىل)، «مۇقام مەرىكىسى» (1991-يىل)، «گىلەمچى» (1992-يىل)، «مەلىكە ئامانىساخان» (1993-يىل)، «مۇھەببەت مەستانىلىرى» (1994-يىل)، «چولپان» (1997-يىل) قاتارلىق 10 پارچىغا يېقىن كىنو سېنارىيىسى:

«ئاجايىپ توي» (1998 - يىل)، «قوغۇنچىنىڭ ھېكايىسى» (1995 - يىل)، «مۇقام ئەجدادلىرى» (1990 - يىل)، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى؛ «مەلىكە ئامانىنساخان» (1997 - يىل) ناملىق رومان؛ «ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى» (1984 - يىل)، «ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» (1986 - يىل)، «كىنو ۋە تىياتىرچىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىم» (1986 - يىل) قاتارلىق نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق تراگېدىيىسى 1984 - يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا كۈمۈش مېدالغا؛ «پۇل دېگەن نەرسە . . . » ناملىق كىنو فىلىمى 1987 - يىلى سىنگاپوردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق كىنو بايرىمىدا مىس مېدالغا ئېرىشتى.

«قانلىق يىللار» تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك درامىسى. بۇ دراما «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، 1984 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئورۇندىشى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ يۈكسەك ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى باھالاش يىغىنىدا كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. قىسقىسى، بۇ دراما تارىخىي مەزمۇنىنىڭ بىر قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئەينى يىللاردىكى خوجىلار يېغىلىقىنى بىر قەدەر ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، تراگېدىيە تۈسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن يالغۇز تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى 20 - ئەسىر ئۇيغۇر دراممىچىلىقىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە نادىر درامىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

«قانلىق يىللار» جەمئىي 6 پەردىدىن تەركىب تاپقان تارىخىي دراما. ئۇنىڭدا 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ۋە



دىنىي نىزالارنى پەيدا قىلغان چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ جەڭگى - جېدەللىرى ۋە شۇ جېدەللەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بىر قاتار تارىخىي تراگېدىيىلەر تەسۋىرلەنگەن.

بىزگە مەلۇم، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان (1533 — 1570) دەۋرىدە سەمەرقەندتىن ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» دەپ ئاتىۋالغان مەخدۇم ئەزەم (1461 — 1542) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلىرىغا كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار ھەدەپ ئۆزلىرىگە مۇرىت توپلاپ، كېيىنچە ئۆزلىرىنى «خوجىلار» دەپ ئاتاشقان. 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى بۇ خوجىلار «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى دىنىي مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ئاق تاغلىق» لارنىڭ ئاقساقىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى مۇھەممەتئىمىن (ئىمام كالان)، «قارا تاغلىق» لارنىڭ ئاقساقىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنى — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بىبىچەدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىسھاق ۋەلى بولۇپ، ئۇلار شەخسىي مەنسەپ ۋە ئابرۇي تالىشىپ، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى دىنىي گۇرۇھقا بۆلۈنۈۋالغان، مۇھەممەتئىمىن تەرەپدارلىرى «ئىشقىيە» (بۇلار ئاق تاغلىقلار — ئاق تەقىيىلىكلەر ياكى ئاق دوپپىلىقلار دەپ ئاتىلىدۇ)، ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە» (بۇلار قارا تاغلىقلار — قارا تەقىيىلىكلەر ياكى قارا دوپپىلىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنچە ئىمام كالان قەشقەردە، ئىسھاق ۋەلى يەكەندە تۇرۇپ دىنىي ھوقۇق تالىشىپ ئۆز ئارا كۈرەش باشلىدى. بارا - بارا بۇ دىنىي گۇرۇھلار سىياسىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ قالدى. ئابدۇرېشىتخاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن ھەر قايسى شەھەرلەرنى ئايرىۋېلىپ يەرلىك خاقان بولۇۋالغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى خوجىلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ قالدى. ئۇلار چوڭ ئىشلاردا خوجىلارنى ئۆزگە ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى قىلىشتى، خوجىلارغا نۇرغۇن مىقداردا پۇل ۋە يەر - زېمىن بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا تەلۋىلەرچە چوقۇندى. شۇنىڭ بىلەن خوجىلار زور مىقداردىكى يەر - زېمىن ۋە ئوتاقچىلارغا ئىگە بولۇپ، فېئودال

يۇقىرى تەبىقىلەر ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ قالدى. خوجىلار ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىۋالغاندىن كېيىن، سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى بارا- بارا ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى: خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ۋە جىنايى ئىشلار، نىكاھ ۋە ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا خوجىلار بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەكەن سەئىدىلەر خانلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كېيىنكى خانلار زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق رولى قالمىدى. نەتىجىدە سىياسىي ھاكىمىيەت بېشىدىكى خانلار بىلەن خوجىلار ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت تۇغۇلۇپ، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شۇ چاغدىكى قارا تاغلىقلار تەرەپدارى بولغان يەكەن سەئىدىلەر ئەۋلادى قەشقەر ھاكىمى ئىسمائىلخان بىلەن ئاق تاغلىقلار تەرەپدارى بولغان ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) ئىشان ئىككىسى ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ قانلىق جەڭ قىلدى. نەتىجىدە ئاپپاق خوجا ئىسمائىلخاندىن يېڭىلىپ مىلادىيە 1678 - يىلى تىبەتكە قېچىپ باردى. تىبەتتە بىر مەزگىل ئۆز تەرىقىتىنى تارقاتقان ۋە مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تىبەت يۇقىرى قاتلام لاما- ئۆلىمالىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭغارلارغا بېرىپ، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئاتامىنى غالداننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق ئاۋۋال قەشقەرنى، كېيىن يەكەننى قولغا ئالدى.

ئاپپاق خوجا قەشقەرنى ئىگىلىگەن ئاشۇ مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەر بىر نەچچە ئۇششاق فېئوداللىق ھاكىمىيەتكە بۆلۈنگەنىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاپپاق خوجا باشلاپ كەلگەن جۇڭغار ھاكىمىيىتىگە بېقىنىسىمۇ، يەنە بىر قىسمىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرمەكتە ئىدى. جۇڭغارلار قەشقەر تەۋەسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ھاكىملىرىنى تەيىنلەيدىغان باش نازارەتچى ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئاپپاق خوجا ئالدى بىلەن ئىسمائىلخاننى ئىلىغا ئېلىپ كېتىپ، ئۆز ئوغلى يەھيانى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، كېيىنچە ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلدى. ئاپپاق خوجا 13 يىل خانلىقتا ئولتۇرۇپ 1693 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى مۆھتەرەم خېنىم - خانىم پادىشاھ بىلەن يەھيا خوجا تىركەشتى. چۈنكى «خانىم پادىشاھ ئىسمائىلخاننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، مەمتىمىن يەھيادىن كېيىن قەشقەرىيىگە قورچاق خان بولغاندا ئاپپاق خوجا بىلەن توي قىلغان».[1] شۇڭا قارا تاغلىق تەرەپدارى بولغان ئىسمائىلخاننىڭ سىڭلىسى مۆھتەرەم خېنىم بىلەن ئاق تاغلىق تەرەپدارى بولغان يەھيا خوجىنىڭ ھوقۇق تالىشىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. «ئاپپاق خوجىنىڭ جەسىتى قەشقەرنىڭ ياغدۇ دېگەن جايىغا دەپنە قىلىندى. بۇ چاغدا خانىم پادىشاھ يەكەندە تۇراتتى، ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيا قەشقەردە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، خانىم پادىشاھ يەكەن ئالىمى مىرزا بارات ئاخۇننى ئېلىپ قەشقەرگە ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. خوجا يەھيا ئۇنى ھۆرمەت بىلەن مازار بېشىغا چۈشۈردى.»[2] خانىم پادىشاھ بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا يەھيا خوجىنىڭ يامان نىيىتىنى بىلدى- دە، دەرھال يەكەنگە قايىتتى. «ئالدى بىلەن يەھيا خوجىغا مەسلىھەت بەرگەن مىرزا بارات ئاخۇننى ئۆلتۈرگۈزدى، ئالتە ئايدىن كېيىن خوجا يەھيا ھەم ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەتئىمىن ، يەكەن ھاكىمى شاھ سەئىد ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بولغان بىر قانچە يۈز كىشى خانىم پادىشاھنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. خانىم پادىشاھ دۈشمەنلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھدى خوجىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى».[3] مەھدى خوجا تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپىسى خانىم پادىشاھنى ئۆلتۈردى، كېيىن مەھدى خوجىمۇ ئاق تاغلىق خوجىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئاقباش ئىشان دەپ بىرسى چىقتى . . .



[1][2][3] ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 2- قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 824- ، 825- بەتلەر.

شۇنداق قىلىپ 1678 - يىلىدىن 1697 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئاپپاق خوجا خانلىقى 1697 - يىلى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ يېتەكچىسى بولغان دانىيال خوجا (1659 ـ 1734) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، دانىيال خوجىدىن كېيىن، ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بورھانىددىن خوجا (1711 ـ 1761)، ئاپپاق خوجىنىڭ پەي نەۋرىسى خوجا باھاۋىدىن ئىشاننىڭ ئوغلى ۋەلىخان خوجا (1807 ـ 1866) قاتارلىقلارمۇ «قارا تاغلىق» خوجىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ نۇرغۇن قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغانىدى.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك توختاۋسىز قان تۆكۈشلەر نەتىجىسىدە ئالتە شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تولىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا- ئىشانلار تەرىپىدىن ئورنىتىلغان دىنىي جاھالىيەت تەرتىپلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي غايىسى، دېموكراتىك تەلىپى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىنتىلىشلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن بېسىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي تەرىقەتچىلىك كۈچىيىپ، مۇتەئەسسىپلىك، خۇدا گۆيلۈق، ئەۋلىياپەرەسلىك، قاششاقلىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك ئەۋج ئالدى. خوجىلار جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئاتموسفېراسىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئەينى دەۋردىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بارغانچە خارابلىشىپ چاك- چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى، ئىشلەپچىقىرىش كاساتلاشتى، ئاچ، يالىڭاچلىق ئەۋج ئالدى. نۇرغۇن ئادەم ئۆي- ماكانسىز قېلىپ، تەركىدۇنياچىلىق يولىغا ماڭدى. بۇ ھال ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدا كۈچلۈك نارازىلىق، قارشىلىق كەيپىياتىنى قوزغىدى. ئۇلار ئىجتىمائىي داۋالغۇش، دىنىي نىزا ۋە ساراسىمىنىڭ بالدۇرراق تۈگىشىنى، مۇقىملىق ۋە ئىناقلىقنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى. ئەل- يۇرتنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن نەزەر سېلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار ئاشۇ بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىت ئىچىدە كىشنىگەن تۇلپاردەك جاھالەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار تېمىدىكى شېئىر- داستانلىرى ۋە مۇقام- مۇزىكىلىرى ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئەركىنلىككە، نىجاتلىققا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە دىنىي جاھالەت، تەسەۋۋۇپچىلىق،



ئەۋلىياپەرەسلىك ۋە تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىپ، خەلقنى نادانلىق يولىغا باشلىغۇچى بىر تۈركۈم روھانىي خوجا- كالانلار بىلەن دىنىي جاھالەتكە، تەركىدۇنياچىلىق ۋە تەپرىقىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك، بىلىم- مەرىپەت، تەرەققىيات ۋە ئاسايىشلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئىلغار يېڭى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانچە ئۆتكۈرلەشتى. كۈرەش جەريانىدا دىنىي جاھالەت كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ئىمتىيازىغا تايىنىپ ئىلغار كۈچلەرنى باشقۇرۇش ئارقىلىق ھامان ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار كۈچلەر بولسا ھەر قانداق قان تۆكۈشلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ غايىسى يولىدا تىنىمسىز، توختىماي كۈرەش قىلدى. نەتىجىدە بۇ خىل ئىككى سىنىپ، ئىككى تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىلەن، ھۆكۈمران كۈچلەر بولغان «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان سىياسىي ماجىرالار شىنجاڭ تارىخىدا ئالاھەزەل 100 يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلدى.

دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىدە، خوجىلار دەۋرىدىكى ئاشۇ كەسكىن كۈرەش ۋە قانلىق جەڭلەرنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى ئۇزۇتىسىغا تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى ئاپپاق خوجا ئۆلۈپ، مۆھتىرەم خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا تەختكە چىققان دەۋرلەردىكى قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن خوجىلارنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىق تالىشىش كۈرىشى بىلەن، تەرىقەتچىلەر ھەم مەرىپەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھايات- ماماتلىق قانلىق كۈرەشلەرنىڭ ئايرىم كۆرۈنۈشىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى، سۇژېت تەرەققىياتى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، تراگېدىيىلىك ۋەقەلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش جەريانى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە تارىخىي قىممىتىدىن ئالغاندا، ئاپتور ئاساسەن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن.

«قانلىق يىللار» ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق تراگېدىيە. رۇس تەنقىدچىسى بېلىنىسكىي: «تراگېدىيىنىڭ مەنىسى قورقۇنچلۇق ۋەقە ۋە بەختسىز ئاقىۋەت دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئۆز ئارا بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ.

گېرمانىيلىكلەرمۇ ئۇنى «پاجىئەلىك مەنزىرە» دەپ ئاتىغان. چۈنكى ئەينى دەۋردىكى قاراڭغۇ، كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمران كۈچلەر خەلقنى يەنىمۇ قاتتىق ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن، مۇقەررەر تۈردە يېڭى كۈچلەرنى باسقان، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ پەرق بولغانلىقتىن، يېڭى كۈچلەر مەغلۇپ بولغان، نەتىجىدە بۇ خىل قورقۇنچلۇق سۈيىقەست ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت تراگېدىيىدىن شەكىللەندۇرۇلگەن»① دېگەنىدى. «قانلىق يىللار» دا يېزىلغىنىمۇ «ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى كۈچلەر» نىڭ «يېڭى كۈچلەر» نى بېسىشى نەتىجىسىدە، يېڭى كۈچلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن كېلىپ چىققان تراگېدىيە. تۇرسۇن يۇنۇس بۇ تراگېدىينى ئىپادىلەشتە ئۆزگىچە يول تۇتقان. ئۇ ئەسىردە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، مۇكەممەل ۋە دولقۇنسىمان ۋەقە، مول پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ئىخچام ۋە ئوبرازلىق تىل، مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق، خوجىلار دەۋرىنىڭ قاتمۇ قات زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرگە تولغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى خېلى ئوبدان گەۋدىلەندۇرۇپ، خانىم پادىشاھ، خوجا مەھدى، سوپى ھەيدەر (ئاقباش ئىشان) باشچىلىقىدىكى دىنىي جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشى جەريانىدىكى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىقىنى، بۇلار بىلەن مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، پاخلاندۇ خېنىم، مۇرادىل . . . قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان، بىلىم- مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ، ناخشا- مۇزىكىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىلغار كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۆرەش جەريانىنى خېلى ئىشەنچلىك ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

تراگېدىيىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى — كېيىن قارا تاغلىق خوجىلارغا قول بېرىپ پادىشاھلىق تەختكە چىققان زالىم پادىشاھ مۇھتەرەم خېنىم بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى — شائىر ھەم مۇقامشۇناس

① «جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر مەجمۇئەسى. شىنجاڭ تومى»، 1- قىسىم، جوڭگو تىياتىر نەشرىياتى، 1998- يىل خەنزۇچە نەشرى، 437- بەت.



پاخلاندۇ خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەشتىن باشلىنىدۇ. زالىملىق، ئەلۋىلىك، خۇراپاتلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتە ئۇچىغا چىققان مۇھتەرەم خېنىم ئۆزىنىڭ «ھۆكۈمرانلىق بىڭىسى» نى كۆرسىتىش، يېڭى كۈچلەرگە، مۇقام- مۇزىكىغا بولغان ئۆچمەنلىكنى نامايان قىلىپ، سوپىلىق سۇلۇكلىرىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى — پاخلاندۇ خېنىمنى داش قازاندا قايناۋاتقان قىزىق ياغقا تاشلاپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. گۈزەل ھەم ياش ئايال پاخلاندۇ خېنىمنىڭ شاگىرتى نۇرئىمان خېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئېرى— شائىر ھەم مۇقامچى مۇرادىل ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، «ئىشان، سوپىلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان جاي» لارغا بېرىپ، «مۇقام مەدرىسەلىرىنى ئېچىپ» خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرماقچى بولىدۇ. خانىم پادىشاھ بىر كۈنى نۇر ئىماننىڭ گۈزەل قىياپىتىنى كۆرۈپلا، ئۇنى ئوغلى خوجا مەھدىگە ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل، گۈزەل ئايال نۇرئىمان خوجا مەھدىنىڭ بۇ ئورۇنسىز تەلىپىگە ئۇنىماي، كىرگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. بىراق خوجا مەھدىنىڭ ئەمردىكى خوتۇنى مەلىكە خېنىم بۇ ئىشتىن كۆندەشلىكى تۇتۇپ، نۇرئىماننىڭ ئىچىدىغان چېيىغا زەھەر سېلىپ قويىدۇ. نۇرئىمان مەلىكىنىڭ بۇ خىل سۇيىقەستىنى بىلمەي زەھەر سېلىنغان چاينى مۇرادىلغا سۇنىدۇ. مۇرادىل چاينى ئىچىپلا زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. نۇرئىمان بۇ ئىشتىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ؛ دەل مۇشۇ چاغدا خوجا مەھدى ئاپىسى خانىم پادىشاھنىڭ ئورنىغا خانىدانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ ۋە نۇرئىمانغا يەنە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ. نۇرئىمان بۇنىڭغا قەتئىي ئۇنىمايدۇ. دەل مۇشۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە نۇرئىماننىڭ ئاپىسى مەريەمخان كېلىپ قالىدۇ. مەريەمخان يۇقىرىقى ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن قىزى نۇرئىمانغا، ئۆزىنىڭ مۇندىن 19 يىل بۇرۇن قورسىقىدىكى ئۈچ ئايلىق بالا بىلەن خوجا مەھدىنىڭ «تالاق» قىلىپ قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن خوتۇنى ئىكەنلىكىنى، قورسىقىدىكى ئاشۇ ئۈچ ئايلىق بالا — نۇرئىمان ئىكەنلىكىنى، نۇرئىماننىڭ ئەسلىدىكى دادىسى شاھ سەئىد ئەمەس، بەلكى ھازىر ئۆزىگە توي تەلىپىنى قويۇۋاتقان خوجا مەھدى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. نۇرئىمان بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى

بىلگەندىن كېيىن، ئاچچىق ئازاب ۋە خورلۇققا چىدىماي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

خوجا مەھدى بىلەن خانىم پادىشاھنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن نەپسانىيەتچىلىكى ئۇلار ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. زالىملىق، قانخورلۇق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە نادانلىقتا ئاپىسىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغان خوجا مەھدى ھوقۇق ۋە پۇل- مالنى دەپ ئۆز ئاپىسى خانىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمۇ سوپى ھەيدەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئۆز ئوغلى شىرمەت تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. . .

«قانلىق يىللار» دا يۇقىرىقىدەك ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر، دەھشەتلىك قان تۆكۈشلەر قوشۇلۇپ ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ياش مۇقامچى، شائىر پاخلاندۇ خېنىم، ئاق كۆڭۈل، گۈزەل ئايال نۇرئىمان ۋە بىلىملىك شائىر ھەم مۇقامچى مۇرادىل قاتارلىقلار ئۇيغۇر مۇقامىنى، كلاسسىك سەنئەتنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەشتە ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلۈپ كېتىدۇ: بىراق ئۇلارنىڭ گۈزەل غايىسى، ئېسىل ئەخلاق- پەزىلەتنى دەۋرداشلىرى ئارىسىدا ئۆزۈنىچە ساقلىنىدۇ. زالىم پادىشاھ مۆھتىرەم خېنىم، نەپسانىيەتچى جاللات خوجا مەھدى ۋە باشقا بىر قىسىم سوپى- ئىشانلارمۇ ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى زامانداشلىرىنىڭ نەپرەت تۈكرۈكلىرى ئاستىدا قېلىپ، مەڭگۈلۈك نىجاسەتكە ئايلىنىدۇ.

تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» دا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تراگېدىيىلىك ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خانىم پادىشاھ بىلەن خوجا مەھدى ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار، مۇتەئەسسىپ سوپىلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى قاڭشىر قاقشىتىش ھېسابىغا ئۆزلىرى راھەت كۆرىدىغان، خەلقنى تەركىدۇنياچىلىق يولىغا باشلاپ، ئۆزلىرى بايلىق توپلايدىغان ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچىلىكىنى، پۇل- مال ۋە نام- ئەمەلنى دەپ خەلقنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىرغىن قىلىدىغان زالىملىق ۋە قانخورلۇقىنى: تەرىقەت ۋە ئىشانلىقنى تەرغىب قىلىپ، ئىلىم- مەرىپەتنى، مۇقام ۋە سەنئەتنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشتەك مۇتەئەسسىپ ۋە نادانلىقنى قاتتىق پاش قىلغان ۋە



ئەنقىد قىلغان. شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇزىكانت پاخلاندۇ خېنىم ۋەكىللىكىدىكى مەرىپەتپەرۋەر مۇقامچىلارنىڭ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى، مۇقام ۋە شېئىرىيەتنى دەپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا رازى بولۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

سەھنە ئەسەرلىرى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا سەھنە سەنئىتى، شۇنىڭدەك ئاڭلاش ھەم كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھېسسىي تەسىر بېرىدىغان ئۇنىۋېرسال سەنئەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى پروزا ياكى شېئىرىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر ئالغان بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر قەدەر روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىشى، گۆش ھەم قېنى بار، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جانلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال ئادەملەردىن قىلىپ يارىتىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، پېرسوناژنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئەسەرنىڭ ئالغا سۈرگەن غايىسى يۈزە، ئەكس ئەتتۈرگەن پىكرى غۇۋا، تەپسىلاتلىرى شالاڭ، خاراكتېر ئىزچىللىقى كەم، دراماتىك توقۇنۇشى ئاجىز، تراگېدىيىلىك تۈسى يوق بولۇپ قېلىپ، ئوقۇرمەن ۋە تاماشىبىنلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» دا پېرسوناژلار ئوبرازىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى يارىتىشتا ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ماتېرىيال ۋە بەلگىلىك تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ، ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، دەۋر خۇسۇسىيىتى، جەمئىيەت تۈزۈلۈشى، ھەر خىل گۇرۇھ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى تۇرمۇش ئادىتى، ئوخشىمىغان تەبىقە ۋە گۇرۇھتىكى كىشىلەرنىڭ ياشاش ئىستىكى ۋە ھايات لوگىكىسى: ھەر قايسى قاتلام كىشىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتى، ئۆزىگە خاس مىجەز- خاراكتېر، ئارزۇ- غايىسى ۋە پىكىر- ھېسسىياتى . . . قاتارلىقلار ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى، چىرىك جەمئىيەت تۈزۈمى، ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھۇ زارى، قايغۇ- ھەسرىتى ۋە ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى: دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان

جاھالىيەت كۈچلىرى بىلەن ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى كۈچلەرنىڭ ئۆتكۈر، قارىمۇ قارشىلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

«قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىدە 20 دىن ئارتۇق پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھ، خېنىملىرى، خانزادە- بەگزادىلىرى، ئوردىنىڭ قەلەمدار- ئەلەمدارلىرىدىن تارتىپ سوپى- ئىشانلار، قازى- كالانلار، ئالىم- شائىرلار، مۇقامچى- ھاپىزلار، تېۋىپ- موللىلار، مۇنەججىم- رەممالار، تەقۋادار ئاشىقلار، جادۇگەر، دەللاللار، شەيخلەر، قانخور لۈكچەكلەر، كەمبەغەل- دىۋانىلەر . . . گەرچە بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن تۆۋەن قاتلىمىغىچە، پادىشاھتىن پۇقراغىچە، شەھرىستاندىن چۆل- سەھراغىچە، ھەشەمەتلىك ئوردا ئىچىدىكى كۈلكە- چاقچاقلاردىن قاراڭغۇ زىنداندىكى ئاچچىق كۆز يېشىغىچە تۇتىشىدۇ. بۇ پېرسوناژلار ئۆزىگە يۈكلەنگەن مۇئەييەن غايىۋى مەزمۇنى ۋە سىمۋوللۇق تۈسى بىلەن ئەينى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ھەر قايسىسى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى، ئۆزگىچە مىجەز- خاراكتېرى، سەرگۈزەشتىسى بىلەن بىر- بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ پېرسوناژلار توپى ئىچىدە كىتابخانلارنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقىدىغىنى ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتەرەم خېنىم- خانىم پادىشاھنىڭ ئوبرازىدۇر. ھەقىقەتەن مۆھتەرەم خېنىم يەكەن خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان قىسقىغىنە ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىشانلىق سۇلۇكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەكەن خانلىقىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، زالىملىق ۋە قانخورلۇقتا چېكىدىن ئېشىپ، ھېسابسىز قان قەرزگە بوغۇلغان رەھىمسىز جاللات ئىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى خانىم پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «خانىم پادىشاھ ۋاقتىدا خۇنخورلۇق شۇنداق دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسىمۇ ئۆلتۈرەتتى، ئايال كىشى چېچىنى تارىسىمۇ ئۆلتۈرەتتى، ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى، بەكمۇ گۈزەل ئىدى، ئىسمى پاخلاندۇ خېنىم ئىدى. ئۇنى يەھيا خوجامغا ياتلىق قىلغانىدى. تېخى



تۇغمىغانىدى. ئۇنى يامان كۆرۈپ ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈردى. خەلق ئۇنىڭ مۇنداق ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈپ ‹جاللات خېنىم› دەپ ئاتىدى»①. دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس خانىم پادىشاھ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، خانىم پادىشاھنىڭ دۇنيا قارىشى، ياشاش ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىگە خاس پسىخىكىسىنى خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. ئەسەردىكى خانىم پادىشاھ پەقەت 1- پەردە بىلەن 5- پەردىدە كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ خۇددى تارىختىكى جاللات خېنىمغا ئوخشاشلا قانخور، زالىم، مۇتەئەسسىپ پادىشاھ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ئۆگەي ئوغلى خوجا يەھيانى ئۆلتۈرۈپ، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئۇلارغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان ھەر قانداق ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ئاپپاق خوجىنىڭ يۈزى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەرگەن بىر تۇغقان سىڭلىسى پاخلاندۇ خېنىمنى «يەھيا خوجىغا تەگكەن» دېگەن گۇناھ بىلەن داشقازاندىكى قىزىق ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ قۇدا بولۇشىنى چەكلەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى شاھ سەئىدنىڭ قىزى نۇرئىماننى «ئاق تاغلىقنىڭ مۇرىتى بولغان مۇقامچىنىڭ ئوغلى مۇرادىل» دىن مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە نەگىلا بارسا «ئاق تاغلىقلار» غا رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى ھەدەپ داۋراڭ قىلىدۇ.

پاخلاندۇ خېنىم: ياق، مەن سۆزلەيمەن! بۈگۈن سىلەرنىڭ قارا تاغلىق ئىشانىڭلار ئۇن نەچچە مەشھۇر تېبابەتچى بىلەن بىر نەچچە شائىرنى، بۇرۇن قەشقەردە يەھيا خوجىغا قول بەرگەن دېگەننى باھانە قىلىپ، كەكە بىلەن مېڭىسىگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى! . . .

خانىم پادىشاھ: (گەپنى بۆلۈپ) راست، شۇنداق بولدى. قارا تاغلىق ئىشانلار مېنىڭ ئەمرىم بىلەن ئىش قىلدى. مەن يەنە شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەمدى ئاق تاغلىقلارغا رەھىم قىلمايمەن. ئاق تاغلىقلار ھەممىلا يەردە قارا تاغلىقلارغا كۈن بەرمەيۋاتىدۇ، بىزمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز.

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 2- قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 825- بەت.

ئىسھاقىيەلەرگە باش ئەگمىگەن، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەن ھەر قانداق ئاق تاغلىقنى مەيلى ئالىم بولسۇن، مەيلى شائىر ياكى تېبابەتچى بولسۇن، ئۇلارنى تاپقانلا يەردە ئۇرىمىز، ئاسىمىز، چاپىمىز! مەن ئاق تاغلىقلارنىڭ قېنىدا تۇگمەن چۆرگىلىتىپ ۋە ئاشۇ تۇگمەندە ئۇن تارتىپ يېمىسەم خانىم پادىشاھ بولماي كېتەي! ...

قاراڭ، ئاپتور خانىم پادىشاھنىڭ زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان يۇقىرىقى سۆزلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدىكى قانخورلۇق ۋە زالىملىقىنى خېلى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «قانلىق يىللار» دىكى خانىم پادىشاھ ئەنە شۇنداق مۇتەئەسسىپ، زالىم ئايال. گەرچە ئۇ درامىدا باشقا پېرسوناژلاردەك ئىنچىل تەسۋىرلەنمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئوبرازى ئەسەردە باشتىن - ئاخىر يوقاپ كەتمەيدۇ، بەزىدە بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقسا، بەزىدە ۋاسىتىلىك تەسۋىرلىنىدۇ. 5 - پەردىگە كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى خوجا مەھدى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوردا ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، پىسخىك ئۆزگىچىلىكى، مىجەزىدىكى ئۆزەمچىلىكى، تۇرمۇشتىكى زالىم، مۇتەئەسسىپلىكى بىلەن خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ جاھالەتلىك دەۋردىكى چىرىك جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى، خوجىلار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى جەريانىدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى خېلى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن ئەسەردىكى باشقا پېرسوناژلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

«قانلىق يىللار» درامىسىدا خانىم پادىشاھنىڭ ئوغلى خوجا مەھدىنىڭ ئوبرازىمۇ خېلى ياخشى يارىتىلغان. ئاپتور خوجا مەھدىنى خانىم پادىشاھنىڭ داۋامى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەچكە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خاراكتېرى درامىنىڭ بېشىدا ئانچە كۆرۈلمەي، 2- پەردىدىن باشلاپ تەدرىجىي ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزىدە ئاپىسىدا بار بولغان زالىملىق، قانخورلۇقتىن باشقا، يەنە ئەينى دەۋرلەردىكى ئەركە - نايناق بەگزادىلەردە بار بولغان زالىملىق، قانخورلۇق، تۇزكورلۇق، مەنمەنچىلىك، خوتۇنپەرەسلىك ئىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئومۇمەن خوجىلار دەۋرىدىكى خاندانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازۇك زىددىيەت ۋە كەسكىن كۈرەشلەر، ئۆز



ئارا ھوقۇق تالىشىش جەريانىدىكى بىر- بىرىنى قىرىشلار، ئۆز ئارا زوراۋانلىق ۋە پۇقرالار، مەرىپەتپەرۋەرلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قانخورلۇقلار خانىم پادىشاھ بىلەن خوجا مەھدىنىڭ ئوبرازىدا خېلى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«قانلىق يىللار» دىكى سەلبىي پېرسوناژلار ئىچىدە كۆپرەك سەھىپىدە تەسۋىرلەنگىنى سوپى ھەيدەر ئوبرازىدۇر. ئاپتور بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزالارنىڭ مەنبەسى، شەكىللىنىش ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە خېلىلا ئىزدەنگەن. «تەزكىرەئى خوجىگا» قاتارلىق بەزى نوپۇزلۇق كىتابلاردا خانىم پادىشاھ بىلەن يەھيا خوجا تىركەشكەن ئاشۇ دەۋرلەردە خوجىلارنىڭ ئۆز ئارا تىركىشىپ ھاكىمىيەت تالىشىشىدىن پايدىلىنىپ «ئاقباش ئىشان» دېگەن بىرىنىڭ بىر مەزگىل ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس سوپى ھەيدەر ئوبرازىنى ئاشۇ پروتوتىپ ئاساسىدا ياراتقان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، «قانلىق يىللار» دىكى سوپى ھەيدەرگە يۈكلەنگەن ئىككى يۈزلىمىلىك، قانخورلۇق، زالىملىق، تۈلكىلىك، يىراقنى كۆرەرلىك . . . كە ئوخشاش ئالامەتلەر تەبىئىيلا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل مۇرەككەپلىكنىڭ يېشىلىشىمۇ تۇيۇقسىز، پارتلاش خاراكتېرىدە ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي، پەيدىنپەي بولغاچقا، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ۋەقە- ھادىسىلەر بىزدە خېلىلا چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

سوپى ھەيدەر «قانلىق يىللار» دا ئەسلىي «ئاقباش ئىشان» دەپ ئاتالغان قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ سادىق مۇرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما ئۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ «ئاقباش ئىشان» ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇ «خانىم پادىشاھ ئاپپاق خوجىنىڭ خوتۇنى بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغدا ‹ئاق تاغلىقنى قىرغان› دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان» ئىدى. ئەمما ئۇ كېيىنچە ئالدىدىكى بارلىق توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قارا تاغلىقلار قۇرغان خاندانلىقتا مۆھۈردارلىق مەنسىپىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن خانىم پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىشنى ئويلاپ، خانىم پادىشاھنى خۇشال قىلىدىغان ھەر قانداق رەزىللىك،

زوراۋانلىقنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ مەرىپەتچىلەر، مۇقامچىلارغا ئۆچلۈك قىلىش ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ زەلىلىنى يوقىتىۋېتىش پىلانىنى ئويلاپ چىقىدۇ، زەلىلى خوتەن تەرەپكە كېتىپ، بۇ رەزىل پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ئوردا ئەمەلدارى شاھ سەئىدنى «قىزى نۇرئىماننى ئاق تاغلىق مۇقامچىنىڭ ئوغلىغا بەردى» دەپ پادىشاھقا چېقىشتۇرۇپ، ئوردا خىزمىتىدىن چەتلەشتۈرىدۇ. ئاندىن خوجا مەھدىنىڭ ھاماقەت، خوتۇنبازلىقىدىن پايدىلىنىپ، نۇرئىماننى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش، قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن، شاھ سەئىدنى «قىزى نۇرئىماننى مۇقامچى مۇرادىلدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىش» كە قىستايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوردا ئالىمى مىرزا باراتقا «زەلىلىنى قاچۇرۇۋەتكەنلەرنى تېپىش» ۋە مۇقامچى «مۇرادىلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش» قا بۇيرۇق قىلىپ، مۇشۇ ئىشنىڭ باھانىسىدا مىرزا باراتنى يوقىتىۋېتىشنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ. مۇرادىل قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زەلىلىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغىنىنى، زەلىلىپەرەس تالىپ ئىكەنلىكىنى شىپى كەلتۈرۈپ خوجا مەھدىگە مۇرادىلنى يوقىتىپ، نۇرئىماننى ئەمرىگە ئېلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوردا ئىچىدە خانىم پادىشاھ ۋە خوجا مەھدىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، خانىم پادىشاھ ناھايىتى تېزلا ئۇنى «لەشكەر بېشى» مەنسىپىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش ھېسسىياتى كۈچىيىپ، كۆرۈنۈشتە ئوردا ئۈچۈن ئىشلىگەندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە «ئىشان - سوپىلار ئارىسىدا جەررە - ساما سېلىپ يۈرۈپ» ئۆزىگە كۈچ توپلايدۇ. ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شاھ سەئىد بىلەن مىرزا باراتنى مەخپىي ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن خوجا مەھدىگە: «زەلىلىنىڭ تالىپلىرى ئادەم توپلاپ ھەممە تەرەپتە پىتنە - پاسات پەيدا قىلىۋاتىدۇ، جانابىي خانىم پادىشاھ بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئالا - توپىلاڭ قوزغاپ ئالەمنى - مالەم قىلىۋاتىدۇ» دەپ تېرە تاراقشىتىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ. كېيىن خوجا مەھدىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ئەمما ھوقۇقپەرەسلىكىدىن پايدىلىنىپ مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭغا «ئانىسىدىن تانغانلىقى» ۋە «گۇناھسىز



نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن خانىم پادىشاھنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى» ھەققىدە پەرمان چىقارغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاۋۋال خوجا مەھدىنىڭ قىلىچى ئارقىلىق خانىم پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، خوجا مەھدىنى يېتىم قالدۇرىدۇ. ئاندىن شىرمەتنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق خوجا مەھدىنى يوقىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى مەقسەت-مۇرادىغا يېتىدۇ. ئەمما «ئاسماننى يەنە ئەجەل قۇيۇنلىرى قاپلايدۇ» تارىم ۋادىسىدا «زالىم پادىشاھ مۆھتىرەم خېنىمنىڭ زۇلۇمى» نىڭ ئورنىغا «سوپى ھەيدەر ئاقباش ئىشاننىڭ قىرغىنچىلىقى» باشلىنىدۇ. . .

قىسقىسى، ئاپتور سوپى ھەيدەر ئوبرازىنى ئۇنىڭ كونكرېت ھەرىكەت-پائالىيىتى ئىچىدە ياراتقان. بۇ ئوبراز ئۆزىدىكى يوقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەدېسىلا ئاللانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرسىمۇ، ئەمما ئەمگەكچى خەلقنى قاقشىتىش، بىرى بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش ھېسابىغا ئۆزلىرى راھەت كۆرۈشنى كۆزلەيدىغان، پۈتۈن-بارلىقى ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، زالىملىق، قانخورلۇق ۋە ھىيلە-مىكىرگە تولۇپ كەتكەن خوجا- ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرى ۋە رەزىل ئىچكى دۇنياسىنى خېلى ئوبدان گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

بىر پارچە ياخشى تراگېدىيە ئەسىرى ئومۇمەن چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇك ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر ۋە كەسكىن دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ياكى ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشى ئارقىلىق چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك مەدھىيىلىنىپ، ساختىلىق، زوراۋانلىق ۋە رەزىللىك قامچىلىنىش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلار ئېچىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا تراگېدىيىدە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ سۆز- ھەرىكىتى قانچە ئۆزگىچە ۋە تۇرمۇشقا يېقىن بولسا، ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭمۇ شۇنچە مەردانە، ھەققانىي ۋە تۇرمۇشلۇق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» دا تراگېدىيە ئەسىرىدە

بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، گۈزەللىك، ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان پاخلاندۇ خېنىم، مۇھەممەد سىدىق زەلىلىلەرنىڭ ئوبرازىنىمۇ خېلى ياخشى ياراتقان.

پاخلاندۇ خېنىم خوجىلار دەۋرىدىكى تارىخىي شەخس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەرجىمىھالى، تارىختىكى ئورنى، سىياسىي غايىسى، مىجەز-خاراكتېرى ھەققىدىكى ماتېرىيال زامانىمىزغا تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس ئۆزىنىڭ يۈكسەك تەسەۋۋۇرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئازغىنە ماتېرىيالغا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى خېلىلا ياخشى ياراتقان. ئۇ گەرچە ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كۆرۈنۈپ، بالدۇرلا قۇربان بولۇپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز- خاراكتېرى، كەيپىياتى، روھىي ھالىتى كۆز ئالدىمىزدىن ئۆزۈلمىگەچكە كەتمەيدۇ. پاخلاندۇ خېنىم مۇستەبىت ئاچىسى مۆھتىرەم خېنىم-خانىم پادىشاھنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىدىيىسىگە، زوراۋانلىقىغا ئۇزۇل- كېسىل قارشى تۇرىدىغان، خوجىلاردىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ چىرىك جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىسيانكارى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ يەنە مەدەنىيەتنى قىزغىن سۆيىدۇ، شېئىرنى، ناخشا- مۇزىكىنى، ئۇيغۇر مۇقامىنى ياخشى كۆرىدۇ. زەلىلىدەك ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدۇ. بىلىمسىز، نادانلارغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك قىلىدۇ؛ ئەلنى بىلىم بىلەن سوراشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىلىم- پەنگە، بىلىملىكلەرگە قارشى تۇرغان ئاچىسى خانىم پادىشاھقا «مېنىڭ سېنىڭدەك ئاچام يوق، سەنلەرنىڭ كاساپىتىڭدىن مەرىپەت دۇنياسى سارائىلار دۇنياسىغا ئايلىنىۋاتىدۇ، ئاتا- بالا، ئەر- خوتۇن، ھەتتا جانجىگەر قېرىنداشلارمۇ ئاق تاغ- قارا تاغ، دەپ بىرى بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈۋاتىدۇ، سانسىز نارەسىدە بالىلار ئىگە- چاقىسىز، ئاچ- يالىڭاچ قېلىۋاتىدۇ. . . كۆرمىڭ ئالىملار، مۇقامچىلار ، شائىرلار ۋە تېبابەتچىلەر مەزھەپ ماجىراسىدا جانىدىن جۇدا بولۇۋاتىدۇ . . . » دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ ھەقىقەتنى قوغلىشىدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نادانلىق، بىلىمسىزلىكنىڭ يەمچۈكى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى،



ۋەيران بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت- سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرى بولغان «12 مۇقام» نى قۇتقۇزۇۋېلىشنى، مەدەنىيەت- سەنئەت گۈللەنگەن، بىلىم يۇرتلىرى كۆپەيگەن، ئىلىم ئەھلى قەدىرلەنگەن، خەلق تۇرمۇشى پاراۋان بولغان بىر خاتىرجەم جەمئىيەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەكسىچە ئاچىسى خانىم پادىشاھنىڭ خانلىقنى ۋەيران، ئەلنى خاراب قىلىۋەتكەن چىرىك ھاكىمىيىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئۇ خانىم پادىشاھقا كەسكىنلىك بىلەن: « . . . ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان زامانىدا تەسىس ئېتىلگەن ئىلىم- مەرىپەت مەدرىسەلىرىدە مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەبۇ ناسىر فارابى، ئارىستوتىل، ئۇلۇغبەك، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا ۋە ئەلىشىر نەۋائىيلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن دەرس بېرىلگەن ئەمەسمىدى؟ سانسىز ئالىملار يېتىلگەن ئەمەسمىدى؟ خەلقىمىز باياشاتلىشىپ، ئەل- يۇرت گۈللەنگەن ئەمەسمىدى؟ ئەزىز خەلقىمىز پۈتۈن جاھان مىقياسىدا ئاجايىپ گۈللەنگەن خەلق بولۇپ تونۇلغان ئەمەسمىدى؟ لېكىن بۈگۈنكى ئەۋھامپەرەسلىك (دىنىي ۋەھىمچىلىك) باش كۆتۈرگەن خوجا- ئىشانلار زامانىسىدا، ئۇ مەدرىسەلەر ‹دەھرىيلىك ئوچىقى› دەپ قارىلىنىپ ۋەيران قىلىندى. ئېلىمىزنىڭ ئىلىم- پەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلغار قارىشى، سىياسىي خاھىشى ۋە روشەن پوزىتسىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئاچىسى خانىم پادىشاھ بىلەن بولغان زىددىيىتىنى بارغانچە كەسكىنلەشتۈرۈپ، كۈچ جەھەتتە بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل لاگېرنى شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە كۈرەش بارغانچە ئۆتكۈرلىشىدۇ. پادىشاھ ئۇنى جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ مەردانىلىك بىلەن «كىمكى قان بىلەن دەريا ئاققۇزسا، شۇ دەرياغا ئۆزى غەرق بولغۇسىدۇر» دەيدۇ. شائىر زەلىلى شۇئان پادىشاھتىن ئۇنىڭ جېنىنى تىلىۋالماقچى بولغاندا، ئۇ مەردانىلىك بىلەن: «ئۇستاز! مېنى تىلىمىسىلە، بۇلاردىن پاناھ تىلەش- بۆرىدىن ۋاپا

تىلىگەنلىكتۇر. . . جېنىم چىققۇچە دەيدىغاننى دەپ ئۆلىمەن!» دەيدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق كەسكىن، مەردانە پوزىتسىيىسى، گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب غايىسى ئاشۇ دەۋردىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇتەئەسسىپ پادىشاھنىڭ بىلىم ئەھلىگە، ھەقىقەتنى،ئادالەتنى ياقلايدىغان ئىلغار، يېڭى كۈچلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

دېمەك، پاخلاندۇ خېنىم ھەممىلا يەرنى نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىك، ئىشانلىق تۇمانلىرى قاپلىغان ئاشۇ جاھالەتلىك قاراڭغۇ تۈنلەردە خۇددى تۈن كۆكىدە پارلىغان چولپان، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە كىشىنىگەن تۇلپاردەك كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ ھەقىقەتنى، ئادالەتنى ياقلاپ، دىنىي جاھالەت كۈچلىرى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىش: باي، گۈللەنگەن، ئىلىم-مەرىپەت تەرەققىي قىلغان، ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپەيگەن، پاراۋان جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ھەتتا خوجا- ئىشانلارنىڭ ئىچىدىمۇ «خوجا جاھان ئەرشى، پوتۇھى، خامۇش ئاخۇن يەركەندىگە ئوخشاش خان جەمەتىدىن بولغان ئەدىبلەر»① دەك ھەققانىيەتنى، بىلىم- مەرىپەتنى ياقلايدىغان ئىلغار كۈچلەر بار ئىدى. ئۇلار ئاشۇ دەۋردىكى بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر، مەرىپەتنى ياقلىغۇچىلار بىلەن تەرىقەتنى تەرغىب قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەش ئاستىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار غايىسى يولىدا توختاۋسىز كۈرەش قىلغان، ھەتتا بەزىلەر ئۆز ئېتىقادى ۋە غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىيات- سەنئىتىنى جاھالەت كۈيلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى ئېقىش، باشلىرى كېتىشتىنمۇ قورقمىغانىدى. ئاپتور «قانلىق يىللار» دىكى تارىخىي شەخس — ئاپپاق خوجىنىڭ كېلىنى، يەھيا

① ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» 3- قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 134- بەت.



خوجىنىڭ خوتۇنى، جاللات پادىشاھ مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى بولغان پاخلاندۇ خېنىمنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى، روشەن سىياسىي خاھىشى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ياشاش ئۇسۇلى، ئۆزىگە خاس سەجىيە- خاراكتېرى، ئىرادە ھېسسىياتى، ئىنتىلىش- ئىزدىنىشلىرى ۋە ھەممىدە مىللەتنى، مىللىي مەدەنىيەتنى قۇتقۇزۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلايدىغان ئالىيجاناب، ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق، ھەممە يەرنى بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىغان ئاشۇ دەۋر يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى خېلى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

«قانلىق يىللار» دا شائىر زەلىلىنىڭ ئوبرازىمۇ خېلى ياخشى يارىتىلغان.

«زەلىلى ئىجتىمائىي، تارىخىي جەھەتتە ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە- خوجىلار دەۋرى دەپ ئاتالغان زۇلمەتلىك، پاجىئەلىك دەۋردە، ئىدىيىۋى ئاتموسفېرا جەھەتتە پانتېئىزملىق قاراشلار بارغانچە ئىلغار كۆز قاراشلار بىلەن ئۆزىنى يوپۇقداشقا مەجبۇر بولغان دەۋردە ياشىغانىدى.»① شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئىنسانپەرۋەرلىك پىكرى بىلەن پانتېئىزملىق ئالەم قاراشلىرىنىڭ سوپىزملىق ئىشقى ئىلاھىيە شەكلىدىكى بىرلىكىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقا، ئەينى دەۋردە پىكىر- ھېسسىيات، دۇنيا قاراش ۋە ئىجتىمائىي غايە جەھەتتىن دەۋرداشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ھاۋانىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىدىيىلىرىنى قاپلىغان مۇتەئەسسىپلىك، ئۇنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئۇقتىسىنەزەرلىرىنى ئەركىن بايان قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەگدىن تولا ھاياتى سەرسان- سەرگەردانلىقتا «دىنىي نىجادىيەت ئىزدەش»② بىلەن ئۆتكەنىدى. دراماتورگ «قانلىق يىللار» دا ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار پانتېئىزملىق ئىدىيىسى

① ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 3- قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 106-، 107- بەتلەر.
② ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 3- قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 106- بەت.

بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك قارىشىنى خېلى ئوبدان گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن. تېخىمۇ ئېنىقكىلەپ كۆرسىتىدىغان بولساق، «قانلىق يىللار» دىكى زەلىلى ئوبرازىدىن ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى «ئۆز يۇرتى يەكەندىن ئايرىلىپ ‹دىنىي نىجادىيەت› سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى، ئاتۇش مەئىشەتتە ئۈچ يىل تۇرۇپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش» ۋە «قاراقاش، پوسكام، قۇم رابات، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇللارغىچە مازار تاۋاپ سەپىرى ئېلىپ بېرىش»① جەريانىدىكى جاپالىق، مۇشكۇل تۇرمۇشىنى، جۈملىدىن ئاشۇ دەۋردىكى دىنىي جاھالىيەت ئىچىدە قالغان زور كۆپچىلىك زىيالىيلارنىڭ دەرد- ئەلەم، مەنىۋى سىقىلىش، غەزەپ ۋە ئېچىنىش ئىچىدىكى مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى بىلىۋالالايمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىدە، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مۇقام ۋە سەنئەتكە ئاتىغان، جاھالەتلىك تۈزۈم دەستىدىن ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەردىن قۇتۇلالمىغان مۇقامچى مۇرادىل بىلەن ئۇنىڭ ئايالى نۇرئىمان خېنىم، خانىم پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ پاك قەلبى ۋە ساپ ۋىجدانى بىلەن ھەممە ئىشتا ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى سۆزلەپ، ئىشانلار گۇرۇھىدىكى مۇتەئەسسىپ، زوراۋان، قانخور ھۆكۈمرانلار بىلەن ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە ئېلىشىپ، «ئاقباش ئىشانىنىڭ قانلىق قىلىچى» ئاستىدا پاجىئەلىك ئۆلۈپ كەتكەن شاھ سەئىد بىلەن مىرزا بارات، خوجا مەھدى 20 يىل ئەمرىدە تۇتۇپ، ئاخىرى تالاق قىلىۋېتىپ خورلىغانلىقتىن، غۇرۇر ۋە ۋىجدانىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان مەلىكە خېنىم، خوجا مەھدى «19 يىل ئىلگىرى قورسىقىدىكى 3 ئايلىق بالا بىلەن ‹تالاق› قىلىپ قوغلىۋەتكەنلىكتىن، سەرسان- سەرگەردانلىقتا تارتمىغان كۈنى قالمىغان» كەمبەغەل ئايال مەريەمخان،ئۆزى پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى بولسىمۇ، ئەمما بىلىم- مەرىپەتنى دەپسەندە قىلىپ، مەرىپەتچىلەرگە كۈن بەرمىگەن مۇتەئەسسىپ،

---

①ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 3- قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 106-، 107- بەتلەر.



زوراۋان دادىسى خوجا مەھدىنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئالغان ھەققانىيەتپەرۋەر شاھزادە شىرمەت، مەلىكە خېنىمنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلىمەن دەپ مۇرادىلنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندىن باشقا «خوجا- ئىشانلارنىڭ يارلىقى بىلەن نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، خەلق تۇتۇۋېلىپ تېرىسىنى سويىماقچى بولغاندا، زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان» جادۇگەر ئايال، « ‹ئەينى دەۋرنىڭ ئىبنىسىناسى› دەپ نام ئالغان، مۇرادىللار قۇرماقچى بولغان مۇقام مەدرىسى ئۈچۈن ‹50 سەر ئالتۇننى ھەدىيە قىلىپ› خوجا مەھدىنىڭ قانلىق قىلىچىدا ئۆلۈپ كەتكەن تېۋىپ» لوقمان قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ خېلى ياخشى، ئۆزگىچە يارىتىلغان. بۇ پېرسوناژلار ئەسەرنىڭ ھەر قايسى پەردە- كۆرۈنۈشلىرىدە ئاساسلىق پېرسوناژلارغا ياندىشىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىر- قارىشى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ياشاش ئۇسۇلى، پەرقلىق مىجەز- خاراكتېرى، بىر- بىرىگە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي تەقدىرى ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرى ۋە روھىي قىياپىتىنى خېلى جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

«قانلىق يىللار» تراگېدىيىسى تىل جەھەتتىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. تۇرسۇن يۇنۇس ئەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇردانىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، پېرسوناژلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ئورنى، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى، كەچۈرمىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، خاراكتېر- خۇسۇسىيىتى ۋە ئاخىرقى تەقدىرىگە ماس كېلىدىغان تىلنى تاللاپ ئىشلەتكەن. 80- يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچە نۇرغۇن دراممىلىرى ئىچىدە مۇشۇ درامىنىڭ مەملىكەتلىك نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ۋە شىنجاڭدىكى كەڭ كىتابخان ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا ئېرىشىشىمۇ ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىنىڭ تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بىز بۇ دراممىدىكى پېرسوناژلارغا ئىشلىتىلگەن جانلىق، ئاممىباب، ئوبرازلىق ۋە ھەرىكەتچان تىلنى

تازا ئەتراپلىق باھالاپ چىقىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ پېرسوناژلارنىڭ شۇ ماكان ۋە شۇ زاماندىكى ئىدىيىسى، خاراكتېرى ۋە ھېسسىيات ئالاھىدىلىكىنى خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مىسال ئۈچۈن بىز ئەسەرنىڭ 6- پەردىسىدە مۇقامچى نۇرئىمان ئېرى مۇرادىل، ئاتىسى شاھ سەئىد، ئۇستازى مىرزا باراتنىڭ قەبرىسى بېشىدا تۇرۇپ، مەلىكە خېنىمنىڭ دەردىنى بىلگەندىن كېيىنكى ئېيتقان مۇنۇ غەزەپلىك سۆزلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى... «ئېھ قىزىل گۈل! سەن نېمىشقا شېخىڭدىن ئۈزۈلدۈڭ؟ كىملەر بېغىڭدىن ئۈزدى؟ نېمىشقا ياپرىقىڭ تۈزۈپ سولاشتى؟ نېمىشقا؟ . . . جىنايىتىڭ زادى نېمە؟ قىپقىزىل، چىرايلىق ئېچىلغىنىڭ ساڭا جىنايەت بولدىمۇ؟ ئالەمگە خۇشپۇراق چاچقىنىڭ ساڭا گۇناھ بولدىمۇ؟ . . . ئېھ، ئۆرۈك دەرىخى! نېمىشقا ھەر يىلى شاخلىرىڭغا كالتەك تېگىدۇ؟ نېمىشقا شاخلىرىڭ يېرىلىپ سۇنىدۇ؟ نېمىشقا دائىم ئازار يەيسەن؟ گۇناھىڭ نېمە؟ گۇناھىڭ شېرىن- شېكەر مېۋەڭ بولغانلىقىدىنمۇ؟ ئېھ سېسىق ئازغان! نېمە ئۈچۈن ساڭا ھېچكىم تەگمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سەن دائىم راھەتتە ئۆتىسەن؟ نېمىشقا غادىيىپ تۇرىسەن؟ سېنىڭ ئامەتلىك بولۇشۇڭ، پەقەت مېۋىسىز شاخلىرىڭدا زەھەردەك شوخا- تىكەن بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياپراقلىرىڭ سېسىق، بەدبۇي بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ئېھ خۇدا، نېمە ئۈچۈن ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا جازا يوق؟ . . . ئەي جاھان!. . . »

قاراڭ! نۇرئىماننىڭ تىلىدىن بېرىلگەن بۇ پىغانلىق خىتاب تولىمۇ لىرىكىلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان. شۇنداق، قىزىل گۈل ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، گۈزەللىككە، پاكلىققا سىمۋول قىلىدىغان گۈللەرنىڭ بىرى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ھويلا- ئاراملاردا چىرايلىق ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ ساپ، خۇشبۇي پۇرىقى بىلەن كىشىلەرگە خۇشاللىق، پاكلىق ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. ئۆرۈكمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب- شىمالىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئۆسىدۇ، يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىدۇ. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ پۇراقلىق چېچىكى، ھەسەلدەك تەمى،



چىرايلىق ۋە ساپلىقى بىلەن ھەممىلا ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغان ئەتىۋارلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئازغان بولسا ساي- جىرالار، ئېتىز- قىرلار، چۆل- جەزىرىلەردە ئۆسىدىغان، ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ «جىن- شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى» دەپ يامان كۆرىدىغان تىكەنلىك، سېسىق پۇرايدىغان بىر خىل مېۋىسىز دەرەخ. شۇڭا ئۇ كۆرۈنۈشتىلا كىشىلەرگە بىر خىل يېقىمسىز تۇيۇلۇپ، قورقۇنچ سېلىپ تۇرىدۇ. تۇرسۇن يۇنۇس بۇ يەردە قىزىل گۈل، ئۆرۈك، ئازغاندىن ئىبارەت مېۋىسى ۋە تەبىئىتى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل ئۆسۈملۈكنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئۆرۈك ۋە قىزىل گۈلنىڭ چېچىكى بىلەن مېۋىسىنى بىچارە، مەزلۇم قىزلارغا: «كالتەكنىڭ ئىگىسى» نى ھۆكۈمران سىنىپلارغا سىمۋول قىلىپ، قىزىل گۈلنىڭ چېچىكىنىڭ «كالتەك زەربىسىدىن بىھۇدە تۆكۈلۈپ كەتكەن»، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ «شاخلىرى يېرىلىپ سۇنىدىغان» لىقىدەك كۆرۈنۈشىنى بىچارە، ئاق كۆڭۈل، گۈزەل قىزلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان ئېچىنىشلىق پاجىئەسىگە ئوخشاتقان: ئازغاننىڭ «سېسىق پۇرىقى» بىلەن «غادىيىپ تۇرىدىغان» لىقىنى رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇككە سىمۋول قىلىپ، ئۇنىڭ «شاخلىرىدا زەھەردەك تىكەن بولسىمۇ، يەنىلا راھەتتە ئۆتىدىغان» كۆرۈنۈشىنى رەزىل، زوراۋان كۈچلەرگە تەمسىل قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ھەممە يەرنى زۇلمەت قاپلىغان ئاشۇ قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلاردىن ئىبارەت ئىككى سىنىپ، ئىككى خىل كۈچكە بولغان روشەن مۇھەببەت- نەپرىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

«قانلىق يىللار» نىڭ تىل جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، نۆۋەتتە ئۇيغۇر سەھنىلىرىدە قويۇلۇۋاتقان درامىلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ناخشا- مۇزىكا بار. شۇڭا بۇنى ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ ياۋروپا يېقىنقى زامان درامىچىلىقى بىلەن خەنزۇ ھازىرقى زامان درامىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا درامىدىكى ناخشا تېكىستى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ۋەقەلىكنىڭ

تەرەققىياتى، پېرسوناژلارنىڭ شۇ ماكان، شۇ زامانىدىكى خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ يەنە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلغان مول تەسەۋۋۇر، فونتاندەك ئوخچۇپ تۇرىدىغان جۇشقۇن، لىرىك ھېسسىيات، چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىدىيىۋى پىكىر، ۋەزىنلىك، رىتىملىق، قاپىيىلىك ۋە ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بولۇشى كېرەك. بۇنداق تىل سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ناخشا تېكىستىگە جانلىق ۋە نەپىس بولغان شېئىرىي پۇراق ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئەسەردىكى شۇ ناخشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تېخىمۇ ياخشى يورۇتۇش، پېرسوناژلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھېس- تۇيغۇسى بىلەن دراما ۋەقەلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىياتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ۋەقەنىڭ باش- ئاخىرىنى ئۆز ئارا باغلاش،ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېس- ھاياجاننى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىدە بىر مۇنچە ناخشا تېكىستى ۋە شېئىرلارنى يازغان. بۇ تېكىست ۋە شېئىرلار شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇقامچى مۇرادىل، نۇرئىمان خېنىم قاتارلىقلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق مۇقام مەدرىسەلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش؛ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنى ھەر تەرەپكە تارقىتىش بىلەن ئۇنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە گۈزەل قىياسلار، شائىرلار بىلەن مۇقامچىلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋە مەدەنىيەت- سەنئەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ... ھەققىدىكى تەنقىدىي پىكىرلەر ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ناخشىلار يەنە تراگېدىيىنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ئازابىنى نامايان قىلىشتا؛ ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، تراگېدىيە گۈزەللىكىنى كۈچەيتىشتە؛ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ۋە بىر- بىرىدىن پەرقلىق بولغان ھېسسىيات- پسىخىكىسىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇلار مەيلى دەۋر ئالاھىدىلىكى ياكى ئۇسلۇبى جەھەتتە بولسۇن ئاشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر «12 مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا خېلىلا ماسلاشقان.



دراما باشلىنىش بىلەنلا «نۇرئىمان خېنىم قالۇن، مۇرادىل ساتار، پاخلاندۇ خېنىم داپ چېلىپ ئولتۇرۇپ» «ئۆزھال مۇقامىنىڭ باش مۇقامى» نى ئورۇندايدۇ.

*كىمكى ئايرىلدى تىرىكلىك مەۋسۇمىدە ياردىن،*
*زەپىران بەرگى تۆكۈلگەي ھەر نەپەس دىداردىن.*
*بويى زۇلپۇڭدىن- جۇنۇنلۇقتىن بۆلەك ھاسىل ئەمەس،*
*كەلتۈرۈپ بوينۇمغا باغلاڭلار جۇنۇن تۇماردىن.*
*مەرىپەت تاجىنى قەدرىن ئەھلى تائەت بىلمىگەچ،*
*خاتىرى خۇشتۇر ھەمىشە جۇببە ھەم دەستاردىن.*
*باغ ئارا شاپتۇلا ئۈزمەكلىككە كىرسەم ئالمادۇر،*
*باغۋ- بان بىچارە بەردى ئاخىرى ئۆز ناردىن.*
*دەردى- سەر بەردى زەلىلى قەلبىگە سەۋدا ئىشق،*
*سەندىلى خۇشبۇي كەلتۈر ئىشقىنىڭ ئەتتاردىن.*

گۈزەل، يېقىملىق، مۇڭلۇق مۇقام مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان بۇ ناخشا تېكىستى شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى شېئىر دىۋانىنىڭ 13- غەزىلىدىن ئېلىنغان. شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئەسلىي بۇ غەزىلىدە ئالتۇن كۈز پەسلىدىكى سارغايغان ياپراقنى تىرىكلىك مەۋسۇمىدە ياردىن ئايرىلغان ئاشىقنىڭ دەرد- ئەلەمدىن سارغايغان زەپىران چىرايىغا، «باغۋەن ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئاچچىق ئانار» نى «دەرد- پىراقتىن زىدە بولغان يۈرەك» نىڭ شىپالىق دورىسىغا سىمۋول قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى چوڭقۇر ئازاب- ئوقۇبىتىنى ئىپادىلىگەن: «بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون كىيىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان» سوپى، زاھىتلارنى «مەرىپەت تاجىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئىشانلار» گۇرۇھىنىڭ باشلىقلىرىغا سىمۋول قىلىپ، ئۇلارنىڭ نادان، مۇتەئەسسىپلىكىنى پاش قىلغانىدى. دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس بۇ شېئىرنى

«قانلىق يىللار» دا مۇرادىل، نۇرئىمان خېنىم ۋە پاخلاندۇ خېنىملارنىڭ شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى دەردلىك روھىي ھالىتىگە ئۇستىلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرگەن. شۇنىڭدەك بۇ شېئىر درامىنىڭ بېشىدىلا بىر خىل تراگېدىيىلىك كەيپىياتنى شەكىللەندۇرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتور «قانلىق يىللار» نى تېخىمۇ تارىخىي ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شائىر زەلىلىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت مېتودى، شېئىرىي تالانتى، شېئىرىي ئۇسلۇبىنى، دەۋر، جەمئىيەت، خەلق بىلەن جۈملىدىن ئاشۇ كونكرېت مۇھىت ۋە شەخسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان: يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، درامىنىڭ دەۋر تۈسى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت بىلەن شۇنىڭدەك بىر- بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئويلىغان. شۇڭا بۇ شېئىرلارنىڭ ئەسەردىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولغان.

ئاپتور ئەسەرنىڭ 1 - پەردىسىدە خانىم پادىشاھ سىڭلىسى پاخلاندۇ خېنىمنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلغان. ئاندىن چىرايلىق، گۈزەل، ياش ئايال نۇرئىماننى بىرلا كۆرۈپ، ئۇنى ئېرى مۇرادىلدىن ئايرىپ، ئوغلى خوجا مەھدىگە ئېلىپ بېرىش رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىغانلىقىغا قارىتا، زەلىلىنىڭ 75 - غەزىلىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كىرگۈزگەن:

*تەركىي جاھان قىلماغىم، سەبرى جاھاندۇر غەرەز،*
*ئەيلىگەي ئىمتىھان ياخشى- ياماندۇر غەرەز.*
*چەشمە بولۇپ كۆزلىرىم، ئاقسا نىچۈك ئەيىبتۇر،*
*ئەلگە تاھارەت ئۈچۈن ئابى راۋاندۇر غەرەز.*
*تەلبە زەلىلى كېلۇر خەلق تاماشا قىلىڭ،*
*چېھرىسىنىڭ رەڭگىدىن بەرگى غازاڭدۇر غەرەز.*



مانا بۇ شېئىر ئارقىلىق ئاپتور ئۆمرىدە كۆپ جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىگە «نىجادىيەت ئىزدەش» جەريانىدا، خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ۋە ئېچىنىشلىق ئازاب - ئوقۇبىتىنى، دەريا كەبى ئاققان پىغانلىق ياشلىرىنى كۆرگەن شائىر زەلىلىنىڭ ئۆز قان - قېرىنداشلىرىنى غەمدىن خالاس قىلماق ئۈچۈن مۈشكۈل جاپالارنى تارتىشنى خالايدىغان دېڭىزدەك قەلبى، خەلقنىڭ ئازابىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى، خەلقنىڭ غېمىنى دەپ «چېھرىنىڭ بەرگى غازاڭدەك» سارغىيىپ كەتكەنلىكى . . . دەك ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر يەنە پاخلاندۇ خېنىمنىڭ ئاچىسى مۆھتىرەم خېنىم تەرىپىدىن ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيدۇ:

*خانە ۋەيرانمەن بۈگۈن، جىسمىمدا جانىم يوق مېنىڭ،*
*باشقا كۈن چۈشكەندە ھېچبىر سايىۋانىم يوق مېنىڭ.*

مانا بۇ شېئىردا شائىرنىڭ پاخلاندۇ خېنىمنىڭ ۋاپاتىغا نىسبەتەن «جىسمىمدا جېنى يوق» تەك بولۇپ قالغان روھىي ئازابى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەممىدە مىللەتنى، خەلقنى، سەنئەتكارلارنى دەيدىغان ئالىيجاناب قەلبىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

زەلىلى تالىپلىرىدىن ئايرىلىپ خوتەنگە مېڭىش ئالدىدا ئاۋۋال مۇرادىلغا مۇنۇ بىر كۇپلېت غەزىلىنى تەقدىم قىلىدۇ:

*سەراسەر مەزھىپى ئىشان ئىرۇر دۇنيانى يىغماقلىق،*
*كى شېرىن جانىغە يەئنى زەھرى ئەجدىھانى يىغماقلىق . . .*

ئاندىن مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى نۇرئىمانغا بېرىپ ئوقۇتىدۇ:

*. . . مۇناپىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىدە،*

*تىلىمدۇر زۇلپىقار، ئەقلىمدۇر دۇلدۇل.*
*زەلىلى شېئىرىدىن مۇرغى سەھەر قىز،*
*چىمەندە ئەيلەدى پەريادى غۇلغۇل.*

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقىسى شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى باھاسى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھايات مۇساپىسىدىن چىقارغان، مول پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان نەزەرىيىۋى يەكۈنى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر كىشىلىك ھاياتتىكى «دۇنيا يىغىش بىلەن زەھەر يىغىش» نىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاقلاش ئارقىلىق، خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى ئالدامچى ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ ھە دېسىلا ئەمگەكچى خەلقنى قاقتى- سوقتى قىلىپ، ئۆزلىرىگە مال- دۇنيا توپلىغانلىقىنى، بىراق ئۇلارنىڭ بۇنداق كۈنلىرىنىڭمۇ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. كېيىنكىسىدە سىمۋوللۇق تۈس قويۇق بولغان ئۆتكۈر تىل ئارقىلىق، ئاشۇ دەۋردىكى مۇناپىق ئىشانلار گۇرۇھىغا قارىتا «دۇلدۇلدەك ئەقلى، زۇلپىقاردەك مىسرالىرى» ئارقىلىق تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىدىغان ئىرادىسىنى، زاماندىن زارلىنىش ھېسسىياتىنى بايان قىلىش بىلەن، تالىپلىرىنى پەم- پاراسەت ۋە يۈكسەك ئىرادە بىلەن ئىش قىلىشقا، قىيىنچىلىققا پەرۋا قىلماي داۋاملىق ئالغا بېسىشقا، يىراقنى كۆزلەپ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» غا كىرگۈزگەن زەلىلىنىڭ يۇقىرىقى بەش پارچە شېئىرى ئالغا سۈرگەن ئىدىيىۋى پىكىر، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئورنى، سالاھىيىتى، شائىرلىق تالانتى، قابىلىيىتى، ئىرادە- ئارزۇسى، مۇھەببەت- نەپرىتى ۋە ئىنتىلىش- ئىزدىنىشلىرىگە ئوبدانلا ماس كەلگەن ھەم ئەسەرنىڭ شېئىرىي تۈسى، مۇزىكىلىق پۇرىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

«قانلىق يىللار» دراممىسىدا، تۇرسۇن يۇنۇس پېرسوناژ تىلىغا كۈچلۈك تارىخىي تۈيغۇ ۋە مىللىي پۇراقنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى ۋە ئاۋازى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە كۈچىگەن. بولۇپمۇ مۆھتىرەم خېنىم، ئاقباش ئىشان



باشچىلىقىدىكى ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ ھەر خىل سورۇنلاردا قىلىشقان سۆھبەتلىرى، مەسچىتلەردە سېلىشقان جەررى- سامالىرى، ئوقۇغان ھۆكمەتلىرى شۇلارنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى خاراكتېرىگە ئالاھىدە ماسلاشقان. شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇقامشۇناس پاخلاندۇ خېنىم، شائىرە ۋە مۇقامچى نۇرئىمان خېنىملارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىمۇ ئۇلارنىڭ خاھىشى، بىلىم سەۋىيىسى، كەچۈرمىشى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھېسسىياتى ۋە مىجەز- خاراكتېرىگە ئوبدانلا ماسلاشقان. ماقالىمىزدە مىسال كەلتۈرۈلگەن خانىم پادىشاھ بىلەن پاخلاندۇ خېنىمنىڭ دىئالوگلىرى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. بۇ دىئالوگلاردا گەرچە بىر قورساقتىن چىققان ئاچا- سىڭىل بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى ئورنى، مەقسەت- غايىسى، ئارزۇ- ئارمىنى، پىكىر- ھېسسىياتى، مىجەز- خاراكتېرى بىر- بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى ئايالنىڭ تىل جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بىز بۇ دىئالوگلارنى ئوقۇپلا خانىم پادىشاھنىڭ قالاق، زالىم، مۇتەئەسسىپ، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغان جاھىلانە خاراكتېرى بىلەن پاخلاندۇ خېنىمنىڭ مەردانە، ئاق كۆڭۈل، بىلىملىكلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەمگەكچى خەلققە خەيرخاھلىق قىلىپ، قانخور، زالىم ھۆكۈمرانلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان يەنە بىر خىل خاراكتېرىنى روشەن بىلىۋالالايمىز.

«قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىدە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىق خېلى ئوبدان بىرلەشتۈرۈلگەن. ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقە 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر ئىدى. نۆۋەتتە بۇ توغرۇلۇق تالاش- تارتىش كۆپ، بەزى ۋەقە ھەم بەزى ئىشلارنىڭ مەنبەسى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئېنىقلاش قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، تۇرسۇن يۇنۇس تراگېدىيىسىدە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنى خېلى ئوبدان بىرلەشتۈرگەن. تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئاشۇ دەۋرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىشتا قالتىس تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەسەردىكى بەزى شەخسلەرنى ئەسلىي پروتوتىپ بويىچە ئەينەن

ئالغان، بەزىلىرىنى توقۇلما قىلغان. بەزى ۋەقەلەرنى ئەينى تارىخىي ئورنى بويىچە كىرگۈزگەن، بەزىلىرىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن قوشقان. چۈنكى بەزى ۋەقەلەر ھەققىدە بىرەر ئېنىق ماتېرىيال يوق؛ خوجا- ئىشانلار ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە بەزى كىتابلار يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەينى دەۋردىكى تارىخچىلارنىڭ سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىش ئەينى بويىچە خاتىرىلەنمىگەن. بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ روىخېتى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننىڭ سىڭلىسى، مۆھتىرەم خېنىم — خانىم پادىشاھنىڭ ئاپپاق خوجىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكى ۋە ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل پادىشاھ بولۇپ دەۋران سۈرگەنلىكى ئېنىق، ئۇنىڭ پاخلاندۇ خېنىم ئىسىملىك بىر سىڭلىسىنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇنى قىزىق ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇنىمۇ يالغان دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى خانىم پادىشاھنىڭ ئەينى دەۋردە گۇناھكار دەپ ھېسابلىغان سانسىزلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى يوق باھانىلار بىلەن ياغقا تاشلاپ ياكى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكى راست. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ 18- ئەسىردە شىنجاڭدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئەمما خانىم پادىشاھ پاخلاندۇ خېنىمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان، مۇقامچى نۇرئىماننى مەجبۇرىي ھالدا ئوغلى خوجا مەھدىگە ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغان ئاشۇ رېئاللىقنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ تراگېدىيىگە كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقىدەك شېئىر- غەزەللەرنى يازغان بولۇشى ناتايىن. چۈنكى مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ياشىغان دەۋر بىلەن خانىم پادىشاھنىڭ تەختكە چىققان مەزگىلى ئوتتۇرىسىدا تارىختا ئازراق ئىلگىرى- كېيىنلىك بار. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئاشۇ دەۋردىكى تەڭسىز رېئاللىقتا، ئۆزىنىڭ «پېقىر- مىسكىن» ھالىغا ئېچىنىپ نۇرغۇنلىغان تەنقىدىي پۇرىقى كۈچلۈك شېئىرلارنى يازغانلىقى ئېنىق. خوجا مەھدىنىڭ مەلىكە ئىسىملىك بىر مەجنۇن خوتۇنىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ كۈندەشلىك دەستىدىن نۇرئىمانغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، گۇناھسىز ئايالغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى، ئاخىرىدا ئۆزى دەردكە چىدىماي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقى: خوجا مەھدىنىڭ بۇرۇن مەريەمخان



ئىسىملىك بىر ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، كېيىن چىرايلىق ئاياللارنى كۆرۈپ «تالاق» قىلىۋەتكەنلىكى، ئارىدىن 19 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز پۇشتىدىن تامغان قىزىغا ئۇقۇشماسلىقتىن ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ھېچكىممۇ راست شۇنداق بولغان دەپ ئېيتالمايدۇ. بىراق خوجا مەھدىگە ئوخشاش ھوقۇق ھەم پۇلى بارلارنىڭ ھەممىلا يەردە كۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەن گۈزەللەرنى — مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن، ئېرىنىڭ بار ياكى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەمرىگە ئېلىۋەرگەنلىكى، خالىسا خوتۇن قىلىپ، خالىمىسا مەريەمخان، مەلىكە خېنىملاردەك ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ئىشقىلىپ يۇقىرىقى پېرسوناژلارغا يۈكلەنگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ خېلى كۆپلىرى توقۇلما بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئەينى تارىخنىڭ مەنتىقىسى ۋە تەرەققىياتىغا، دەۋرنىڭ قالاق جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىق، مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە، ئۇنىڭدا يېزىلغان پېرسوناژلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئورنى ۋە رولىغا خېلىلا ئۇيغۇن كەلگەن. دراما ئاپتورى بۇ تراگېدىيىنى يېزىشتا جاپاغا چىداپ ئىزدىنىپ، بار ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ تارىخقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بەزى ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئەينەن يازغانلىقى، بەزىلىرىنى تارىختىن ھالقىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە توقۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەم تارىخىي چىنلىققا ھەم سەنئەت چىنلىقىغا، ھەم بەلگىلىك ئومۇمىيلىققا، ھەم كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالىغان.

«قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىنى يەنىمۇ تەپسىلىي تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئەسەردىكى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ ئوبرازى نىسبەتەن جانسىزراق بولۇپ قالغان. مۇھەممەد سىدىق زەلىلى 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭنىڭ يەكەن تەۋەسىدە ياشاپ ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ شېئىرىي داستانلىرى ئارقىلىق خوجىلار يېغىلىقى كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان ئاشۇ رېئال جەمئىيەتكە كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن،

ئىلىم- مەرىپەت يولىدا هارماي ئىزدىنىپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن بىر مۇنچىلىغان نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن «يالقۇنلۇق رېئالىست شائىر»① ئىدى.

دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇسمۇ بۇ تراگېدىيىدە ئۇنى ئەمگەكچى خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلققە خەيرىخاهلىق قىلىپ، فېئودال كۈچلەر ۋە ئالدامچى خوجا- ئىشانلارغا نەپرەت بىلدۈرىدىغان تەرىپىنى دېگەندەك چوڭقۇر قازالمىغان. ئۇ ئاق كۆڭۈل، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىملىك شائىر بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن مۇرەككەپ كۈرەش مۇهىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، گاڭگىرايدۇ، شۇنىڭدەك خانىم پادىشاهنىڭ بۇيرۇقلىرى ئالدىدا «خوپ» دەپ قول باغلاپلا تۇرىدۇ. زومىگەر خانىم پادىشاه، هىيلىگەر سوپى هەيدەر، خوتۇنباز خوجا مەهدى بىلەن يۈز تۇرانە، كەسكىن كۈرەش قىلالمايدۇ. دېمەك، ئاپتورنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن درامىدىكى زەلىلىنىڭ ئوبرازىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ناۋادا دراما ئاپتورى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنىمۇ كەڭرەك سەهنە ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ئىلىم- مەرىپەت ۋە هەققانىيەت يولىدىكى جەسۇرلۇقى بىلەن، هەممە ئىشتا خەلق تەرەپتە تۇرىدىغان، بارلىقىنى شېئىر ۋە مۇقام ئۈچۈن بېغىشلىغان خەلقپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك تەرىپىنى كۆپرەك گەۋدىلەندۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك چىققان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلىكە خېنىمنىڭ نۇرئىمان خېنىمغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئاسانلا ئۆزگىرىپ قېلىشى، شىرمەتنىڭ دادىسى خوجا مەهدىنى ئۆلتۈرۈشى. . . قاتارلىق ۋەقەلەردىمۇ پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەلىكە خېنىم نۇرئىماننىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن قاتتىق ئازابلىنىشى، شىرمەت غەزەپ ئاچچىقىدا ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشتىن كېيىن روهىي جەهەتتىن داۋالغۇش بولۇشى نورمال ئەهۋال ئىدى، لېكىن ئاپتور بۇ تەرەپلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلمىغان. . .

① مۇهەممەتتۇرسۇن باهاۋىدىن: «17- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 296- بەت.



دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىدىن كېيىن يەنە «كۈتۈلمىگەن توي»، «ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى، «مۇقام ئەجدادلىرى»، «دۇنياۋى تىلسىمات»، «سۇرگۇن قۇللار» قاتارلىق درامىلارنى يازدى. بۇلاردىن «مۇقام ئەجدادلىرى» دراممىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى تەرىپىدىن سەهنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1996- يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تىياتىر كۆرىكىدە يەتتە تۈر بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىقى درامىلىرى مەيلى ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ياكى بەدىئىي يۈكسەكلىك جەهەتتىن بولسۇن «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىگە يېتەلمىدى. شۇڭا «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسىنى مەيلى تىياتىر گۈزەللىكى ياكى پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش جەهەتلەردىن بولسۇن، مەيلى ئىدىيە ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىك جەهەتلەردىن بولسۇن، يالغۇز تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى 20- ئەسىر ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىدە مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق درامىلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

## §21. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ناملىق درامىسى هەققىدە

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى بۈگۈنكى زاماندىكى داڭلىق ئۇيغۇر دراماتورگلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرسۇنجان لېتىپ (1945 — ) نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە درامىسى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دراماچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر دراما ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «سىز بىزگە ئىشىنەمسىز»، «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار»، «كەچ كۈزدىكى غېرىبلىق» قاتارلىق درامىلىرىمۇ ئەدەبىيات- سەنئەت ساهەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان داڭلىق درامىلاردىن بولۇپ هېسابلىنىدۇ. تۇرسۇنجان

لېتىپ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر رېئاللىقىدىكى ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزىتىشكە ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا ئىگە قىلىپ كۆرسىتىشكە ماھىر يازغۇچى. ئۇ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى يېڭىلاش، درامىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرۇش، بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەنگەچكە، ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرى يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا يازغۇچىنىڭ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. درامىدا، پازىلنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقى، ئەمما ئېغىر تويلۇق، كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان قائىدە- يوسۇنلار، ھەشەمەتچىلىك، نەتىجىسىز مەسلىھەتلەر سەۋەبىدىن توي قىلىنمىغانلىقتىن ئىبارەت بىر قاتار ۋەقەلەر يېزىلغان. يازغۇچى درامىدا تويىنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە، جەمئىيىتىمىزدە مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان توي- تۆكۈنلەردىكى ئېغىر سېلىق، ھەشەمەتچىلىكلەرنى، بىمەنىلىكى بىلەن كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان قاملاشمىغان قائىدە- يوسۇنلارنى، كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن خارابلىققا باشلاۋاتقان تۈگىمەس ئولتۇرۇش- چايلارنى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بىر مۇنچە پايدىسىز ئادەت- خاھىشلارنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. درامىدا يازغۇچى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئاشۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئادەملىك پەزىلەتلىرىدە ۋە مەنىۋى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان ھەر خىل ناچار تەركىبلەرنى ۋە ئىللەتلەرنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىپ، بۇلارنىمۇ پاش ۋە تەنقىد قىلغان. يازغۇچى درامىدا بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە توختالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەنىۋى ئىللەتلەر ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزگەن. يازغۇچى جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىشلار بىلەن مەنىۋىيەتتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىپ، درامىدىكى رېئال ئاساسى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى



كۈچلۈك ۋەقەلىكلەر، خاراكتېرلار ئارقىلىق دەۋرىمىز كىشىلىرىنى جەمئىيەت ۋە باشقىلار ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا، مەنىۋى جەھەتتىكى ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە چاقىرغان. ئەلۋەتتە بۇ چاقىرىقنى يازغۇچى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. يازغۇچى بۇ خىل ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى كومېدىيىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئەدەبىي شەكىلنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىلگىرى سۈرگەن. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ كومېدىيە شەكلىدىن پايدىلىنىشتىكى ماھىرلىقى دەۋرىمىز ئەدەبىياتچىلىرى ئارىسىدا ئومۇمىي ئېتىراپقا ۋە ياخشى باھاغا ئىگە.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا سۇژېت سۇسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جىددىي ۋەقەلىك، مۇرەككەپ زىددىيەت- توقۇنۇشلار يوق دېيەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇژېتنىڭ تەرەققىيات تەرتىپىمۇ ئۇنچە روشەن ئەمەس. درامىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بىر ئورتاق مەقسەت بار، ئۇ بولسىمۇ پازىلنىڭ تويىنى قىلىش. شۇڭا، توي قىلىش درامىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا توي ئىشلىرىغا قوشۇلمايدىغان، قارشى تۇرىدىغان بىرەرسىمۇ يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى توي ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ھەر قانچە چوڭ تىرىشچانلىقلار، ياخشى مەقسەتلەر بولغىنى بىلەن ئاخىرىدا پازىل توي قىلالمايدۇ، كىشىگە تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلىدىغىنى شۇكى، پازىلنىڭ توي ئىشى بارغانسېرى كەينىگە دەسسەيدۇ، پازىل توي ئۈچۈن ئىنتىلگەنسېرى توي ۋىسالى ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىدۇ. پازىل نېمە ئۈچۈن توي قىلالمايدۇ؟ ئەلۋەتتە، پازىلنىڭ توي قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان بىر مۇنچە ئامىللار بار. ئەقىللىق كىتابخان- تاماشىبىنلار بۇ ئامىللارنىڭ ئەسەردە زىددىيەت- توقۇنۇش پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ، زىددىيەت- توقۇنۇشلارنىڭ سۇسلىقى ئەسەردىكى بىر خىل ماھارەت مەسىلىسى بولۇپ، پەقەت كۆرۈنۈشتىكى ھادىسە. ماھىيەتتە بولسا، تويغا توسقۇن بولۇۋاتقان ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولى ناھايىتى كۈچلۈك. شۇڭا

پازىل ۋە باشقىلار توي ئۈچۈن شۇنچە كۈچىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ھامان مەغلۇبىيەت بولىدۇ، درامىدىكى مۇھىم ئىش توي قىلىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. يازغۇچى درامىدا پېرسوناژلارنىڭ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يېزىش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى — توي قىلىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان، ماھىيەتتە تەرەققىيات، نەتىجىلەرگە، ئادەمىلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئامىللارنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇتەرەپلەرنى يازغۇچى پېرسوناژلار ياشاۋاتقان مۇھىت، ئۇلارنىڭ مىجەز- خاراكتېرى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق كونكرېتلىقتا، ئوبرازچانلىقتا ئىگە قىلغان.

پازىل— درامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ. ئۇ مەلۇم تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى. ئۇ ھەسەن ئاكا، ئابلىمىت، تۇيغۇن، ياشار، سائادەت، خالىسە، زىلەي، ھەسەلخان قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان تەھرىر بۆلۈم كوللېكتىپىدا، باشقىلارغا قارىغاندا ئاز- تولا ئىقتىدارغا، سەل- پەل تەسىرگە ۋە بەلگىلىك ھۆرمەتكە ئىگە. ئۇ روشەن بىلەن توي قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا، ئۆز ئۆيىنىڭ ھۇزۇرىنى سۇرۇشكە شۇنچىلىك تەشنا بولىدۇ ھەم ئاز- تولا تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇ بەرىبىر توي قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ توي قىلالماسلىقىغا ئالدى بىلەن نامراتلىقى سەۋەب بولىدۇ. ئۇ بىر ئاددىي زىيالىي. نۇرغۇنلىغان ئاددىي زىيالىيلارغا ئوخشاش ئۇمۇ مائاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىتتا مائاش تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى توي- تۆكۈنلەرگە، ئولتۇرۇش، چايلارغا ۋە باشقا رەسمىيەتلەرگە خەجلەپ كېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ قەرزدىن قۇتۇلالماي ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، باشقا يېقىن تۇغقانلىرىمۇ يوق بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغان ھېچ كىشى چىقمايدۇ. كىتابنىڭ قەلەم ھەققىمۇ، ئانىسىدىن تەۋەررۈك قالغان ئالتۇندا قاپلانغان چىشىمۇ ئۇنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئاغىنىلىرىدىن قەرز ئالغان پۇل بىلەنمۇ ئۇ يەنىلا توي قىلالمايدۇ، تېخىمۇ كۆپ قەرز ئالاي دېسە، قەرز بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ، ياشاش ئىرادىسىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. يازغۇچى پازىلنىڭ بۇ بىر قاتار



سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى ئارقىلىق، جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە باش كۆتۈرۈپ قالغان ھەممىدە پۇلغا قاراش، پۇلنى بىردىنبىر قىممەت ئۆلچىمى قىلىۋېلىشتەك ناچار خاھىشلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى جانلىق، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. پازىلنىڭ توي قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل — ئىغىر تويلۇق ۋە تويدىكى ھەشەمەتچىلىكتىن ئىبارەت. ئېغىر تويلۇق ۋە ھەشەمەتچىلىك بىر خىل ناچار ئىجتىمائىي ھادىسە. جەمئىيەتنىڭ بىر ئاددىي ئەزاسى بولغان پازىلنىڭ بۇنداق ھادىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ پازىل بۇنداق ناچار ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. يازغۇچى تويلۇقنىڭ ئېغىر ھەم ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن. چوڭ چايغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنىڭ تىزىمىنى خالىسە، سائادەت، زىلەي ئۈچى نۆۋەتلىشىپ ئوقۇپمۇ تۈگىتەلمەيدۇ. خالىسە ئوقۇپ بولالماي سائادەتنى ياردەمگە چاقىرىدۇ، سائادەت ئوقۇپ بولالماي تىلى كالۋالىشىپ ھوشىدىن كېتىدۇ، «ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئىزىنى بېسىپ» تىزىملىكنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. . . پازىلنىڭ خىزمەتداشلىرى تويىنى داغدۇغىلىق، ھەشەمەتلىك قىلىش، باشقىلاردىن چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن نەرسىلەرنى پەتنۇس بىلەن ئەمەس يەشىك بىلەن ئېلىپ بارماقچى، ئۆينى بېزەش ئۈچۈن ئېسىل نەرسىلەرنى ئالماقچى، تويىنى قىرىق ياكى قىرىق بىر ماشىنىدا كۆچۈرمەكچى، توي ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا موتسىكلىتلىقلار قوشۇنى تەشكىللىمەكچى بولۇشىدۇ. پازىل تويىنى ئاددىيراق قىلىش مەسىلىسىدە روشەننى سىناپ باقىدۇ. ئەمما روشەنمۇ ئەل- ئاغىنىلىرى ئالدىدا چېنىپ قېلىشتىن، خىجىل بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تويلۇقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولۇشقا، تويىنى ھەشەمەتلىك قىلىشقا، روشەننى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجىلچىلىقتا قويماسلىققا ئىشەنچ قىلىپ بولالمىغان پازىل تويىنى قىلىشقا كۆزى يەتمەي، سەتچىلىك، ئىزا- ئاھانەت بىلەن ياشاشقا رايى بارماي، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇ دۇنياغا كەتمەكچى بولىدۇ. پازىلنىڭ توي قىلىشىغا كۆرۈنۈشتە ھەممىسى پاي- پېتەك

بولۇشقانلىقىنى كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقايسىسى كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئەمەلىي ياردەم قىلمايدۇ. پازىلنىڭ توي ئىشىغا تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك، پەرۋاسىزلىق، خۇشياقماسلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەتتا بىر مۇنچە توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇلارمۇ پازىلنىڭ توي قىلالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

پازىل ئوبرازىنى ياراتقاندا يازغۇچى ئۇنى ئادەتتىكى بىر ئادەم قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئادەتتە ئۇ ئەتراپىدىكىلەردىن ئاز- تولا ئۇستۇن تۇرغىنى بىلەن، ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ مۇھىتتىن ھالقىپ چىقالمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىجادىيلىقنىڭ ئامىللىرى ئانچە يوق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان پېرسوناژ. ئۇ ئەمەلىي ئىش قىلىش روھىغا ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى، جەڭگىۋارلىقى، كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئۈمىدۋارلىقى يوق. شۇنداق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ھېچبىر ئىشىنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئىشلىمەي، ھە دېسە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىدىن ئۈمىدلىنىپ، ھەممىنى باشقىلارغا تاشلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلمايدۇ. پاسسىپلىق بىلەن، خۇددى ئامالسىز ياشاۋاتقاندەك ياشايدۇ. بىز ئۇنى دائىم ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ، خىيال بىلەن تۇرمۇشنىڭ، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئارىسىدا گاڭگىراپ يۈرگەن ھالەتتە كۆرىمىز. پېرسوناژ خاراكتېرىنى بۇنداق روشەن ئىجابىيلىق ياكى سەلبىيلىككە ئىگە قىلماي، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەن چەككە يەتكۈزۈپ، پېرسوناژنى ئوتتۇرىدا قويۇپ يېزىش درامچىلىقىمىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا پېرسوناژنى تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، كىشىگە غايىۋى ئەسەر تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار خاراكتېرى ئارقىلىق ئەسەر سۇژېتىنى قانات يايدۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەسەردە ئۆزگىچە كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا ناھايىتى مۇھىم بىر كۆرۈنۈش بار. ئۇ بولسىمۇ پازىلنىڭ ئۇ دۇنيادا غېرىب - سەنەم، نۇرۇم - غۇنچەملەر بىلەن ئۇچراشقان كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى



ئاشۇرۇشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەنقىد ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى رولىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك. يازغۇچى ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا، مۇھەببەت بابىدىكى ئۆلمەس ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولغان غېرىب - سەنەم، نۇرۇم - غۇنچەملەرنىڭ فېئودالىزمنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىلىرىگە قارشى چىقىپ، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىدەك روھى بىلەن پازىلنىڭ قىيىنچىلىقتىن، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلماي، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ، ئۆز پېرسوناژىنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىللەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ تەنقىدلىگەن.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەر، خاھىشلارنى، ئىنسانىي خىسلەت، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتلەردىكى بۇزۇلۇشلارنى، ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈشتەك ئېغىر ئىسراپچىلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئەسەردىكى ھەسەن ئاكا، سائادەتخان، تۇيغۇن، خالىسە، ئابلىمىت، زىلەي، ھەسەلخان قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ پەزىلىتى ۋە ھاياتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توي - تۆكۈن، زىياپەت - ئولتۇرۇش، چاي ۋە باشقا رەسمىيەتلەردىكى ھاراق - شاراب، كەيپ - ساپالارنىڭ دەستىدىن باشلىرى ئاغرىپ، كۈچ - مادارىدىن قېلىپ، ئەقلىدىن ئادىشىپ، نورماللىقىنى يوقاتقان، كېسەلمەن بولۇپ كەتكەن كىشىلەردەك دراما باشلىنىشى بىلەنلا ياشار ئەسنەپ - مۈگدەپ، ھەسەن چۇشكۇرۈپ، زىلەي باش ئاغرىقى دورىسى ئىزدەپ، تۇيغۇن رەڭگىلىرىنى سارغايتىپ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بەس - بەس بىلەن ئاخشامقى ئولتۇرۇش - سورۇنلار ھەققىدە سۆزلىشىپ كېتىدۇ ھەمدە پازىلنىڭ ئالتۇن چىشىنىڭ چېيىنى ئىچىش ئۈچۈن ھەر خىل قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى قىلىدۇ. ياشار ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ھەسەن ئاكا بولسا چۇشكۇرۈك

كېسەل قوغلايدۇ، دەپ ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدۇ. ئابلىمىت بولسا كۆپ گەپ قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ ھەمدەم خىيال بولۇپ قالىدىغان روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ياشار بولسا ھاراق ئىچىشتە ھېچكىمدىن قېلىشمايدىغانلىقى، بىر ئۇخلىسا بىر سوتكا ئۇخلايدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچى ئەسەردە مانا مۇشۇنداق تەپسىلات- تەسۋىرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بىنورماللىقىنى، كېسەلمەن ھالىتىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىدەك پاجىئەنى مۇھاكىمىمىزگە قويغان. پازىلنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ بىر توپ ئادەملەر شۇنچىلىك پەرۋاسىز، شۇنچىلىك مەسئۇلىيەتسىز، شۇنچىلىك شەخسىيەتچى ھەم شۇنچىلىك بولۇمسىز. ئۇلاردا مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، ئىرادە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇلار پازىلنىڭ توي قىلىشتا پۇلدىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنە چاي ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە قىستايدۇ ۋە ئۇنى يېڭىدىن- يېڭى قەرزلەرگە بوغىدۇ؛ ئۇلار پازىلنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەتلىشىپ بەرمەكچى بولۇپ سورۇن تەشكىللەپ يەنە پازىلنى پۇل خەجلىتىدۇ، ئەمما ھېچقانداق بىر مەسلىھەت قىلىشمايدۇ، سورۇندا قىزىقچىلىق قىلىشىپ ھەتتا مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن سورۇنغا يىغىلغانلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇشۇپ كېتىدۇ. مەسلىھەت شۇ پېتى قالىدۇ. ئۇلار پازىلغا ئەلچى بولۇپ روشەننىڭ ئۆيىگە بارغاندا بولسا، يالغان سۆزلەپ، پو ئېتىپ، چوڭچىلىق قىلىپ تويلۇقنىڭ ئېغىر سېلىنىشىغا ۋە پازىلنىڭ نۇرغۇن پۇل خەجلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇلار بۇ تويىنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرگۈزمەيدۇ، تويىنى بۇزۇپ، پازىلنى ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تويلۇق، ھەشەمىتى بەكلا ئېغىر بۇ تويىنى قىلىشقا پازىلنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەندە ئۇلار پازىلغا ياردەم بەرمەكتە يوق، ئۇنى نامراتلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ھەممىسىنىڭ كۆڭلى قالىدۇ. سائادەتخان پازىلنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدىغان شېئىر كىتابىنى مەدىكارنىڭ ئەمگىكچىلىك كۆرمەيدۇ. ئۇلار پازىلنىڭ توي قىلىۋېلىشىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى تويىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىنى كۆزلەپ، پازىلنى نۇرغۇن پۇل قەرز ئېلىشقا قىستايدۇ، پازىل ئۇ



دۇنياغا كەتكەندە ئۇنىڭ تېنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىدۇ، پازىل ھاياتلىققا قايتقاندا بولسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولمايدۇ، ياشار نامازغا چاقىرتىلغان ئادەملەرنى ئەمدى قانداق قىلارمىز دەپ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ . . . قىسقىسى، يازغۇچى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ناچار ئىللەتلەرنى، پاسسىپ تەرەپلەرنى مۇشۇ پېرسوناژلار ئۈستىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. مۇشۇ پېرسوناژلار ئارقىلىق يازغۇچى ئادەملەردىكى مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ئۆز ئارا ياردەم، مەسئۇلىيەتچانلىق . . . قا ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

قىسقىسى، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى جەمئىيىتىمىزدە مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، مىللەتنىڭ ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە مەنىۋى ئىللەتلەر ھەققىي بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دراما. ئەمما درامىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، ئەھمىيىتى يالغۇز بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. گەرچە درامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي مەقسەت — توي قىلىش ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي پېرسوناژ پازىل ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن «ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانداق ئەجىر قىلماي، خاراب بولغان روھىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئالەمگە بارسا، ئۇ يەردىكىلەرمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن . . . ئەڭ مۇھىمى مەن ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىر- قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر قېتىم تەربىيىگە ئىگە بولدۇم» دەيدۇ. ھەمدە بارلىق كىشىلەرنى توي قىلىشنىڭ ھەممە ئادەمگە ماس كېلىدىغان يولىنى تېپىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. پازىلنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى بۇنداق يېڭىچە قىياپىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ھەقىقەتەن كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ. بۇ يەردە كىشىلەر ئۆز ئىشى، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاندىن ئەمەلگە ئېشىپ، ئىشلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، درامىدا تويىنىڭ بولماسلىقى يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت دىتىنىڭ ۋە بەدىئىي

ماھارىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق، ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلمەكچى بولغان پىكىر ئەسەرنىڭ شەكىل ئامىللىرى ئارقىلىق بەدىئىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» روشەن سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە دراما. سىمۋوللاشتۇرۇش ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، مەلۇم بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق مەلۇم پىكىر، ئىدىيە، چۈشەنچىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سىمۋول قوللىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرنى بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەپ، ئەسەرنىڭ جەزىبدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. سىمۋول يەنە بەزىدە ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلىدۇ. «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا سىمۋولنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە رولىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، درامىدا سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى ماھارەتلىك قوللىنىلغان. سىمۋولنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە سىڭدۈرۈپ، سىمۋوللۇق دراما يارىتىش— «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر دراماچىلىقىدىكى يېڭىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

درامىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ھەم پۈتۈن درامىدا ئىزچىللىشىپ بارىدىغان ئاساسلىق سىمۋول— توي. بىر خىل سىمۋول بولۇپ كەلگەن تويىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەنىسى بار. سىمۋولنىڭ ئۆزگىچە مەنىسى تەبىئىي رەۋىشتە ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ قاتلاملىققا ۋە مەلۇم دەرىجىدە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە قىلىدۇ. درامىدا، توي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بىر خىل مۇراسىملىق مەنىسىدىن ھالقىپ سىمۋوللۇق مەنە ئالغان بولۇپ، ئەسەردە ئۇ، ئادەملەر ئېرىشمەكچى بولغان، ئېرىشەلىشىمۇ مۇمكىن بولغان، ئەمما ھەر قانچە ئۇرۇنۇپمۇ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ زادىلا ئېرىشەلمەيۋاتقان، شۇنداقلا بولدى دەپ ۋاز كەچكىلىمۇ بولمايدىغان بىر خىل مەقسەتنىڭ، ئارزۇنىڭ سىمۋولى. دېمىسىمۇ ئادەملەر بۇ دۇنيادا بىر ياخشى مەقسەتنى كۆزلەپ، نېمىنىدۇر ئارزۇ قىلىپ، شۇنىڭغا



يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ، كۈرەش قىلىپ ياشايدۇ. توي مانا شۇنىڭغا سىمۋول قىلىنغان. ئەسەردە يازغۇچى بۇ سىمۋول ئارقىلىق يۇقىرىقى مەنىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل دىداكتىك پىكىردىن بېشارەت بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ ئادەم ئۆز مەقسىتى - ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم قەيسەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، قەتئىي نىيەت بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

درامىدا تويدىن باشقا يەنە بەزىبىر قىسمەن سىمۋوللارمۇ بار. ئالايلى، باغاق— ئادەملەرنىڭ ماددىي بايلىقىنى ئۆز ئىلكىدە تۇرغۇزمايدىغان، ئادەملەرگە ئاراملىق بەرمەيدىغان، ئادەملەر زادىلا ياقتۇرمايدىغان شۇنداقلا قارشى چىقىپمۇ بولالمايدىغان، بەزىدە ھەتتا ئۆزلىرىمۇ پەيدا قىلىدىغان ھەر خىل بېسىم، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سىمۋولى. بۇنداق سىمۋوللارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەر مەزمۇنىنى كۆرۈنۈشتىكى مەزمۇنىدىن چوڭقۇرراق يەنە بىر مەنە قاتلىمىغا ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەر قانداق بىر پارچە ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر قانداق بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەر قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇھىم شەكىل ئامىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. درامىدا بولسا تېخىمۇ شۇنداق. يازغۇچى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشت - تەقدىرىنى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئەسەردىكى ئاساسلىق ۋەقەنى، مۇھىتىنى ۋە باشقىلارنى قۇرۇلما ماھارىتىگە تايىنىپ تەشكىللەيدۇ ھەم مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. قىسقىسى، ئەسەردىكى قۇرۇلما ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەكىل ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى دەل ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ماھارەتلىك

ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدا. سۇژېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە بۇ درامىنىڭ روشەن ئۆزگىچىلىكى بار. مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ دراما ھېچ ئىش قىلىنمىغان دراما. چۈنكى درامىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماۋزۇدىمۇ يېزىلغىنىدەك، درامىدا تەسۋىرلەنمەكچى بولغىنى قېرى يىگىتنىڭ تويى، كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلارمۇ توي ئۈچۈن، ئەمما 8 كۆرۈنۈشلۈك سەرگۈزەشتىلەر نەتىجىسىدىمۇ بەربىر توي بولمايدۇ، ھەتتا توي قىلىش ئىشى بارغانسېرى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. دېمەك، نەتىجىدە ھېچ ئىش بولمايدۇ، ھېچ ئىش قىلىنمايدۇ. ئەسەردىكى نۇرغۇن سۆز- ھەرىكەتلەر، تەپسىلاتلار مانا مۇشۇ نەتىجىسىزلىكنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇنداق بىر قۇرۇلما ماھارىتى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭىچە بىر قۇرۇلما شەكلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇنداق قۇرۇلما ماھارىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمىنى ۋە جەلپكارلىقىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى بۈگۈنكى زاماندىكى باشقا درامىلىرىمىزدىن پەرقلىق ھالدا تولۇقسىز ئاخىرلاشقان. يەنى دراما پازىلنىڭ توي ئىشى ئاقمىغانلىقى، ئۇزۇن مەسلىھەتلەرنىڭ ئايىغى چىقمىغانلىقى ئۈستىگە، يەنە بىر چوڭ كۆلەملىك مەسلىھەت قىلىشماقچى بولۇشۇپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ مەسلىھەتكە پازىل سەھنىدىكى ئاشۇ خىزمەتداشلىرىنى ۋە يەنە تۆۋەندە ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. دېمەك، خاتىمە قىسمىدا درامىدىكى بىر خىل ئىزچىللىق ھېسابلىنىدىغان مەسلىھەت ئەمدى سەھنىدىن چۈشۈپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. مەسلىھەتنى قىلىدىغانلار ئەمدى تاماشىبىنلار بولىدۇ. دراما كۆرۈنۈشتە ئاخىرلاشقىنى بىلەن ماھىيەتتە ئۇ تاماشىبىنلار ئارىسىدا داۋاملىشىدۇ. ئەسەردە مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمما ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىش تاماشىبىنلارغا قالدۇرۇلغان. بۇنداق ئېستېتىك بوشلۇق، تولۇقسىزلىق تەبىئىي رەۋىشتە تاماشىبىننى ئەسەر ئىجادىيىتىگە قاتناشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئېستېتىك زوقى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى



ئېشىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنى «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا قۇرۇلما ماھارىتى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن قىممەتلىك بىر مۇۋەپپەقىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

درامىدا يەنە كۆرۈنۈشلەرمۇ ئېستېتىك ئۇنۇم پەيدا قىلىش، ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. درامىدا جىددىي، ئىزچىل ۋەقەلىك يوق، ئاساسەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارچە كۆرۈنۈشلەر، تەپسىلاتلار، سۆز- ھەرىكەتلەر يېزىلغان. شۇڭا درامىدىكى ھەر بىر مەيدان كۆرۈنۈشلەر ئۆز نۆۋىتىدە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. يازغۇچى مانا مۇشۇنداق نىسپىي مۇستەقىل كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق درامىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشىدىن بېشارەت بەرگەن. ھەر بىر كۆرۈنۈش ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ ئورتاقلىقلىرىنى، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلىرىنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن كۆرسىتىپ بېرىش رولىنى ئوينىغان. يازغۇچى كۆرۈنۈشلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىللىگەندە، ئۇلارنى مول تەركىبلەر بىلەن بېيىتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى رەڭدارلىققا، يېڭىلىققا، جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. كۆرۈنۈشلەردە ھېلى زۇنۇن قادىرى، مۇھەممەت رەھىم قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، درامىنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ھېلى ئېغىر تويلۇق، ھەشەمەتچىلىك، چايلار تىلغا ئېلىنىپ، ئىجتىمائىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ھېلى خىيالىي مەنزىرىلەر پەيدا بولۇپ، كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرى قاناتلاندۇرۇلىدۇ. ھېلى ئۇ دۇنيا تەسۋىرلىنىپ، ئۇلار سېلىشتۇرما قىلىنىپ، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. يازغۇچى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن ۋە مۇمكىنچىلىكلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، پازىلنى ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ ۋە يەنە ياندۇرۇپ ئەكىلىپ، ئەسەرنى مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، يېڭىچە تەركىبكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلغان. قىسقىسى، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ قۇرۇلمىغا مۇناسىۋەتلىك ماھارەتلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپ تەرەپلىمە، شۇنداقلا ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمۇ خېلى روشەن بولۇپ، درامىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگەۋەكىللىك قىلىدۇ. دراما تىلى دېگەندە ئادەتتە پېرسوناژلار تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا دراما ئەسەرلىرىنى پېرسوناژلارنىڭ گەپ قىلىش سەنئىتى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. دراما ئەسەرلىرىدە ھەممە ئىش ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق قانات يايدىغان، ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، دراما تىلى يازغۇچىدىن ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. تۇرسۇنجان لېتىپ بۇ درامىسىدا ئەنە شۇنداق يۇقىرى تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق ۋە ناھايىتى ئۇنۇملۇك چىققان. درامىنىڭ بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە يازغۇچى پېرسوناژلارنى ئاز، ئەمما ساز سۆزلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىخچام سۆز- جۈملىلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنى سۆزلەشتۇرۇپ، ئەسەر سۇژېتىنى قانات يايدۇرغان ھەم ئاشۇ ئىخچام سۆزلەر ئارقىلىق بۇ سۆزلەرنىڭ كۆرۈنۈشتىكىدىن چوڭقۇر مەنىلىرىدىنمۇ بېشارەت بەرگەن. درامىنى ئوقۇغان ياكى كۆرگەن ئادەم درامىدا بىرمۇ ئارتۇق سۆز- جۈملە يوقلۇقىنى، ئادەتتىكى سۆز- جۈملىلەرنىڭمۇ درامىدا مەزمۇن ئىپادىلەش، كەيپىيات يارىتىش، پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشتا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ بارىدۇ. پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئىخچام ۋە ئىپادىلەش كۈچىگە بايلىقىنى، تىلىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى مەنىسىدىن باشقا يەنە ئابستراكت مەنىمۇ ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، بۇ مەنىنىڭ درامىدىكى پىكىر- ئىدىيە، پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە باشقىلار بىلەن ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بۇ درامىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى كومېدىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىلى ھەجۋىي تۈسكە، يۇمۇر ئالاھىدىلىكىگە ناھايىتى باي. تۇرسۇنجان لېتىپ ھەجۋىي- يۇمۇرلۇق تىل ئىشلىتىشكە ناھايىتى ماھىر ۋە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۈلكە ئۈزۈلمەيدۇ، كۈلكە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما بۇ كۈلكە قەستەن پەيدا قىلىنغان كۈلكە بولماستىن،



بەلكى تىل ماھارىتى ئاساسىدا كىشىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرىدىغان تەبىئىي، چىن، شۇنداقلا سەنئەت تۈسىگە باي، مەزمۇنىمۇ بار بولغان كۈلكىدۇر. تۇرسۇنجان لېتىپ ئادەتتىكى كۈلكە بىلەن كومېدىيىدىكى كۈلكىنى روشەن پەرقلەندۈرەلەيدىغان ھەم كومېدىيىگە خاس كۈلكە يارىتالايدىغان يازغۇچىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ كۈلكىسى ھامان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ درامىدىكى كۈلكىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىجتىمائىي رولىمۇ بار. چۈنكى درامىدىكى بىر قاتار كۈلكىلەر كىشىنى كۈلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، كۈلكىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتقان تىل تەركىبلىرى ئۆزىنىڭ يەنە باشقىمۇ مەنىسى بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ تىلى كىشىگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. يازغۇچى پېرسوناژلار تىلىنى يازغاندا، ئۇلارنى كونىچە دراملاردىكى پېرسوناژلاردەك سۆزلىتىشتىن ئىمكان بار ساقلىنىپ، ئىجادىيەت مۇددىئاسى، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭىچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ۋە ئۇلاردىن يېڭىچە جۈملە شەكىللىرىنى تۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسەردىكى تىل مەلۇم دەرىجىدە ناتونۇشلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. درامىدا تىل ئىدىيە- پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ، ئۆز ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى ياتلىشىشنىڭ، ماسلىشالماسلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى قىلىنغان. شۇڭا دراما تىلى ھازىر جاۋابلىقتا، دەللىككە، بەك ئېنىقلىقتا ئىگە ئەمەس، بۇنداق تىلنى قوللىنىش ئېستېتىك قانۇنىيەتكى، ئەسەر ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەر ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى يېڭى دەۋر دراماچىلىقىمىزدىكى بىر خىل تىل سىنىقى بولدى، بۇ دراما تىلى دراماچىلىقىمىزدا تىل قوللىنىشنىڭ يېڭىچە مۇمكىنچىلىكلىرىنى ياراتتى. يازغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىش

جەھەتتىكى ئىزدىنىشى، ياراتقان يېڭىلىقى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» ئۆزگىچە ئەسەر ئۇسلۇبىغا ئىگە دراما. بۇنىڭدىكى ئۇسلۇبنى تراگېدىيىلىك ماھىيەتكە ئىگە كومېدىيە دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ كومېدىيىلەشتۈرۈلگەن تراگېدىيە. درامىدا نۇرغۇن كۈلكە بار. ئەمما بۇ كۈلكىنىڭ ئاستىدا ھامان بىر كۆڭۈلسىز ئامىل بار بولغاچقا، ئۇ كۈلكىلەر ئادەمنى ئىچ - ئىچىدىن كۈلدۈرەلمەيدۇ، زوقلاندۇرالمايدۇ. يازغۇچى درامىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان تراگېدىيىلىك ئامىللارنى ئازابلىق، ئېچىنىشلىق، ئېغىر ھالەت بىلەن ئەمەس، بەلكى قىزغىن، كۈلكىلىك ئامىللار بىلەن ئىپادىلىگەن. درامىدىكى كۈلكىلەر كۆپىنچە، ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ناچار ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ بېسىمىدا قالغان، روھىي جەھەتتىن بىنورماللاشقان، ئادەملىك ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى يوقاتقان ھالەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق. تەبىئىيكى، مۇنداق مەزمۇندىكى كۈلكە، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن خۇشاللىق كۈلكىسى ھېسابلانمايدۇ. مىسال ئۈچۈن بىز درامىدىكى مۇنداق بىر كىچىككىنە تەپسىلاتنى كۆرۈپ باقايلى: «خالىسە پازىلغا باغاقلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇللىرىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئاشقان بەش يۈەنىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەندە پازىل غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭغا يېلىنىدۇ:

— خالىسە، ئاشقان بەش كوي پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭ دەيمەن».

دراما سەھنىلەردە ئوينالغاندا پازىلنىڭ بۇ گېپى ئۈچۈن كۈلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئەمما بىزنىڭ بۇ كۈلكىمىز ئۇزاققا بارمايدۇ. پازىلنىڭ نامراتلىق سەۋەبىدىن بۇنداق ئېگىرشى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماسلىقى، پازىلغا ئوخشاش ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان كىشىلەرنىڭ بىچارە ھالىتى دەرھال بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ، ئاشۇ گەپ ئۈچۈن كۈلگىنىمىزگە ئۆزىمىز خىجىل بولۇپ قالىمىز. كۈلكە ئادەمنى ئازابلايدىغان، پاجىئە - قىسمەتلەر كۈلكە



ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان ھالەت درامىنىڭ بېشىدىن - ئاخىرىغىچە ھەممىلا يەردە بار. پاجىئە - كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن تولغان بۇ ئەسەرنى كۈلكىلىك، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىش، يەنى پاجىئەلىك، ئازابلىق كۆرۈنۈشلەردە تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش بۇ درامىنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئۇسلۇبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان داڭلىق دراملارنىڭ بىرى. بۇ دراما مۇشۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە مۇراجىئەت قىلغانلىقى، مەسىلىلەرنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، شەكىل ئامىللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئەسەرنى يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى . . . غا ئوخشاش بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتىنى نامايان قىلغان ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يۇقىرى باھالارغا ئېرىشكەن. درامىنىڭ يېڭىچە قىياپىتى، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خىلمۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلىرى يازغۇچىنىڭ دادىللىق بىلەن ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ مەھسۇلى. «قىرى يىگىتنىڭ تويى» ئىجادچانلىققا باي ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا يېڭىچە تەركىبلەر، يېڭىچە ئۇسۇل - ماھارەتلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى مول. بۇ دراما ئەنە شۇنداق تەركىبلىرى، ئۇسۇل - ماھارەتلىرى بىلەن دراماچىلىقىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاشقا، سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا تۆرتكە بولدى.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى دراماچىلىقىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى— خەلق كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئەدەبىي ئەسەرنى بىر خىل ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇش، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، مەزمۇن ئامىللىرىغىلا ئەمەس، شەكىل ئامىللىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، دراماچىلىقتا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## §22. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ 1980- يىللارنىڭ ئاخىرى يازغان ۋەكىللىك پوۋېستىدۇر.

ئەختەم ئۆمەر 1963- يىلى 10- ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1981- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ مەكىت شۆبىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ دىكتورى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988- يىلىدىن تارتىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ سېنارىستى بولغان. 1998- يىلىدىن ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1981- يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «بىزنىڭ شوجى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە «ھېلىقى يەر»، «قاغجىرىغان تىنىق»، «تۇنجى ئاخشام» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ھېكايە؛ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «زېمىن قارا ئادەملىرىڭگە»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «تاش مۇنار» قاتارلىق پوۋېست؛ «يېگانە ئارال» قاتارلىق رومان؛ «ئۇر توقماق»، «سىرتماق»، «قارا باسقان كېچە» قاتارلىق رادىئو درامىسى؛ «سىرتماق»، «جۇرئەت» قاتارلىق درامىلارنى؛ «گۆلەخ بالىسى»، «توغراقنىڭ رىۋايىتى»، «قورساق تويسىلا ھېسابمۇ»، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلارنى؛ «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى»، «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن



ئوقۇمىدۇق ياكى تىرىك چېغىدا پەرۋىش قىلامدۇق» قاتارلىق پوبلىستىك ماقالىلەرنى؛ «دولان مەشرىپىنىڭ دراماتىك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ» قاتارلىق ئىلمىي، ئەدەبىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى- سىرتىدىكى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھازىرغىچە «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» (1986- يىلى) ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «قىيامەتتە قالغان سەھرا» (1989- يىل) ناملىق پوۋېست، ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى، «تۇنجى ئاخشام» (1992- يىل)، «سۆيگۈ قەدرى» (1994- يىل) ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» (1994- يىل) ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» (1996- يىل)، «ئەختەم ئۆمەر پوۋېستلىرىدىن تاللانما» (1999- يىل) ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «قارا رەڭ جىلغا» (1998- يىل)، «يېگانە ئارال» (2000- يىل)، «باياۋاننىڭ سىرى» (1) (2001- يىل) ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىندى.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، كۈچلۈك تەنقىدىي رېئالىزم روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان پوۋېستتۇر. بۇ پوۋېست دەسلەپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989- يىللىق 3-، 4- سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. كېيىن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق ھېكايە- پوۋېستلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بىراق ئەدەبىياتىمىزدا شۇنچە تەسىر قوزغىغان بۇ ئەسەر ھەققىدىكى بەس- مۇنازىرە ۋە ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ھەققىدىكى تەقرىزلەر تەسىرات ماقالىلىرى ۋە ئايرىم سورۇنلاردىكى ئاغزاكى ماختاش بىلەنلا چەكلىنىپ، يازغۇچىنىڭ بۇ پوۋېستنى مەيدانغا چىقىرىشتىكى تىرىشچانلىقى، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىنسان تراگېدىيىسى، كۈچلۈك تەكلىماكان روھى، چوڭقۇر ھايات پەلسەپىسى، ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبى . . . قاتارلىقلار ھەققىدە ئەمەلىي مۇھاكىمىلەرنىڭ چوڭقۇر ۋە داغدۇغىلىق بولۇپ كېتەلمىگەنلىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا

يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان زور كۆپچىلىك كىتابخان ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئەپسۇسلاندۇردى. شۇ ۋەجىدىن مەن بۇ ماقالەمدە «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە ئۆزەمنىڭ ھېس قىلغانلىرىمنى كەڭ كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

مەلۇمكى، 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ ئېلىمىزدە قاينام- تاشقىنلىققا تولغان ئىسلاھات ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەت ناھايىتى تېزلا جۇڭگونىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەرگە ھاياتي كۈچ بېغىشلىدى؛ ئۇ زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئىدىيىسى ئازات بىر قىسىم يېڭى كۈچلەرنى مەيدانغا چىقاردى؛ مىللىتىمىز ئىچىدە ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ماددىي جەھەتتىكى قورۇمچىلىق ۋە بېكىنمىچىلىككە، ئاڭ جەھەتتىكى قاتماللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىككە خېلى دەرىجىدە خاتىمە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ قالاق ئېڭىنى، قاتمال تەپەككۇرىنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى، تۇرمۇش قارىشىنى، دۇنياغا بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىسىنى يېڭىلىدى. بىراق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەر ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمىدى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھوقۇق ۋە پۇل بىردىنبىر قۇتقازغۇچى خۇداغا، ھەممىگە قادىر سېھرىي كۈچكە ئايلىنىپ قېلىپ، ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ دەرىجىسىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەشكە ئادەتلىنىپ قالدى؛ يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىدا نادانلىق، قاششاقلىق، بىلىمسىزلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئۇرۇقلىرى قايتىدىن بىخلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى لال، كۆزىنى كور قىلىپ قويدى. شۇ سەۋەبلىك ئىسلاھات جەريانىدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىدە زور بۇرۇلۇش بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم كىشىلەر نامراتلىق ۋە قاششاقلىقتىن قۇتۇلالمىدى، ھەتتا بۇ خىل كىشىلەر تەپ تارتماستىن باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە خاس نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق يولىغا كىرىشكە زورلىدى، نەتىجىدە مىللىتىمىز ئىچىدە زامانىۋى ئاڭ، يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلگۈچىلەر بىلەن قاششاقلىق، نادانلىق ۋە بېكىنمىچىلىكنى تەرغىب قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كۈنسايىن كۈچىيىپ كەتتى.



يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان ئاياغقۇم كەنتى» دىكى دېھقانلارنىڭ ھايات پائالىيىتىنى تىپىك بەدىئىي سەھنە قىلىش بىلەن نۆۋەتتىكى مىللىتىمىز ئىچىدە كەسكىن تۈس ئېلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر كۆرەشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىنى جانلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا تەسۋىرلەنگىنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى ياۋۇزلۇق، زوراۋانلىق، رەھىمسىزلىك ياكى ئۇچىغا چىققان زەھەرخەندىلىك ئەمەس، بەلكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان، ئەسەبىي تۈس ئالغان ئىدىيە بىلەن كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان، تۈزىتىشكە مۇمكىن بولمايۋاتقان مۇتەئەسسىپ، كونا، قالاق ئاڭ: تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇۋاتقان بېكىنمە ھالەتتىكى نادان ئەمما ئاق كۆڭۈل ئادەملەر. ئاپتور ئەسەردە مۇشۇ ئىككى نۇقتىنى مەھكەم تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىكى نامراتلىق ۋە قاششاقلىق، مەنىۋىيىتىدىكى نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى خېلى چوڭقۇر قازغان. يازغۇچى ئەسەردە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداقلارچە مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئاياغقۇمغا 18 يېزىنى ئاتلاپ ئېرىقتىن سەل چوڭ، ئۆستەڭدىن خېلى كىچىك بىر ئېقىن سۇ كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى قۇمساڭغۇ، سۇ دەپ ئېغىزىنى ئېچىپلا تۇرىدۇ. قانچە سۇ كىرسىمۇ غەلۋىردە بۇغداي توختىمىغاندەك تەرەپ- تەرەپكە سىڭىپ، 300 تۈتۈندىن ئارتۇق ئاياغ قۇملۇقلارغا توخۇغا دان چاچقانچىلىكمۇ بولمايدۇ. بۇ يېزىدا ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى ياز بويى ئاياغ كۆرمەيدۇ، قاپقارا چاك- چاك ئېتىلغان قېلىن تېرىلەردىن ئوغرى تىكەنمۇ تېشىپ كىرەلمەيدۇ. ئاياغ قۇملۇقلارنىڭ باللىرى ياز بويى ئۇچىسىغا كىيىم كىيمەيدۇ. تومۇز ئاپتىپىدا پىشقان ئۇلارنىڭ تېرىلىرى ئاتا- ئانىلىرىنىڭ يۈز- كۆزلىرىگە ئوخشاش مىس قازاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ، توپ- توپ بولۇشۇپ يۈرگەن باللار يىراقتىن خۇددى قارا كۆتەكلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئەرلەرنىڭ چىرايىدىن قورقۇمسىز، جاپاغا پىشىپ قاتقان ئەمما بوشاڭلىقنىڭ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئەرلەرنىڭ تولىسى پۇتۇن يازنى بىر قۇر كىيىم

بىلەن چىقىرىدۇ. بۇ كىيىملەرمۇ كۆك خالتا كۆڭلەك، ئاق شاپاق دوپپا، ئېغى كەڭ، پۇشقىغى قىزلارنىڭ يوپكىسىدەك كېلىدىغان ئازادە تامباللار بولۇپ، ياماقنىڭ تولىلىقىدىن رەختنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى بىلىشكە بولمايدۇ. ياز بويى چاڭ- توزان، تەرنىڭ دەستىدىن قېتىپ، كۆزگە بارغانچە ئەيلەنمىگەن كالا تېرىسىدەك تاراقلاپ كېتىدۇ. ئاياللارنىڭ قول ئىلكىدە بارلىرىدا بولسا ئىككى- ئۈچ ئۇزۇن كۆڭلەك، رومال، بىر قانچە چىت تامباللار بولىدۇ. خالتا كۆڭلەك ئۈستىدىن ھەر خىل يەكتەكلەرنى كىيىپ، شەنبىزە بەلبېغىغا ئۇزۇن پىچىقىنى ئېسىپ، باشلىرىغا ئاق دوپپىنى كىيىپ، قوللىرىنى قولاشتۇرغان ھالدا، ئالدىغا ئېڭىشىپ مېڭىش بۇ يەردىكى ياش- قېرى ئەرلەرنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نىزامى بولۇپ شەكىللەنگەن. كىمكى قەدىمىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ ماڭىدىكەن، ئۇنىڭدىن ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، كۆپۈرلۇق ئۆتىدۇ: جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ نەزەرىدىن يىقىلىدۇ: ئىلگىرى باسمايدۇ، بىر يېرى سۇنىدۇ ياكى بويىنى قاتلىشىپ ئۆلىدۇ. بۇنداقلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەر كۈنى نامازدىن كېيىن سىر ساقال ئابدۇرېشىت ئىمام بىر قانچە ئۆيگە بوسۇغىدىن «بىسمىللا» دەپ ئاتلىمىغان، ئاشنى «بىسمىللا» دەپ ئىچمىگەن، چىچىنى ئۆستۇرۇۋالغان، ساقال- بۇرۇتىنى ئېلىۋەتكەنلەر، تولا كىيىم يەڭگۈشلەپ ياسانچۇقلۇق قىلغانلارغا، بىرەر بالىسىنى موللىغا تۇتۇپ بەرمىگەنلەرگە پەند- نەسىھەت قىلغىلى بارىدۇ. بۇ يەردە ساقال- بۇرۇتىنى ئالدۇرماسلىقنى ھەممە ئادەم تەشەببۇس قىلىدۇ. ساقال چىققاندىن كېيىن قويۇۋېتىش ئاللانىڭ سۈننىتى، ساقال ئالدۇرسا، چاچ قويسا، شەپكە كىيسە، ئاتا- ئانا، قارىي- موللىلارمۇ، جامائەتمۇ خاپا. شۇڭا ياشلارنىڭ چىرايلىق ساقال- بۇرۇتلىرى چاڭگاك يۆگىشىپ ئۆسكەن بولىدۇ. ھەممەيلەن ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بەلباغ باغلاپ، ئېشەك بىلەن ماڭىدۇ. قېرى بىلەن ياشنى ئايرىماق تەس». («قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىن «تارىم» ژۇرنىلى 1989- يىل 3- سان 48- بەت)

مانا قاراڭ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى يۇقىرىقىدەك بىر خىل قاتمال، ئىپتىدائىي، ئۆزگەرمىگەن ھاياتلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. سۇنىڭ



قىسلىقى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، نادانلىق، قاششاقلىق، بوشاڭلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى ئۇلارنى ئاشۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. يازغۇچى ئەسەرنىڭ 1- بۆلىكىدە يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىۋەتكەندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ ھايات قارىشى، ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش سەۋىيىسى، بىر- بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، زىددىيىتى، ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ.

ئاياغقۇملۇقلارنىڭ تۇرمۇشى نامرات، ئەمما دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، مۇسۇلماندارچىلىقى قالتىس. ئۇلار «توخۇ بېقىپ، تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇللىرىغا ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، قەشقەردىن پىششىق خىش ئەكىلىپ، دەرۋازىنى بەش گەز كەڭلىكتە، مۇنارنى ئون ئىككى گەز ئېگىزلىكتە قىلىپ ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت» سالدۇرىدۇ. ھەممە ئادەم يوقلىما تۈزۈمى بىلەن بەش ۋاخ نامازنى مۇشۇ مەسچىتتە ئۆتەيدۇ. باپكارنىڭ كۆلىدىكى قۇرتلاپ كەتكەن، ئىت- ئېشەكتىن تارتىپ ھەممە جانىۋارلار ئىچىدىغان ئاشۇ سېسىق سۇنى يېگىلاش، ھېچبولمىغاندا ئادەم بىلەن ھايۋان ئىچىدىغانغا ئايرىم كۆل ياساشنىمۇ ئويلىمايدۇ، ئويلاشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا پىكىر بەرگەنلەرنى ھەممە بىردەك گۇناھكار ھېسابلىشىپ ئارىغا ئالمايدۇ. بۇ سۇنى ئىچمەي ئۆيدىن سۇ ئەكىلىپ ئىچكەن باشلانغۇچ مەكتەپ خانىمىنى چوڭلار تۇرماق كىچىك باللارمۇ زاڭلىق قىلىپ يامان كۆرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئاغرىق- سىلاق بولۇپ قالسىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنمەي «شۈكۈر دەڭلار، بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى» دەپ بىر- بىرىنى بەزلىشىدۇ. دوختۇرغا بېرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ، دوختۇرنىڭ دورىسىنى- «ئاشۇ ھارام نېمىنى يەپ ئىمانىنى بۇلغاش» نى خالىمايدۇ، ئەمما مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئەسەبىيلەرچە سىيىۋەتكەن باپكارنىڭ كۆلىدىن «يەتتە چېلەك سۇ ئېلىپ تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن ‹كۆلدە شەك يوق› دېيىشىپ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھالاللاپ» ئىچىۋېرىدۇ. ئۇلاردا خۇراپاتلىق، نادانلىق، ياۋاشلىق، شەخسكە چوقۇنۇش شۇنداق ئېغىر. ئاياغقۇمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇرېشىت خوجىنى

خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈپ قالتىس ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى مىڭ جۈملىگە تەڭ بىلىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ھەر كۈنى نامازدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېتىكىگە ھەممە ئادەم سەجدە قىلىدۇ، «قوللىرىنى تۇتۇشۇپ يۈزلىرىگە سۈرتىشىدۇ»، ئۇنىڭ «ھەر ئۈچ كۈندە بىر قىزنى نىكاھلاپ ئېلىشى» غا، ئاندىن ئۇنىڭ «چوكان تويىنى قىلىپ خالىغان بىرسىگە نىكاھلاپ» بېرىۋېتىشىگىمۇ چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇشىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈچ كۈنلۈك خوتۇنىنىڭ تويىنىمۇ پۇل يىغىپ مۇبارەكلىشىدۇ. ئۇنىڭغا قىزىنى دۇئا قىلدۇرغانلار خۇددى خىزىرغا يولۇققان كىشىدەك ياكى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەن ھاجىدەك ئۆزىنى قالتىس ھۆرمەتلىك ھېسابلىشىدۇ. ئەكسىچە قىزىنى بېرىشكە قارشى چىققانلارنى بولسا، ھەممە بىردەك يامان كۆرىدۇ، سەتلەپ تىللايدۇ، ئىچىگە ئالمايدۇ، قارغىشىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرەر پالاكەتكە يولۇققۇشىنى، بوينى قاتلىشىپ ئۆلۈشىنى ئاللادىن تىلەيدۇ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ ئاخىرىدا قىزى نۇسرەتنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالغىنىنىمۇ ھەممە بىردەك «ئابدۇرېشىت خوجا بىلەن تولا ئېلىشىپ شۇنداق بولدى» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك مۆمىن ۋە رايىشكى، ھەر قانداق بۇيرۇق، تەلەپ ۋە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن سالغان ئالۋان- ياساقلارغا ھېچكىم لام- جىم دېمەيدۇ. مامۇت نۇر، سىدىق بايچەككە ئوخشاشلار ئىمام، شاڭجاڭ، ھاكىم، ۋالىيلارغا شەخسىي ئىشلىرى — توي - تۆكۈن، نەزىر- چىراغ، مېھماندارچىلىق ھەتتا ئۆيلىرىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈنمۇ پۇل دەپ كەلسە بېرىۋېرىدۇ. بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ. بويۇنتاۋلىق قىلغانلارغا دادۇيجاڭ سىدىق بايچەكتىن بەتتەر جامائەت ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ.كېيەك شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا ئەرز ئېيتىپ بارىدىغان ئۆزىگە پايدىلىق ئىشقىمۇ مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىدىن باشقا ھېچكىم چىقمايدۇ. . . ئۇلار خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىغا ئوخشاش بىكىنمە ھالەتتە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەتتا ئۆزى تۇرغان ناھىيىنىڭ بازىرىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يېڭىلىققا، مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا، ھازىرقى زامانىۋى دۇنياغا ئىنتىلمەيدۇ؛ تۇرمۇشنى يېڭىلاشنى ئويلىمايدۇ؛ ئىچى پۇشسا كونا قائىدە بويىچە مەشرەپ ئوينايدۇ. كىنو - تىياتىر دېگەنگە ئانچە قىزىقمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ تولىسى پەننىي



مەكتەپكە ئۆچ، بالىلىرىنى مولل‍ىدا ئوقۇتىدۇ؛ شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدۇ. مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە ئوخشاش ھەق- ئادالەت ئۈچۈن سۆزلىگەن، ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان، سىدىق بايچەك، ئابدۇرېشىت خوجىدەكلەرنىڭ دېگىنىگە كۆنمەيدىغان ۋىجدانى بار ئەركەكلەرنى «مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، خالقۇش ساراڭ» غا چىقىرىۋېتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ «ئەخلاقىي مىزانى» دىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ياسىن مەدەك بىلەن نۇسرەتنى ھەممە بىردەك يامان كۆرۈپ قارغىشىدۇ. ئابدۇرېشىت خوجىغا كەلگەندە بۇ ئىش ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا 15 ياشلىق نارەسىدە قىز ھاشىرخاننى 70 ياشتىن ئاشقان ئابدۇرېشىت ئىمامغا «ئۈچ كۈنلۈك خوتۇن بولۇشقا دۇئا قىلدۇرغان» ئەمەت كۆنچىگە بولسا ھەممىسى ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارىشىدۇ، مۇبارەكلىشىدۇ؛ ياسىن مەدەكنىڭ ئۆلۈمى، نۇسرەتنىڭ ئۆلۈمى، ياسىننىڭ ئاپىسىنىڭ، نۇسرەتنىڭ دادىسىنىڭ دەرد- ئەلەمدىن ساراڭ بولۇپ قېلىشى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئېچىنمايدۇ، سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ، ئويلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە، قان- قېرىنداشلىرى ھەققىدە، يۇرت- مەھەللە ھەققىدە، كەلگۈسى تەرەققىيات ھەققىدە ئويلاش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ . . .

دېمەك، يازغۇچى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە ئاياغقۇملۇقلارنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا تارشىدەك قېتىپ كەتكەن بەدەنلىرىدىكى يوشۇرۇن قەلبىنى، ئاشۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مۇرەككەپ ھاياتنى، ئەسەبىي تۇس ئالغان مۇتەئەسسىپ ئىدىيە بىلەن قالاق ئاڭنى، تاشقى دۇنيادىن، بىلىم- تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز قالغان بىكىنمە ھالەتتىكى ئادەملەرنى يازغان. مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە ئوخشاش قارىماققا نورمالسىز كۆرۈنگەن پېرسوناژلارنىڭ نەزەرى ئارقىلىق ھاياتلىق يولىدا خۇددى باپكارنىڭ كۆلىدىكى سازاڭ- قۇرتلاردەك بىر ئىزىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەتراپىدىكى نادانلىق، مەھكۇملۇققا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بىچارە، ئاق كۆڭۈل، مۆمىن بەندىلەرنىڭ زەئىپ، چۈشكۈن، بىكىنمە روھىي ھالىتىنى:

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قارىماققا تىنچ، ئەمما ئىچكى قاتلىمى قاتمۇ قات زىددىيەت بىلەن تولغان مۇرەككەپ جەمئىيەتنىڭ قات-قېتىنى يېرىپ كۆرسەتكەن: ئاياغ قۇمنى مەركەز قىلغان ئاشۇ مۇرەككەپ جەمئىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا ئورالغان مۇتەئەسسىپلىك، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە قالاقلىقنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق تراگېدىيىسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە، ئاياغقۇم كەنتىنى مەركەز قىلغان ھالدا نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان نامراتلىق ۋە نادانلىق تراگېدىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى كۈچلۈك تراگېدىيىلىك توقۇنۇش ئىچىدە تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ توقۇنۇشنىڭ بىر تەرىپىگە ئابدۇرېشىت ئىمام، سوپى مەزىن باشچىلىقىدىكى قىزىل كۆز روھانىيلار؛ سىدىق بايچەك، ھامۇت نۇرغا ئوخشاش نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنى قويىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان بىمەنە قاتمال پەتىۋالىرى بىلەن مۇتەئەسسىپ دىنىي ئەقىدىلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى ۋە ئايرىم تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئاممىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى قاششاقلىق ۋە نامراتلىق؛ مەنىۋى جەھەتتىكى قاتماللىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە قانائەتچانلىقتەك ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ رەھىمسىز، بىمەنە، ئەمما زوراۋان كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. تراگېدىيىلىك توقۇنۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جىگەرلىك، ئاق كۆڭۈل دېھقان مۇھەممەتئىمىن سەيدىن، نۇسرەت، ياسىن مەدەكلەرنى قويىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاددەمدەك ياشاش ئۈمىدى، ئەتراپىدىكى قالاق، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا بولغان نارازىلىقى بىلەن ئىلغار، يېڭىلىقپەرۋەر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئابدۇرېشىت داموللا باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىنلەر باشچىلىقىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ تىركىششى نەتىجىسىدە كېيىنكىلەر ئالدىنقىلار تەرىپىدىن ۋاقىتلىق مەغلۇپ قىلىنىپ، ئەسەردە بىز كۆرۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە كېلىپ چىقىدۇ.



ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تراگېدىيە — تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە بۇ تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش.»① نىن كېلىپ چىقىدۇ. تراگېدىيىدىكى توقۇنۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يېڭى شەيئى، يېڭى كۈچلەرنىڭ تراگېدىيىسى. بۇنداق تراگېدىيە ئاساسەن يېڭى شەيئى ئۆزى تۇغۇلغان چاغدا تېخى ئانچە كۈچلۈك بولمىغانلىقى، ئۇ گەرچە تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ئىلغار تەلپىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ تەلەپنى شۇ باسقۇچنىڭ ئۆزىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ياكى يېڭى شەيئى، يېڭى تۇغۇلغان كۈچلەرنىڭ ئۆزىدە تېخى بىر تەرەپلىمىلىك بولغانلىقى، خاتالىق ۋە كەمچىلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ. مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەر ئىككىسىدە يېڭى تۇغۇلغان كۈچلەرنى كونا كۈچلەر بېسىپ چۈشىدۇ ياكى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەتلىك گۈزەللىكنى بېسىپ چۈشىدىغان تراگېدىيە شەكىللىنىدۇ. يەنە بىر خىلى كونا شەيئى ۋە كونا تۈزۈمنىڭ تراگېدىيىسى. بۇ تراگېدىيە ئاساسەن مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا، بىر مەزگىل ئىلغار ۋە ئەقىلغە مۇۋاپىق ھېسابلانغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ كونا كۈچ ياكى كونا تۈزۈم بولۇپ قېلىشقا قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلاپ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن زىتلىشىپ قالغان، لېكىن ئۇ كۈچ ۋە ئۇ تۈزۈم ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئەقىلغە مۇۋاپىق ئاساسىنى تېخى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلغۇچىسىنىڭ ھالاكىتىمۇ مەلۇم تراگېدىيە خاراكتېرىنى ئالىدۇ. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە يۈز بەرگەن تراگېدىيە دەل ئالدىنقىسىغا ئوخشاش يېڭى كۈچلەر تراگېدىيىسىدۇر. ئۇنىڭدىكى نۇسرەت، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن، ياسىن مەدەكلەر ئاياغقۇم كەنتىدىكى يېڭى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پېرسوناژلاردۇر. ئۇلار ئەقىل-ئىدراك، پەم-پاراسەت جەھەتتىن ئابدۇرېشىت خوجا، سىدىق بايچەكلەردىن قېلىشمايدۇ. بىراق ئۇلار تۇرمۇشقا ئاددەمىيلىك تۇيغۇ، ئىنسانىي خىسلەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار يېڭىلىقنى، تەرەققىياتنى ياقلايدۇ، ئۆز ئەركى

① ۋاڭ چاۋنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «ئېستېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 111- بەت.

بويىچە ئىش قىلىشىنى، ھەممە يەردە ھەقىقەتنىڭ نۇرى بولۇشىنى، ناھەقچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. نادانلىق، بىلىمسىزلىك، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپاتلىق ۋە قاششاقلىققا قارشى تۇرىدۇ. ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى، ئاقىلانىلىك بىلەن ئىش قىلىشىنى ئىستەيدۇ. كۇنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان نادانلىق، بىلىمسىزلىك، خۇشامەتگۇيلۇق، ياۋايىلىق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە خۇراپاتلىققا ئىچى پۇشۇدۇ، نارازى بولىدۇ، ھەتتا ئاشكارا قارشى چىقىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئويلىغىنى، ئارزۇ قىلغىنى، قارشى چىققىنى ئۆز ئەتراپىدىكى نادان، بىلىمسىز، قارام، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن قاتتىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغىنى، تەكىتلىگىنى ھەق ۋە توغرا بولسىمۇ، ئەمما مۇھىتنىڭ پايدىسىزلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى بەزى ئاجىزلىق ۋە ئەتراپىدىكى مۇتەئەسسىپ، قالاق كۈچلەرنىڭ رەھىمسىزلەرچە توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ، نۇسرەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت دەھشەتلىك تراگېدىيە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق تراگېدىيىلەرنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسىرى قەھرىمانلىق تراگېدىيىسىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. گەرچە بۇنىڭدىكى پېرسوناژلار قەھرىمانلىق تراگېدىيىسىدىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاش كەسكىن توقۇنۇشلار ئىچىدە قالتىس مۆجىزىلەر يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شىجائىتىنى، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق تەرەپلىرىنى ئىپادىلىمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقى، ئادەمىيلىك تۇيغۇسى، ئىنسانىي خىسلىتى، خاراكتېرىدىكى چىنلىقى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ نابۇت قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش؛ ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇكنى سۆكۈش بىلەن بىزنى تەسىرلەندۇرىدۇ ۋە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە تەسۋىرلەنگەن ئاياغقۇم كەنتى نۆۋەتتىكى بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارغا يۈكلەنگەن قىلىق - ھەرىكەتلەر، مۇرەككەپ زىددىيەت - توقۇنۇشلار، ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر، دىنىي ئەسەبىيلىكلەر،



يارىماس ئىللەتلەر ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، بىزنى جىددىي ئويلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم مەسىلىلەردۇر. شۇڭا ئاپتورنىڭ بۇ تەرەپتىكى جۈرئىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ جانلىق، يارقىن، ئادەمىيلىك تۇيغۇغا باي قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاياغقۇم كەنتىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىن بولۇپ 15 تىن ئارتۇق پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىقى، ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تۇرمۇش ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى، ھېسسىياتقا تويۇنغانلىقى، جەمئىيەتتىكى مۇھىم زىددىيەتلەرنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر.

ئوبراز ئەدەبىياتنىڭ جېنى، ھەممىنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. شۇڭا بىر يازغۇچى ياكى بىر پارچە ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنىڭ قانداقلىقى، سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا شۇنچە نۇرغۇن رومان، پوۋېستلار يېزىلدى. ئەمما ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلاردىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئوبرازلار ساناقلىقلا ئىدى. ئەدەبىياتىمىز دەل مۇشۇنداق ياخشى يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئەختەم ئۆمەر «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى ئادەمىيلىك تۇيغۇغا، ئىنسانىي ھېسسىياتقا باي، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان، خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى روشەن بىر قاتار پېرسوناژلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلار قاتارىنى بېيىتتى ۋە ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان تۈزىتىلمەي كېلىۋاتقان بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى قاتاللىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى پېرسوناژلار ئىچىدە نۇسرەت ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر تراگېدىيىلىك شەخس. ئۇ ئاتىسى مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرۇشى ئاستىدا كىچىكىدىنلا

ئەقىللىق چوڭ بولىدۇ. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسنى، ئېغىر- بېسىق، نومۇسچانلىقى، ھېسسىياتقا بايلىقى، خىيالچانلىقى، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغانلىقى، يېڭىلىقپەرۋەرلىكى، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ چۈشكۈن، خۇراپىي، بوشاڭ، ياۋايى قىلىقلىرىغا ئۆچلۈكى بىلەن ئەسەردىكى باشقا خوتۇن- قىزلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ پوۋېستنىڭ 2- بابىدا ئەمەت كۆنچىنىڭ قىزى ھاشىرخان بىلەن باپكارنىڭ كۆلى بويىدا قىلىشقان سۆھبىتى ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئايان بولىدۇ. 6- ۋە 13- بابلاردا ئۇنىڭ خاراكتېرى تولۇق ئېچىلىدۇ. ئۇ خۇراپاتلىققا، ئابدۇرېشىت خوجىغا ئوخشاش نەپسانىيەتچى، ئالدامچى روھانىيلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرىدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا ھاشىرخاننىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، دادىسىنى ئەمەت كۆنچىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا كۆندۈرىدۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ، ھەمىشە ئاسماندىكى قۇشلاردەك ئەركىن پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ياشىغان مۇھىت ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويمايدۇ. ھەتتا ئانىسى ئۇنى دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇشقىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ياسىن مەدەكنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك چولاق جىگدىنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.

نۇسرەتنىڭ ياسىن مەدەك بىلەن ئۇچرىشىشى ئەڭ مۇھىم ۋەقەلىك. نۇسرەتنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى، قىزلىق غۇرۇرى، ھېسسىيات پسىخىكىسى ۋە تراگېدىيىسى ئاشۇ ۋەقەدىن باشلىنىدۇ. بىز دەل مۇشۇ تەپسىلاتنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا ئۇنىڭ پاك- بىغۇبار قەلبى، ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەردە ئەمەس، بەلكى ئاددىي، توپا ھىدى پۇراپ تۇرغان، تەبىئەت بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ئاشۇ تەبىئىي مۇھىتتا ئاشكارا بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ ئاددىي چىت كۆڭلەك كىيىپ جىگدىلىكتە ياسىن مەدەكنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشى، ئەتىگەن قويۇۋالغان ئۇسمىسىنىڭ تەر بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىشى، قۇمنى قولى بىلەن كولاپ نەم توپىغا قىزىغان يۇمران كۆكسىنى يېقىپ، ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان



ئاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈشى بىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياسىن مەدەك بىلەن قىلىشقان سۆھبىتى بىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ:

«— مەڭ، مانىڭدا ئېرتىڭ، — نۇسرەت ئۇنىڭغا قول ياغلىقىنى سۇندى. ياسىن ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتتى، ئاندىن نۇسرەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ پۇرىدى.

— سەتلىكىنى قېلىنىنىڭ، خوتۇنى ياغلىق توقۇپ بەرمىدىمىكى؟ — دېدى نۇسرەت بويىنىنى تولغاپ تەنە بىلەن.

— ۋاي قويۇڭە، شۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى، بۇنداق ياغلىق توقۇپ ئېرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇش ئۇن يىلدىمۇ ئەقلىگە كەلمەيدۇ ئۇ كالىنىڭ، — دېدى ياسىن زارلىنىپ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئالغان؟ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتىن نومۇسمۇ قىلمايدىكەن!

— ۋاي، مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ؟ ئانام مۇشۇ خوتۇننى ئالمىساڭ ئاق بولىمەن، كۆڭ بولىمەن، ئۇچ كۈنلۈك بولسىمۇ ئال دەپ تۇرۇۋالدى . . . شۇنداق تويدۇمكى، ئايلاپ يېنىدا ياتمىسامىمۇ مايەردە خوتۇنۇم بارتى دېگۈم كەلمەيدۇ.

— سەت گەپ قىلماڭا، كېتىمەن بولمىسا.

— بولدى دېمەي، ئەمما بۇ كۆڭلۈمدىكى گېپىم.

— خوتۇنىڭىز تۇغقىلى قانچە كۈن بولدى؟

— بۈگۈن 36 كۈن بولدى.

— ئوغۇلمۇ- قىزمۇ؟

— قىز تۇغۇپتۇ، كالۋا.

— قېينانىڭىز بېقىۋاتامدۇ؟

— ھەئە، تېرىگىمۇ ئۆزى ئالغان ئوخشايدۇ . . .

ياسىن ياغلىقنى بىردەم پۇرىغاندىن كېيىن، نۇسرەتنىڭ خىيال سۈرۈپ ئالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— ۋىيەي، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ قويۇۋېتىڭ، ۋارقىرايمەن، رامزاندا مۇشۇنداق قىلامسىز؟ روزا تۇتمىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، روزا تۇتتۇم، بۇنىڭلىققا روزا بۇزۇلمايدۇ، پەقەت بىرنى، بىرنىلا . . .

— ياق، ياق، ئالماقچى بولغان قىزنى بۇنداق قىلمايدۇ. سىز مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟

— ياق، چوقۇم ئالىمەن، مەن ئۇنداق قىلىمەن دېمىدىم، پەقەتلا سۆيۈۋالاي دەۋاتىمەن، ئۇنىڭغا نېمە بولىدۇ؟

— ياق، ياق، بولمايدۇ.

— سۆيگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ، پەقەت بىرنى سۆيۈۋالاي.

ئىككىسى خېلىغىچە ئېلىشتى. نۇسرەت بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، بويۇن بەرمىدى، ياسىن بولسا پەقەت ئۇنىڭ بويىنىغىلا سۆيۈۋالالىدى. نۇسرەت كۆكرىيۈن چاققان بايتالدەك سەكرەپ ياسىننىڭ بىلىكىنى چىشلىۋالدى.» (««قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىن «تارىم» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان، 69 - بەت).

قاراڭ، شۇنچە يارقىن، ئىخچام، شېئىرىي مەنىگە باي بۇ دىئالوگلاردا ئەركىن مۇھەببەتكە تەلپۈنۈۋاتقان ئىككى ياشنىڭ ئاشۇ دەقىقىدىكى ئاددىي سۆھبىتى، چوڭقۇر قەلب ئىزھارلىرى تولىمۇ تەبىئىي، چىنلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. شۇ ئارقىلىق نۇسرەتنىڭ پاك قەلبى، شەرم - ھاياغا تويۇنغان خۇلقى - مىجەزى، قايناق ھېسسىياتى، قىزلىق غۇرۇرى؛ ياسىن مەدەكنىڭ ئوتتەك قەلبى، نۇسرەتكە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى شۇنداق تەبىئىي، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەمما نۇسرەتنىڭ ياسىن مەدەك بىلەن جىگدىلىكتە ئۇچراشقانلىقى ئالىقانچىلىك كېلىدىغان ئاياغقۇم كەنتىگە بىردەمدىلا پۇر كېتىدۇ، مۇھەببەتنى كۆپۈرلۈق، ئەخلاقسىزلىق، يولدىن چىققانلىق دەپ چۈشىنىدىغان ئاياغقۇم دولانلىرىغا بۇ ئىش بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرېشىت خوجا بۇنى دەستەك قىلىپ مۇھەممەتئىمىن سەيدىنگە ئاستىرتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن غۇرۇرى ئۆرلىگەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىن «شەرم - ھايانى ئۇنتۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى تۆككەن» نۇسرەتنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، قاتتىق غەزەپ ئىچىدە ئۆيىگە كېلىدۇ - دە، نۇسرەتنى تاپالماي، ئانىسى



ھەمشىرىخانىنى دۇمبالاپ كېتىدۇ. دېمەك نۇسرەت ئاشۇنداق ئازابلىق مۇھىتتا، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

نۇسرەتنىڭ ياسىن مەدەك ھەققىدىكى شېرىن خىيالى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا ياسىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ ئىشتىن يوشۇرۇن ئازابلىنىۋاتقان نۇسرەتكە يەنە بىر ئېغىر ئازاب قوشۇلىدۇ. ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۇنىڭ قورسىقى خۇددى ئېغىر ئاياغ ئايالنىڭ قورسىقىدەك كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ قالىدۇ. قىزنىڭ ياسىن مەدەك بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ يۈرگىنىگە غەزىپى بېسىلماي تۇرغان مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بۇ ئىشتىن گۇمانى بارغانچە كۈچىيىپ، نۇسرەتنى ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلايدۇ - دە، قاتتىق تاياق ئازابى ئىچىدە سوراق قىلىدۇ:

« — مەن سېنى ياسىن مەدەكنىڭ گۆرىگە كۆمۈۋېتىمەن، ماڭا ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ نېنى ھارام.

— ئوبدان دادا، تاتلىق دادا، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئەسكى ئىش قىلمىدىم، مەن قەسەم قىلىپ بېرەي. مەن ئەسكى ئىش قىلمىدىم. مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكىدىغان ئىش قىلغان بولسام قاقشالدەك قۇرۇپ ئۆلەي! گېپىمگە ئىشىنىڭ دادا !

— قورسىقىڭدىكى نېمە؟ . . . ۋاي ئىست، دادا - بالىغۇ بىز . . . مەن نېمە بولغان ئادەم، ئۇلۇغ خۇدا، ماڭا يەنە قانداق شەپقەتلىرىڭ بار كۆرسىتە خۇدا ! . . . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن ئۆزىنى كاچاتلاپ ساقاللىرىنى يۇلغىلى تۇردى.

— ئوبدان دادا، مەن خۇش بولاي، ئۇنداق قىلماڭ، مەن گۇناھ قىلمىدىم، ھېچ ئەسكى ئىش قىلمىدىم. بىلمەيمەن ئۆزىچە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

— داد، قىز باققانغا داد ! — مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بىردىنلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.» («قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىن «تارىم» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 4 - سان، 79 - بەت)

ئەمدىلا 16 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىچارە قىز نۇسرەت ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ناچارلىقىدىن ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە قالىدۇ. قاغجىراپ

كەتكەن تەكلىماكاندا دۇنيادىن، ھازىرقى تەرەققىياتتىن بىخەۋەر ياشاۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشتىكى نامراتلىقى، قاششاقلىقى، مەنىۋى كورلۇقى ۋە روھىي زەئىپلىكى يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان بىر ئەركىن مۇھەببەت ئىگىسىنى ئاخىرى ھاياتتىن ۋىدالىشىشقا — پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئۆزىنى روھىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشكە، ئۆزىنى مۇشۇنداق ئازابقا قويغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا — ئەتراپىدىكى نادان، ياۋايى مىجەزلىك ئادەملەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇسرەت ئېغىر دەرد-ئەلەم ۋە روھىي ئازابقا چىدىماي، قورسىقىدىكى نەرسىنىڭ سىرىنىمۇ بىلەلمەي، ئېچىنىشلىق ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بىز ئەسەرنىڭ مۇشۇ قۇرلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا نۇسرەت دۇچ كەلگەن ئاشۇ پاجىئەدىن يۈرەك-باغرىمىز لەختە-لەختە بولۇپ ئازابلىق سۈكۈتكە چۆمىمىز. نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىمىز، ياشاش ئۇسۇلىمىز، ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىز، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز، ئۆز خەلقىمىز ۋە ئۆز تەقدىرىمىز ھەققىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

نۇسرەتنىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى ئەڭ مەركەزلىك پېرسوناژ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا رەھىمسىزلىكمۇ، قاتتىق قوللۇقمۇ، ئاق كۆڭۈللۈكمۇ، ساپدىللىقمۇ، يېڭىلىققا ئىنتىلىشمۇ، مۇتەئەسسىپلىكمۇ، ئەمەلىيەتچانلىقمۇ، ئۆزىمچىللىكمۇ بار. شۇڭا ئۇنى يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ خاراكتېرى، باي ئىچكى دۇنياسى يارىتىلىش جەھەتتىكى يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن يالغۇز ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئاز ئۇچرايدىغان، تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئالدى بىلەن ئاق كۆڭۈل، مىجەزى چۇس، كەسكىن، دادىللىقى بىلەن ئاياغقۇمدىكى باشقا دېھقانلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەمىشە كىشىلەرگە سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمەت كۆنچىنىڭ قىزى ھاشىرخاننى ئابدۇرېشىت خوجىغا دۇئا قىلدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئىزا-ئاھانەتكە قارىماي ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ. ھاموت نۇر، سىدىق بايچەكلەر دېھقانلارنىڭ غەللە



ئاشلىقىنى ساتقان پۇلىنى بەرمىگەندە، دەرھاللا كۆپچىلىك ئۈچۈن «كۆسەي» بولۇپ كېپەك شاڭجاڭدىن پۇلنى بېرىدىغانغا ھەل قىلىپ كېلىدۇ. يۇرتتىن ئېلىنىۋاتقان قاتمۇ قات باج-سېلىقلار، ئورۇنسىز ئالۋان-ياساقلار، كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتقان قائىدە-يوسۇن سېلىقلىرىغا زادىلا چىداپ تۇرالماي نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يۇرت كاتتىلىرىنىڭ «كېپەك شاڭجاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسىنىڭ تويى ئۈچۈن ئون كوي» دىن، «ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ئالغان خوتۇنى ئۈچۈن بەش كوي» دىن، «سۇۋان مىراپنىڭ سۇ بېرىشكە كېلىپ ئىچىدىغان ھارىقى ئۈچۈن ھەر مو يەرگە بىر كوي» دىن پۇل يىغىش توغرىسىدىكى ئورۇنسىز تەكلىپىگە دەرھاللا قارشى چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇھەممەتئىمىن سەيدىن يەنە ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان ۋىجدانلىق ئادەم. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئىسيانچى بولۇپ قۇرئان-ھەپتىيەكلەرنى كۆيدۈرگەن» ئابدۇرېشىت خوجىنىڭ خامېلېئوندەك بىر ئۆرۈلۈپلا ئىمام بولۇۋالغىنىغا قاتتىق نارازى بولىدۇ. ئۇ جامائەتكە: «ئاللا ھەممە گۇناھنى كەچۈرىدۇ، ئەمما مۇناپىقلىقنى كەچۈرمەيدۇ، سىلەر مۇناپىقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىسىلەر» دەپ ئاچچىقلايدۇ ۋە ئۆزى بىر بۇلۇڭدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئىمامنىڭ «مۇناپىقلىق» نى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ كەينىدىن ناماز ئوقۇيدىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئەتمەيدىغان ئاشۇ مەسچىت ئەھلىنىڭ ھاماقەت، ياۋاش ۋە بىچارىلىكىگە قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا «بىر تۇرۇپ كۈلىدۇ، بىر تۇرۇپ غەزىپى كېلىدۇ». ئۇ ھەمىشە «ئېھ ھەممىگە قادىر ئاللا، يۇرتقا پاك ئىمان، ۋىجدان، دىيانەت بەرگەيسەن، ئاشۇ تەمبەل ئەرلىرىڭنى لامزەللىلىكتىن، خاپىچىلىقتىن ساقلىغايسەن!» دەپ ئاللادىن تىلەيدۇ. ئۇ ياماندىن قورقمايدۇ، ئەمما ياۋاشنى بوزەك قىلمايدۇ. ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ ئۈچ كۈنلۈك نىكاھى ئۈچۈن قىزىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر: «مۇھەممەتئىمىن سەيدىن كارامەت خىسلەتلىك مۇسۇلمان-دە» دېيىشىدۇ. دېمەك، ئۇ بارغانلا يېرىدە ھەقنى سۆزلەپ، ۋىجدانى بىلەن ئىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسيانكارلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قوللايدىغان، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارنىڭ سانى ئۇنىڭ ئىسيانكارلىقىنى مەسخىرە قىلىدىغانلارنىڭ سانىدىن خېلى ئاز بولغان ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا ئۇنىڭ سەمىمىي تەكلىپلىرى، ئاچچىق تاپا- تەنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدا قالىدۇ. ئالدامچى مولللار، ماموت نۇر، سىدىق بايچەككە ئوخشاش يارىماس ئەمەلدارلار ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ گول، نادان، مۆمىن، ئىتائەتچان ۋە قانائەتچانلىقىدىن پايدىلىنىپ خالىغىنىنى قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ھەقنى سۆزلىگەن ۋىجدانلىق مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بولسا «خالقۇش ساراڭ» غا چىقىرىلىپ ئۇلارنىڭ كەمسىتىشى ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ . . .، ئاياغقۇمدىكى بۇنداق ئېچىنىشلىق پاجىئە ھەر قانداق بىرئەقىل ئىگىسىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىڭ ئۆزىمۇ جەزىرە ئادەملىرىگە خاس ياۋايىلىق، نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن خالىي ئەمەس. بۇ خىل ئىللەتلەرنىمۇ ئاشۇ مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاپتور ئەسەردە ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلەردىكى ئاجىزلىقلىرىنىمۇ خېلى قازغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ چىنلىق تۇسىگە ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇ باللىرىنى پەننىي مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، دىنىي مەكتەپتە - موللىدا ئوقۇتىدۇ. ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنمەيدۇ. ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ نۇسرەتنىڭ ئەھۋالىنى دوختۇرخانىغا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇنىڭ نالە- پەريادىغا قۇلاق سالمايدۇ، نەتىجىدە نۇسرەت غەزەپ ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ھارۇن بوۋاينى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، قورسىقىدىن پاقا چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن نۇسرەتكە قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روھىي جەھەتتە بۇزۇلۇپ، ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ، ھېچكىم قىلالمىغان ئىسيانكارلىقنى قىلىدۇ يەنى يالىڭاچلىنىپ «باپكارنىڭ كۆلى» گە كىرىپ سىيىشتەك ئېچىنىشلىق ھالىتىنى نامايان قىلىدۇ. . .

مانا بۇ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى ئەڭ تەسىرلىك تراگېدىيە، يەنى ئاياغقۇملۇقلارنىڭ نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق ۋە ياۋايىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان تراگېدىيە. «مۇھەممەتئىمىن سەيدىن غەزەپ، بۇرۇقتۇرمىلىق، ناھەقچىلىكتىن ساراڭ بولۇپ قالمىدى، ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ ھالدا كۆلگە كىرىشى ئەقىل بىلەن چۈشىنىش دائىرىسىدىن ۋە ئاپتورنىڭ مۆلچەرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتتى . . . بۇ قېتىمقى يالىڭاچلىق خۇراپاتلىققا، نادانلىققا، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدىغان كۆرۈش سەزگۈلىرىگە، باپكارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئېلىۋاتقان ئاياللارغا، بالىلارغا، سۇ ئىچىۋاتقان ھايۋانلارغا تارىخىي خاراكتېرلىك تەسىر بەردى»①. مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، مۇشۇنداق قىلىش ئەقىلغە مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇنىڭ تراگېدىيىسىنى ئالدى بىلەن ئەتراپتىكى توسقۇن كۈچلەر- بېكىنمىچىلىك ئىچىدە، ھازىرقى دۇنيادىكى يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز قالغان ئاشۇ نادان، مۇتەئەسسىپ، بىلىمسىز ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار تراگېدىيىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلەتكەن. شۇڭا مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالىتى تراگېدىيىلىك گۈزەللىكنىڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. كىتابخانلار ئەسەردىكى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن دۇچ كەلگەن ئاشۇ تراگېدىيىلىك تەقدىردىن جەمئىيىتىمىزدە ھېلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنىڭ نېگىزىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تراگېدىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا بۇ ئوبراز مەيلى مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى ياكى بەدىئىي يۈكسەكلىك جەھەتتىن بولسۇن بەلگىلىك تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ياسىن مەدەك ئوبرازىمۇ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ خاراكتېر جەھەتتىن ئالغاندا ئالاھىدە مىجەزلىك ئادەممۇ ئەمەس، ئاجايىپ ئۇلۇغۋار، سۆلەتلىك، ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غايىۋى قەھرىمانمۇ ئەمەس، بەلكى ئاياغقۇمدىن ئىبارەت بۇ بېكىنمە، خىلۋەت ماكاندا ياشايدىغان ئاددىي، ئوچۇق مىجەزلىك، ھېسسىياتقا باي سەھرا يىگىتى. ئۇ ئەسەرنىڭ 6- بابىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈنۈپ، نۇسرەت بىلەن چولاق جىگدىنىڭ تۈۋىدە قىزغىن ئۇچرىشىش ئارقىلىق، قەلبىمىزدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. 9- ، 10- ، 11- بابلاردا

① مامبەت تۇردى: «روزا بۇزۇلمايدۇ»، «تارىم» ژۇرنىلى 1989- يىللىق 11- سان، 144- بەت.

ئۇنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى يەنىمۇ تولۇق ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان چېھرىدىن سەمىمىيلىك ۋە ساددا مۇغەممەرلىك چىقىپ تۇرىدۇ. گۇپۇلدەپ تەر پۇراپ تۇرغان ۋۇجۇدىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكۈر دەۋرىدىن قالغان بىر خىل ئىپتىدائىي تەبىئەتى، جەزىرە ئادەملىرىگە خاس بولغان بىر خىل ئەرلىك غۇرۇرى پارلاپ تۇرىدۇ. ئاياغقۇملۇقلارنىڭ يىراق دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھايات قارىشى ۋە روھىي پسىخىكىسى ئۇنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدە خېلىلا تېپىلىدۇ. ئۇ خوتۇن-باللىرى بار تۇرۇقلۇق يەنە نۇسرەتنى ياخشى كۆرىدۇ. روزا تۇتقان تۇرۇپمۇ يەنە نۇسرەتنى سۆيۈۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئالىمەن دەپ ۋەدە بېرىدۇ. يۇرتمۇ يۇرت چۆگىلەپ قىمار ئوينايدۇ. ئابدۇرېشىت خوجا، سىدىق بايچەكلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىگە بولغان نارازىلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا دەۋېرىدۇ. مانا بۇ تەپسىلاتلار ياسىن مەدەكنىڭ خاراكتېرىنى مەلۇم جەھەتتىن يورۇتۇپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى سىدىق بايچەك بىلەن سوقۇشقاندىن كېيىن ئايان بولىدۇ. ئۇنىڭ نۇسرەتكە بەرگەن ۋەدىسى سەمىمىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىدىق بايچەكنىڭ خوتۇنىدىن ئۆچ ئېلىش ۋە «ئەرلىك غۇرۇرى» نى ئاقلىشى نۇسرەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. يەنى ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكىنى نامايان قىلىدۇ. ناۋادا ئەدەبىياتىمىزدا گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پېرسوناژنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، دەل «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى ياسىن مەدەكنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن كىتابخانلار ئاياغقۇملۇقلارنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە يەنە ھەدېسىلا خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە نەپسانىيەتچىلىك، خۇراپاتلىق، مەنمەنچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىكتە ئۇچىغا چىققان ئابدۇرېشىت داموللا: ئاياغقۇملۇقلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تەرتىپى ۋە نورمىسىنى ئۆزى بىلگەنچە قالايمىقان قىلىپ،



ھەدېسىلا يەپ-ئىچىشىنىڭ كويىدا يۈرىدىغان سۇۋان مىراپ: تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىنى ئالدايدىغان، ھەدېسىلا ئۇلۇغ-قۇرۇق گەپلەرنى تولا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن كەنت ياچېيكا سېكرېتارى مامۇت نۇر، دېھقان ئۇچۇن ئالۋان-ياساقنى ئاۋۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يىلىكىنى شوراش بىلەن ئۆزىگە بايلىق توپلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان سىدىق بايچەك: خۇشامەتچىلىك بىلەن ئابدۇرېشىت داموللىنىڭ قولتۇقىدىن چىقالمايدىغان سوپى مەزىن قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىمۇ ئالاھىدە ياخشى يارىتىلغان. بۇلار بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ئۆزىگە خاس مىجەز-خاراكتېرى، پىكىر-ھېسسىياتى، ئارزۇ-ئۈمىدى، ياشاش ئۇسۇلى، ھايات قارىشى ۋە تۇرمۇش ھەقىقىدىكى ئىزدىنىش-ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئاياغقۇم كەنتىدىن ئىبارەت ئاشۇ مۇرەككەپ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى قاتلامدىكى توختاۋسىز زىددىيەت ۋە مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىپادە قىلغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەختەم ئۆمەر «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە بەزىبىر يازغۇچىلاردەك پېرسوناژلارنى ئىجابىي، سەلبىي نۇقتىدىن خاراكتېرلەپ ئولتۇرماي، بەلكى ئۇلارنى ھەقىقىي ئادەمىيلىك تۈيغۇ بويىچە تەسۋىرلىگەن. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپ، قاتلاممۇ قاتلام زىددىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ سىرتقى مۇھىتقا بولغان پوزىتسىيىلىرى ئارقىلىق، ئادەملەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر، چۈشىنىش تەس بولغان بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، خۇشاللىق بىلەن ئازاب ھامان بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ مۇتلەق ياخشى ياكى يامان دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ئادەملەر مىجەز-خاراكتېرىنىڭ ھامان ئوبيېكتىپ تاشقى شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئىچكى سۇبيېكتىپ كۈچنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا شەكىللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى مۇھەممەتئىمىن سەيدىن، نۇسرەت، ياسىن مەدەك قاتارلىق تراگېدىيىلىك شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ئەدەبىياتىمىزدا

ھازىرغىچە كەم بولۇۋاتقان ھەقىقىي ئادەم ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىشنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن باشقا بايان قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، سۇژېتىنىڭ مۇكەممەل ۋە ئىخچاملىقى، تىلىنىڭ تاۋلانغانلىقى، ئاياغقۇمنى مەركەز قىلغان دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە كۈچلۈك يەرلىك پۇراقنى شەكىللەندۈرگەنلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەن بۇ يەردە ماقالىنىڭ ھەجىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، پەقەت ئۇنىڭ تىل ماھارىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» نىڭ تىلىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى تەسۋىرنىڭ ئىخچام ۋە يارقىنلىقىدا روشەن كۆرۈلىدۇ. يازغۇچى ئۇنىڭدا مەيلى پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكى ياكى پسىخىك ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن؛ مەيلى پېرسوناژنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى ياكى شۇ ھەرىكەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەيدان- كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن؛ مەيلى پېرسوناژلارنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كەڭ تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى گەۋدىلەندۈرۈشتە بولسۇن ھەرگىزمۇ دەبدەبىلىك تىل، ئاجايىپ- غارايىپ سۆز- ئىبارە، كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىنچىكە تەسۋىر ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، بەلكى كۆپىنچە ھاللاردا سىدام تەسۋىر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بەلگىلىك ئۇتۇققا ئېرىشتى.

بىزگە مەلۇم، سىدام تەسۋىر ئادەتتە ئاددىي، ئىخچام ئۇسۇل بىلەن ئازلا قەلەم تەۋرىتىپ، ئوبيېكتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. پروزا ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئوبيېكتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئاز سۆز بىلەن چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەشتەك مەقسەتكە يەتكىلى، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇشتىمۇ مۇئەييەن ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20- يىللىرى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا لۇشۈن ئەپەندى ئەڭ ئۈنۈملۈك قوللانغانىدى. 40- يىللارنىڭ



ئاخىرى، 50- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە زۇنۇن قادىرى «ماغدۇر كەتكەندە»، «چىنىقىش» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىپ، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئەختەم ئۆمەر گەرچە ئىجادىيەتكە قەدەم قويغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ياش يازغۇچى بولسىمۇ، ئەمما قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پېشقەدەملەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن سىدام تەسۋىر ئۇسۇلىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

يازغۇچى «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدا ئالدى بىلەن سىدام تەسۋىر ئۇسۇلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ تەقى- تۇرقى، رەڭگىرويى، كىينىش- ياسىنىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇلارنىڭ قىياپەت- كۆرۈنۈشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرنى جانلىق ۋە ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بىز ئەسەرنىڭ 1- بابىدا ئاياغقۇملۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى تەسۋىرلەردىن بۇ خىل ئارتۇقچىلىقلارنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز:

«ئاياغقۇملۇقلارنىڭ باللىرى ياز بويى ئۇچىسىغا كىيىم كىيمەيدۇ، تومۇز ئاپتىپىدا پىشقان ئۇلارنىڭ تېرىلىرى مىس قازاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ؛ ئەرلەرنىڭ چىرايىدىن قورقۇمسىز، جاپاغا پىششىپ قاتقان ئەمما بوشاڭلىقنىڭ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ بۇ يېزىنىڭ ئاياللىرى ئورۇق، زىلۋا كۆرۈنگىنى بىلەن كۆكسى خېلىلا چوڭ كېلىدۇ، زىلۋا بەدەنگە ئاياللىق سالاپەت بېغىشلايدۇ؛ قىزلىرى تولىمۇ ئوماق كۆرۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ قارا يۈزلىرىدىن ئادەملەرنى جەلپ قىلغۇچى بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، تىنىق كۆزلىرىنىڭ ئېقى خەسىدەك، ئۇزۇن ھەم قارا كىرپىكلىرى بولسا شۇنچە تەبىئىي بولۇپ، ئېتىز قىرلىرىدىكى تەكشى ئۆسكەن قىياقلاردەك سۇلكەتلىك: ئەرلەرنىڭ تولىسى يازنى بىر قۇر كىيىم بىلەن چىقىرىدۇ، بۇ كىيىملەرمۇ كۆك خالتا كۆڭلەك، ئاق شاپاق دوپپا، ئېغى كەڭ، پۇشقىقى قىزلارنىڭ يوپكىسىدەك تامباللار بولۇپ، ياماقنىڭ تولىلىقىدىن رەختنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى بىلىشكە بولمايدۇ. ئاياللارنىڭ قول ئىلكىدە بارلىرىدا

ئىككى - ئۈچ ئۇزۇن كۆڭلەك، رومال، بىر قانچە چىت تامبااللار بولىدۇ».
(«تارىم» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان، 48 - بەت)

بۇلاردا ئاپتور ئاز سۆز بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىققان مەنىلىك ھەم ئوبرازلىق تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئاياغقۇم كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكى، كىيىنىش - ياسىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. كىتابخانلار ئۇنىڭدىكى باللارنىڭ تونۇردەك ئىسسىقتا ياز بويى يالىڭاياغ ئوينايدىغانلىقى، ئەرلەرنىڭ بىر قۇرلا كىيىم بىلەن يازنى چىقىرىدىغانلىقى ۋە كىيىمدىكى ياماقنىڭ تولىلىقى، ئاياللارنىڭ قول ئىلكىدە بارلىرىدا ئىككى - ئۈچتىن كۆڭلەك ۋە تامبال بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەھۋاللاردىن ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاق ھەم ئىسسىقلىقىنى، ھەم ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن ھەم نامراتلىقىنى، ھەم مەنىۋى جەھەتتىن قاششاق ھەم نادانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ پورترېت تەسۋىرىدىكى ئىخچاملىق يەنە ئايرىم شەخسلەرنىڭ پورترېت تەسۋىرىدىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ.

«ئون ئالتە ياشلىق قارا قۇمچاق قىز نۇسرەتنىڭ ئېگىز ئۇزۇن، ئاغزى كىچىك، ئاستىنقى لېۋى قىزىرىپ پىشقان مۇناقىدەك، سوزۇلۇپ چۇشكەن قايرىما كىرپىكلىرى، قاپقارا كۆزلىرى، كەڭ پېشانىسىدىن ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى نۇر يېغىپ تۇراتتى، زىلۋا بويىغا چىپپىدە كەلگەن ناۋات رەڭ چىت كۆڭلىكى ئۇنى پەردەك نازاكەتلىك كۆرسەتتى.» («تارىم» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان، 55 - بەت)

«جىنچىراغنىڭ ئاجىز نۇرى مېھراب يېنىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان يوغان سەللىلىك ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ قارامتۇل چىرايىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى قولىدىكى ئۇلۇغ، مۇقەددەس قۇرئانغا تىكىلگەن، كۆسىراق كەلگەن ئېگىكىدىكى شالاڭ بىر تۇتام ساقىلى، جاۋغىيىنىڭ ئۇستىگىلا ئۇنۇپ قالغان بۇرۇتى ئاغزىنىڭ قىمىرلىشىدىن تىترەپ تۇراتتى» («تارىم» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان، 51 - بەت)



قاراڭ، ئالدىنقى تەسۋىردە نۇسرەتنىڭ قىياپىتى ۋە كىيىنىش تەسۋىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاددىي ئەمما ھەقىقىي سەھرا گۈزەللىكىگە خاس پورترېتى ئىخچام ئىپادىلەنگەن. كېيىنكىسىدە ئاياغقۇمدا زور كۆپچىلىك كىشىلەر باش ئۇردىغان ئابدۇرېشىت خوجىنىڭ قەددى - قامىتى ۋە چىراي - شەكلى سۈرەتلەنگەن. بۇ ئىككى تەسۋىرنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا ئاپتور سىدام تەسۋىر ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ناھايىتى ياخشى سىزىپ بېرەلىگەن.

لۇشۈن ئەپەندى: «بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىخچام، ئۈنۈملۈك تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىنى سىزىش كېرەك.»[①] دېگەنىدى. لۇشۈننىڭ بۇ يەردە كۆزنى سىزىش دېگىنى سىمۋول مەنىسىدە ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئاز ئەمما ساز، مەنىلىك سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە قارىتىلغانىدى. ئەختەم ئۆمەر «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە دەل ئاشۇنداق «كۆزنى سىزىش»، «روھنى قېزىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، پېرسوناژلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن. بىز ئەسەرنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ئابدۇرېشىت خوجىنىڭ قىسىلغان كۆزى، ئاغزىنىڭ ئۈچىدا ئۇنۇپ قالغان شالاڭ بۇرۇتىدىن؛ ياسىن مەدەكنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزىدىن، مۇھەممەتئىمىن سەيدىنىنىڭ تەلۋىلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزى بىلەن ۋىجىك بويىدىن، نۇسرەتنىڭ بەرگى قىياقتەك سۈلكەتلىك قېشىدىن، ئەمەت كۆنچىنىڭ دىڭگىيىپ تۇرىدىغان بۇرۇتىدىن، كېپەك شاڭجاڭنىڭ سورلۇك چېھرىدىن، سىدىق بايچەكنىڭ پاكار بويىدىن، ماموت نۇرنىڭ يوغان قورسىقىدىن، سوۋان مىراپنىڭ بوقىدەك بوينىدىن، ھەمشىرىخاننىڭ ئورۇق، ئېگىز بويىدىن، قەمبەرخاننىڭ تاۋۇزنى چاپلاپ قويغاندەك كۆكسىدىن . . . ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالالايمىز.

---

① لۇشۈن: «مەن ھېكايىنى قانداق يېزىشقا باشلىدىم»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» دەرسلىكى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 79 - بەت.

يۇقىرىقىدەك پېرسوناژلارنىڭ ئاساسلىق بەلگە ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر نەچچە سۆزلۈك ئىخچام تەسۋىرلەر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بۇنداق ياخشى ئەسەرنى بىز خېلى يىللاردىن بېرى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدۇق، پەقەت ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى پېرسوناژ تەسۋىرىدىن كۆرەلىدۇق.

تەسۋىردىكى بۇنداق ئىخچاملىق «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك تەسۋىرىدىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلىگەندە كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ خىيالىنى، نازۇك ھېس ـ تۇيغۇسىنى، روھىي ھالىتىدىكى پسىخىك تەۋرىنىشلەرنى سىدام تەسۋىر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەسىلەن، بۇ ئەسەرنىڭ 5 ـ بابىدا مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك قاتارلىقلار كېپەك شاڭجاڭ، ئابدۇرېشىت داموللىنىڭ تويى، سۇۋان مىراپنىڭ ھارىقى قاتارلىقلار ئۈچۈن پۇل يىغىمىز دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقاندا، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇپ «ئىككى شىڭگىل» گەپ قىلىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغۇچىلاردا بولۇۋاتقان ھەر خىل روھىي ھالەت ئۆزگىرىشلىرىنى ئاپتور مۇنداق ئىخچام تەسۋىرلەيدۇ:

«. . . مۇھەممەتئىمىن سەيدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بوغۇلۇپ قالدى، جامائەت ئارىسىدىن بىر قانچەيلەننىڭ «ئۇھ» تارتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ھەممە جىمجىت بولۇپ كەتتى، سوپى مەزىن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، مامۇت نۇر تاتىرىپ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

ــ ئولتۇرە، سا مېڭىسى يەپ قالغان ساراڭ، ھېلى كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرىشىسەن ــ دەپ خىرقىرىدى سىدىق بايچەك: تىترەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ سەل دەردى چىققاندەك بولۇپ، تىنىقى يۇرۇشتى». («تارىم» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 65 ـ بەت)

يۇقىرىقى بىر ئابزاس تەسۋىردە مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ ئاچچىقتىن گېپىنى تولۇق دېيەلمەي بوغۇلۇپ قالغانلىقى: باشقىلارنىڭ دەردى چىققاندەك بولۇپ «ئۇھ تارتىش» قانلىقى: سوپى مەزىننىڭ، مامۇت نۇرنىڭ ئاچچىقتىن چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتكەنلىكى: سىدىق بايچەكنىڭ



قاتتىق تېرىكىپ خىرقىراپ كەتكەنلىكى: ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ بايچەكنىڭ گېپىدىن دەردى چىققاندەك بولۇپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەنلىكى . . . دەك روھىي ھالەتلىرى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىدە ئاپتور قىسقا پېزىشقا تېگىشلىك جايلارنى يۇقىرىقىدەك قىسقا، ئىخچام يازغان. ئەمما تەپسىلىي يېزىشقا تېگىشلىك جايلارنى ئىمكانقەدەر تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلغان، يەنى ئىخچاملىقنى دەپ روھىي ھالەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىچكى ھەرىكەت رىتىمىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويمىغان. مەسىلەن، 6 ـ بابتا پۈتۈن بارلىقى بىلەن ياسىننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ نەم قۇمغا كۆكسىنى يېقىپ ياتقان نۇسرەتنىڭ ياسىن مەدەكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىكى روھىي ھالىتىدە بولۇۋاتقان پسىخىك تەۋرىنىشنى ئاپتور مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «. . . نۇسرەت ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر بەرگەن نەم يەردە يەنە بىردەم يېتىۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. ئەمما ناخشا ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ يۈرەكنىڭ بارغانچە سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۈت ـ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر خىل لەززەتلىك ئېقىم ھەممە يەرگە تاراپ كەتكەندەك بولدى» . («تارىم» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 62 ـ بەت)

يۇقىرىقى بىر ئابزاس تەسۋىردە ياشلىق ھېسلىرى ئويغىنىۋاتقان گۈزەل قىز نۇسرەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تەلپۈنۈش، ھودۇقۇش، يۈرىكى سېلىپ كېتىش، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە بىر خىل لەززەتلىك ئېقىم تارقاپ كەتكەندەك بولۇشتىن ئىبارەت پسىخىك ھالىتى تولىمۇ ئىخچام تىل بىلەن تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

ياسىن مەدەكنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نۇسرەت يەنە ھېلىقى كونا جايغا بېرىپ، ياسىن بىلەن ئىلگىرى ئۇچراشقان شېرىن، لەززەتلىك، ئۇنتۇلغۇسىز ئاشۇ دەقىقىلەرنى قايتا ئەسلەيدۇ. بۇ گۈزەل، شېرىن ئەمما قورقۇنچلۇق ئەسلىمە ئەسەرنىڭ 13 ـ بابىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

«نۇسرەتنىڭ چەكسىز قايغۇلۇق كۆزلىرى كۆل ئارىسىدىن ۋاللىداپ چوغ كۆرۈنگەندەك سۇس چاقنىدى، لەۋلىرىگە تەبەسسۇم، چىرايىغا قىزىللىق

يۇگۇردى. مەستخۇش چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ قوڭغۇر كۆز ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىك بىلەن تىكىلدى. بۇ كۆزلەر نېمە دېگەن ئوتلۇق، كۆيدۈرگۈچى كۆزلەر، بۇ كۆيدۈرگۈچى ھېسسىيات شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ تومۇرىدا شۇنچە يېقىملىق ئېقىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ، ئۈگىلىرى بوششىپ كەتتى. ئۇ خۇدىنى بىلمەي تولغاندى، بەدەنلىرى ئوتتەك قىزىدى، خېمىردەك يۇمشاپ كەتتى، ئۇ ئەڭ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. كۈچلۈك قوللار ئۆزىنى مەھكەم قىسىۋالغانلىقىنى، ئوتتەك بەدەن، كۆيدۈرگۈچ تىنىقلار بوينىنى يېلىنجىتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى، بىراق ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە يېتىپ باقمىغان يۇمشاق ئورۇندا ئەمەسلىكىنى، قېرى جىگدىنىڭ قوپال، قاتقان، قوۋزاقلىق، مۇدۇر- چوقۇرلىرىنىڭ تېنىگە تېگىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. . . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ قېشىدا ياسىن تۇرماقتا، ياسىننىڭ تەر پۇراقلىرىدىن جەننەتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ. ياسىننىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ قىسىشى ئۇنىڭ نەپسىنى بوغۇپ قويدى. ئۇ يۇلقۇندى.

— مېنى قويىۋېتىڭ، مېنى قويىۋېتىڭ، ۋارقىرايمەن !

نۇسرەت ئۆز ئاۋازىدىن ئۆزى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ مۇزدەك قاپاقنى كۆكسىگە بېسىپ چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. قاپاق توپىلىق يەرگە چۈشۈپ يۇمۇلاپ كەتتى. ئۇ ياسىننى يىتتۇرۇپ قويدى، ھېچ يەردە، قوناقلىقتا، كېۋەزلىكتە، قومۇقتا، جىگدىلىك ئارىسىدا يوق. يولدا تۇرامدۇ نېمە؟ ھارۋىنىڭ يېنىدا بوينىنى قىسىپ كولۇمسىرەپ تۇرۇپتىغۇ، گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئاچاي دەيدۇ، ئەمما ئاچمايدۇ. يا نۇسرەتنىڭ يېنىغا كەلمەيدۇ. پەقەت بىر خىل غەمكىن قىياپەتتە كۆزىنى چاقنىتىپ قاراپ تۇرىدۇ.

— نېمانداق قاراپ تۇرىسىز؟ نەۋاق مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى! — نۇسرەت شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. شۇئان ياسىن يوقالدى. قاپاققا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى. توپا توزىدى. ئۇ ئۆملەپ جىگدىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلىدى. ئۇ شۇنداق قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىدىكى، يۇمران، زىلۋا تەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.» («تارىم» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 4 - سان، 76- بەت)



خېلىلا ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىلغان بۇ روھىي ھالەت تەسۋىرىدە، سۆيگىنى ياسىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جۇدالىق ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان بىچارە قىز نۇسرەتنىڭ پاك، غۇبارسىز قەلبى، مۇھەببەتكە بولغان سەممىي- سادىقلىقى،قەلبىگە سىغمايۋاتقان چوڭقۇر ئىچكى ئازابى، ئۇنىڭ شۇ دەقىقىدىكى روھىي پسىخىكىسىغا تولىمۇ ماس كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولۇۋاتقان داۋالغۇشلار، سېغىنىش، جۇدالىق ھېسلىرى، شېرىن ئەسلىمە، خىيالىي تۇيغۇلىرى، مەڭدەش، جۆيلۈش . . . تەك پسىخىك ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەن چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بىز يۇقىرىقىدەك تولىمۇ جايىدا بېرىلگەن پسىخىك تەسۋىردىن ئۆزىمىزنى خۇددى نۇسرەتنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، دەردلىك چېھرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ- سىردىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز.

بىزگە مەلۇم، پروزا ئەسەرلىرىدە مۇھىت تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن پېرسوناژ ھەرىكەت قىلىۋاتقان تەبىئىي شارائىتنى سۈرەتلەش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ھېكايە پەيدا بولغان ۋاقىت، ئورۇننى ئېنىق تاپشۇرۇپ، ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى ۋە كەيپىياتىنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت- پائالىيىتىنى مۇناسىپ مەيدان ۋە مۇھىت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى بولسا ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھايات، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. قىسقىسى، مۇھىت تەسۋىرى ئەسەردىكى پېرسوناژ ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئورنى، ئاتموسفېراسى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا پروزا ئەسەرلىرىدە مۇھىت تەسۋىرىنىڭ ئورنى ۋە رولى ئالاھىدە زور بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى يېزىلغان- يېزىلمىغانلىقى ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنىڭ قانداقلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە مۇھىت تەسۋىرى خېلى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان. ئاپتورنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىلغان تەبىئەت تەسۋىرى «باپكارنىڭ كۆلى» ئەتراپىدا، توغرىراقى، ئاياغقۇم كەنتىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ۋاقىت ۋە ئورنىنى ئېنىق تاپشۇرۇپ،

پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت- پائالىيىتىنى مۇناسىپ مەيدان ۋە بەلگىلىك ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ئەسەرنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاياغقۇم كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىكى جاپا ۋە راھىتى، قايغۇ ۋە شادلىقىنى ئەڭ ياخشى ئېچىپ بېرىدىغان يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى بىلەن ئالتۇن كۈز پەسلىدىكى مۇھىتىنى گەۋدىلىك سۈرەتلىگەن. ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا، يازنىڭ سەھەر پەيتىنىمۇ، چۈشتىكى تىنجىقىنىمۇ، كەچكى شەپەق مەنزىرىسىنىمۇ، كېچە جىمجىتلىقىنىمۇ تەسۋىرلىگەن. پەسىلنى يازغاندا، ئاۋۋال يازنى، كېيىن كۈزنى يازغان. مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەندە، نوقۇل مەنزىرە ئۈچۈنلا يازماي، بەلكى ئاۋۋال مەنزىرىنى، كېيىن ئادەمنى يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ خىل ئۇسلۇبنى كونكرېت تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى خەلق قوشاقلىرى بىلەن خەلق داستانلىرىنىڭ ئاۋۋال مەنزىرىنى ئاندىن ئادەمنى، ئاۋۋال تەبىئەتنى كېيىن جەمئىيەتنى يېزىش ئۇسلۇبىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەسەردىكى 16 بابنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك باشتا تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىدۇ، ئاندىن تەدرىجىي شۇ شارائىتتىكى ئادەم ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى، ئىدىيىسى يېزىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا پېرسوناژ بىلەن مۇھىت، ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر گەۋدىلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاپتور بىر تەرەپتىن، ئەسەردىكى تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ، ئېكولوگىيە بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاياغقۇمنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى، ئۇ يەرنىڭ ھەر پەسىلدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى، يەر تۈزۈلۈشى، جۇغراپىيىلىك ئورنى. . . قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىك بىلىم بېرىش بىلەن ئەسەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتكەن.

«يېزىنىڭ ھەممە تەرىپىدە ئېگىز- پەس چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇقلار، قۇملۇقلاردا پاكار يۇلغۇنلارنىڭ چېچىلىپ تۇرغان پۆپۈكلىرى تۇزنىڭ قۇيرۇقىدەك ساڭگىلىغان، خادا قومۇشلار سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا بوش ئىرغاڭلاپ تۇرىدۇ، قۇم باغىرلىرىدا پاكار قارا قومۇش، يېشىل پىچانلار، كۆك



يانتاق ئۆسكەن قۇرۇق توپا ئېقىپ تۇرغان ھارۋا يولىدىمۇ شۇنداق. سالقىن شامال مورىلاردا چىقىۋاتقان ئىسلارنى قۇملۇق ئۈستىدە ئۇچۇرۇپ يۈرىدۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى شالاڭ، پاكار بۇغدايلار سارغىيىپ كەتكەنىدى. يەر چاك- چاك يېرىلغان بولۇپ، يېرىقلىرىدا ئۆمۈچۈك، چېكەتكە، چاشقانلار ئۇۋا سالغان. قومۇش چىڭگىلىك بېسىپ كەتكەن يول بويىدىكى ئېرىقلار قىرىدىكى تېرەكلەرنىڭ تەڭگىدەك ياپراقلىرى تومۇز بولماي تۇرۇپ سارغىيىپ غازاڭغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. يەردىن ئەمدى بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىلەپ قالغان زىرائەتلەر كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدۇ. قاغجىراپ كەتكەن قۇمساڭغۇ سېغىز توپىلىق يولدا قوي، كالىلارنى ئەگەشتۈرگەن ئايالالار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋاڭ- چۇڭ سېلىشقان بالىلار، ئىتلار چاڭ- توپا توزىتىپ، يېزىنىڭ جەنۇبىدىكى سۆگەت بىلەن ئورالغان كۆلگە قاراپ ماڭدى.» («تارىم» ژۇرنىلى، 1989- يىل 3- سان، 53- بەت)

«تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئاپتىپىدا ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان قۇملۇقنىڭ سۇس كۈلرەڭ دۈمبىسىدىن قۇرغاق ھور چىقماقتا ئىدى. قۇمدا ئۆسكەن ئېگىز خادا قومۇشلارنىڭ قۇلاقلىرى يۇمىلاقلىشىپ پۈرلىشىپ كەتكەن. يۇلغۇننىڭ يېشىل ياپراقلىرى سالپىيىپ قالغانىدى. قومۇشلۇقتا دىكىلداپ ئوت- چۆپ يەيدىغان توشقانلارمۇ ئورەكلەرگە كىرىۋېلىپ، قومۇشنىڭ يىلتىزىنى غاجىلاپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يىراقتىن ئىچى قىزىپ تۇرالمىغان تۈلكىنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇچار قاناتلار سولىشىپ كەتكەن تېرەك، ئۇجمىلەرگە، جىگدىلەرنىڭ سايىسىگە يوشۇرۇنۇۋالدى». («تارىم» ژۇرنىلى، 1989- يىل، 3- سان، 57- بەت)

قاراڭ، بۇ ئىككى ئابزاس مەنزىرە تەسۋىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسىدا سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى بولسىمۇ، يۇلغۇن، قومۇش، كۆك يانتاق قاتارلىق ئوت- چۆپ ۋە ئۆسۈملۈكلەر، ئېتىزلاردىكى ئاشلىقلارمۇ قۇرۇپ كەتكىلىۋاتقان، ئىسسىق دەستىدىن يەر يېرىلىپ، يورۇقلىرىغا چېكەتكە، چاشقانلار ئۇۋا سالغىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، كىتابخانلارنى ئاياغقۇمنىڭ قاغجىراپ كەتكەن مەنزىرىسى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە قىلغان. كېيىنكىسىدە، دەل چۈش پەيتىدىكى «تومۇزنىڭ

كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپى» نى يېزىش بىلەن كىتابخانلارغا ئاشۇ تونۇردەك ئىسسىق شارائىت ئاستىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بىچارە دېھقانلارنىڭ پائالىيەت مەيدانىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ جاپا- مۇشەققىتىنى ۋاسىتىلىك كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەلۋەتتە بۇ تەسۋىرلەر تۇرمۇشقا يېقىنلىقى، ئېنىقلىقى، ئەينەنلىكى بىلەن ئاياغقۇم ۋادىسىنىڭ تەبىئىي كىلىماتى ۋە ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسىنى چۈشىنىشىمىزدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ.

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دىكى تەسۋىر ھەققىدە توختىلىۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ھەرىكەت قىلىدىغان مەيدان- ئورۇن تەسۋىرىنىڭ ئېنىق ۋە روشەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئاپتور ھەر بىر بابتىكى پېرسوناژلار ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىشتە، پېرسوناژ ھەرىكەت قىلغان مۇھىتنىڭ دەل ۋە ئەينەنلىكىنى سۈرەتلەشتە، ئۇلارنىڭ شۇ ئورۇندىكى بىر- بىرىدىن پەرقلىق بولغان خاراكتېر- خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەشتە مەيدان- ئورۇن تەسۋىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. مەسىلەن، 9- بابتا كەنت باشلىقلىرى بىر يىللىق غەللە ئاشلىقنىڭ پۇلىنى تارقىتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، دېھقانلار نارازى بولۇپ تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىرىشىپ كېتىدۇ: بەزىلىرى هامۇت نۇرغا يالۋۇرىدۇ، بەزىلىرى تىللايدۇ، بەزىلىرى قارغايدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا تۇۋا دەپ ياقىسىنى تۇتىشىپ «ئەلھۆكمىلىللا» دەپ تۇرىشىدۇ. لېكىن مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ئۇلارغا يالۋۇرماي كېپەك شاڭجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ پۇلنى بېرىدىغانغا ھەل قىلىپ كېلىدۇ. دەل مۇشۇ سورۇندىكى ئىشلارنى ئاپتور ناھايىتى جانلىق قىلىپ مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

«ئەتىسى ئەتىگەندە مۇھەممەتئىمىن سەيدىن خۇشال قايتىپ كەلدى. كېپەك شاڭجاڭ ئۇنىڭ قولىغا ‹ئاياغقۇمنىڭ ئەھۋالى باشقا يەرگە ئوخشىمايدۇ، غەللىنىڭ پۇلى دەرھال دېھقانلارنىڭ قولىغا بېرىلسۇن، باشقا كەنتتىكىلەرنىڭ ئەسلىدىكى بويىچە بولىدۇ› دەپ تەستىق يېزىپ بەرگەنىدى. ئاياغقۇملۇقلار شادلىنىشتى. مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، ئابدۇرېشىتخان خوجا، سوپى مەزىنلەر قايغۇرۇشتى، هازا تۇتۇشتى. مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى خەقلەر ماختاپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەندە،سېكرېتار ئۆزىنىڭ هوقۇقى ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئىمام ئىماملىقىنى، سوپى مەزىن مەزىنلىكىنى ئۇنىڭغا



تارتقۇزۇپ قويغاندەك تولغىنىپ كېتىشتى. جامائەت كۆلنىڭ بويىدا مۇھەممەتئىمىن سەيدىننى ئورىۋېلىشتى.» ((«تارىم» ژۇرنىلى، 1989- يىل 4- سان، 59- بەت)

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشتە، ئاپتور تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئاپتور مۇشۇ كىچىككىنە سورۇنغا كېپەك شاڭجاڭ، مامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، سوپى مەزىن، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن ۋە بىر مۇنچە دېھقانلارنىڭ ھەرىكىتىنى سىغدۇرۇۋەتكەن. شۇ ئارقىلىق كادىرلار بىلەن مۇھەممەتئىمىن سەيدىننىڭ، مۇھەممەتئىمىن سەيدىن بىلەن ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ، دېھقانلار بىلەن يېزا ۋە كەنت باشلىقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە زىددىيىتىنى خېلى ئوبدان ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇنىڭدەك بۇ مۇناسىۋەت ئىچىدە يەنە ھەر قايسى قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، پوزىتسىيىسى، ئۆزگىچە خاراكتېرى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ، يۇقىرى قاتلام بىلەن تۆۋەن قاتلامنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ بىچارىلەرچە، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنىمۇ خېلى ياخشى سۈرەتلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 12- بابتىكى مەشرەپ سورۇنىنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ گويا كىنو ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشلەردەك ناھايىتى ئىخچام، جانلىق ۋە ئەينەن سۈرەتلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈشنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخان، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنىڭ داستىخانغا تىزىلىشلىرى ۋە ئۇنى بۆلۈپ يېيىش ئۇسۇلىدىن، بېيىت- قوشاق ئېيتىپ دەررە ئويناش ۋە دەررىنى بىر- بىرىگە بېرىش ئۇسۇلىدىن، مەشرەپتە ئوينالغان «مەشرەپ جازا ئويۇنى» دىكى قىزىق- قىزىق كۆرۈنۈشلەردىن، «جازا ئويۇنى» نى ئورۇنداش «قائىدىلىرى» دىن . . . تارىم ۋادىسىدا هازىرغىچە پىنهان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، مىجەز- خۇلقى ۋە مىللىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان پوۋېست. ئۇ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئارتۇقچىلىقى بىلەن يالغۇز ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

# ئىككىنچى باب قازاق ئەدەبىياتى

## §1. ئومۇمىي بايان

1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ ۋە چاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا قازاق مىللىتىمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بولۇپمۇ ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دېموكراتىزملىق ئىدىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان يېڭى بىر كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. لېكىن، 20 - ئەسىردىكى قازاق ئەدەبىياتىنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرنىڭ ئىجادىي داۋام قىلىنىشى دەپ قاراش كېرەك. بۇ مەزگىلدە ئاقىت ئۈلىمجى ۋەكىللىك قىلغان مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يېڭى بىر قوشۇنى جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە باي قىلدى. مەسىلەن، ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي شەخس ئارقىلىق باتۇرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى دەسلەپ كۈتباي كۆشكىنىشى ئوغلى داستانلاشتۇرغان. كېيىن ئون نەچچە شائىر مۇشۇ تېمىدا داستان ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ دەۋردە ئاقىت ئۈلىمجى (1868 — 1940)، ئاسەت نايمانباي (1867 — 1922)، جۈسىپقوجا شايىخئىسلام (1867 — 1922)، تاڭجارىق جولدى (1903— 1947)، ئاسىلقان مىڭجاسار (1893 — 1918)، كودەك مارالباي (1888 — 1937)، ئارغىنبېك ئاپاشباي، شىلبى كومەك (1867 — 1936)، ئوتارباي دۆيسەنبى (1837 — 1930)، تولەۋباي بوجەك (1848 — 1921)، كودەرى (1862 — 1916)، زىئىيا مامىي (1897 — 1927)، ئەرجان ئەخمەت (1879 — 1959)، ئاخمەت سەمباي (1867 —



1925)، نۇرتازا شالقىنباي (1880 — 1940)، قىزىر مامىربەك (1893 — 1931) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلەر مەيدانغا كەلدى ۋە ئىجادىيەتتە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

تارباغاتايدا ھايات كەچۈرگەن داستانچى جانۇزاق ناملىق شائىرنىڭ قازاق ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى شائىر ئارىپجاننىڭ بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، جانۇزاق بىر ئۆمۈر «بەختىيارنىڭ 40 ئۇرۇقى» ناملىق چاتما داستاننى ئېيتقان ۋە قول يازما تۈرىدە قالدۇرغان. بۇ ئەسەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان.

جۇڭگو قازاق يازما ئەدەبىياتى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەندى. يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا ئەسەرلەرنى نەشردىن چىقىرىش چوڭ بىر ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، لېكىن، بۇ دەۋردە ھەقىقىي مەنىدىكى نەشرىياتچىلىق تېخى بولمىغان. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە شائىر، داستانچى، ئەدەبىياتچىلارنىڭ كۆپى ئەسەرلىرىنى قول يازما ئارقىلىق خەلق ئارىسىغا تاراتقان ھەم ئۇنداق ئەسەرلەر بەزىدە ئاغزاكى ھالدا ساقلانغان. رەسمىي نەشر قىلىنغانلار كۆپ بولمىغان. ئاتاقلىق شائىر ئاقىت ئۈلىمجىنىڭ «جاھانشاھ» (1907)، «خىسسە ھابدۇلمالىك»، «كەرەي ئىشان مۇخامەت مۇمىن» (1909)، «سايفىلمالىك» (1909، 1914) قاتارلىق قىسسەلىرى قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنغان. بۇ قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قازاق ئەدەبىياتىدا ئەسەرلەرنىڭ قولىيازما شەكلىدە تارقىلىشى شۇ دەۋرنىڭ شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. 1905 - يىلى ئىلىلىق شائىر داۋىت ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئالتاينىڭ قوبدا چېگراسىغا بېرىپ، قايتىش يولىدا كۆكتوقايدا ئولتۇرۇشلۇق ئاقىت ئۈلىمجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆتمەكچى بولىدۇ. لېكىن، ئاقىت ئۆيىدە يوق بولۇپ، داۋىت ئۇنىڭغا قارىتا شېئىرىي سالام يېزىپ تاشلاپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن باشلانغان ئۆز ئارا خەت شەكلىدە شېئىر يېزىشىش ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. بۇلارنىڭ سىپىگە ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان ئابدۇللا، ئالتايدىن ئاخمەت، تارباغاتايدىن ئاسەت قاتارلىقلار

قېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «داۋىتىنىڭ ئاقىتقا يازغان خېتى»، «ئاقىتنىڭ داۋىتقا يازغان خېتى»، «ئابدۇللانىڭ ئاقىت بىلەن ئاخمەتكە يازغان خېتى»، «ئاخمەتنىڭ ئابدۇللاغا يازغان خېتى» ۋە «ئاسەتنىڭ تۆت شائىرغا يازغان خېتى» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

يازما ئەدەبىيات 20- ئەسىرنىڭ 30-، 40- يىللىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ راۋاجلاندى ۋە زورايدى. مەزمۇن جەھەتتىن خىللىشىپ، شەكىل جەھەتتىن رەڭگارەڭ تۈس ئالدى. بۇ دەۋردە تاڭجارىق ۋەكىللىك قىلغان پوئېزىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چىن ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ جارچىسىغا ئايلاندى. ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى ئەدەبىياتقا يېڭى تۈس بېغىشلىدى. كونا دەۋرنى پاش قىلىپ، يېڭىلىقنى مەدھىيىلىگەن مەزمۇنلار ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مۇقامىغا ئايلاندى. نەشر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يېڭى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆزلىشىشى بىلەن قازاق ئەدەبىياتى پروزا، دراما ژانىرلىرى بويىچىمۇ ئۆسۈشكە باشلىغان. 30- يىللاردا ئاسقار تاتانايىنىڭ «مالبېيكىنىڭ ھاياتى»، 1940- يىللاردا نىغمەت مىڭجانىنىڭ «كۆرەشچان ئائىلە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېكايە، ئوچېرك ژانىرلىرىمۇ بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. 1948- يىلى نىغمەت مىڭجانىنىڭ «تۇرمۇش تىلچىسى» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىنغان. بۇ قازاق ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى پوۋېست ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە يەنە ئەدەبىيات ھادىسىلىرى تەھلىل قىلىنغان تەقرىز، ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىمۇ ئېلان قىلىنغان. ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ياشلار تەشكىل قىلغان.

تۈرى، شەكلى ۋە ژانىرى جەھەتتىن ئالغاندا، 20- ئەسىردىكى قازاق ئەدەبىياتى باشقا مىللەت ئەدەبىياتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ چەت ئەل قازاق ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرغان. بۇ باسقۇچتا يەنىلا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ۋاقىتتىكى شېئىرىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى قازاق شېئىرىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا يېڭى



يازما شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىدا كەسىپلىشىش، ئۆسۈش بارلىققا كەلگەن. ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سۈژىتلىرىنى، موتىفلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۇزۇق قىلغان ئاساستا ئۇلارنى قايتىدىن ئىجاد قىلدى. شائىرلار بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن قىسسەلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى يازما ۋە ئاغزاكى يول بىلەن خەلق ئارىسىغا تاراتقان. بولۇپمۇ، خەلق شائىرلىرى، ساۋاتلىق موللىلار ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە»، پارسلارنىڭ «شاھنامە»، ھىندىلارنىڭ «تۇتىنامە» ئەسەرلىرىدىكى سۈژىتلارنى قازاقچە ئۇسلۇب بىلەن قايتىدىن شېئىرلاشتۇرغان. بۇ كىتابلارنىڭ قازاندا نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتكەن. بۇ كىتابلار خەلق ئارىسىدا «شېئىرىي كىتاب» دەپ ئاتالغان. قازاق شېئىرىيىتىدە تەنقىدىي رېئالىزملىق مەزمۇنلار كۆپىيىپ، كىشىلەرنى يېڭىچە مائارىپقا، يېڭىچە ئىدىيىگە دەۋەت قىلغان، زاماننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى تەشۋىق قىلىنغان ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن.

1949- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىن يېڭى دەۋرگە قەدەم باستى. باشقا مىللەت ئەدەبىياتلىرىغا ئوخشاشلا قازاق مەدەنىيىتىدە، ئەدەبىياتىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىپ، تېز تەرەققىي قىلدى. 1953- يىلى ھازىرقى «شۇغىلا» (بۇرۇنقى نامى «شىنجاڭ ئەدەبىيات- ئىسكستىۋوسى») ژۇرنىلى رەسمىي نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىدىكى زور ۋەقە بولدى. چۈنكى، شىمالىي شىنجاڭدا ئۇنىڭدىن بۇرۇن جاي- جايلاردا ئانچە- مۇنچە ژۇرناللار نەشر قىلىنغىنى بىلەن، ئۆلكىلىك دەرىجىدىكى بۇنداق ئەدەبىي بازا كەم بولۇپ كەلگەن. ئەسەر ئېلان قىلىدىغان سەھنىنىڭ تار بولۇشى سەۋەبىدىن ئىجادىيەت تازا روناق تاپالمىغان. يازغۇچى - شائىرلار «شۇغىلا» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر نەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا شېئىرىيەت، پروزا، دراما، ئەدەبىي تەنقىد ژانىرلىرى بويىچە بۈگۈنكى دەۋرگە خاس ئەدەبىياتنىڭ ئۇلىنى سالدى. 30 — 40- يىللىرى ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن ياش ئەدىبلەر 50- يىللاردىن كېيىن قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق كۈچىگە ئايلاندى. ئاسقار تاتاناي

(1906 ـ 1994)، نىغمەت مىڭجانى (1922ـ 1993)، قۇرمانالى ئوسمان، راخمۇتۇللا ئاپشە، ماغاز رازدان، قاۋسىلقان قوزىبايلار ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى بويىچە قەلەم تەۋرىتىپ، بۈگۈنكى دەۋر قازاق ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا باشلاپ كىردى. يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە بولغان ئازابلىق زامانىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان شائىر- يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە كونا جەمئىيەتنى ئاشكارىلاپ، يېڭى جەمئىيەتنى كۈيلىدى. يېڭىلىق بىلەن كونىلىقنىڭ زىددىيىتىنى، ئاياللار ئەركىنلىكىنى، كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى، ئىلىم- پەننىڭ رولىنى ماختىدى. كومپارتىيىنى، ئۇلۇغ داھىينى، سوتسىيالىزم يولىنى چىن ھېسسىياتى بىلەن قوشاققا قاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، 1957- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتى سان جەھەتتىن تېز ئۆسۈش باسقۇچىنى باشلىدى، ئەدىبلەر قوشۇنى كۈچەيدى. بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئىجادىيەت سۈپىتى جەھەتتىن چوڭ بۆسۈش ياسىدى. ياش شائىرلاردىن ئومارغازى ئايتان، قۇلمۇقان ئاخمەت، ماقاتان شارىپقان، توقتارقان جەكىرباي، سەرىك قابىشقباي، ئالىمجان قاتبايەۋ، مادى ئابدىراقمان، ھابىلاخات سالتانتايەۋ، شەرىيزادا ئىسقاقوۋ، داياربەك زىيادا، تالىپباي قابايەۋ قاتارلىقلار ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يېڭى زامانغا بولغان ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. بۇ ياش شائىرلارنىڭ ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك بولۇپ، ياۋروپا پوئېزىيىسى بىلەن شەرق پوئېزىيىسىدىن ئوزۇق ئېلىپ، يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تېپىشقا تىرىشتى. ئۇلار شۇ دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئۆسۈشىدە ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى. مەسىلەن، ئومارغازى ئايتان 50- يىللارنىڭ بېشىدا ئەنئەنىۋى شەكىلدە يېزىلغان «يولۇقۇش» ناملىق پوئېمىسى ۋە بىر قاتار شېئىرلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن بولسا، 1957- يىلغا كەلگەندە مىللىي ئۇسلۇبتىكى شېئىرىي شەكىللىرىدىن قول ئۈزۈپ، چاچما شېئىر شەكلىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇ «شىنجاڭ»، «قىش»، «قىزىل رەڭ» قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلۇق، رومانتىكىلىق ھېسلارغا باي، يۇقىرى سۈپەتلىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:



*جۇڭغار تاغلىرىنى بويلاپ، قىش ئۆزۈپ كېلىدۇ،*
*ئاپئاق ساقىلىنى ئاستا ـ ئاستا سىلىكىپ.*
*يەر*
*راھەت بۆشۈكىدە تەۋرىنىدۇ،*
*تاڭ پەيتى*
*ئاق چاپان كىيىپ.*
. . .    . . .
*كىم*
*قىش دېسە ھەسرەت چەككەن،*
*كىلىمات سىنىپقا بۆلۈنەرمۇ.*
*ئۆلگەن پومېشچىك قايتا تىرىلەرمۇ؟*[1]

ئاتاقلىق شائىرنىڭ بۇرۇن ئېلان قىلىنىشقا مۇمكىن بولماي، 80 ـ 90- يىللىرى ئېلان قىلىنىشقا ئىمكانىيەت ئالغان «تەبىئەت فىلوسوپىيىسى»، «چاقماق»، «مېنىڭ شەرقىم» قاتارلىق چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان داستانلىرىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى 50- يىللاردا پۈتكەن.

50- يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەدەبىيات سېپىگە شاكەن ئوڭالباي، زاداقان مىڭباي، ئابدەنباي باجاي، دۇتان ساكەي، ئابدىراخىم شاڭباي، رايخان ئىبىنىۋا قاتارلىق ياش شائىرلار كېلىپ قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن، شاكەن ئوڭالباينىڭ «ئۆكتەبىر»، زاداقان مىڭباينىڭ «ھېكايەت» (داستان)، ئابدەنباي باجاينىڭ «ئېرتىش بويىدا كۆكلەم» (سېكىل)، دۇتان ساكەينىڭ «رومانس» ناملىق لىرىكىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بىر ئورتاقلىق يېڭىلىققا خۇشتار بولۇش، ئانا يەرگە بولغان مۇھەببەت، ھاياتنى، تەبىئەتنى سۆيۈش ئىدى.

بۇ دەۋردە ھېكايىچىلىقمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ئېلان قىلىنغان ھېكايىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، پوۋېست ئىجادىيىتى جانلىنىپ، رومان

[1] «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ ئىسكىستىۋوسى»، 1957 ـ يىل ،6- سان.

ژانىرىغا يول سېلىندى. راخمەتۇللا ئاپشە، كۈڭگەي مۇقاجان، قاۋسىلقان قوزبااي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ پروزا ئىجادىيىتى بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولدى. ھېكايىلەر تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى بايان مەركىزى قىلغان. مۇشۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىن قاۋسىلقان قوزباينىڭ «دەسلەپكى قەدەم» ھېكايىسى ئېلان قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئىنتايىن زور داغدۇغا قوزغىغان، خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ دەۋردە قازاق دراممىسىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئايرىملىرىنىڭ بەدىئىي تەسىرى ھازىرغىچە سۇسلاشقىنى يوق. ۋاڭ يۇخۇ بىلەن ب. تىشقانبايەۋ بىرلىشىپ يازغان تۇنجى كىنو سېنارىيىسى «قاسەن ـ جەمىلە» ئېلان قىلىنىپ، سۇرەتكە ئېلىنغان. فىلىم خەنزۇ، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ قويۇلغان. ئاسقار تاتانايىنىڭ «قۇللۇقتىن قۇتۇلغانلار»، راخمەتۇللا ئاپشەنىڭ «مەخپىي قۇدىلىشىش» دراممىلىرى، قاۋسىلقان قوزباينىڭ«چاقماق چاقىدىغان يوتقان» كومېدىيىسى ئېلان قىلىنىپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

1953 ـ يىلدىن تارتىپ بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچىدە خەلق نەشرىياتى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق نەشر ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەقىقىي بازىسى بولۇپ قالدى. بۇ نەشر ئورۇنلىرىدا قازاق شائىرلىرىنىڭ شېئىر توپلاملىرى ۋە نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى، نەشرىياتچىلىقتا كوللېكتىپ توپلاملارنى چىقىرىشتىن يەككە ئاپتورلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا تەرەققىي قىلغان.

بۇ دەۋردە ئەدەبىي تەنقىدمۇ تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى. «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنى سەينا قىلغان ھالدا ئەدەبىي ئوبزور، تەقرىز، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى قاتارلىقلار كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماقاتان شارىپقاننىڭ «شائىرلارنىڭ باشلامچىسى»، ئومارغازى ئايتاننىڭ «پوئېزىيە»، رەخمەتۇللا ئەپشەنىڭ «ئېلان قىلىنمىغان ھېكايىلەر توغرىسىدا» قاتارلىق تەنقىد ماقالىلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.



لېكىن، بۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. 1957 ـ يىلدىن كېيىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا مۇبالىغىچىلىك خاھىشى كۆرۈلۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «سۇنئىي ھەمراھ» قويۇپ بېرىش دولقۇنى قوزغىلىپ، ئىجادىيەتنىڭ تەبىئىي تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بۇزۇلغان. شۇنداقتىمۇ 1958ـ 1959 ـ يىللار ئارىلىقىدا «ئۆكتەبىر گۈللىرى»، «قىزىل ناخشىلار»، «ياش قانات»، 1960 ـ يىلى «شېئىرلار»، 1962 ـ يىلى «ۋەتەنگە مۇھەببەت»، «ئەخلاق»، «يۈرەك سۆزى»، 1963 ـ يىلى «كۆكلەم كۈيى»، 1964 ـ يىلى «شادلىق دولقۇنلىرىدا» قاتارلىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىققان. مۇشۇ باسقۇچتىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بىر قەدەر نەتىجىلىك چىققان ئەسەر خەلق شائىرى سۇلتان ماجىتنىڭ «سايرام رىۋايىتى» ناملىق داستانى. داستاندا سايرام كۆلى ھەققىدىكى خەلق ھېكايىتى بايان قىلىنىپ، ئادالەت بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىپادىلەنگەن.

باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقىي تەرەققىي قىلغان باسقۇچى 1979 ـ يىلدىن باشلاندى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى 4 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقى يازغۇچى، شائىرلارغا ئىلھامبەخش ئەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى. بۇرۇن قېلىپلاشقان ژانىرلار تېخىمۇ كۈچەيدى، بۇرۇن يوق بولغان ئەدەبىي ژانىرلار يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، تەرەققىي قىلدى. ئىجادىيەتنىڭ تېماتىك مەزمۇنلىرىمۇ كېڭىيىپ، بۇرۇنقى بەزى بىر تەقلىد قىلىش ھادىسىلىرىدىن ھالقىپ، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش، تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ساندىن ساپاغا ئۆتۈش دەرىجىسىگە يەتتى. قازاق خەلقى ئەزەلدىن شېئىر خۇمار خەلق. بەزى ئالىملارنىڭ قازاقنى شېئىرىي مىللەت دېيىشىمۇ بىكاردىن ئەمەس. يېڭى دەۋردە قازاق پوئېزىيىسى تېز ئۆسۈپ، سان ـ ساناقسىز لىرىكىلىق شېئىر، تەخمىنەن 5ـ 6 يۈزدەك داستان، ئون نەچچە شېئىرىي رومان ئىجاد قىلىندى. ئونلىغان شەخسىي

شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. شۇلارنىڭ ئىچىدە ماغاز رازدانىنىڭ «سېرىق داۋان»، نىغمەت مىڭجانىنىڭ «قارلىغاچ»، ئاسقار تاتانايىنىڭ «بىر ئەسىر»، قىدىرقان مۇقاتايىنىڭ «دەسلەپكى گۈلدۇرماما»، دۇتان ساكەيىنىڭ «تالىيخا ـ تالغات» قاتارلىق شېئىرىي رومانلىرىنى يېڭى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. قىسقىسى، 20 نەچچە يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەريانىدا شائىرلار ئاباي قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ قالدۇرغان ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قازاق شېئىرىيىتىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرگەن. غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىن تەڭ ئوزۇق ئېلىپ، مەزمۇنى خەلقچىل، ئۇسۇلى رېئالىستىك شېئىرىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

پروزا ئىجادىيىتىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. 1979 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر خىل مەزمۇن، ھەر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان ھېكايە، پوۋېستلار سان جەھەتتىن ئىنتايىن تېز كۆپەيدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە ماغاز رازدانىنىڭ «توي»، قاۋسىلقان قوزىبايىنىڭ «راستىمۇ، دادا»، ئاكبار ماجىتىنىڭ «نۇرمان ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بۇركۇتى»، سۇلتان جانبولاتوپنىڭ «ئەرۋاھلار ئارىسىدا»، ئىركەش قۇرمانبېكنىڭ «ئېرتىش ساداسى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا چوڭ ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ياش يازغۇچى شامىس قۇمارنىڭ «قاراماي رىۋايىتى» ناملىق پوۋېستى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

بۇ دەۋردىكى ئىجادىيەتنىڭ ئۆسۈشى رومانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈلدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى رومان ئىجادىيىتىدە ئىسپاتلىنىدۇ. رومانچىلىق تەرەققىي قىلمىغان ئەدەبىياتنى مۇكەممەل ئەدەبىيات دېيىشكە بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە قازاق ئەدەبىياتىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلدى. 1979 ـ يىلىدىكى جاقىپ مىرزاقانىنىڭ «ئارمان قىياسىدا»، جۇماباي بىلالىنىڭ «تاغ بېشىدىكى ئىشلار»، ئورازقان ئاخمەتنىڭ «ئۆزگەرگەن دىيار»، تۇرسۇنالى ئىرىسكەلدىنىڭ «تاشقىن»، ئورازبەك ئابدىلنىڭ «ئۇستاز» قاتارلىق رومانلىرىدا ئازادلىقنىڭ غەلىبىسى، يېڭى تۇرمۇش، داجەيدىن ئۆگىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشلار بايان



قىلىنغان بولسا، 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق رومانلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى كېڭىيىپ، ئىجادىيەت ئىستىلىدا زور ئۆسۈشلەر بولدى. رېئالىستىك مەزمۇندىكى رومانلاردىن رومانتىكىلىق تۈس ئالغان رومانلار ۋە تارىخىي رومانلار بارلىققا كەلدى. بىر تومluق رومانلاردىن ئىككى توملۇق، ھەتتا ئۈچ توملۇق رومانلارغىچە يېزىلدى. نەسرىي شەكىلدىكى رومانلارغا ئەگىشىپ، شېئىرىي شەكىلدىكى رومانلار مەيدانغا كەلدى. دەسلەپكى تاق لىنىيىلىك تەسۋىرلەردىن قاتلاملىق، مۇرەككەپ تەسۋىرلەرگە، ۋەقەلىك قوغلىشىشتىن پسىخىك روھىي ھالەتنى ئېچىشقا تەرەققىي قىلدى. يېڭى دەۋردە سەھنە ئەسەر ئىجادىيىتىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئومارغازى ئايتانىنىڭ «جەلەمىك»، ماغاز رازدانىنىڭ «ئارمان»، كوبەن ئاسقارنىڭ «ئالدار كۆسەي بىلەن ئاقشا خان» دېگەندەك بىر قاتار دراما ئەسەرلىرى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ماقاتان شارىپقانىنىڭ «ئېرتىش يۇلتۇزلىرى»، ئورازانباي ئەگەبايىنىڭ «تاغ ئوغلى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. ئالىمجان قاتبايەۋ يازغان «يېتىم قىز» ناملىق سېنارىيە كىنو فىلىمى قىلىپ ئىشلەندى. لېكىن، دراماتورگىيىنىڭ پروزا ۋە شېئىرىيەتتەك كەڭ تەرەققىي قىلالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار.

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىي تەنقىد «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ، يەككە ئەسەرلەرگە ۋە شەخسىي ئاپتورلارغا باھا بېرىشنى ئاساس قىلغان تەسىرات ماقالىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك، بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنى نەزەرگە ئالغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى ئېلىپ، تەنقىدچىلىك ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا چۈشتى. ئۈچ توملۇق «قازاق ئەدەبىيات تارىخى» نەشر قىلىندى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ھادىسىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىد توپلاملىرى كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆسۈشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداقتىمۇ جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇش يەنىلا ئاجىز نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان

ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەنقىد بۇ تەرەققىياتقا يېتىشەلمەي قالدى.

خۇلاسە قىلغاندا، 20 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ 700 ـ 800 كىشىلىك ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن، يېتىلگەن ئەدەبىيات. ئۇ كېيىنكى يېرىم ئەسىردە، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردە تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. بۇ ئەدەبىيات ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، ياراتقان بىر تۈركۈم تالانتلىق ئەدىبلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا يۈزلەندى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇپ كەلدى.

## §2. تاڭجارىقنىڭ «نازىگۈل» ناملىق داستانى ھەققىدە

شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ھەم مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى شائىر تاڭجارىق جولدى ئوغلى 1903 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىدىكى قومۇشلۇق دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۆز يۇرتى كۈنەستە 44 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا سان جەھەتتىن كۆپ، سەۋىيە جەھەتتىنمۇ يۇقىرى، قىممىتى ئۈستۈن زور بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى بىلەن قازاق ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان.

ئۇ غۇلجىدا ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇپ خەنزۇتىلى ئۆگەنگەن، كېيىنچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، قازاقىستاندا ئوقۇغان. مۇشۇ ئوقۇشلاردا ئالغان يېڭىچە تەربىيە، تەسىرات، ئىلھاملارنىڭ نەتىجىسىدە، غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن، يېڭىچە ئىدىيىلەر بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمگەكلەرنى قىلغان.



جۈملىدىن مەكتەپ ئېچىش، ئەۋلاد تەربىيىلەش، گېزىت چىقىرىش، سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان. ئۇ «گۈندىپاي»، «چىن تىلەك»، «خىيال ئىلكىدە»، «ئەل سىرى»، «زىنداندا كىم ياتىدۇ»، «ئېلىمگە خەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋە «سەنەۋەر»، «سادىق بىلەن سالىقان»، «ئانام سىمۋولى»، «نازىگۈل» قاتارلىق داستانلىرىدا شۇ دەۋر رېئاللىقىنى تەنقىدىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ، زالىم ھۆكۈمرانلارنى، زۇلمەتلىك رېئاللىقنى پاش ۋە تەنقىد قىلغان، ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىپ، مۇھىم سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلغان. خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دالالەت قىلغان. تاڭجارىق ئۆز ئەسەرلىرىدە يەنە قازاقلارغا مەدەت ـ ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن قازاقنىڭ ۋاپادارلىق، مەردلىك، قەھرىمانلىقتا ئوخشاش مىللىي خاراكتېرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

تاڭجارىق ئەسەرلىرىدە قازاق ھاياتىدىن ماتېرىيال تاللاپ رېئالىستىك مەيداندا تۇرۇپ داستان يېزىشتىن تاشقىرى، ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، قازاقچە ئۆزلەشتۈرۈپ ئەسەرلەرنى يازغان. بۇنداق ئەسەرلەرنى يازغاندا بەزى كلاسسىك شائىرلىرىمىزغا ئوخشاش كلاسسىك ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىشنى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ ئۆزگىچە تالانتى ئاساسىدا قايتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى بەدىئىي تۈس، يېڭى مەزمۇن بىلەن دەۋرچانلىقتا ئىگە يېڭى داستان قىلىپ يېزىپ چىققان. مۇشۇ تۈردىكى داستانلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «نازىگۈل» داستانىدۇر.

«نازىگۈل» داستانى ئەرەب ھېكايىسى ئاساسىدا يېزىلغان، جەمئىي 2176 مىسرا. بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكىنى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە تاڭجارىق بىلەن بىللە ياتقان پازىلجان دېگەن ئادەم ئېيتىپ بەرگەن. داستان 1947 ـ يىلى يېزىلغان. داستاندا شائىر ئۆزىنىڭ فېئوداليزمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى كۆز قارىشى بويىچە، چىرىكلەشكەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنى قاتتىق

سۆكىدۇ. ساداقەتلىك، ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى ھەم گۈزەل غايىنى مەدھىيىلەيدۇ. داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى، سۇژىتى، قۇرۇلۇشى، بايان، تەسۋىرلىرى، پېرسوناژلار ئوبرازى، تىل ئىشلىتىلىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن باشقا داستانلاردىن پەرقلىنىدۇ.

داستاندا ئىككى سۇژىت لىنىيىسى بار. بىرىنچى ۋەقە «ئايال ياخشى ئەرسىز كۈن كەچۈرەلمەيدۇ» دېگەن مەسىلە بىلەن «ياخشى ئايال يامان ئەرنى باقالايدۇ» دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى، نەتىجىدە كېيىنكى كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان. قەدىمدە مىسىر ئېلىدە مەھمۇد ئىسىملىك ۋالىي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىر- بىرىدىن چىرايلىق ئۈچ قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ كەنجى قىزى زۇبىيلا فېئوداللىق قائىدە- يوسۇننىڭ ئەرنى ئەزىز، ئايالنى خار سانايدىغان تۈزۈملىرىگە بويسۇنمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئىككى چوڭ قىزىنى باي، بەگ بالىلىرىغا ياتلىق قىلىدۇ- دە، كىچىك قىزىنى نامرات، سەرگەردان قاسىم دېگەن يىگىتكە ياتلىق قىلىدۇ. مۇشۇ جەرياندا زۇبىيلانىڭ ئىككى ھەدىسى «ياخشى ئەرگە تەگدۇق»، «مەڭگۈلۈك بەختلىك بولىمىز» دەپ ھەشەمەتخورلۇق قىلىپ ئاخىرى بايلىقى تۈگەپ ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان زۇبىيلا ئۆزىنىڭ چېۋەرلىكىگە تايىنىپ، كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم، بەرىكەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ھەم زىيادا دېگەن ئوغۇل بىلەن نازىگۈل ئىسىملىك قىزغا ئانا بولۇپ، بەخت قۇچىقىغا چۆمىدۇ.

ئىككىنچى ۋەقە، زۇبىيلا بىلەن ئۇنىڭ قىزى نازىگۈل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. زىيادا بىلەن نازىگۈل ئاكا- سىڭىل ئىككىسى 16 ياشقا كىرگەندە، بەختكە قارشى ئانىسى ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نازىگۈل ئۆگەي ئانىنىڭ خورلىشىغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە نازىگۈلنىڭ دادىسى ئاكىسى زىيادانى ئەگەشتۈرۈپ، باغدادقا سودا قىلىش ئۈچۈن بارىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، قىزى نازىگۈلنى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۆگەيلەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشان مولّلىنىڭ قاراپ قويۇشىغا تاپشۇرىدۇ. ئاغزىدىن ئىمان چۈشمەيدىغان بۇ مولّلىنىڭ قارانىيەت، ھارامزادە ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن. ئار- نومۇسقا



چىدىمىغان نازىگۈل قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. مولّلىنى ئاپتۇۋا بىلەن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ئۆيىگە قېچىپ كېلىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە، نازىگۈلنىڭ دادىسى سودىدىن قايتىپ، ئالدى بىلەن مولّلا بىلەن كۆرۈشىدۇ. مولّلا يالغان پاكىت ياساپ، ئۇنىڭغا قىزىنى يامانلاپ بېرىدۇ. نازىگۈلنىڭ دادىسى مولّلىنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئوغلى زىياداغا سىڭلىسى نازىگۈلنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. زىيادا سىڭلىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئېيتقان كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدۇ- دە، سىڭلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەستىن، دادىسىدىن يوشۇرۇنچە باشقا ياقلارغا جان ساقلاشقا قاچۇرۇۋېتىدۇ.

يۇرتتىن قېچىپ چىققان نازىگۈل باياۋاندا قاڭقىپ يۈرۈپ، ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىپ ياتقاندا، شىكارغا چىققان باغداد خەلىپىسىنىڭ شاھزادىسى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ھەم نازىگۈلگە ئاشىق بولۇپ، ئۆيلىنىپ، بالا- چاقىلىق بولۇپ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە نازىگۈل ئېرىگە ئەل- يۇرتنى يوقلاپ كېلىش تەلىپىنى بىلدۈرىدۇ. شاھزادە بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، قاھار دېگەن ۋەزىرگە تاپشۇرىدۇ، يول ئۈستىدە ۋەزىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، نازىگۈلگە چېقىلىدۇ. نازىگۈل ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلغاندەك بىر توپ قاراقچىلارغا تۇتقۇن بولۇپ قالىدۇ. نازىگۈل قاراقچىلار ئارىسىدىنمۇ ھەر خىل ئامالار بىلەن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئەرەنچە ياسىنىپ، مىسىر ۋالىيسىنىڭ قويچىسى بولۇپ ئىشلەپ يۈرىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە باغداد خەلىپىسى مىسىر ئېلىنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىدۇ. مەھمۇد ۋالىي بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىسسە ئېيتىش كۆرىكى ئۆتكۈزىدۇ. نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نازىگۈل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋام خەلق ئالدىدا ھەقىقىي ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق سىر ئېچىلىدۇ. باغدادنىڭ خەلىپىسى ئىشان مولّلىنىڭ تىلىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ، بۇرنىنى تېشىپ، ئازابلىنىپ ئۆلسۇن دەپ دالىغا ھەيدىۋېتىدۇ. ۋەزىر قاھارنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، قولىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا نازىگۈل ئۇرۇق-

تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، يولدىشى بىلەن تېپىشىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى راھەت- پاراغەت، خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتكۈزىدۇ. داستاننىڭ سۇژېتى قەدىمكى ئەرەب- پارس ھېكايىسى بولسىمۇ، فېئودالىزمغا قارشى ئىدىيە ئەسەردە يارىتىلغان بىر نەچچە پېرسوناژ ئوبرازىدىن ۋە ئاپتور بايانىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىر مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋەكىللىرىنى، قارانىيەت موللا- ئىشانلارنى قاتتىق پاش قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا ئۆتكۈر قەلىمىنى تەڭرىنىڭ ئۆزىگە قارىتىدۇ. داستاننىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە كۆرۈلىدۇ. داستاننىڭ 3- بابىدا موللىنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈم گىردابىدا جان تالاشقان نازىگۈل كۆككە قاراپ، يۈرەك باغرى ئېزىلىپ مۇنداق دەپ زارلايدۇ:

*ئەي ئاللا، ياراتتىڭسەن يوقنى بار قىلىپ،*
*بەردىڭمۇ كەڭ دۇنيانى ماڭا تار قىلىپ.*
*ناھەقتىن ياش بېشىمنى مۇڭغا سېلىپ،*
*يۇتتۇم سۇ، چىشلەم نانغا قويدۇڭ زار قىلىپ.*

*كۆيدۈرسەڭ زالىم ئۈچۈن مۆمىنىڭنى،*
*بەندە قىپ ياراتسەن نىچۈن جان قىلىپ؟*
*ياش جېنىمنى كۆيدۈرگىنىڭ لايىقمۇ؟*
*زۇلمەتلىرىڭ ئەگىپ يۈرەر ماڭا تاسقىلىپ.*

. . . .

نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىكى ئاۋام خەلق ئادەتتە تەڭرىگە كەلسە- كەلمەس تىل تەگكۈزمەيدۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك مۇڭ- زارغا تولغان مىسرالاردىن نازىگۈلنىڭ ئىسيانكارلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن بىز ئۇلارنىڭ فېئودالىق قائىدە- يوسۇنغا بولغان گۇمانىنى، ئادالەتسىزلىككە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقىنى، غەزەپ بىلەن قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلايمىز. داستاندا موللا ئىشان دىن تونىغا ئورىنىۋالغان،



خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان قارانىيەت ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ نازىگۈلنى بىر كۆرۈش بىلەن ئاشىق بولۇپ ھەر ۋاقىت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئاۋارە بولىدۇ. دادىسىنىڭ ئالدىدا نازىگۈلگە ھەدەپ قارا چاپلاپ، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورىماقچى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ھارام نىيىتىنى يوشۇرۇپ، نازىگۈلنىڭ دادىسىغا: «ئۆلتۈرۈپ كۆمۈپ تاشلاپ، قارا يەرگە، بۇ سىرنى بىزدىن باشقا جان بىلمىسۇن» دەيدۇ. نازىگۈلنى ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان قاھارمۇ ياۋۇز، قارانىيەت ئادەم. داستاندا شائىر ئۇنى: «بۇ ئادەم ھەم ۋەزىر، ئەسكەر باشلىق، جان ئىدى ھارام نىيىتى، دىنى قاتتىق» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يول بويى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ھەيۋە قىلىپ، نازىگۈلنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ۋەھشىيلىك بىلەن نازىگۈلنىڭ بالىسى قاپىيبەگنىمۇ ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى زومىگەر تېگىشلىك جازالىرىنى تارتىدۇ. بۇ ئەھۋال خەلق ئامىسىنىڭ ياخشىنى قوللاپ، يامانىنى جازالايدىغان كۈچلۈك تىلىكىنىڭ ئىپادىسى.

داستاننىڭ بىرىنچى بابىدا شائىر ئۆز كۆز قارىشىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

*ئەگىتىپ توغرا يولدىن قىڭغىر موللا،*
*ھاراملىق قىلىپ ئادەمنى يولىدىن توسار.*
*ئالدىنىپ ھاياتىدا ھارام مالغا،*
*قەسەم قىپ، ئىمان ئوغرىلاپ، يۈزىنى تۆكەر.*

*بېشىدا سەللىسى بار، ئاغزىدا ئاللا،*
*ئىپلاس موللا دۇئا قىلسا خەق ئىشىنەر.*
*بۇ دۇنيا بۇزۇلماي قانداق تۇرسۇن،*
*ئىشەنگىنىڭ ئالدامچى موللا بولسا ئەگەر.*

مانا مۇشۇنداق مول ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بايانلار داستاننىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. داستاندا ئىدىيە ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ئۇتۇقلۇق چىققان ئوبراز نازىگۇل ئوبرازىدۇر. ئۇ ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى بولۇپ، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاشكارا هالدا فېئودالىزملىق كونا قائىدە- يوسۇنلارغا قارشى كۆرەش قىلغان ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇنىڭ ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، ئەدەپ- قائىدىلىك، زېرەك ۋە باتۇرلۇقى، ۋەتىنىگە ۋە قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى، مۇھەببەتكە بولغان ۋاپادارلىقى، زورلۇق- زومبۇلۇققا باش ئەگمەي قارشى تۇرۇشى قاتارلىق ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئالىيجاناب غايىسى قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن. شائىر چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نازىگۇل ئوبرازىغا مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەر باش قەھرىمانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى قازاق ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجە. ئۇنىڭ سىرتقى پورترېتى، ئىچكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە كەچۈرمىشلىرى غايىۋى ئايال ئوبرازىنى بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان بولسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ خاتىرجەم سودا قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۆز پاراستى بىلەن زالىم ۋەزىرنى يېڭىدۇ. ئۆزىگە قەست قىلماقچى بولغان قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلىدۇ. بەتنىيەت موللا ئالدىدىمۇ قورقماي قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. ھەقىقىي ئىشتىن خەۋىرى يوق دادىسى بىلەن ئاكىسى ئالدىدا باشنىڭ كېتىشىدىنمۇ قورقماي، پاك ۋىجدانى ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ ئۆز ۋەتىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى قەلبىدىن چىقارمايدۇ. ئۇ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، ئۆز ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ. پاك مۇھەببىتى ئۇنىڭغا كۈچ- قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ئۇزلۇكسىز تىرىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەختكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئەقىل- پاراستى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ.



شائىر ئەسەردە نازىگۇل، ئۇنىڭ ئانىسى زۇبىيلا ۋە بۇ ئىككى ئەۋلادئاياللىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، ئاياللار تەقدىرى ۋە ئورنى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. داستان ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قازاقنىڭ بۇرۇنقى ئېپوسلىرىنىڭ نامى ئاساسەن ئەر قەھرىمان ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىكى ئايال پېرسوناژلار پۈتۈنلەي ئەر پېرسوناژلارنىڭ تاجىسىغا قادالغان گۈل سۈپىتىدە تەسۋىرلىنەتتى. ئۇلاردىكى ئەر پېرسوناژلار ھەر بىر ئىش قىلىشتا ئايال پېرسوناژلارغا يەنى ئانىسىغا، ئايالىغا ياكى مەشۇقلىرىغا تايىنىش ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايتتى. بۇنىڭدىن بىز ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئەمگەكچى ئاياللار قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئادەتتىكى قارشىلىق ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئاياللارنىڭ ھاياتى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شائىر غايىۋى ئايالنىڭ ئوبرازىنى ئەسەرنىڭ ئىجابىي پېرسوناژى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى- تاشقى دۇنياسىنى ئوخشاشلا گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەپ قالماستىن، ھەم ئۇنى پاراسەتلىك، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

داستاندا شائىر مۇرەككەپ ۋەقە- سۇژېت ۋە نۇرغۇنلىغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىمۇ ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ھاياتلىق ھەققىدە سىستېمىلىق پەلسەپىۋى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ چەكلىك، ھاياتلىقتىكى ئىجادىيەتنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئادەملەرنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن بىللە، تەرەققىيات كۆز قارىشىنى تەكىتلەيدۇ.

*دۇنيادا ئۆزگىرىدۇ ھەممە نەرسە،*
*بىرى يوقاپ، بىرى ئۇنىڭ ئىزىدىن ئۈنەر.*
*دۇنيا تولماس ھەم تۈگىمەستۇر،*
*بىرى كەتسە ئورنىغا بىرى يەنە كېلەر.*

ئۇ يەنە تۇرمۇش دىئالېكتىكىسىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرگە ئۈمىد ۋە غەيرەت بېغىشلايدۇ.

*ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەزەلدىن قوشماق،*
*بىردەم پايدا بار، ھەم بىردەم زىيان.*
*كۈن ۋە تۈن، قايغۇ، شادلىق ئۇرۇق - تۇغقاندۇر،*
*قارا تۈننى يىرتىپ تاشلاپ، يورۇق تاڭ ئاتار.*

داستاننىڭ كومپوزىتسىيىسىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. پۈتكۈل داستان بەش بابقا بۆلۈنگەن. ئەگەر ئۇلارغا ئايرىم ماۋزۇلارنى قويساق مۇنداق بولىدۇ: «ئائىلە تارىخى»، «دۇنياغا كېلىش»، «سەرگەردانلىق»، «قۇتۇلۇش»، «ۋىسال تېپىش» قاتارلىقلاردۇر. بىرىنچى باب 800 مىسرا بولۇپ، نازىگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، كېيىنكى ۋەقەلىككە تولۇق ئاساس يارىتىدۇ. ئىككىنچى بابتا دەسلەپ نازىگۈلنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسۈشى ۋە بەتنىيەت موللىنىڭ قەستىگە ئۇچراپ، بىرىنچى قېتىم قېچىپ چىقىشى بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى بابتا شاھزادىنىڭ نازىگۈلنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، تۇرمۇشلۇق بولۇپ، پەرزەنت يۈزى كۆرۈشى ۋە ئاتا - ئانىسىنى يوقلاشقا ماڭغانلىقى، يول ئۈستىدە ۋەزىرنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپ، ئىككىنچى رەت قېچىپ چىقىشى بايان قىلىنغان. تۆتىنچى بابتا نازىگۈلنى قاراقچىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشى ۋە قاراقچىلار قولىدىن قۇتۇلۇپ قېچىشى، يۇرتىغا كېلىپ، خاننىڭ قويچىسى بولۇپ يۈرۈشى ھەم ئوردىغا چاقىرتىلىپ ئۇلارغا قىسسە ئېيتىپ بېرىشى بايان قىلىنىدۇ. بەشىنچى بابتا 400 دىن ئارتۇق مىسرا ئارقىلىق نازىگۈلنىڭ كەچۈرمىشلىرى قايتا بايان قىلىنىپ، موللا بىلەن ۋەزىرنىڭ قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. داستاننىڭ باش - ئاخىرى يىغىنچاق، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى مۇرەككەپ، ۋەقە بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسىيىپ، كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ھەر قايسى بابلاردىكى كۆپلىگەن يىپ ئۇچلىرى ئۆز ئارا تۇتىشىپ، ۋەقە تەرتىپى سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.



ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تاڭجارىق ئەسەرلىرىدە قازاقلارنىڭ زامانلار بويى خەلق ۋە قەلەم ئىگىلىرى قېلىپلاشتۇرغان ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىبىدىن توغرا، چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى گۈزەل، سۆزلىرى لوگىكىلىق، جۈملە قۇرۇلمىسى تەكشى، ئوچۇق، تىلى يەڭگىل، يېقىشلىق، خەلققە چۈشىنىشلىك،ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئوخشاش قاپىيە قوللىنىلغان بولۇپ، گارمونىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. لىرىكىلىقى كۈچلۈك، شۇنداقلا ئەسەردە ماقال - تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلەردىن مول پايدىلانغان. شېئىر مىسرالىرىدا ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. داستاننىڭ تىلى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، بۇنىڭدىكى سەۋەب شائىر زور تۈركۈمدىكى يېڭى ئوخشىتىشلارنى جايىدا قوللانغانلىقىدا. مەسىلەن، «تەڭ ئۆسكەن ئۈچ قىزى بار گۈل سۈپەتلىك،بىر- بىرىدىن گۈزەل نۇر سۈپەتلىك.» دېگەن مىسرالاردا ۋالىينىڭ بويىغا يەتكەن ئۈچ قىزى بار دەپ بىۋاسىتە ئاتىماي، بەلكى «گۈل سۈپەتلىك ۋە نۇر سۈپەتلىك» دەپ ئوخشىتىش ئارقىلىق، قىزلارنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى تەسۋىرلەيدۇ.

*«باياشات ھايات ئىچىدە مەست بولۇپتۇ،*
*مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ.»*

بۇ مىسرالاردا نازىگۈل بىلەن ئېرىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنكى بەختلىك ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن. شائىرنىڭ ئوخشىتىشلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك مىللىي تۇرمۇش، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى جانلىق ئوخشاتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

*«قازان قالسۇن يېپىقلىق تۇۋىقى بىلەن،*
*تۈڭلۈك شۇنداق پۈركىلىپ ئېچىلمىسۇن.»*
*«كۆز پەسلىدىكى قىرغاۋۇلدەك تىنىم تاپماس»*
*«رەھىمسىز زېمىستان يۈرىكى مۇز»*
*«چۈجە كۆرگەن سادەك ئېتىلىشىپ»*

دېگەندەك ئۆز ئەتراپىدىن ئېلىنغان ئوخشىتىشلار تونۇش ۋە جەلپ قىلارلىق بولىدۇ- دە، ئادەملەرنىڭ رېئال هايات بىلەن چىنلىقتا بولغان قىزغىن مۇهەببىتىنى تەبىئىي تۇردە قوزغىتىدۇ. شائىر داستاندا يۇقىرى بەدىئىي ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىر قاتار ئوخشىتىشلارنى ئارقا- ئارقىدىن ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەپ، هېسسىياتنى ئىپادىلىگەن ۋاقىتلاردا نۇرغۇنلىغان ئوخشىتىشلار ئارقا- ئارقىدىن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئىككىنچى بابتا نازىگۇلنىڭ سىرتقى پورترېتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

*ئاق پېشانە، ئالتۇن ئېڭەك، قەلەم قاشلىق،*
*شېرىن سۆزلۈك، قارا كۆزلۈك، يىپەك چاچلىق.*
*يېشى ئۇنىڭ يەتكەن ئىدى ئون ئالتىگە،*
*ئۆتكۈزگەن بالىلىقنى ئون بەش ياشلىق.*
*ئالما يۈزى ئاق شايىدەك، قۇرغۇي قاپاق،*
*تۇرلىنىپ قىزىل گۈلدەك يۈزىنى ئاچتى.*
*ئاق قاڭشىرى، قارا كۆزى، ئۇزۇن بويىنى،*
*ئۇزلۇقى، ئېسىل خۇيى جاننى ئالدى.*

بۇنىڭدا هەر قايسى بۆلەكلەر ئارقىلىق بىر پۈتۈن قىياپەت كۆرسىتىلىپ، ئوخشالغۇچى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەنە ئالايلۇق، داستاننىڭ ئۈچىنچى بابىدا نازىگۇل ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى زىيادانىڭ تۇغقانلىق هېسسىياتى ئىپادىلەنگەن مەزگىلدىمۇ شائىر ئەتراپلىق ئوخشىتىش قوللانغان:

*بار ئىدى بىر قورساق يالغۇز ئاكام،*
*يەتمەيتتى ئالدى- ئارقامغا ئېتەك- ياقام.*
*باشىمغا بۆك، بوينۇمدىكى ياقام ئىدى،*
*تاش پاتۇرماس تاپاندىكى تاقام ئىدى.*



يىغىنچاقلىغاندا، «نازىگۇل» داستانىدا مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە ئۆزگىچە ئالاهىدىلىك ۋە ئۇسلۇب بار. ئەسەر كىتابخانىنى تەسىرلەندۈرىدىغان زور ئېستېتىكىلىق كۈچكە ئىگە بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈلگىلىك ئەسەردۇر دېيىشكە بولىدۇ.

## §3. ئەسقەر تاتانايىنىڭ «مالبېيكىنىڭ هاياتى» ناملىق داستانى هەققىدە

تاكى هازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەي ماختىلىپ كېلىۋاتقان «مالبېيكىنىڭ هاياتى» ناملىق داستان هازىرقى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا ئالاهىدە كۆزگە چېلىقىدىغان هەم مۇهىم ئورۇننى ئىگىلىگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. گەرچە يېزىلغىنىغا ئاتمىش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتسىمۇ بۇ داستاننى هازىرمۇ ئوقۇرمەنلەر سۆيۈپ ئوقۇماقتا. ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىز بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى بىلەن بەدىئىيلىكى جەهەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق، كەڭ كۆشادە مۇهاكىمە يۈرگۈزۈپ، داستانغا: «قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدىن سالماقلىق ئورۇن ئالغان، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەبەدىي يوقاتمايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەر» دېيىشىپ يۇقىرى باها بەرمەكتە.

قانداق تەرىپلىسە ئەرزىگۈدەك بۇ داستان ئۆز ۋاقتىدا شۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

داستاننىڭ ئاپتورى ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىكى قەلەم ئىگىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مەشهۇر شائىر، يازغۇچى، دراماتورگ، مائارىپچى، تارىخچى ئەسقەر تاتانايىدۇر.

ئەسقەر تاتاناي هازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى ۋە هەر ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن

ھەسسىلەپ ئەمگەك سىڭدۈرگەن بۈيۈك تۆھپىكار. ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر ساھەدىن مول ھوسۇل ئېلىپ زور نەتىجە قازاندى.

ئەسقەر تاتاناي 1906 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر ئالتاي ۋىلايىتىدە ئوتتۇراھال چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1994 - يىلى 19 - ئاپرېل ئالتاي شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ئەسقەر بالىلىق چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالىدۇ. ئاكىسى ئادىلىنىڭ ياردىمىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت - ساۋاتلىق بولىدۇ. فېئودالىلىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن قالاق كونا جەمئىيەتتە پەننىي مەكتەپلەر بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەقىللىق ئەسقەرنىڭ پەننىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىلىمنى كۆپرەك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگىلەيدۇ. 1933 – 1934 - يىللىرى ئالتاي شەھىرىدە تۇنجى قارار پەننىي بىلىملەر بويىچە ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلغاندا، ئەسقەر بۇ كۇرسنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئوقۇپ پۈتتۈرىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن تاكى پېنسىيىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ئوقۇتقۇچى، مۇھەررىر بولغان ھەم مەدەنىيەت، سەنئەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن، ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ مائارىپ، نەشرىيات، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئەسقەر تاتاناي قولىغا قەلەم ئالغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىل تۈردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېيىنكىلەرگە ئاز بولمىغان ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار: «ئۈچ باسقۇچ» (شېئىرلار توپلىمى)، «ئارقاق باتۇر» (ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك تارىخىي داستان)، «بىر ئەسىر» (شېئىرىي رومان)، «شارىپقان» (پوبلىستىك رومان)، «تارىخىي ئۈچۈر، مۇھىم مەسلىھەت» ۋە باشقىلارنىڭكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن «چولپان»، «سەھنە تۆرىدە» قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى كىتابلاردۇر. «مالبېيكىنىڭ ھاياتى» ناملىق داستان 1938 - يىلى ئالتاي شەھىرىدە نەشر قىلىنغان قازاقچە ژۇرنال «تاڭ چولپانى» دا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. بۇ ئېلىمىز



قازاقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم رەسمىي مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

«مالبېيكىنىڭ ھاياتى» ناملىق داستانىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى ئېلىمىزدىمۇ، خەلقئارادىمۇ جىددىي ئېلىشىش، ھايات - ماماتلىق قانلىق ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ۋە 40 - يىللارنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئېلىمىز خەلقى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. بۇ مەزگىلدە مەملىكىتىمىز ئىچىدە ۋەتىنىمىزنىڭ يېرىمىغا يېقىن زېمىنىنى بېسىۋالغان ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازادلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتسا، خەلقئارادا گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانىدى. بۇ ئارىلىقتا ئەسقەر تاتاناي نۇرغۇن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرنىڭ ئىزدىنىش روھىنى نامايان قىلغان، ئىقتىدارىنى، قەلەم كۈچىنى كۆرسەتكەن ھەم باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بىردىنبىر رېئالىستىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسىرى يەنىلا «مالبېيكىنىڭ ھاياتى» داستانى بولدى. ھازىرقى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىكى رېئالىستىك ئىپادىلەش مېتودىنىڭ ئەڭ يارامىلىق ياخشى مەھسۇلاتى ھېسابلانغان بۇ داستاندا مۇدھىش كونا جەمئىيەتتىكى قازاق ئاياللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان ھايات سەرگۈزەشتىلىرى كونكرېت بايان قىلىنىش ئارقىلىق، فېئودالىلىق ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ئادەمخور، ئادالەتسىز زۇلۇم دۇنياسى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىنغان.

«مالبېيكىنىڭ ھاياتى» ناملىق داستان تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ۋەقەلەر مەزمۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئالتە چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن.

تارىختا خورلانغان، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ دەپسەندە قىلىنغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى، تراگېدىيىلىك ھايات كەچۈرمىشلىرى مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن ئىلگىرىكى زامان ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئورتاق تېمىسى قىلىنىپ كەلگەن. جۈملىدىن ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى بولۇپمۇ قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىدا خەلق داستانلىرىغا نەزەر

تاشلايدىغان بولساق، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان، خورلانغان بىچارە ئاياللارنىڭ هايات كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشكە كۆپلەپ ئورۇن بېرىلگەنلىكىنى هېس قىلىمىز.

قازاقلارغا كەلسەك، كونا جەمئىيەتتە ئۇلاردا خۇراپىي ئىدىيىۋى قاراش، پاسسىپ ئادەتلەر، قائىدە- يوسۇنلار ئېغىر ساقلانغاچقا، كۆپ خوتۇن ئېلىش ياكى يوقسۇزلارنىڭ قىزلىرىنى مالغا زورلاپ خوتۇنلۇققا ئېلىش باهانىسى بىلەن ئاياللارنى قۇل ئورنىدا سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش، «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «ئاياللار ئارىلاشقان ئىش راۋاج تاپمايدۇ» دەپ ئۇلارنى كەمسىتىش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى چۈشۈرۈپ ئىجتىمائىي رولىنى يوققا چىقىرىش، يەنە «ئالتۇن باشلىق ئايالدىن كۈمۈش باشلىق ئەر ياخشى» دەپ ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىكتەك قالاق قاراشلار هۆكۈم سۈرۈپ، ئاياللار ياخشى كۈن كۆرمەي كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاق ئاۋۇللىرىدا بىچارە قىزلارنىڭ تەقدىرىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇلار ئانىسىدىن تۇغۇلۇپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنلىرىدىن تارتىپ تاۋار مال ئورنىدا ساقلىناتتى. سىرتلاردىن ئاشكارا، يوشۇرۇن قۇدىلىشىپ بالاغەتكە يېتە- يەتمەيلا ياتلىق قىلىناتتى، هەتتا باهاسى چىقىپ قالسا ياش- ياش قىزلار ئۆزلىرىنىڭ نەچچىنچى بوۋىلىرىدەك كېلىدىغان ئۆلۈم گۆرى يېقىنلاپ قالغان قېرى ئادەملەرگە ياتلىق قىلىۋېتىلەتتى. رېئالىستىك شائىر ئەسقەر تاتاناي: «مالبېيكىنىڭ هاياتى» ناملىق داستانىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلەكلىرىدە باش قەهرىمانىنىڭ جاپالىق هاياتىنىڭ باشلىنىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ. زىددىيەتنىڭ بېشى رەهىمسىز يەڭگە بىلەن بىچارە قېينسىڭىل ئوتتۇرىسىدا پارتلايدۇ:

دۇنيادا بالا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ــ يېتىملىك بولسا كېرەك، بولۇپمۇ قىز بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېتىمچىلىكنىڭ دەردى تېخىمۇ يامان، يەتتە يېشىدا ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان نۇربەخت ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىسىنىڭ قولىدا كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرۈپ، چەكمىگەن جاپانى چېكىپ، ئون ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئاران كۆرىدۇ. هايۋان ئورنىدا ئازابلانىسمۇ رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتمەي چوڭ بولۇپ كېلىۋاتقان



بېلىقتەك قىزغا كىمنىڭ كۆزى چۈشمەي قالسۇن؟! يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ شەپقەتسىز يەڭگىگە تاماق بېرىپ، كىيىم كىيگۈزۈپ بېقىش ئېغىر كېلىپ قۇتۇلالمايۋاتقان يېتىم قىز. بۇ چاغدا نۇربەختكە سىرتتا كۆزى چۈشۈپ قالغان قۇۋ، هىيلىگەر، ئاچ كۆز باي قويىلباي تېخى بۆشۈكتىن بېلى چىقمىغان، ئەمدى ئۈچ ياشقا كىرگەن بالىسىغا قۇدا چۈشۈپ، ئۇنى كېلىن قىلىپ ئۆيىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ. مۇشتتەك چېغىدىلا رەهىمسىز يەڭگە تەرىپىدىن تېپىككە ئۇچراپ كەلگەن ئۈمىدۋار قىز نۇربەخت بۇنىڭدىن كېيىنكى بەختىم قېيىناتا- قېينانامدىن كېلەمدۇ- نېمە؟ دەپ ئويلاپ ئىچىدىن خۇش بولىدۇ. بىراق باينىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي نۇربەختنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇ، باينىڭ مۇهىم ئائىلە ئەزاسى، كېلىنى ئەمەس، بەلكى قۇلىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇربەخت رەهىمسىز يەڭگىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەشەددىي ياۋۇز، شەپقەتسىز قېيىنانىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشىدۇ. ئۇ كۈندۈزى تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆيىنى، هويلىنى سۈپۈرۈپ تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، كېچىسى قوي كۆزىتىدۇ. هەتتاكى «سېنى مالغا سېتىۋالغان بىز، سەن مال ئورنىدىكى ئايال» دەپ، ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ئەزان چاقىرىپ قويغان «نۇربەخت» دېگەن چىرايلىق ئىسمىنى «مالبېيك» كە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

شائىر داستاندا قەلەمنى ئەركىن تەۋرىتىپ ۋەقەلىك ئىچىدىن ۋەقەلىك تۇغدۇرۇپ، ئەسەرنىڭ سۇژېت لىنىيىسىنى بارغانسېرى چىڭىتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داستان، بىر پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق بىر دەۋر رېئاللىقىنى يورۇتۇپ، بىر دەۋر ئاياللىرى هاياتىنىڭ ئېچىنىشلىق كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، شائىر ئەسەردە كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژىنى شۇنداق قىيىن شارائىت، تېپىك مۇهىت ئىچىدە كۆرسەتسىمۇ، پېرسوناژى ئادەم بالىسى چىداپ تۇرغۇسىز ئازابلارنى تارتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۈمىد يىپىنى ئۈزمەيدۇ. نۇربەخت ۋەهشىي قېينانىنىڭ قولىدا ئازابلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، هېلىقى كىچىك بالا ئېرىنىڭ چوڭ بولۇشىنى، پەرزەنت كۆرۈشىنى ئويلايدۇ. بۇنىڭدىكى

مەقسىتى ياۋۇز قىبىنانىسىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. نۇربەختىنىڭ كۈتكەن ئۈمىد- ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش جەريانى داستاننىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. دېگەندەك ئۇنىڭ ئىرىمۇ چوڭ بولۇپ ئۇنىڭدىن بالا كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياش ئانا ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى بالىسىدىن كۈتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ، كۆرىدىغان كۈنلىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى تامامەن بالىسىغا باغلايدۇ. ئۇ ئويلاپ، ياخشى ئۈمىد بىلەن كۆڭلىنى ياساپ يۈرگەن مەزگىلىدە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىبىنانىسى يورۇق دۇنياغا ئەمدى كۆز ئاچقان سەبىي بالىسىنى قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ كېلىنىنى ئۆيدىن زورلۇق بىلەن قوغلاپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە ئەسەردىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ. نۇربەخت شۇنداق مۈشكۈل شارائىت ئاستىدا تۇرۇقلۇق ئۈمىد چىرىغىنى زادى ئۆچۈرمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ تۇغقان ئانىسى بولغاندىن كېيىن بالا قانداقلا بولمىسۇن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى كېلىپ تاپىدۇ دېگەن ئىشەنچتە چىڭ تۇرىدۇ. بىراق نۇربەختىنىڭ بۇ ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. رەھىمسىز قىبىنانا سەبىي بالىنى ئۆز ئانىسىغا يېقىن كەلتۈرمەي، ئۇنىڭغا كىمدىن تۇغۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرماي ياتلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا بالىنى ئۆز ئانىسىنى تونۇمايدىغان ماڭقۇرتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

شائىر ئەسقەر تاتاناي داستاندا ياش ئانا بىلەن بوۋاق بالا سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاشۇنداق قىيىن، مۈشكۈل تىركىشىش ئىچىدە ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئىجتىمائىي رېئاللىق قاراڭغۇلۇقىغا، ئادالەتسىز فېئوداللىق تۈزۈمگە ئەكىلىپ تاقايدۇ. مېھىر- شەپقەتتىن قىلچىلىك ئەسەر بولمىغان يەڭگىسىدىن، ياۋۇزلۇقتا، زوراۋانلىقتا ئۈچىغا چىققان قىبىنانىسىدىن بولۇشىغا تارتقان تۇرمۇش ئازابلىرى ئاز كەلگەندەك ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا دەردى قوشۇلغاندا بەختى ئېچىلمىغان يېتىم قىز نۇربەخت قانداق قىلىشى كېرەك؟ مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا نۇربەخت ئەمدى ئەمەلدارلاردىن بىر شەپقەت كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلايدۇ. بۇ مەسىلە داستاننىڭ تۆتىنچى بۆلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ.



زامان زومىگەرلەرنىڭ، پۇلدارلارنىڭ تۇرسا، ھېچنېمىگە قادىر بولالمىغان يېتىم- يوقسۇزلارغا ياخشى كۈن نەدە بولسۇن؟! چىداپ تۇرغۇسىز ھالغا چۈشكەن نۇربەخت ئەرز قىلىپ دەرد تۆكۈش ئۈچۈن ئاۋۇلغا (مەھەللىسىگە) يېقىنراق يەرگە ئورۇنلاشقان چېگرا مۇداپىئە ئورنىنىڭ باشلىقى جاڭ دارىننىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بۇ شور پېشانە ئايالنىڭ تارتقان پۈتۈن دەرد- ئەلەملىرى ئەمەلدار جاڭ دارىننىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇنى بۇ مەسىلىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن نۇربەختمۇ ئىشىم ئوڭغا تارتىدىغان بولدى دەپ خېلى خۇش بولىدۇ.

جاڭ دارىن جىددىي تۇتۇش قىلىپ، چاپارمەنلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ زومىگەر زالىم موماينى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئىش ئۇنچىلىك ئاسانغا توختىمايدۇ. زالىم مومايمۇ بوش كەلمەيدۇ، ئۇ قېرى جىنىنى سۆرەپ چېگرا مۇداپىئە ئورنىغا كېلىدۇ. «جانابلىرى، بوۋاي كېسەل بولۇپ قېلىپ كېلەلمىدى، بوۋايغا ۋاكالىتەن ئۆزۈم كەلدىم» دەپ شۇ مەيداندىلا جاڭ دارىنغا پۈتۈن بىر يامبۇغا قوشۇپ ئۈچ سەر ئالتۇننى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇربەختىنىڭ ئەرزىدىن چاڭگاللاپ بەرگەن پارا نەچچە ھەسسە ئۈستۈن كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بىچارە ئايالنىڭ بەرگەن ئەرزىنى ھەل قىلىپ بېرىش تەرەپدارى بولۇۋاتقان جاڭ دارىن بىراقلا 180 گرادۇس بۇرۇلۇپ زالىم موماي تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ نۇربەختنى قاتتىق سوراققا تارتىدۇ. «سەن تېگى- تەكتىڭدىن تارتىپ ياخشى ئادەم ئەمەس، بۇزۇق ئايال ئىكەنسەن، ھوشۇڭنى تاپ! قوي باققىدىغان مالاي بىلەن ئاشنا بولۇپ چاۋاڭنى چىتقا يېيىپسەن، بۇ قېيىنانىڭ، قېيىناتاڭ ھەم ئېرىڭ ئۈچۈن ھاقارەت، جامائەت ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۈزىنى تۆكتۈڭ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ» دەپ نۇربەختىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، قېيىنانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

داستاننىڭ بەشىنچى بۆلىكىدە مالبېيكىنىڭ بارار يەر، باسار تېغى قالمىغانلىقىنى، زالىم موماي مالبېيكىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنى يەرگە قېقىلغان قوزۇققا باغلاپ قويۇپ ئۈستىدىن مىڭ قوينى ھەيدەپ ئۆتكۈزۈپ جازالىماق بولغانلىقى بايان قىلىنغان. نەتىجىدە ئاۋۇل ئاقساقاللىرى ئارىغا

چۈشۈپ بايدىن كەچۈرۈم سوراپ مالبىيكىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بىراق رەھىمسىز قېينانا بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمايدۇ. ئۇ نۇربەختتىن تارتىۋالغان ئۈچ ياشلىق بالىنى ئازدۇرۇپ ئۆز ئانىسىغا ئۆچ كۆرگۈزۈپ، قولىغا قامچا ئېلىپ:

*ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمدىن چىققان بالام،*
*ئاغزىمدىن « ئوھ » دېگەندەچۈشۈپ قالغان.*
*قاتىرىغا مالبىيكىدەك يامان قۇلنى،*
*قوغلىغىن يېنىڭدىن نېرى تامان.*
. . . . . .
*قامچا بىلەن باشقامۇ سوق، كۆزگىمۇ سوق!*
*سەن ئۇردى دەيدىغان ئادەممۇ يوق.*
*بالام دەپ سېنى ئۆزىگە تارتماقچى ئۇ،*
*خوپ بولسۇن ئۆز قىلغىنى ئۆزىگە خوپ.*

دەيدۇ، ئۆزى تۇغقان بالا ئۆزىگە يات بولۇشى، زالىم قېينانىنىڭ بالىنى ئانىغا دۈشمەن قىلىشى نۇربەختنىڭ يۈرەك- باغرىنى ئېزىدۇ. زەربىگە، خورلۇققا چىداشلىق بېرەلمىگەن ياش ئايال ئاخىرى ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزىدۇ.

*بۇگەپلەرنى خاتا دېگەن جان بولمىدى،*
*مالبىيكىنىڭ ئىچى كۆيۈپ ئوت بوپياندى.*
*ئېغىر بىر خۇرسىندى- دە چىقىپ كەتتى،*
*كەتكىنىنى ئۇنىڭ ھېچكىم بايقىمىدى.*

داستاننىڭ ئالتىنچى بۆلىكىدە مالبىيكە ئەل- يۇرتىغا خوش دەيدۇ- دە، بىر ياغاچقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ كونا جەمئىيەت، كونا تۈزۈم، كونا ئۆرپ- ئادەتلەرنىڭ زۇلۇمى بىر ئۈمۈر ئازاب بىلەن ئۆتكەن مالبىيكىنىڭ ھاياتىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا كۈتكەن ئۈمىدلىرى،



قارشىلىق كۆرەشلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى غۇربەتلىشىپ، جان بولۇپ تۇغۇلغاندىكى قويۇلغان ئىسمىمۇ ئۆزگىرىپ، ئىنسان سۈپىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمايدۇ.

داستان قازاق يايلاقلىرىدىكى فېئوداللىق زۇلۇمنى ئاشكارىلاپ بەرگەن رېئالىستىك ئەسەر. داستاننىڭ قۇرۇلۇشى پۇختا، ۋەقەلىكى چوڭقۇر، پېرسوناژلىرى تىپىكلەشكەن، بەدىئىلىكى كۈچلۈك.

## §4. نىغمەت مىڭجانىنىڭ « تۇرمۇش تىلچىسى » ناملىق ئەسىرى ھەققىدە

ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ تۇنجى چوڭ ھەجىملىك پوۋېستى « تۇرمۇش تىلچىسى » نىڭ ئاپتورى ئاتاقلىق ئالىم ۋە ئەدىب نىغمەت مىڭجانى بولۇپ، ئۇ 1922 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تولى ناھىيىسىدە چارۋىدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1941 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئوفېتسىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1949 - يىلى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باشقارما باشلىقى، مىللەتلەر نەشرىياتى قازاق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1979 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي تەتقىقاتچى، بۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق 4-، 5- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان.

نىغمەت مىڭجانى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم. ئۇ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قازاق تىلى، تارىخى، فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت، تەرجىمە ساھەلىرىدە قېتىرقىنىپ ئەمگەك قىلىپ، زور نەتىجىلەرى بىلەن ئېلىمىز ئىچىدە ۋە خەلقئارادا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا 1939 - يىللاردىن باشلاپ كىرىشكەنىدى. شۇندىن بۇيان ئۇ «قازاقنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شېئىرىي رومانى «قارلىغاچ» ۋە داڭلىق پوۋېستى «تۇرمۇش تىلچىسى» قاتارلىق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە نەشرگە تەييارلانغان «قازاق شەجەرىلىرى» توپلىمى، «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «قازاق ئاقىنلىرىنىڭ جىرلىرى» قاتارلىق چوڭ - چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلىرى خەلق ئاممىسى ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

نىغمەت مىڭجانى خەنزۇ، تۈرك قاتارلىق باشقا مىللەت تىللىرىدىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى ھەم «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «لۇشۈن تاللانما ئەسەرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئەمگىكى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن «ئىلغار ئىلىم - پەن خىزمەتچىسى» دېگەن نام بېرىلدى. ئاتاقلىق ئالىم نىغمەت مىڭجانى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن قازاقىستانغا بارغاندا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 1993 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالما - ئاتادا ۋاپات بولدى.

نىغمەت مىڭجانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئازادلىقنىڭ ئالدىدا يېزىلغان. بىز ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك ئەسىرى «تۇرمۇش تىلچىسى» توغرۇلۇق توختىلىمىز.

«تۇرمۇش تىلچىسى» يازغۇچىنىڭ تۇنجى پوۋېستى ھەم شۇ مەزگىلدىكى قازاق ئەدەبىياتىدىكى پروزا ساھەسىدىكى چوڭ ھەجىملىك



ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسىرىنى 1948 - يىلى ئېلان قىلغان.

يازغۇچى پوۋېستقا 1930 - يىللىرى باشلانغان ئىلىم - مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى تېما قىلغان بولۇپ، قازاق ئاۋۇللىرىدىكى تۆۋەن قاتلام خەلق ئارىسىدىن چىققان ياشلارنىڭ بىلىم ئىزدەش يولىدىكى جاپالىق كۈرىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىدىكى جاپا - مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەركىنلىك يولىدا ھەر قانداق توسقۇنلۇقتىن قورقماي ئالغا باسقان ياشلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىدۇ. پوۋېستتا ئىرادىلىك ياش ئېسەنبەگ بىلەن ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكەن ئاۋۇل قىزى ئەسەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بايان قىلىنىدۇ. ئەسەم باينىڭ قىزى بولۇپ، دادىسى ئۇنى ياللانغۇچىنىڭ بالىسى بىلەن يېقىنلاشتۇرماسلىق نىيىتىدە بولىدۇ. ئەمما قىز بىلەن كەمبەغەل يىگىت ئېسەنبەگ بۇنداق توسقۇنلۇققا پەرۋا قىلماي، ئىلگىرىلەپ ئوقۇپ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق خەلقىگە خىزمەت قىلىشنى ئارمان قىلىدۇ. ئېسەنبەگ پۇرسەت تېپىپ تىلىۋقان ئاتلىق بىر باينىڭ ئوغلىنىڭ ئورنىغا ئوقۇشقا كېتىدۇ. بۇ مەزگىللەردىكى ئوقۇشقا كىرىش پەقەت باي باللىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، بەزى بايلار باللىرىنى ئوقۇتقۇسى كەلمىسە، ئورنىغا گاداي باللارنى ئەۋەتەتتى. ئېسەنبەگ مانا مۇشۇنداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تىرىشىپ ئوقۇپ قايتىپ كېلىدۇ - دە، يەنە ئىلگىرىلەپ ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار زاتلار بىلەن تونۇشۇپ، ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئىشلارغا ئاكتىپ ئارىلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن خەۋپسىرىگەن شېڭ شىسەي جاللاتلىرى ئۇنى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئۇ تۈرمىدە ئېغىر قىيناشلارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ ھەم كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نىيىتىدە ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۈرمىداشلىرىدىن خەنزۇچە ۋە رۇسچە ئۆگىنىدۇ. ئەسەردە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى جاللاتلارنىڭ ئېسەنبەگكە كۆرسەتكەن

قىيىن- قىستاقلىرى تەسۋىرلىنىپ، تۇرمۇشتىكى ياۋۇزلۇق ئاشكارىلىنىدۇ. ئاخىرىدا خەلق كۈرىشىنىڭ غەلىبە بايرىقى لەپىلدەپ، تىنچلىق بېتىمى تۈزۈلۈپ، ئېسەنبەگلەر تۈرمىدىن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېسەنبەگ ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارى ئەسەم بىلەن باش قوشىدۇ. ئۇلار كەلگۈسى گۈزەل ھايات يولىدا يېڭى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ.

پوۋېستىنىڭ ۋەقەلىكى جەلپ قىلارلىق، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى مۇرەككەپ، پېرسوناژلار ھەم ئومۇمىيلىقتا ھەم خاسلىقتا ئىگە. ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى ئېسەنبەگ بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا يوقسۇزلۇقتا بوي بەرمەي، سەگەك، مەرد، ئەمگەكچان بولۇپ ئۆسىدۇ. ئۇ ئوقۇشقا خۇشتار، ئويچان بولۇپ، ئىلىم- پەنگە قىزىقىدۇ ھەم ئىلىم- پەن ئارقىلىق ئۆز ئېلىگە خىزمەت قىلىشنى ئارمان قىلىدۇ. ئۇ ئادەمگەرچىلىكنى شەخسىي مۇھەببىتىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولغانلىقتىن، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەممىگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، دادىللىق بىلەن ئالغا باسىدۇ. تۈرمىدىكى ئازابلارغا باش ئېگىپ قالمايدۇ. ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، كۈرەش قىلىدۇ ھەم ئۇ يەردە خەنزۇچە بىلەن رۇسچە ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىمىنى چوڭقۇرلىتىپ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ. ئەسەردىكى ئەسەم روشەن خاسلىققا ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكى بىلەن نىكاھ ئەركىنلىكىنى ئىزدىگەن ئاۋۇل قىزلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. ئۇ ئۆز ئالدىغا كەلگەن توسقۇنلۇقلارنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك جۆر بولىدىغان يىگىتنى مال- مۈلكى ياكى سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ تاللىماي، بەلكى ئۈمىدۋار، تەلەپچان، ئەمگەكچان، ۋىجدانلىق ياشلاردىن ئىزدەيدۇ- دە، كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئېسەنبەگنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. ئېسەنبەگ ئۇزۇن مەزگىل تۈرمىگە قامىلىپ، خەۋىرى بولمىغاندىمۇ، ئۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن ساقلايدۇ ھەم ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، سوۋغا- سالاملارنى ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئامما بىلەن بىللە تۈرمىدىكىلەرنى بوشىتىشنى تەلەپ قىلىپ، نامايىشقا چىقىدۇ. ئەسەردە ئۇنىڭ بۇنداق ئىش ئىزلىرى خەلق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرسىتىلىدۇ. پوۋېستتا 30 دىن ئارتۇق پېرسوناژ ۋەقەگە قاتناشتۇرۇلغان، ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىسى بار،



بەزىلىرى باش پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىغا، تىپىك شارائىتنىڭ ئايدىڭ بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇنداق ئوبرازلارنىڭ بەزىلىرى ئەسەردە ئۇچۇق، خاس ھالدا كۆرۈنمىسىمۇ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. ئەسەر قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئۇ مۇقەددىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا 14 بابقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنداق: مۇقەددىمە، كۆچۈش يولىدا، تىل ئاچار، بىۋاسىتە ئوقۇش، سەرگەردان، ئاۋۇل ئارىسىدا، ئايدىڭ كەچ، ئوقۇغۇچىلىق ھايات، قاراڭغۇ قەپەس، قانداق قارماق، گۆر ئاغزىدا، كەشتىلىك ياغلىق، ئارمان قىلغان كۈنلەر. ھەر قايسى بابلاردا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، يەككە ۋەقەلەر زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ ئۆز ئارا تۇتاشقانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى ۋەقە مەزمۇنى، دەۋر قىياپىتى، پېرسوناژلار خاراكتېرى ھەر تەرەپلىمە ئېچىلىپ، ئوبرازلار زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە گەۋدىلەنگەن.

ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە، ئاپتور شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق دولقۇنلار ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقان تۇرمۇش كېمىسىنىڭ تاشقىن سۇ، دەھشەتلىك ئېقىن بىلەن قوشۇلۇپ، ھايات دېڭىزىنى چايقاۋاتقانلىقىنى يازىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ پەلسەپىلىك پىكىرلىرى پوۋېستتىكى بارلىق بابلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تولۇقلايدۇ. بىر لىنىيىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى باش پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش تەقدىرى ۋە كۈرەش ھاياتى بىلەن تولۇقلىنىپ، چوڭ بىر تۇرمۇش كارتىنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تىپىك خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىغا قولايلىق شارائىت ياراتقان. ئەسەرنىڭ باشلىنىشى جەلپ قىلارلىق، ئاياغلىشىشىمۇ كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. بارلىق بابلاردىكى ۋەقەلەر بىر- بىرىگە چېتىلغان بولۇپ، تۇرمۇش لوگىكىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشىمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا يەككە خاراكتېر ئارقىلىق ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە ماھىيەتنى، خاسلىق ئارقىلىق ئورتاقلىقنى، تاشقى كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئىچكى مەزمۇننى، جانلىق ئىش- ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ تىپىك ئوبراز يارىتىشتا ئەسەر قۇرۇلمىسىنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېچىلىشىغا قولايلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، مۇھىتنىڭ ئەڭ

گەۋدىلىك بەلگىلىرىنى، تۇرمۇش ۋە كۈرەشنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ زىددىيەتلىرىنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل پېرسوناژلارنى كىرىشتۈرۈپ، ئوبراز خاراكتېرىنىڭ تىپىكلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئەسەردە قازاق دالاسىنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشى ۋە شۇ مۇھىتتا ياشاپ كېلىۋاتقان قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەتراپلىق سۈرەتلىگەن. ئەسەر مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بويىچە تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنى، تۇرار جاي كۆرۈنۈشلىرىنى ھەم پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى شۇ تىپىك مۇھىتقا باغلاپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ ئەسەردە قازاق ئاۋۇللىرىدىكى مەنسەپدارلارنىڭ مەنسەپكە چىقىشىغا باشقىلارنىڭ بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى باي بەگلەرنىڭ خەلقنى ئېزىدىغان جازانخورلار ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن ھەم شۇ مۇھىتتىكى خەلقنىڭ ئەھۋالى، دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز - خۇلقى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىپ، قازاق دالاسىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن زورلۇق - زومبۇلۇقىنى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ، ئەسەرگە ئومۇمىي ئىجتىمائىي خاراكتېر بېرىدۇ. يازغۇچى ئەسەر قۇرۇلمىسىنى چېۋەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچى ئەسەردە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان بولۇپ، خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئۆز ئورنىدا پايدىلىنىپ، خەلق تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىدىيە - پىكىرلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن، ھەر خىل پېرسوناژلارنى ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بويىچە سۆزلەتكەن، خاس تىللارنى قوللانغان، يازغۇچى ئەسەردە خەلق تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ سۆز - جۈملىلەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغان.

دېمەك، «تۇرمۇش تىلچىسى» پوۋېستى ھازىرقى زامان قازاق پروزىسىدا مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە بىر قەدەر ئۇتۇقلۇق چىققان ئەسەردۇر.



# 5§. جاقىپ مىرزاقاننىڭ «ئارمان يولىدا» ناملىق رومانى ھەققىدە

«ئارمان يولىدا» ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا يېزىلغان تۇنجى رومان. بۇ رومان خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكىتىمىز كىتابخانلىرى بىلەن كەڭ - كۆلەمدە يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. «ئارمان يولىدا» نىڭ بارلىققا كېلىشى ئېلىمىز قازاقلىرى ئەدەبىياتىدا رومان بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى.

«ئارمان يولىدا» ناملىق روماننىڭ ئاپتورى تارىخ ئالىمى، يازغۇچى جاقىپ مىرزاقان. ئۇ 1940 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسى سېرىق بۇلاق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا ئوقۇغان. 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغا قەدەر سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1959 - يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچى، مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تارىخ تەتقىقاتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (قازاقچە) نىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلگەن. جاقىپ مىرزاقان 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغا قەدەر مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغان. ھازىرقى ئىلمىي ئۇنۋانى باش تەتقىقاتچى.

جاقىپ مىرزاقان ئاتاقلىق تارىخ ئالىمى، ئاتاقلىق يازغۇچى، ئۇنىڭ مول ئەمگەك مېۋىلىرى مەملىكىتىمىز ئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ۋە مەملىكىتىمىز سىرتىدىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ يۇقىرى باھالار بېرىلىپ كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان.

جاقىپ مىرزاقان ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ «قازاق خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى»، «قازاق مىللىتى» (بۇ كىتاب خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىغان)، «تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك مۇلاھىزىلەر» نامىلىق ئۈچ ئىلمىي كىتابىنى، نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىلەرنى، «ئارمان يولىدا»، «تاڭغۇۋراي» نامىلىق ئىككى رومانىنى، «دالا گۇللىرى» نامىلىق ھېكايىلەر توپلىمىنى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى.

«ئارمان يولىدا» ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى رومان بولغاچقا، ھازىرقى تەلەپ بويىچە قارىغاندا نۇرغۇن نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنداق بولسىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بولۇپمۇ رومان ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق موڭغۇل يازغۇچىسى مالچىنخۇ «ئارمان يولىدا» نامىلىق رومان ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ: «بۇ رومان مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن دەۋر روھىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ بەردى» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى نەتىجىلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئېلىمىز خەنزۇ ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ بىرى ۋاڭ جۇڭمىڭ «‹ئارمان يولىدا› نامىلىق رومان ھەققىدە» نامىلىق ماقالىسىدە رومان ئۈستىدە خېلى چوڭقۇرلاپ ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئۇ «بۇ رومان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا بوشلۇق خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئېلىمىز بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىن مۇناسىپ ھالدا ئورۇن ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەر ئېلىمىز قازاقلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئىجاد قىلغان تۇنجى رومانى بولۇش بىلەن بىر چاغدا، يەنە ئېلىمىزدىكى چېگرا رايونغا ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، مەلۇم ئىدىيىۋى ئۆلچەمگە يەتكەن ئەسەر ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. دېگەندەك «ئارمان يولىدا» نامىلىق رومان ئېلىمىزدە زور تەسىر قوزغاپلا قالماستىن، چەت ئەللەردىكى قازاقلار ئارىسىدىمۇ ياخشى ئىنكاس قوزغىغان.



«ئارمان يولىدا» نامىلىق رومانىنىڭ خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىغان نۇسخىسى چەت ئەللىك يازغۇچىلار ئېلىمىزگە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات- سەنئەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇلارغا مۇھىم ئەسەرلەر قاتارىدا سوۋغا قىلىنىغان. شۇنىڭدەك بۇ رومان مەملىكەتلىك 4- نۆۋەتلىك يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىدىن بېرىلگەن دوكلاتتا ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات- سەنئىتىدە بارلىققا كەلگەن يىرىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىغان. «ئارمان يولىدا» نامىلىق رومانىنىڭ ئايرىم بابلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈشتىن تاشقىرى، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتى» نامىلىق دەرسلىككە رومانىنىڭ تولۇق تەھلىلى كىرگۈزۈلگەن.

ئاپتورنىڭ رومانىنىڭ ماتېرىياللىرىنى يىغىشقا كىرىشكەن مەزگىلى 1972- يىلغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئېلىمىز ئازاد بولۇشنىڭ ھارپىسىدىكى ئۈچ يىل بىلەن ئېلىمىز ئازادلىقىدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدىكى بىر قاتار ۋەقەلەرنى، مۇھىم ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئارمان يولىدا» نامىلىق رومانىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئايلاندۇرغان.

روماندا يازغۇچى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭ توغرا نىشان، گۈزەل مەنزىلنى كۆزلەپ ئەكسىيەتچى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقتىن، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىن قۇتۇلۇش، زۇلمەتلىك كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىش، ئەركىن- ئازادە، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشتىكى ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرىشىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بىرەر توغرا، ھەققانىي ھەرىكەتنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا رەسمىي قوراللىق كۈچ بىلەن پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان قاراڭغۇلۇققا، ئادالەتسىزلىككە قارشى ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، يېتەكچى باشنىڭ، تايانچى كۈچلەرنىڭ تۇتقان يولىنىڭ، قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يازغۇچى جاقىپ مىرزاقان روماندا مانا بۇ بىر مۇھىم

مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ سۇنئىي، ياسالما، زورمۇزور ئەمەس، تارىخ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، تەبىئىي رەۋىشتە بىر تەرەپ قىلىشقا، يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەزەلدىن تارتىپ بىر- بىرى بىلەن تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە تارتمىغان ئازابلىرى، كۆرمىگەن كۈلپەتلىك كۈنلىرى قالمىغانىدى. ئۇلار نامراتلىقتا، نادانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، زۇلۇمنىڭ، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ دەستىدە خۇددى ئات- ئېشەكتەك خارلىنىپ كۈن كەچۈرگەنىدى. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاشلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ بىر ئىزدا توختاپ قالماي بارغانسېرى ئۇلغىيىپ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ چوڭ ۋىلايىتىگە كېڭىيىدۇ. بۇ قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە پۈتۈن ئېلىمىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈۋاتقان كومپارتىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن جۇداۋشياڭ قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇلار شىنجاڭغا مەخسۇس كېلىپ ھەر مىللەت خەلقىنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەتتىن پارتلىغان ئىنقىلابنىڭ چىقىش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇ فامىلىلىك كومپارتىيە ۋەكىلى قازاق مىللىتى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، ئەمگەكچى قازاق خەلقىنىڭ ئىشەنچلىك دوستىغا ئايلىنىدۇ. بۇ جەرياندا قازاق خەلقى ئارىسىدىكى زور بىر تۈركۈم بىلىملىك، ئىلغار كۆچلەرنى تاللاپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بىۋاسىتە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ياردىمى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئويغىنىپ، كىملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي دوستلىرى، نىجاتچىلىرى ئىكەنلىكىنى، كىملەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ياۋۇز دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكىنى، كىملەرگە ئەگەشكەندە غەلىبە قۇچۇپ، بەخت يولىنى تاپىدىغانلىقىنى، كىملەرگە ئەگەشكەندە ئاخىرى بېرىپ ھالاك بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ



يېتىدۇ. مانا بۇلار ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىغا ھەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىغا ئاساس بولىدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ ھايات- ماماتلىق كۈرەش ۋەقەسى يالغۇز بىر ئورۇن ياكى بىر رايون دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا تارلىقتىن كېڭىيىپ، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلىشىدۇ. ئۇنىڭ تۆپ يىلتىزى بېرىپ ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاخىرى بېرىپ ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشتا زور رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك، «ئارمان يولىدا» ناملىق رومانىنىڭ تارىخىي قىممىتى بىلەن رېئال ئەھمىيىتى بۇ يەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، ئىنقىلابنىڭ مۇھىم باشلامچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئابدۇل ئاڭلىق، مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى، ۋەزىيەتكە توغرا باھا بېرەلەيدىغان، كەلگۈسى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدىغان شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى ئۇ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، بالدۇر ئويغانغان قازاق ياشلىرىنىڭ بىرى. ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ئوچىقى ھېسابلانغان ئىلى ۋادىسىدا باشلانغان تۇنجى قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان، ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن، بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە، ئۆتكۈر، سەگەك پىكىرلىك، مەسىلىلەرگە قاراش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئاممىنى تەشكىللەشكە چېۋەر، جۈرئەتلىك، قىران ياش. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانداق ئىنقىلاب ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىگە، قوشقان تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا توغرا باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلى ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە بىر- بىرلەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قازاق خەلقى ئارىسىدىن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە خاراكتېرى بىلەن

ئوتتۇرىغا چىققان پولاتمۇ ئىلى ۋادىسىدا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مېۋە بېرىشىدە تايانچلىق رول ئوينايدۇ. پولاتنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇ قازاق خەلقى ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئابرۇيلۇق شەخس. چۈنكى خەلق ئۆز كۆرىشىنى مۇشۇنداق ئادەملەرگە تايىنىپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى مۇشۇنداق ئادەملەرگە تايىنىپ مۇستەھكەملەيدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ. ئەمدى روماندا تەسۋىرلەنگەن بېكبوسىنغا كەلسەك، بېكبوسىن مەيدانى، كۆز قارىشى روشەن، ئاكتىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن، پىسخىك ھالىتىدىن قازاق مالچىلىرىنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

يازغۇچى روماندا ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار ۋە قوشۇمچە ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار بىلەن ئەسەر ئۈچۈن تاللانغان مۇرەككەپ زىددىيەتلىك، كۆپ قاتلاملىق ۋەقەلەرنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتتە خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان.

«ئارمان يولىدا» ناملىق روماندا يازغۇچى تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئابدۇل، پولات، بېكبوسىن، ناسىپ، سەۋلە، ھەجەر يەنە باشقىلار شۇ بىر ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئىلغار ئېقىمغا، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلغان پېرسوناژلار توپىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئابدۇل بىلەن پولات ئۆزلىرى تۇرغان ناھىيىنىڭ مەركىزىگە دەسلەپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپتۇ»، «شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپتۇ» دېگەن يەر- زېمىننى لەرزىگە سالىدىغان خۇش خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، خۇشاللىقلىرىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشىدۇ. روماندا يازغۇچىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىدا ئېغىزغا ئېلىنغان پېرسوناژلار كوللېكتىپى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش ۋەتەن ئازادلىقىنىڭ غەلىبىسىدىن چەكسىز خۇشاللىنىپ، كېيىنكى ئازاد دەۋردىكى ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشنى يارىتىشقا بەل باغلىغان قازاق خەلقىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر.



ئىنقىلاب غەلىبىسى ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، ئۇ نۇرغۇن قان تۆكۈشلەر ئارقىلىق كېلىدۇ. «ئارمان يولىدا» رومانىدا بۇ نۇقتىلار خېلى جايىدا ئىسپاتلانغان. چىرىك، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان پاسسىپ ئېقىمغا، ئەكسىيەتچىلەرگە ۋەكىللىك قىلغىنى ئوسمان، يولۋاس، قايبېك، ئوبۇلقاسىم، سۇلتانبېك، جاڭ يۈڭ قاتارلىقلار بولۇپ، ئەسەردە بۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسى، ئىنقىلابقا، خەلققە قارشى جىنايى قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ ئادالەت سوتىغا تارتىلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئايشا، سامىخانغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ قاتتىق قامچىلانغان.

ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ تۇنجى رومانى«ئارمان يولىدا» يېڭى ھەم نىسبەتەن قىيىن تېما ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە يېزىلغانلىقىغا قارىماي بەدىئىيلىك جەھەتلەردىنمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئالايلى، روماندا شۇنداق ئەگرى - توقايلىقلار بىلەن تولغان قېلىن قاتلاملىق سۇژېت لىنىيىسى رىتىملىق راۋاجلاندۇرۇلغان، پېرسوناژلار پائالىيەتلىرى ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قانات يايدۇرۇلغان، رومان ۋەقەلىكىگە يانداشتۇرۇلغان تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرلىرىمۇ، مەنزىرە تەسۋىرىمۇ ئوقۇرمەنلەرنى مەپتۇن قىلغۇدەك لىرىكىلىق، نەپىس، جىلۋىدار بېرىلگەن.

## §6. سۇلتان جانبولاتوپنىڭ «ئېلجاۋ كۈنبى» ناملىق رومانى ھەققىدە

جۇڭگو بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ بوسۇش خاراكتېرلىك نەمۇنىسى ھېسابلانغان چوڭ تىپتىكى ئىككى توملۇق تارىخىي رومان «ئېلجاۋ كۈنبى» ئىلى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى نەشر قىلىنىپلا مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر كىتابلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا نامىنى

ئاتاش مۇكاپاتىغا، كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«ئېلجاۋ كۈنبى» نەشر قىلىنغان دەسلەپكى بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا روماننى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان ئون پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ رومان ئۇزۇن ئۆتمەي خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېيجىڭدا نەشر قىلىندى. «ئېلجاۋ كۈنبى» رومانىنىڭ ئاپتورى ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد فىزىكا ئالىمى، كۆزگە كۆرۈنگەن فانتازىيىلىك يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپ 1936 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسىدە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961 ـ يىلى جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا مەخسۇس رادىئو ئېلېكتر كەسپىنى ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا «بېسىك تاق»، «كالكۇلاتەر»، «ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ماشىنىلار»، «رادىئو قوبۇللىغۇچلۇق ماگنېتفون»، «يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. قوشۇمچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «خاس سانلار» ناملىق فانتازىيىلىك ھېكايىلەر توپلىمى، «ئۇچېركلار، مىكرو ھېكايىلەر ۋە شېئىرلار» توپلىمى، ئىككى توملۇق رومان «ئېلجاۋ كۈنبى» قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرغان. سۇلتان جانبولاتوپ فىزىكا، تارىخ، مائارىپشۇناسلىق، ئەدەبىيات ئىلمى جەھەتلەردىن يېتىشكەن يازغۇچى. «ئېلجاۋ كۈنبى» رومانىنى قازاقلارنىڭ ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي ئېنسىكلوپېدىيىسى دېيىشكە بولىدۇ.

«ئېلجاۋ كۈنبى» رومانىنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇپ ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازغان ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ تارىخ ئالىمى، يازغۇچى جاقىپ مىرزاقان: «‹ئېلجاۋ كۈنبى› رومانى ئىسمى جىسمىغا لايىق نادىر بەدىئىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، مول ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىلىم بېرىش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان ياخشى دەرسلىكتۇر» دېگەنىدى.

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرىكى ئاتا تارىخنى يورۇتۇپ بەرگەن «ئېلجاۋ كۈنبى» رومانى بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتى



گۈلىستانىدا تىكلەنگەن بىر يۈكسەك چوققا بولۇش سۈپىتى بىلەن يىرىك پروزا ئىجادىيىتىگە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردىن كۆپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىردى.

تارىخىي رومان «ئېلجاۋ كۈنبى» كۆتۈرۈپ چىققان تېمىسىنىڭ سالمىقى، بەدىئىي ساپاسى جەھەتلەردە ئىلگىرىكى تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلارنىڭ ھەر قانداقىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. رومانغا قويۇلغان مۇقەددەس نام «ئېلجاۋ كۈنبى» بۇنىڭدىن 2098 يىل ئىلگىرىكى ئۇيسۇن قەبىلىسىدە دەۋران سۈرگەن ئېلجاۋ نەنەبېينىڭ ئوغلى. ئۇ تا ھازىرغىچە نام ـ شەرىپى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن مۇھىم شەخس. يازغۇچى بۇ مەشھۇر تارىخىي شەخسنى رومانىنىڭ باش قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئەدەبىيات ئالىمىدىكى بەدىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان. بەزىلەر تارىخىي رومان يېزىش ئاسانراق دېيىشىدۇ، مېنىڭ قارىشىم بۇنىڭ ئەكسىچە، تارىخىي تېمىدا قەلەم تەۋرىتىش، تارىخنى يېزىشتىنمۇ قىيىن. چۈنكى تارىخىي پاكىتنى لوگىكىلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزۈش يولى بىلەن ئىپادىلەشنىڭ ئارىلىقىدا زور پەرق بار.

بىزگە مەلۇم، تارىخ تارىخىي رومان ئەمەس، تارىخىي رومان تارىخ ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ تارىخ، تارىخىي رومان دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئوتتۇرىسىدا ھەم زور پەرق ھەم زىچ مۇناسىۋەت بار. تارىخ تارىخىي رومانىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مەنبەسى، تارىخىي رومان تارىخنىڭ يارقىن سىزىلغان بەدىئىي كارتىنىسىدۇر. تارىخ لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، تارىخىي رومان ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئىلمىي فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرغا باي رېئالىست يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپ خەلق قەلبىنى سۆيۈندۈرگەن «ئېلجاۋ كۈنبى» دەك ياراملىق رومانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا مول تارىخىي بىلىم، ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىت، بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىلغا تايىنىپ ئىش كۆرگەن. مۇشۇ ۋەجىدىن يازغۇچى ئەسەردە ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئىچكى ـ تاشقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، تۈرلۈك تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنى، ئۇيسۇنلارنىڭ قۇدرەت تېپىش، تەسىرىنى كېڭەيتىش، گۈللىنىش، كۈچىيىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ چوڭ دەرياني ھاسىل قىلىپ، ھەيۋەتلىك شاۋقۇن چىقىرىپ راۋان ئاققىنىدەك رومانىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان ۋەقەلىكلەر باش تېمىنىڭ تەلىپىگە بېقىندۇرۇلۇپ، ئاساسلىق سۇژېت لىنىيىسىنى بىمالال، ئەركىن راۋاجلاندۇرغان. شۇ دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ غەرب تەرىپىدە ياشاپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىر ئۇيسۇن قەبىلىسى بولغان. ئەسلىدە ئۇلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ھون تەڭرىقۇتىنىڭ كونتروللىقىدا بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيسۇنلار باشچىسى نەنەبىينىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ يۈزلەر بىلەن ھون تەڭرىقۇتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىشكە، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. بىراق ئۇيسۇنلارنىڭ بۇ جەڭگىۋار پىلانىنى تارمار قىلىشنى كۆزلەپ كەلگەن ئاشۇ قوشنا ئەللەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ نەنەبىينى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. يورۇق دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئېلجاۋ كۇنبى يېتىم قالىدۇ. ئۇنى بىر تەرەپتىن قۇشلار ئوزۇقلۇق ئەكىلىپ باقسا، بىر تەرەپتىن بۆرە ئەمچىكىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئىنسان بالىسىغا قىلغان بۇ مېھرىبانلىق شەپقىتىدىن تەسىرلەنگەن ھون تەڭرىقۇتى ئېلجاۋ كۇنبىنى قولىغا ئېلىپ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇيسۇن ئېلىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ئەل بەختى ئۈچۈن تەدبىرلىك، دانا، ئەقىللىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئېلجاۋ كۇنبى چېچىلىپ كەتكەن خەلقنى يىغىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن قەبىلىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇيسۇن ئېلىنىڭ بېشىغا يەنە داۋاملىق بالا- قازا كېلىپ تۇرىدۇ. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش توگىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا نەنەبىينىڭ ئۇلۇغ يۈزلەر ئەمەس، ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ ھونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، غەزەپ- نەپرىتى كۈچىيىدۇ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىپ، خەن پادىشاھلىقى بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. يازغۇچى روماندا ئاشۇ رېئاللىقنى، ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ كۈچىيىشىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارماق ۋەقەلەر، تارماق ئېقىملارنى رومان سۇژېتىنىڭ كىندىك تومۇرىغا باغلىغان ھالدا بايان



قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيسۇن ئېلىنىڭ بەختى ئۈچۈن تۇغۇلغان پاراسەتلىك باشلامچى ئېلجاۋ كۇنبىگە ئەگەشكەن ھەم ئۇنى يادرو قىلغان بۆجەي، بارشىن، گۈزەل، قۇتبىي، ئارداق، چىن تۆمۈر، ئولانباي، دارۋ، شيەنشۇرا، قارجاۋ قاتارلىق بىر مۇنچە قوشۇمچە پېرسوناژلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. يازغۇچى بۇ پېرسوناژلار ئۈچۈن ئەسەردە ئوخشىمىغان پائالىيەت سورۇنى ھازىرلاپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى يارىتىپ ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە قىلغان. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق بۈنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ قەلىمى يېتىپ بارمىغان قەدىمىي تارىخ، تارىخ بولغاندىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئاتا تارىخى، لېكىن يازغۇچىنىڭ ئۆزى دېگەندەك شۇ يىگىرمە بىر ئەسىر بۇرۇن ياشىغان ئۇيسۇنلار ھازىرقى قازاقلار ئەمەس. قەدىمكى ئۇيسۇن قەبىلىلىرى بۈگۈنكى قازاقلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئاتا- بوۋىلىرى دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ قازاق خەلقىنى ئۇيسۇنلارنىڭ ساپ ئەۋلادلىرى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيسۇنلارنىڭ قازاقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنىك مەنبەسى ئىكەنلىكى ئېنىق.

«ئېلجاۋ كۇنبى» تارىخىي دوستلۇقنىڭ شەجەرىسىدۇر. يازغۇچى بۇ رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «خەلقلەر دوستلۇقى ئۆمۈرۋايەت ياشايدىغان ئېسىل ئەنئەنە. بۇمۇ ‹ئېلجاۋ كۇنبى› نى ئايلىنىپ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەندى. رومانىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان، رومانىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى قۇدرەتلىك ئورۇنغا كۆتۈرگەن، شۇنداقلا روماندا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر مۇھىم ۋەقەلىك خەن پادىشاھلىقىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھېسابلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇدرەتلىك خانلىق. لېكىن شۇ چاغلاردا ئۇيسۇنلارنىڭ تەقدىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ راۋاج تاپتۇرماي كەلگەن ھونلار خەن پادىشاھلىقىغىمۇ كۇن بەرمەي كەلگەنىدى. ئۇيسۇن قەبىلىسى بىلەن خەن پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەلنىڭ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى ئۇلارنى تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش، دوستلۇق،

تەقدىرداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۆز دۆلىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆز ماكانلىرىنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت ئىقتىسادىنى، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىغا باشلىدى.

ئۈيسۇنلار بىلەن خەن پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان دوستلۇق مۇناسىۋەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئۇلۇغۋار مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان:ئۇ بولسىمۇ بىر تەرەپتىن، ئۆز ئارا يار-يۆلەكتە بولۇشۇپ ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر- بىرىنى قوللاش، قوغداش ئارقىلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاشقى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ بولۇپمۇ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا، بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشىغا قارشى تاقابىل تۇرۇش ھەتتا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەلنى، جاھاننى تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ جەھەتتە يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپنىڭ ئىزدىنىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. ئۈيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرغۇن تارىخىي يازما ماتېرىياللار ۋە ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان. ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن يۇقىرى سۈپەتلىك بەدىئىي ئۇنۇم ئالغان. ئۆز زامانىسىدا تەقدىرداشلىق، ئىتتىپاقلىققا تايىنىپ ئۆز ئېلىنى كۈچەيتىش، گۈللەندۈرۈشتە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغان قېرىنداشلار دوستلۇق مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ، قۇدا- باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قەدەم قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىغا ۋاكالىتەن خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى ئۇدا ئىككى قېتىم ئۈيسۇن قەبىلىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئۈيسۇن بىلەن خەن پادىشاھلىقى ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىشى بىلەن ئەقىلگە ئەقىل، كۈچكە كۈچ قوشۇلىدۇ.

يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپ «ئېلجاۋ كۈنبى» رومانىدا بىرىنچىدىن، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزۈل- كېسىل ھەل قىلىش، ئامانلىقنى قوغداش، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن، ئۆزگە بېقىندۇرۇپ ئېلىشىدىن ياكى تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىدىن قۇتۇلۇش، ساقلىنىش ھەتتا ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئىچكى-



تاشقى ئىتتىپاقلىقنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، يۇرتنى، ئەلنى بېيىتىش، ئەلنى سۆيۈش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆز ئارا قىز چىقىرىش، قۇدا- باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش يولى — دوستلۇق- ئىناقلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يىلتىز تارتقۇزۇشتىن ئىبارەت مۇھىم تەرەپلەرنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن رومان بۈيۈك تارىخىي دوستلۇقنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسىغا، تارىخىي دوستلۇق شەجەرىسىگە ئايلانغان.

«ئېلجاۋ كۈنبى» ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئىلمىي فانتازىيىلىك رومان. سۇلتان جانبولاتوپ ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسانىيەت ھەققىدىكى مول بىلىمىگە، ئالاھىدە يېتىلدۈرگەن ماھارەت كۈچىگە، بەدىئىي دىتىغا تايىنىپ يەر شارى خوجايىنلىرىغا قويۇلغان ئورتاق نام «مادازات» دېگەن يېڭى ئاتالغۇنى بارلىققا كەلتۈردى.

روماندا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، قەبىلىلەر ئەھۋالى ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلىك جەريانى «مادازاتلار» دۇنياسىدىن كەلگەن مېھمانلار تەرىپىدىن ئېنىق مەلۇم قىلىنىدۇ. ئېششەش، چالا، غەنخىيمدىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە ناتونۇش بولغان ئۈچ مېھماننىڭ ۋەزىپىسى تەرەققىيات جەھەتتە مادازاتلار جامائىتىدىن ئىككى مىڭ يىل كېيىن قالغان ئاشۇ زېمىن قۇچىقىدا تىرىكچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئىنسانلار دۇنياسىنى چۈشىنىش ئىدى. ئۇلار يەنە يەر شارىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن گەرچە ھاياتلىق ئۇچۇن ئانا ۋە پاناھ بولغان بۇ مۇقەددەس دىياردىكى ئىنسانلارنىڭ تىلىنى، دىلىنى، ئىچكى سىرلىرىنى بىلمىسىمۇ، ئىلىم- پەننىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ ئۈيسۇن قەبىلىسىنىڭ تەپ- تەكشى بىپايان يەرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ شەرق تەرىپىگە ئورۇنلاشقان خەن خاقانىنىڭ زېمىنىنىمۇ ئاپاراتقا چۈشۈرۈپ بولىدۇ. ئاندىن ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش، سىنچىلاپ تەتقىق قىلىش يولى بىلەن قالاق، ۋەيران ھالەتتە تۇرغان يەر شارىدا بولۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بىر- بىرىنى بوزەك ئېتىش، بىر- بىرىگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىش، ئادالەتسىزلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئىشلىرىنىڭ تېگى- تەكتىنى بايقاش، ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مادازاتلارنىڭ بىر-

بىرىگە تاجاۋۇزچىلىق قىلمايدىغان، ھەتتا بىر تال گىياھ، بىرەر مەخلۇقلارغىمۇ زىيان سالماي ئۇلارنى ئاسراشتەك يۈكسەك مەدەنىيىتىنى، ئاجايىپ پەزىلىتىنى ئەسلەيدۇ.

تارىخنىڭ ئۆزى ئىلىم، تارىخنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات، ئۇنىڭغا ئاشۇ ماھارەت كۆچى بىلەن بەدىئىي تۈس، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان گۈزەل پەرداز، رەڭدار بوياق بېرىشكىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر قانچىلىك تەتقىق قىلىسىمۇ ئەرزىيدىغان ئىلمىي تۈس كىرگۈزۈشكىمۇ بولىدۇ.

ئاتا تارىخنى چوڭقۇر يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ قۇچاقلاپ ئوتتۇرىغا چىققان يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپ رومانى ئۈستىدە ئىزدىنىش، يېزىش جەريانىدا بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، بەزىدە تارىخ قاتلىمىغا چوڭقۇر كىرسە، بەزىدە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىلىم- پەننىڭ پەللىسىدە جەۋلان قىلىدۇ، بىردەم تارىخشۇناس سۈپىتىدە، بىردەم ئارخېئولوگ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسا، بىردەم يازغۇچى ياكى ئالىم سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپ رومانىنىڭ سۇژىت يادروسى قىلىپ سۈرەتلىگەن ئۇيسۇن ئېلىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدىكى مۆلچەرنى يەنىلا غارىشتىن كەلگەن ئۈچ مېھمانغا بېرىدۇ. غارىشلىق ئالىملار ئۇيسۇنلارنىڭ ماڭغان يولى توغرا، ئىرادىلىرى مۇستەھكەم، ئىچكى- تاشقى جەھەتلەردىن ئىناق، ئىتتىپاق بولسىلا، ۋەيران بولغان يۇرتىنى قايتا قۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن راۋاج تېپىپ، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ئەلگە ئايلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ غارىشلىقلار بىر ئەلنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ تەرەققىي تېپىشىدىكى مۇھىم ئامىل بىلىملىك، ئابرۇيلۇق، تەدبىرلىك، دانىشمەن، پاراسەتلىك داھىي ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئىناق، ئەمگەكچان، تەشكىلچان، باتۇر خەلق بولۇشى كېرەك دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ.

«ئېلجاۋ كۆنبى» ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان رومان، ئۇ تارىخىي پاكىت بىلەن فانتازىيىلىك ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تارىخىي رومان.



رومانىنىڭ بەدىئىي ساپاسىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش جەھەتتىكى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك رول ئوينىغان ئامىللارنى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنى تۇرغۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە تەرەپلەرگە باغلاپ شەرھلەشكە بولىدۇ. بۇلار رومانىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، كۆپ لىنىيىلىك كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسى، كۆپ قاتلاملىق ۋە تىپىك دېتاللار بىرىكمىسى، مۇرەككەپ دراماتىك توقۇنۇشلار، قىزىقارلىق، تەسىرلىك تەسۋىرلەر، چېۋەرلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن خاراكتېر سەنئىتى، رەڭدار ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك قوللىنىلىشى، جانلىق، ئوبرازلىق تىللارنىڭ تاللاپ پىششىقلاپ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

رومانىنىڭ مەركىزىي سۇژىتىنى تەشكىل قىلغان ھەم يادرولۇق ئورۇن تۇتقان ۋەقەلەر ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساس قىلغان ھەمدە شۇ يۆنىلىشنى بويلاپ خەن خاقانىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چېۋەرلىك بىلەن يىغىپ ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇيسۇن قەبىلىسى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارىلىقىغا مەلۇم بوشلۇق قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مادازاتلىق ئۈچ مېھمانىنىڭ يەر شارى ئۈستىدىكى ئىنسانلار دۇنياسىنى بولۇپمۇ قەدىمىي ئۇيسۇن قەبىلىسى، خەن سۇلالىسى، ھون خاقانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نۇقتىلىق كۆزىتىشىگە، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق يازغۇچى يەر شارلىقلار بىلەن غارىشلىقلارنىڭ تەقدىرىنى بىر- بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان. شۇنىڭدەك شۇنچىلىك ئۇزۇن تارىخ ئۈستىدە كۆچىنىڭ بارچە ئويلانغان، ئىزدەنگەن. يازغۇچى روماندا ئاساسلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش جەريانىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ھەم شەكلىگە ئائىت ئامىللارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئالايلى، قەدىمىي ئۇيسۇن ئېلىنىڭ باتۇر، دانا، تەدبىرلىك يول باشلىغۇچىسى ئېلجاۋ كۆنبى ئوبرازىنى يارىتىشتا تۆۋەندىكى ئىككى خىل بەدىئىي ئۇسۇلدىن پايدىلانغان: يەنى، دەسلەپتە باش قەھرىماننىڭ بالىلىق دەۋرى ئەپسانىۋىيلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، قەھرىماننىڭ ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان پائالىيىتى ئادەملىك سۈپەتتە رېئالىستىك ئۇسۇلدا تەسۋىرلىنىدۇ.

ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدە ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈلگەن مىللىي تۈس، زامان روھى، يەرلىك پۇراق ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى، تىل ئىشلىتىش ماھارىتى قاتارلىقلارمۇ مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. گەرچە «ئېلجاۋ كۈنبى» رومانى تېخى ئىنسانلار مىللەتكە بۆلۈنمىگەن، «مىللەت» دېگەن ئاتالغۇ تېخى پەيدا بولمىغان زامانغا ئائىت تارىخىي تېمىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا روشەن مىللىي تۈس، خېلى قېنىق مىللىي بوياق بەرگەن. بۇنىڭدا بۈگۈنكى زامان قازاقلىرى ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاتا- بوۋىلىرى ھېسابلانغان ئۇيسۇنلاردىن كەلگەنلىكى شەرھلەنگەن. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ئۇيسۇن ۋە خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، قۇدا- باجىلىق، باردى- كەلدى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشى داۋامىدىكى ئۆز ئارا سوۋغا تەقدىم قىلىش، رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەت يوسۇنلىرى بويىچە تەسۋىرلەنگەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «ئېلجاۋ كۈنبى» دا بېرىلگەن يارقىن ھېسسىيات، گۈزەل مەنزىرىلەر تەسۋىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا ئۆزىمىزنى ھېسسىيات جەۋھەرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان پوئېزىيە دېڭىزىغا كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمىز، خۇددى «ئاننا كارېننا» بىلەن «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» نى ئوقۇپ ئولتۇرغاندەك ئويغا كېلىمىز. مانا بۇلار رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغان ھېسسىياتنىڭ قۇدرىتىدۇر.

ئەدەبىي ئەسەرنى ئەدەبىي ئەسەر قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل تىلدۇر. مەيلى ئۇ قانداق بەدىئىي سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەر يۈكسەك دەرىجىدە ئۇبرازلاشتۇرۇلغان، ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ پىششىقلانغان تىل دۇردانىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن روناق تاپىدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆمرى تىل بىلەن بەلگىلىنىدۇ، قىممىتى تىل بىلەن ئۆلچىنىدۇ.



يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوپ قەدىمىي ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي مۇنارىسىنى ئاشۇ ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ ئىككى مىڭ بىر يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقان، باي، گۈزەل مىللىي تىلى ئارقىلىق تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈردى.

روشەنكى، روماندا يېڭى تېمىنىڭ يورۇتۇپ بېرىلىشى، يېڭى ۋەقەلەرنىڭ بايان قىلىنىشى، ئىلمىي پەلسەپىۋى پىكىر، نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئىزھار قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئارخائىزم سۆزلەر قېزىپ چىقىرىلىپ، ئۇلار يېڭى مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. شۇنىڭدەك يازغۇچى روماندا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىشتىن تاشقىرى، ئەقلىيە سۆزلەرنى، ماقال- تەمسىللەرنى ئىشلىتىشكە كەڭرى ئورۇن بەرگەن. يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى ماقال- تەمسىللەرنى شەكىللەندۈرگەن. كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردە «ئېلجاۋ كۈنبى» رومانى تارىخىيلىق، ئىلمىيلىك، بەدىئىيلىك، ئېستېتىكىلىق جەھەتلەردىنمۇ، تىل جەھەتتىنمۇ ئۆگىنىش، پايدىلىنىش، تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

## §7. ماغاز رازدانىنىڭ «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى ھەققىدە

ئايرىم تۈر- ژانىرلاردىكى كەڭلىكمۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. مەسىلەن، پروزا ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈچ توملۇق روماندىن تەركىب تاپقان ترولوگىيە، بەلگىلىك سان بىلەن چەكلەنمەيدىغان كۆپ توملۇق رومان دېگەنلەر بارلىققا كەلدى. پوئېزىيە ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شېئىرىي رومان بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى پروزا ژانىرى ساھەسىدە رومانچىلىق ئىجادىيىتىدە مول ھوسۇل قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، پوئېزىيە ژانىرى

ساھەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلدى. يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بەش شېئىرىي رومان يېزىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر ماغاز رازدانىنىڭ «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئاتاقلىق شائىر ماغاز رازدان بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1924 - يىلى 22 - ئاپرېلدا ئالتاي ۋىلايىتى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ دولايتى يېزىسىدا دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ ئاتىسى رازدان ئۆز ۋاقتىدا پەننىي بىلىملەردىنمۇ خەۋەردار ئادەم بولغان. شۇڭا ئۇ بالىسى ماغازنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتماي باشتىن - ئاخىر پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولىدۇ. ماغاز دەسلەپكى مەزگىلدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، كېيىنكى مەزگىلدە ئىزچىل تۈردە بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن «شوغىلا»، «ئالتاي گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئىشلەپ مۇھەررىرلىك، ژۇرنالىستلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ماغاز رازدانىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى 1946 - يىلى باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۈچ شېئىرلار توپلىمى، ئىككى رومان (بىرى شېئىرىي رومان)، بىر ھېكايىلەر توپلىمى قاتارلىق ئالتە پارچە كىتابىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

ماغاز رازدان شېئىرلىرى ئېلىمىز قازاقلىرى ئىچىدە زور تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماستىن، چەت ئەللەردە بولۇپمۇ قازاقىستاندىمۇ تەسىر قوزغىدى.

شائىرنىڭ «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىكى يىرىك نەمۇنىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ماغاز رازدان بۇ رومانىنى يېزىش ئارقىلىق مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ئىگە يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىكى قابىلىيىتىنى راسا كۆرسەتتى. روماندا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر نىسبەتەن مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق، كۈرەش كەسكىن، زىددىيەت چىگىشلىك بولۇپ، بۇلارنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق بۇ شېئىرىي



رومانىنىڭ ۋەقەلىكى تارىخىي ۋەقە بولۇپ، ئۇ 19 - ئەسىردە ياشىغان قازاق خەلقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن رېئاللىقتىن تاللىۋېلىنغان.

ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە، تۇرمۇش بىلىمىگە باي، قەلىمى ئۆتكۈر، ماھارەتلىك شائىر ماغاز رازدان شېئىرىي تىل، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي تۇيغۇ، شېئىرىي پىكىر، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق قازاق خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى، پسىخىك ئادەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى تارىخىي رېئاللىققا، تارىخىي مەنتىققە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ، پۈتۈن بىر دەۋر رېئاللىقىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن.

رومانىنىڭ ۋەقەلىكى رېئاللىقتا يۈز بەرگەن تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا تاللىنىپ، مەزمۇنى كەڭ دائىرىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئومۇمىي ھەجمى 1698 كۇپلېت، 6792 مىسرا كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ سۇژېت تومۇرىغا تۇتاشتۇرۇلغان مۇھىم تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى دراماتىك توقۇنۇشلار بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن، شۇنداقلا شائىر روماندا پېرسوناژلارنىڭ ئۆز خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تەبىئىي، ئەركىن ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاشكارىلىغان.

مەلۇمكى، دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا، شۇنداقلا ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا شۆھرەت قازانغان داڭدار ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك، ئۇلاردا پېرسوناژلار ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاساسەن ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى يېزىلىدۇ. «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق رومانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا شائىر پېرسوناژلارنى يادرو قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىشقا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلغان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، روماندا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق مۇرەككەپ ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ، بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قاتمۇ قات زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ تولۇق جەريانى ۋە ئاخىرقى

يېشىمى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە روماننى ھېكايە تىلى بىلەن يېزىشقا قارىغاندا، شېئىرىي تىل بىلەن يېزىش تېخىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ماغاز رازدان ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق دىتى، ئەقىل - پاراسىتىگە، ئىپادىلەش چېۋەرلىكىگە تايىنىپ «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق شېئىرىي رومانىدا 15 تىن ئارتۇق پېرسوناژنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان پائالىيەتلىرىنى، ھايات - ماماتلىق مەسىلىگە بېرىپ تاقىشىدىغان كەسكىن ئېلىشىشلىرىنى، شۇنداقلا ئىندىۋىدۇئال پىسخىك ھالەتلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

روماننىڭ بىر پۈتۈن سۇژىت لىنىيىسى ئەسەرگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلار پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئىككى چوڭ يۈنىلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئالايلى، روماندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ بىرىنچى لىنىيىسى مۇرەككەپ تىركىشىش كۈرىشى ئارقىلىق بېرىلگەن. بۇلار نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار تىلىۋالدى، ئايشە، جاينا، زەۋرە، قانارىس، بىگارىس قاتارلىقلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسا، رومان ۋەقەلىكىنىڭ ئىككىنچى غول لىنىيىسى تېخىمۇ چىگىش، تېخىمۇ كەسكىن زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ماقبال، بۇراتاي، بايبول، ناۋان، رەھمەت، كوپباي قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ راۋاجلاندۇرۇلغان.

ماغاز رازداننىڭ بۇ شېئىرىي رومانىدا ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىككى ئايالنىڭ تراگېدىيىلىرى ھالاكەتكە يۈز تۇتقان فېئوداللىق جەمئىيەتتە قالاق، غەپلەت دۇنياسىدا ياشىغان قازاق ئاياللىرىنىڭ قاتتىق دەپسەندە قىلىنغان ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ، جاپالىق تەقدىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. قارىماققا زەۋرە بىلەن ماقبالدىن ئىبارەت ئىككى ئايالنىڭ تراگېدىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق بولۇپ، ئىككىسى باشقا - باشقا ئىككى ھادىسىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىككى شەخسنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان تەقدىرلىرى ئوتتۇرىسىدا قويۇق باغلىنىش بار. «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق روماننىڭ باشقا رومانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان قىزىق يېرىمۇ مۇشۇ.



ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تراگېدىيە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئاساسەن ئاكا - ئۇكا بىر تۇغقان قانارىس بىلەن بىگارىسنىڭ بىر - بىرىنى ئىزدىشى، قېرىنداشلىق چوڭقۇر مۇھەببىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىدە كۆرۈلىدۇ. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، قانارىس ئىنىسىنى ئىزدەپ يولغا چىقمىغان بولسا، تاغ ئۆڭكۈرىدە يۈگەكتە ياتقان سەبىي بوۋاقنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئەگەردە يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئېچىپ كەلگەن نارەسىدە بوۋاق قانارىس تەرىپىدىن تېپىپ ئېلىنمىسا، ئەسەردىكى پۈتۈن ۋەقەلىكنىڭ تۈگۈنى ھېسابلانغان سەبىينىڭ سىرى ئېچىلمايتتى. «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق شېئىرىي روماننىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، روماننىڭ سۇژىتى ھەم ئەگرى - توقايلىققا، كۆپ قاتلاملىققا ھەم مۇرەككەپلىككە ئىگە. بىز رومان ۋەقەلىكىنىڭ يېشىمى سەبىينىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىش مەسىلىسىگە كېلىپ تاقىلىدۇ دەپ قارايمىز، چۈنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدە تەبىئىي رەۋىشتە «نارەسىدە بوۋاقنىڭ ئانىسى، دادىسى كىم؟»، «ئۇ قانداق قىلىپ ئۆيىدە تۇغۇلماي، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە تۇغۇلۇپ قالىدۇ»، «نارەسىدە بوۋاقنى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدىن قانارىس قانداق قىلىپ تېپىۋالدى» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار تۇغۇلىدۇ. بۇ بىر قاتار ھالقىلىق مەسىلىلەرگە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يەنىلا روماننىڭ قوش لىنىيە بويىچە بېرىلگەن ئىككى تراگېدىيىلىك ۋەقەلىكىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. بۇنىڭ بىرىنچىسى، زەۋرە تراگېدىيىسىدىن باشلىنىدۇ. بۇ تراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان باش جىنايەتچى يەنى قاتىل باشقا ئەمەس، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى زەۋرەنىڭ ئۆز دادىسى تىلىۋالدىدۇر.

تىرىكچىلىك دۇنياسىدا، ئۆز بالىسىنى ئازابلاش، ئۆز بالىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن ئارتۇق جىنايەت بولمىسا كېرەك. تىلىۋالدى بىرىنچى قېتىم ئالغان ئايالىنى ھېچقانداق سەۋەبسىز قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كۆز ئېچىپ كۆرگەن تۇنجى پەرزەنتى- زەۋرەنى تىرىك يېتىم قالدۇرغانىدى.

نىيىتى بۇزۇلۇپ، بارغانسېرى چىرىكلىشىپ، نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلانغان تىلىۋالدى ئىككىنچى قېتىم جانىيا ئىسىملىك ساددا ئايال بىلەن

تويى قىلىدۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بۇ ئايالنىمۇ گوللاپ مۇزغا دەسسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلىۋالدى ئۆزىنىڭ پاك نىيىتى، ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشاپ بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن قانارىسنىڭ ئازراق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى يىراق يەردىكى چارۋا مېلىنى بېقىشقا ئەۋەتىدۇ- دە، ئۆيىدە قالغان ئايالى ئايشە بىلەن ناتوغرا ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. تىلىۋالدى مۇشۇنداق ئىپلاس ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەندە، قىزى زەۋرە قانارىسنىڭ بىر قورساقتىن چىققان ئىنىسى بىگارىس بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشقا تىلىۋالدى جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئىككى ياشنىڭ پاك مۇھەببىتىنى قەستەن بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. يەنە ئۇ بىگارىسنىڭ يەڭگىسى ئايشەنى ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇلغاپ،ئادەمگەرچىلىك جەھەتتىن ئازدۇرۇپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن بىگارىسقا بوھتان چاپلىتىپ قارىلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنى كۈشكۈرتۈپ شەرىئەت يولى بويىچە بىگارىس ئۈستىدىن يالغان ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىتىدۇ ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسىنى بۇ ناھەق ئىشقا، جازاغا ئىشەندۈرۈپ بىگارىسنى سۈرگۈن قىلغۇزىدۇ.

تىلىۋالدىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن ئايشەنىڭ تاپقان يالغان باھانىسى بىلەن جازالىنىپ ئەل- يۇرتىدىن ئايرىلىپ، كۆز كۆرمەس، قەدەم يەتمەس يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان بىچارە بىگارىس تاغ- تاغنىڭ ئارىسىدا قاڭقىپ يۈرۈپ ناۋانغا ئۇچرىشىدۇ. ئاندىن ناۋان ئارقىلىق زەۋرەگە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ناھەقتىن جازالانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئۆزىنىڭ ساق- سالامەت يۈرگەنلىكىنى تولۇق خەۋەر قىلىپ، پاك مۇھەببىتىگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ خەت يازىدۇ.

دەسلەپتە ئىشىنەر- ئىشەنمەسلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن زەۋرە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىگارىسنىڭ ھەقىقەتەن ناھەق جازالانغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ. ياۋۇز، رەھىمسىز دادىسى تىلىۋالدى بىلەن بۇزۇق ئايال ئايشەنىڭ بىرلىشىپ بىگارىسقا قىلغان زىيانكەشلىك ھەركەتلىرىگە چىداپ تۇرالمىغان زەۋرە ئاخىرى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.



زۇلۇمنىڭ دەستىدە تاغنىڭ ئارىسىنى پاناھلاپ يىلنىڭ نى- نى شۇرغان سوغىقى بىلەن تومۇزنىڭ ئىسسىقىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بىگارىس يورۇق دۇنيادىنمۇ تويغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ. ئۇ ھەمىشە: «قاچانمۇ چاپلانغان تۆھمەتتىن ئاقلىنىدىغان كۈنلەر كېلەر» دېگەننىلا ئويلايدۇ. ئاخىرى ئۇ تۆھمەتتىن ئاقلىنىپ، ئۇ «دۇنيا»غا مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئادالەت تەرەپتە چىڭ تۇرغان خەلق بىگارىسنى پاك- پاكىز ئاقلاش بىلەن بىللە تىلىۋالدىنىڭ قارا نىيىتىنى، رەزىل ئەپت- بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋالايمىزكى، ئاپتور بۇ يەردە بىرىنچىدىن، قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى تىلىۋالدىغا ئوخشاش ياۋۇز، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زورلۇق- زومبۇلۇق ھەركەتلىرىنى راسا پاش قىلسا، ئىككىنچىدىن، بىر- بىرىگە سادىق ھەقىقىي ئىشق- مۇھەببەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. مۇشۇنداق ۋەقەلەر مەسىلەن، ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ شۇ زۇلمەت دۇنياسىدا ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقتىن ئامالسىز زەھەر ئىچىش، ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلاش، تاغدىن غۇلاپ ئۆلۈشتەك ھەر خىل ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر ئىنسانلار تارىخىدا بولۇپمۇ قازاقلارنىڭ تارىخىدا كۆپلەپ سادىر بولۇپ كەلگەن. شۇڭا قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا، يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھەببەت داستانلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. شائىر ماغاز رازدان بۇ شېئىرىي رومانىنى ئىجاد قىلىش داۋامىدا خەلق داستانلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلانغان.

«سەبىينىڭ سىرى» ناملىق بۇ شېئىرىي روماندا كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان چوڭ تراگېدىيە ماقبالنىڭ ئۆلۈمىدۇر.

ماقبال ياللانما دېھقاننىڭ قىزى، ياۋاش، تولىمۇ كۆڭۈلچەك ئايال، يەنە كېلىپ ئوقۇرمەنلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ چوڭقۇر ئويلىنىشقا سېلىپ كەلگەن

تېپىۋېلىنغان نارەسىدە سەبىي بوۋاقنىڭ ئانىسى. ئۇ ئۆمرىدە ئىككى قېتىم ياتلىق بولىدۇ. بىراق بىچارە ئايالنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تەلىيى ئوڭدىن كەلمەيدۇ، بەخت يولى ئېچىلمايدۇ.

ماقبال بىرىنچى قېتىم كوپباينىڭ زورلىشى بىلەن ئالدامچى، بايبولنى ئۆلتۈرگەن قاتىل رەھمەت بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ماقبالنى باشلاپ شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئېزىقتۇرۇپ تاشلاپ كېتىدۇ- دە، ئاندىن پۇلدار قېرى تۇل خوتۇننى تېپىپ توي قىلىدۇ. رەھمەت ئۆزىنى ئۆتمەي ئۇنىڭ يىغقان ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ بىر كېچىدە قېچىپ روسىيىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ماقبال يىغلاپ- قاقشاپ يۈرۈپ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم بوراتاي ئىسىملىك بىر سادda، ياۋاش يىگىت بىلەن توي قىلىدۇ. لېكىن بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن بۇ يىگىتتىنمۇ ئاجرىشىپ كېتىدۇ. ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان ماقبال تاغنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ، ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرىدۇ، تارتمىغان ئازابلارنى تارتىدۇ. ئاخىرى ئاي- كۈنى توشۇپ ئۆڭكۈردە ساق- سالامەت تۇغىدۇ، لېكىن ئۆزىنى ئېيىق يەپ كېتىدۇ.

دېمەك، «سەبىينىڭ سىرى» ناملىق بۇ روماندا تەسۋىرلەنگەن ئىككى ئايالنىڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىسى ئادەمخور كونا جەمئىيەتتە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان، خورلانغان قازاق ئاياللىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. روماندا ئىككى ئايالنىڭ تراگېدىيىسى نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىشتىن باشقا، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ياۋۇزلۇقنىڭ، شەپقەتلىك بىلەن رەھىمسىزلىكنىڭ، ئادالەتلىك بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ ئىپادىلىرى ئېنىق بەدىئىي ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «سەبىينىڭ سىرى» ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نەمۇنىسى بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بېغىشلاش بىلەن بىر چاغدا، زامانداشلىرىمىزغا بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي، دىنىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىدىنمۇ خېلى مول مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.



## §8. شامىس قۇمارنىڭ «جۇسانلىق دالا» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە

«جۇسانلىق دالا»① ناملىق پوۋېست بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. پوۋېست خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلغان. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق باللار ئەدەبىياتىغا دائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تاللاپ باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. كېيىن بۇ پوۋېست باللار تېلېۋىزىيە فىلىمىگە ئۆزگەرتىلىپ ئىشلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەش ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باللار ئەدەبىياتى نادىر ئەسەرلىرىنى تاللاپ باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

پوۋېستنىڭ ئاپتورى شامىس قۇمار بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يېتىشىپ چىققان، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن، كۈچلۈك ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مول ھوسۇللۇق يازغۇچى. ئۇ 1952 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل ناھىيىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1978 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا ئورۇنلاشقان . ئۇ يەردە تۆت يىل مۇھەررىرلىك، تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئالمىشىپ كەلگەن.

تالانتلىق، تىرىشچان ياش يازغۇچى شامىس قۇمار ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن يىگىرمە يىل ئىچىدە «بۆكە باتۇر»، «كۆز يېشى تۈگىمەيدۇ»، «ئېرجانبېك» قاتارلىق ئۈچ رومانى،

① جۇسان — تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە بولىدىغان بىر خىل ئوت.

«ئاق سەركە بىلەن كۆك سەركە»، «چىغىر يول»، «جۇسانلىق دالا»، «ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى»، «قاراماي ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى بولۇپ جەمئىي 8 كىتابنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. يازغۇچىنىڭ «بۆكە باتۇر» ناملىق رومانى قازاقىستان رېسپوبلىكىسىدا نەشر قىلىنىدىغان نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال «يۇلتۇز» دا ھەر بىر سانغا بۆلۈپ- بۆلۈپ ئېلان قىلىنغان ھەم چەت ئەل ئوبزورچىلىرىنىڭ «پايدىلىنىش قىممىتى بار مۇھىم ئەسەر» دېگەن يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولغان. يەنە يازغۇچى شامىس قۇمارنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدە مەخسۇس خەنزۇ تىلىدا ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىشتىن تاشقىرى، نۇرغۇن ئەسەرلىرى مەملىكەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

يازغۇچى شامىسنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك نادىر ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشتىكى ماھارىتىنى باشقىلارغا تونۇتۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان ئاساسلىق ئەسىرى «جۇسانلىق دالا» ناملىق پوۋېستى. دەۋر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان، زامانىمىزدىكى كىشىلەر مۇناسىۋىتى، رېئاللىق يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئەسەردە، كىشىلەر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئادەمىيلىككە، ئىنسانىي ئەخلاق- پەزىلەتكە، كىشىلىك تۇرمۇش ئىستىلىغا، ئەۋلادلار تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇرەككەپ، چىگىش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، گىرەلەشكەن زىددىيەت- توقۇنۇشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئاشكارىلانغان.

يازغۇچى شامىس قۇمار بۇ پوۋېستنى يېزىش داۋامىدا يېڭىچە يول تۇتۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا قەلەم تەۋرەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسەردىكى ۋەقەلەر تەرەققىياتىنى دولقۇنسىمان قانات يايدۇرۇپ، گىرەلەشكەن توقۇنۇشلارنىڭ يېشىمىنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلغان.

«جۇسانلىق دالا» ئېلىمىز قازاقلىرى بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان ياخشى نەمۇنىسىدۇر. بۇ پوۋېستتا كىچىك چېغىدىن باشلاپ يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئازابلىنىشتىن، خورلىنىشتىن باش كۆتۈرەلمىگەن، ئىللىق ئائىلە تۇرمۇشىغا، ئانا شەپقىتىگە ئېرىشەلمىگەن، شور



پېشانە گۇناھسىز سەبىي مەقسەتنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى رەتلىك بايان قىلىنىش ئارقىلىق، كىشىلىك جەمئىيەتتە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىشىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ناچار ئىللەتلەر، كىشىلەرنى بىزار قىلغان يىرگىنىشلىك ئىشلار قامچىلانغان. ھەقىقەتەن پوۋېست ئوقۇرمەنلەرنى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ھېسابلانغان ئەۋلادلار تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا سالىدۇ. ئاپتور بۇ پوۋېستتا كىشىلەر تەرىپلىگەندەك ئىنسانلار ئۈچۈن بولۇپمۇ ئەۋلادلار تەربىيىسى، ئەۋلادلار ئىستىقبالى ئۈچۈن بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئادەمىيلىككە، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا، تۇغقانچىلىق يېقىنلىقىغا، ئەخلاق- پەزىلەتلىرىگە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، جۈملىدىن ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە، ئاتا - بالىلىق، ئانا- بالىلىق مۇھەببەتكە، مېھىر- شەپقەتكە قەدەر بېرىپ چېتىلىدىغان بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، كىتابخانلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئاندىن يازغۇچى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تۈگۈنىنى ئىنسانىي مەجبۇرىيەتنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولغان بالىلارنى تەربىيىلەش، ئاسراش، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە، كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاتا- بالىلىق مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى يېڭى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىگەن. ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلغان بىگۇناھ بالىغا قىلىنغان ئۆگەيلىكنىڭ جاپالىق ئاقىۋىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگەن.

بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاقلىرى بالىلار ئەدەبىياتىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەقسەت ئوبرازى ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان پېرسوناژ ئوبرازىدۇر.

مەقسەت پانىي دۇنيا بىلەن دىدارلىشىپ ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرۈپ باقىي دۇنياغا مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئاتلانغان چېغىدا ئاران ئون ياشقا كىرگەنىدى. يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ بىرەر ياشقا كىرە- بىرمەيلا ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ. دادىسى ئەبىلقاننىڭ مەقسەتنى ئائىلىسىدە بېقىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندىن كېيىن ئۇنى چوڭ دادىسى پىچاقباينىڭ

ئائىلىسىگە چىقىرىپ چوڭ ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما مەقسەت ئالتە ياشقا كىرگەندە چوڭ ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ شۇ ئائىلىدىكى تاغىسى تويىشبېكنىڭ ئايالى قامقانىڭ قولىدا قالىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئوخشاشلا ئىسلاھات دولقۇنى قازاق ئاۋۇللىرىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، مالچىلار قەلبىنى شادلاندۇرىدىغان يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. مانا بۇ ياخشى زامانىنىڭ يارىتىپ بەرگەن ياخشى پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلگەن چارۋىچىلار كۆتۈرە بەرگەن چارۋا ماللىرىنى تۇجۇپىلەپ بېقىپ ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ باي، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇشىدۇ. مۇشۇ قاتاردا بىر ئائىلە كىشىلىرى پىچاقباي، تويىشبېك، قامقالارمۇ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك چارۋا- ماللىرىنى ئەل قاتارىدا كۆڭۈل قويۇپ بېقىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىمىز بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە پىچاقباي ئائىلىسىدىكىلەرلا ئەمەس، پۈتۈن قازاق مالچىلىرىمۇ كۆتۈرە بېرىلگەن مال - ۋارانلىرىنى تىرىشىپ- تىرمىشىپ يىلدىن- يىلغا ئاۋۇتۇپ روناق تاپقۇزۇش كېرەكمۇ ياكى يىلدىن يىلغا ئازايتىپ راۋاج تاپقۇزماي قۇرۇتۇۋېتىش كېرەكمۇ دېگەن ھالقىلىق مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يازغۇچى پوۋېستتا دەۋر روھىنى، دەۋر رېئاللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، شۇنىڭدەك زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرگە يېقىندىن ياندىشىشقا تىرىشقان.

پىچاقباي، قامقا زامانىنىڭ ئىلغار ئېقىمىغا ماسلاشقان، تەرەققىيپەرۋەر، ھەقىقىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوبرازى. ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆچىنىپ ئىشلەپ چارۋىچىلىق كەسپىگە تايىنىپ بېيىشنىڭ كويىدا بولۇشقا قەتئىي بەل باغلاش بىلەن بىر چاغدا ئوقۇش يېشىغا كىرىپ قالغان كىچىك مەقسەتنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەقسەت بۇۋىسى پىچاقباي بىلەن تاغىسىنىڭ ئايالى قامقانىڭ غەمخورلۇقىغا، مېھىر- شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ. پىچاقباي بىلەن قامقانىنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ تېز بېيىشىغا بەل باغلىغىنىغا ئوخشاش، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، مەكتەپ قۇچىقىغا كىرگەن مەقسەتمۇ بوش كەلمەيدۇ. دەسلەپتىلا قەدەمنى



غەلىبىلىك باسىدۇ. ئۇ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ، ئوقۇغاندىمۇ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلارنى بۆسۈپ ئالدىغا چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدە نەزەرىگە چۈشىدۇ. شۇنداقلا مەقسەت ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئالغان ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى خۇش قىلىدۇ. بىراق خۇشلۇق بار يەردە خاپىلىقمۇ بولىدۇ. ياخشى زامانىنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەپقەت نۇرىدا داشقازاندىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن بېيىش يولىغا چۈشۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەقسەت ئەلاچى ئوقۇغانلىقتىن پىچاقباي بىلەن قامقانىڭ كۆڭۈللىرى خېلى ئەمىن تاپقانىدى. لېكىن بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان تويىشبېك ئەكسىچە ئىش تۇتۇپ، تەتۈر يولدا ماڭىدۇ، دادىسى پىچاقباينىڭ ئىشەنچىسىنى، كۈتكەن ئۈمىدىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئۇ كۆتۈرە بېرىلگەن چارۋا ماللار بىلەن قىلچىلىك كارى بولماي، كېچە- كۈندۈز دېمەستىن ئاۋۇل- ئاۋۇلنى قىدىرىپ ھاراق ئىچىپ ئەيش- ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تويىشبېك ئائىلىسىگە زىيان سېلىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى بىر ئائىلىنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان ئىككى تۆگىنىڭ بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن باشلايدۇ. ئۇ قولىغا چۈشكەن تەييار پۇلنى بۇزۇپ- چېچىپ، پۇل بولمىسا مالنى سېتىپ ھاراق ئېلىپ ئىچىپ ئائىلىگە نىسبەتەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈستى- ئۈستىگە زىيان سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى قامقانىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

قېيناتىسى پىچاقباي كۈچىدىن قالغان قېرى، ھاراقكەش ئېرىدىن بولسا ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قولىدا بار ئاز- تولا قوينى كىم باقىدۇ؟! بۇلارنى ئويلاپ قاتتىق بىئارام بولدى. قامقا ئاخىرى ئىلاجسىزلىقتىن كىچىك مەقسەتنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ قوي باققۇزۇش قارارىغا كېلىدۇ. مەكتەپتىن ئايرىلىش، ئوقۇشتىن قېلىش مەسىلىسى مەقسەت ئۈچۈنمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇ ئۇزۇن ۋاققىچە ئانا مەكتىپىنى، ساۋاقداشلىرىنى، ئۇستازلىرىنى ئويلايدۇ. لېكىن قانچىلىك ئويلىغان بىلەن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەقسەت ئۆزىنىڭ مەكتەپتىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى ياخشى چۈشىنەتتى. ئائىلىسىنىڭ شارائىتى ئاشۇنداق تۇرغاندا مەكتەپتىكى ئوقۇشنى توختىتىپ، قوي باقماي مۇمكىن ئەمەس.

پىچاقباي ئائىلىسىمۇ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسىدە ئەل قاتارىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرگەن ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. قامقا ياخشى زامان ئاتا قىلغان ئوقۇشلۇق شارائىت، ئوقۇشلۇق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەقسەتنى قايتىدىن مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. مەقسەتنىڭ قولىدىكى قوي باققاندا ئىشلەتكەن تايىقىنى تاشلاپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە بېرىشىغا تويىشبېك جان- جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. قامقا مەقسەتنى قوغدايمەن دەپ نۇرغۇن قېتىم تويىشبېكنىڭ تايىقىنى يەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىشەنچىسى مۇستەھكەم، كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن قارىشى مۇقىم، نومۇسچان، قەيسەر قامقا گەرچە مەقسەت ئۆز بالىسى بولمىسىمۇ، خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئۇنى قوغداش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش يولىدا نى- نى توسالغۇلارنى بۆسۈپ، نى- نى بوران- چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ.

يازغۇچى پوۋېستتا پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلىك تىركىشىشلارنى، ھايات- ماماتلىق ئېلىشىشلارنى زورلاپ تاڭمايدۇ، بەلكى، تەبىئىي شەكىللەندۈرىدۇ، مەسىلەن، ئەر- خوتۇن تويىشبېك بىلەن قامقا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ مەقسەتنىڭ تەقدىرىگە باغلانغان ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ ئېلىشىشتا تويىشبېك مەغلۇپ بولىدۇ، قامقا غەلىبە قىلىدۇ. نەتىجىدە مەقسەت تويىشبېكنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، تويىشبېككە بېقىندى، قۇل بولۇشتىن ئازاد بولىدۇ.

يازغۇچى ئەسەردە مەقسەتنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەگرى- توقاي يوللار بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. پۈتۈن زىددىيەت- كۈرەشلەرنى ئۇنىڭ تەقدىرىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. مەقسەت مەكتەپ قۇچىقىغا قايتىدىن كىرگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئەمدىلىكتە يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قەلبى تېخىمۇ شادلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىپ راۋاجلىنىشىغا قاراپ مەقسەتنىڭ ئۆمرىنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ.



مەقسەت شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇددى دوزاخنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. قىن- قىنىغا پاتماي كەتكەن خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى خاپىلىق باسىدۇ. يورۇق دۇنياغا كېلىپ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ياشىغان ناھايىتى قىسقا ئۆمرىدە گەرچە پەقەت دادىسىنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا بوۋىسى پىچاقباينىڭ، قامقانىڭ مېھىر- شەپقىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئائىلىسىدە ئۆگەي ئانىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئازابىنى تويغىدەك تارتىدۇ. ئاخىرى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى دەپسەندە قىلىپ قاتتىق خورلىشى بىلەن توققۇز گۈلىنىڭ تېخى بىرىمۇ ئېچىلمىغان بالىلىق ئۆمرى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تامغان ئانا يۇرتىغا دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ جاي ئەسلى ئوت- چۆپىنىڭ بىر خىل تۈرى بولغان جۇسان ناھايىتى كۆپ ئۆسىدىغان يەر بولغاچقا، كىشىلەر «جۇسانلىق دالا» دەپ ئاتىشىپ كەلگەن. مەزكۇر ئەسەرگىمۇ يازغۇچى مۇشۇ نامنى قويغان. «جۇسانلىق دالا» ناملىق پوۋېستتا يازغۇچى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىگەن پېرسوناژ مەقسەت مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىكنىڭ، مېھرىبانلىق بىلەن رەھىمسىزلىكنىڭ كەسكىن كۈرىشىدە ۋەھشىيلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ.

مەقسەتنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى- ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى يالغۇز قازاق خەلقى جامائەتچىلىكىنىلا ئەمەس، يەر شارىدا ياشاۋاتقان جىمى ئىنسان بالىسىنى ئويلاندۇرىدۇ، ئېچىندۇرىدۇ. مەلۇمكى، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى، ئەۋلادلار تەربىيىسى دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە ئۇلۇغۋار ئىش. ئىنسان ئەۋلادلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك ياشايدۇ، ئەۋلادسىز ئىنسان يوپۇرماقسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگەيدۇ. بالا ئۈچۈن ئاتا- ئانا قانچىلىك قەدىرلىك، قانچىلىك سۆيۈملۈك بولسا، ئاتا- ئانا ئۈچۈن بالىمۇ شۇنداق قەدىرلىك ھەم سۆيۈملۈكتۇر.

ئەسەردە كۆپرەك ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان مەقسەتنىڭ ئاتىسى ئەبىلقان بىلەن ئۆگەي ئانىسى ئەپىيلەدىن ئىبارەت ئىككى شەخسكە كەلسەك، بۇلارمۇ پوۋېستتا ئۆزلىرىگە يارىشا نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

ئاق كۆڭۈل ئەبىلقان پوۋېستتا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئاددىي- ساددا ئادەم، بالىسى مەقسەتنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ. بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەن ھامان خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالىدۇ. ئەبىلقان نارەسىدىنى ساغلام تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشنى ئويلايدۇ- يۇ، بىراق يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. يازغۇچى پوۋېستتا بالىغا كۆيۈمچان ئاتا ئەبىلقانغا يانداپ قامقانى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇ تولىمۇ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئايال ئوبرازىدۇر.

ئەپىيلە ئەسەردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ يارىتىلغان ئوبراز. ئۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ھەم قارانىيەت، رەھىمسىز شەخس، شۇنداقلا ئۆگەي بالىسى مەقسەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنمەيدىغان، بالا قەدرىنى، ئەۋلاد تەربىيىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ھايۋان مىجەز ئايال. ئەپىيلە ئەسلى ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن نادان، ئۇ ھېلىقى سېسىق نامى پۇر كەتكەن «چوڭ ئىنقىلاب» مەزگىلىدىمۇ «ھۇنەر چىقىرىپ» ئاتالمىش «خىزمەت كۆرسىتىپ»، خۇددى غالجىر ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ، تۆھمەت چاپلاپ، نۇرغۇن ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلغان. ئۇنىڭدىن كۆيۈنۈش، سۆيۈنۈش، مېھىر- شەپقەت دېگەنلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. مەقسەت تاغىسى تويشىبېكنىڭ ئازابلىشىدىن قۇتۇلۇپ، دادىسى ئەبىلقاننىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، بەخت يولىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن تاپماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما تويشىبېكنىڭ ياۋۇزلۇقىنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ۋەھشىي ئەزرائىلنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. نەتىجىدە ئەپىيلە بىلەن تويشىبېك مەقسەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولىدۇ.

شامىس قۇمار بۇ يىرىك ئەسىرىنى ئىجاد قىلىش داۋامىدا تېما تاللاش، ماتېرىيال توپلاش، ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە، مەركىزىي ئىدىيىنى بېكىتىشتە، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا،



زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا يېڭىچە يول تۇتقان. ئالايلى، ۋەقەلىكنىڭ يىپ ئۇچى، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى بىر تۇغقان، بىر ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن، تەپسىلاتلاردىن شەكىللىنىپ، مەقسەتنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. مەقسەت بىلەن ئەپىيلەنىڭ، ئەپىيلە بىلەن ئەبىلقاننىڭ، تويشىبېك بىلەن قامقانىڭ، مەقسەت بىلەن تويشىبېكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇش، تىركىشىشلەر تەتۈر تاناسىپ بىلەن بېرىلگەن. يۇقىرىدا دېيىلگەنلەرنىڭ ئەكسىچە مەقسەت بىلەن ئەبىلقاننىڭ، قامقا بىلەن مەقسەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەريانى ئوڭ تاناسىپ بويىچە بايان قىلىنغان. «جۇسانلىق دالا» ناملىق پوۋېستتا قارىماققا چوڭ ئادەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى سۈرەتلەنگەندەك ھېس قىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ يادروسىغا بالا تەقدىرى قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پوۋېستنى كەم- كۈتىسىز بالىلار ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەر كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەزەلدىن كەم بولۇپ كېلىۋاتقان بالىلار ئەدەبىياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان يىرىك نەمۇنىدۇر.

مەقسەت بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ بىرلىكىدە خېلى مۇكەممەل يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىدۇر.

## §9. جۇمەدىل مامانىنىڭ «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە

ئېلىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. جۈملىدىن شىنجاڭمۇ ئېلىمىزدىكى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. شۇڭا، ئىتتىپاقلىقنى يادرو قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى، ئىناقلىقنى قەدىرلەش ئەزەلدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە.

دېمەك ئېلىمىزدىكى قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بولمىسۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر دوستلۇقى ئەدەبىياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى ھەمدە بۇ تېمىنى يورۇتۇپ، نۇرلاندۇرۇپ گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېست 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر دوستلۇقى تېما قىلىپ يېزىلغان ھەر خىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. پوۋېستنىڭ ئاپتورى شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست جۇمەدىل مامان 1941 - يىلى 11 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى كۈنەس ناھىيىسىنىڭ تۇرگېن يېزىسىدا چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1959 - يىلى سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.

جۇمەدىل مامان باشتىن - ئاخىر ئىزچىل تۈردە مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن. ئۇ ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى ۋادىسى» قاتارلىق خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، مۇنەۋۋەر ئالىي مۇھەررىر.

جۇمەدىل مامان 1958 - يىلى مەتبۇئاتتا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان «قىزىل بىنا ئالدىدا» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ 1000 دىن ئارتۇق شېئىر، 21 داستان، 50 پارچىغا يېقىن پروزىلىق ئەسەرلەرنى، 30 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى. جۇمەدىل مامان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «تاغ يالقۇنى»، «قاراقات»، «ئاقىلباي بوۋاينىڭ ھېكايىلىرى»، «ئەكبەر - سېيت»، «شېئىرىي رومان»، «جۇمەدىل مامان داستانلىرى»، «دادا قۇچىقىدىكى بالا»، «سۆزۈك ئاۋاز»، «ئايخان»، «تەرجىمە ھېكايە - پوۋېستلار»، بۇنىڭدىن باشقا «ناخشىنىڭ سىرى -



قەلبىنىڭ سىرى» (ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى) قاتارلىق 9 پارچە ئەدەبىي كىتابىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. 13 پارچە ئەسىرى مەملىكەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. جۇمەدىل ماماننىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستى ئاپتورنىڭ 1992 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دادا قۇچىقىدىكى بالا» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا تارىخىي ۋەقەلەردىن، رېئال ۋەقە، تەپسىلاتلاردىن تېما تاللىنىپ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەملىكەت سەۋىيىسىگە يەتكەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن نى - نى ياخشى ئەسەرلەر تېپىلىدۇ. شۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىممىتىنى ئاللىبۇرۇن يوقىتىپ بولغان ئەرزىمەس، ناچارلىرىمۇ بار.

يېڭى دەۋرىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە خۇددى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈپ قويغاندەك ۋەقەلىك جەھەتتىن، ئومۇمىي مەزمۇن جەھەتتىن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ھەتتاكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسىدا ئاپتورنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇددىئاسى چىقىش قىلىنىپ، تېزرەك ئېلان قىلىنىشنى كۆزلەپ نۆۋەتتىكى تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ يېزىلغان. ئالايلى، بىر مىللەت ئەزاسى تاسادىپىي سۇ، ئوت، بوران ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراپ قالغاندا ئىككىنچى بىر مىللەت ئەزاسى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغانلىقى، ياكى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا جېنىنى پىدا قىلىپ ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ياكى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ، قېنى يېتىشمىگەندە قان بېرىش، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا يولۇققاندا پۇل ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلىش، خىزمەتتە، كەسىپتە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغاندا ياردەم كۆرسىتىپ، بىلىمگەنلىرىنى ئۆگىتىپ يېتىشتۈرۈپ قويۇشتەك تېمىلاردىن نېرى كېتەلمەسلىك، قۇرۇقتىن - قۇرۇق ھادىسىلەرنىلا يېزىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتەلمەسلىك قاتارلىقلار. گېزىتلەردە، رادىئو، تېلېۋىزىيىلەردە مىللەتلەر

مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر بىرەر تەپسىلىي خەۋەر بېرىلسە، بىرەر ئاي، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشىدىغان ئەھۋاللارمۇ تولا كۆرۈلىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر دوستلۇقى مەڭگۈلۈك تېما. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە تېما. دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر ئەسىرى «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىمۇ ئاساسەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بېغىشلاپ يېزىلغان.

1986 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «چولپان» مەجمۇئەسىنىڭ 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ئاھ، دوستۇم» ناملىق ئېپىك داستانىنى قىزىقىپ ئوقۇشقانلىقىمىز ھېلىھەم ئېسىمىزدە. شۇ چاغدا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر: «مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر دوستلۇقى مۇشۇنداق كۆيلىنىشى، ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك، ئەلۋەتتە» دېيىشكەنىدى. داستاندا لاۋچاڭ ئىسىملىك ئاساسىي قاتلام يېزا كادىرىنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ داۋاملىق دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن سەمىمىي دوستىغا ئايلانغانلىقىدەك ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەلۇمكى، بىر مىللەت ئەزاسىنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ ئىچىگە ئۇرۇق - تۇغقاندەك سىڭىپ كىرىشى ياكى ئۇلارنىڭ قولۇم - قوشنا بولۇپ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ھەتتا ئۆز ئارا قۇدىلىشىپ قىز بېرىپ، قىز چىقىرىشى، بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى قاتارلىقلار تەبىئىي ئەھۋال ئاستىدا بارلىققا كېلىدۇ، شەكىللىنىدۇ. بۇلار ھەرگىز بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى، بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەتنى مەجبۇرىي ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە مىللەتلەر دوستلۇقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قوغداشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، خالاس.



شائىر، يازغۇچى جۇمەدىل مامانىنىڭ «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستى ئۆزىنىڭ چىن مەنىسى بىلەن ئىسمى جىسمىغا لايىق نادىر ئەسەر، ھەقىقەتەنمۇ مىللەتلەر دوستلۇقىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئەسەردۇر.

بۇ پوۋېست شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تۇرمۇشىدىن، قويۇق مىللىي مۇناسىۋەت ئەمەلىيىتىدىن، ئۈزۈلمەس مىللىي دوستلۇق رىشتىلىرىدىن ماتېرىيال تاللاپ يېزىلغان. ۋەقەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن بېجىرىلگەن ھەم ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك پۇراق، دەۋر روھى چېۋەرلىك بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. پوۋېستتا پۈتۈن ۋەقەنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ئەسەردىكى ئاساسلىق روللارنى ئوينىغان تۆت پېرسوناژنىڭ پائالىيەتلىرىگە، ئىچكى كەچۈرمىشلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. بۇ پېرسوناژلار: پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم خەنزۇ كادىرى سى ۋېي. قازاقنىڭ ياش باللىرى بىردەك بۇ كىشىنى «ئاكىم دادا» دېيىشىپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئاتاشسا، چوڭلىرى «سىقاڭ» دەپ ئاتىشىدۇ. پوۋېستتىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان كۆمۈركان ئىشچىسى مۇھەممەت. قازاقلار ئۇنى ھۆرمەتلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق مىللىي ئادەتلىرى بويىچە «مەكەڭ» دەپ ئاتىشىدۇ. مۇھەممەت بولسا ھېلىقى خەنزۇ بوۋاي سى ۋېينى ئۆزىنىڭ ئىسمى بويىچە ئاتىماي دائىم ئۇنى «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ، بۇ ئىسىمنى كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «چىپار ئاتلىق قازاق» ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ قويۇلىدۇ ھەم پوۋېستتا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژنىڭ قوشۇمچە نامى بولۇپ قالىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردىكى سېھرىي كۈچ — ئاساسەن شۇ ئەسەرنىڭ تارقاتقان ئىدىيىسى بىلەن پىششىق تاللانغان، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەقەلىكىدىن كېلىدۇ. پوۋېستتا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تەكرار ئويلىنىپ جاۋاب تېپىشقا جەلپ قىلغان مۇنداق بىر سوئال بار، ئۇ بولسىمۇ بىر خەنزۇ ئادەمگە قانداق قىلىپ «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ نام قويۇلۇپ قالدى؟

چۈنكى پوۋېستنىڭ بېشىدىلا چىرايى قارامتۇل كەلگەن سى ۋېي سۇدەك سۇزۇك سۆزلىگەن قازاقچە تىلى، قازاقلىشىپ كەتكەن مىجەز- خۇلقى ئارقىلىق رايونلۇق گېزىتنىڭ قازاق مۇخبىرى ئەختەتنىڭ كۆزىگىمۇ قازاقتەك كۆرۈنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سى ۋېينىڭ ئايالى جەڭلەننىڭ جەڭلىخان دەپ قازاق ئاياللىرىغا قويۇلىدىغان ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى، شوپۇر يىگىتنىڭ ئۇنى قازاقنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادىتى بويىچە تۇغۇلغان ۋاقتىدا كىندىكىنى كەسكەنلىكى ئۈچۈن «كىندىكئانا» دەپ ئاتىشى مۇخبىر يىگىتنىڭ قارامتۇل ئادەمنى خەنزۇچە تىلغا ئۇستا قازاقلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك دېگەن چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتمۈېتىدۇ. ئەمدى ئۇيغۇر كان ئىشچىسى مۇھەممەتنىڭ بىلىپ تۇرۇقلۇق ئاشكارا ھالدا سى ۋېينى «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ ئاتىشىنىڭمۇ بەلگىلىك جەريانى بار.

قازاقلاردا «ئات ئادەمنىڭ قانىتى» دېگەن ئەقلىيە سۆز بار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. قۇش قوش قانىتى ئارقىلىق زېمىننىڭ ھەر قانداق يەرلىرىگە ھېچقانداق توسالغۇسىز ئۇچۇپ بارالايدۇ. ئادەملەرمۇ ئاتقا مىنىپ شۇنداق قىلالايدۇ. شۇڭا چارۋىچىلىق رايونلاردا قازاقلار ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ، گەپنىڭ قىسقىسى جېنى بار قازاقتا بىردىن ئات بولىدۇ، ئۇلار ئېتىنى شۇنداق قەدىرلەيدۇ.

دېمەك، قازاق خەلقىنىڭ پسىخىكىسىنى، ئادىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تۇرمۇشقا، ياشاش شارائىتىغا كۆنۈپ كەتكەن سى ۋېي بىر زامانلاردا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ياتقاندىلا ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان چىپار قۇلۇننى مىنىپ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشىدۇ. ئۇ قازاق مالچىلىرى ئىچىدە ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەپ قازاقلارغا ئوخشاش ئۆزىدە ئاتخۇمارلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەچكە، نەگە بارسا چىپار ئېتىنى مىنىپلا يۈرىدۇ. ئۇ يىراق- يېقىن يەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغلاردا ھەمىشە قازاقنىڭ يېشى چوڭلىرى بىلەن بىللە بولۇشىدۇ. ئويۇن- تاماشا، كۆكۆل ئېچىش سورۇنلىرىدا قازاقنىڭ ياشلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇھەممەتنىڭ سى ۋېينىڭ شۇنچىلىك دەرىجىدە قازاق مىللىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىززەت- ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئىناق- ئىتتىپاق ئۆتكەن



ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇنى «چىپار ئاتلىق خەنزۇ» دېمەستىن «چىپار ئاتلىق قازاق» دېيىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈشى، ياردەم بېرىشى، يار- يۆلەكتە بولۇشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشى دائىم داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان توغرا كەيپىياتتۇر. پوۋېستتا سۈرەتلەنگەن قازاق بوۋاي ئالتۇنبېك بىلەن قىرغىز بوۋاي سەمەتاي پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى بالىلىرىنى ئۆيلۈك- ئوچاقلىق قىلىدۇ. ئۇلارغا بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ بېرىدۇ. ئىككى مىللەتتىن بولغان ئىككى نەپەر شەخسنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدا مەلۇم شەخسنىڭ ئۇزاتقان ياردەم قولى ئالاھىدە رول ئوينىغان.

ئەينى چاغلاردا سى ۋېي ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ تۇرغان مەزگىللەردە جانجىگەر دوستلىرى ئالتۇنبېك بىلەن سەمەتاينىڭ بالىلىرىنىڭ مەركەزدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە چىقىپ ئوقۇپ، ئوقۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قازىنىپ پايتەختتە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ قېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى.

بۇ يەردە يازغۇچى ئۆزىنىڭ «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان نادىر ئەسىرىدە زامانىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرلىك ئىپادىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەنتەنىلىك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، يۈزەكى تەپسىلاتلار تەسۋىرى ياكى تۇرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر جەريانىنى بايان قىلىشنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمىگەن، دەۋر ھەقىقىتى، تۇرمۇش چىنلىقىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا يورۇتۇپ بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەقەلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، مەسىلىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، كونكرېت پېرسوناژلار ئوبرازىنى مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئىنسانىي پەزىلەت، ئادەمىيلىك سۈپەت، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ئالامەتلىرى بىلەن تويۇندۇرغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرنىڭ ئاتاقلىق شائىرى تېيىپجان ئېلىيوپ «ئاھ، دوستۇم» ناملىق داستانىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ، مىللەتلەر دوستلۇقىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ- قۇدرىتىنى يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك

روھ بىلەن باغلاپ، لاۋچىڭ، غوپۇرلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستلۇق رىشتىسىنى نامايان قىلغان بولسا، جۇمەدىل مامان «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق نادىر ئەسىرىدە سى ۋېي، ئالتۇنبېك، كۇلان، جەڭلەنلەرنىڭ ھەقىقىي دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

يازغۇچى پوۋېستنى ئاساسەن تەتۇر بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يازغان. زورۇرىيەت تۇپەيلىدىن بەزى ۋەقەلىكلەرنى ئارىلىقتا كىرىشتۇرۇپ قوشۇۋەتكەن. بەزى ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى بېرىشنى قىسقارتىپ، ئۇنى پېرسوناژلارنىڭ ئايرىم ئىزھار قىلغان مونولوگلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن. نەتىجىدە ئەسەرنى يىغىنچاقلىققا، چوڭقۇرلۇققا، ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلغان.

«. . . ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېرىش- چارچاش يىگىت ئۈچۈن شەرەپلىك ۋەزىپە. سېنىڭ مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىڭ ئالدىنقىلار ئېچىپ بەرگەن ئىنقىلاب قىلىش يولىنىڭ داۋامى. مۇبادا سەن شىنجاڭغا بېرىپ قالساڭ ‹خەننامە› دە بايان قىلىنغان ئۇيسۇنلارنىڭ مۇقەددەس ماكانىنى (ئىلىنى دېمەكچى) بىر كۆرمەي قايتمىغىن. ‹غەربىي دىيار شەجەرىسى› دە ئۇ ھەقتە ئۇيسۇن چاڭئەندىن 8 مىڭ 900 چاقىرىم يىراق، يېرى بىپايان كەڭ تۈزلەڭلىكتىن تەركىب تاپقان، ھۆل- يېغىن كۆپ، ھاۋاسى سوغۇق كېلىدۇ. تاغلىرى پۈتۈنلەي قارىغايلار بىلەن قاپلانغان، خەلقى دېھقانچىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار مۇنبەت يايلاقلاردا چارۋا ماللىرىنى بېقىپ كۆپىنچە كۆچمەنلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلغان خەلقتە يىلقا (ئات) ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ھەتتا باي دېگەنلىرىدە 4 — 5 مىڭدىن ئارتۇق تۇلپار نەسىللىك يىلقا بولىدۇ. خەلقى تولىمۇ قەيسەر، باتۇر كېلىدۇ. ئىشەنچسىزلىك قىلغانلارنى قاتتىق ئۆچ كۆرىدۇ». مانا بۇ سى ۋېي شىنجاڭغا خىزمەتكە كېلىش ئالدىدا دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرى.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، رېئال ئەھمىيىتى، تەربىيىۋى رولى ناھايىتى زور بولۇپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق تۇيغۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئېنىقكى، ئاپتور پېرسوناژ ئاغزىدىن



بېرىلگەن بۇ گەپنى تارىخنىڭ قېلىن قاتلاملىرى ئىچىدىن ئاختۇرۇپ تېپىپ ئەسەرنىڭ توپ ئىدىيىسىنى كۈچەيتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تېما ئۆزگىچىلىكى، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى، ئەسەرنىڭ خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېست بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن.

## §10. بولانتاينىڭ «يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە

پېشقەدەم يازغۇچى، ئالىم، ژۇرنالىست بولانتاي دوسجان بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغان مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1927 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى چۆچەك شەھىرىدە نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1937 - يىلدىن 1947 - يىلىغا قەدەر باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ، شۇ مەزگىلدىكى قازاق ياشلىرى ئىچىدە خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغان. ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغا قەدەر مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. بولانتاي دوسجان ئازادلىق ھارپىسىدا ۋە ئازادلىقتىن كېيىن تاكى پېنسىيىگە چىققانغىچە «ئۆرنەك» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا 40 يىل ئىشلىدى. ئۇ ھازىرغىچە قولىدىن قەلەم تاشلىماستىن داۋاملىق ئىزدىنىپ ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. يازغۇچى بولانتاي دوسجاننىڭ بىر نەچچە پارچە ئەسىرى خەنزۇ، ئىنگلىز، رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، قازاقىستان

رىسپوبلىكىسىنىڭ نوپۇزلۇق گېزىت- ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى، يەنە ئۇ 1995- يىلى قازاقىستان پايتەختى ئالما-ئاتادا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاباي تەلىماتى» ھەققىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئېلىمىزدىن تەكلىپ بويىچە قاتنىشىپ، «ئاباي ۋە جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ «يۈرەك يۇلتۇزى»، «باھار كۈيى»، «تاشتىكى قان» قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلىرىنى، «ئۇلۇغ شائىر ئاباي»، «ئالتۇن بۆشۈك» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرىنى، 170 پارچە شېئىر، 30 ھېكايە، ئوچېرك، 6 پوۋېستنى خەلقىگە تەقدىم قىلغان.

«يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېست يازغۇچى بولانتاي دوسجاننىڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ھەم نۆۋەتتە كەڭ خەلق ئاممىسى ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرگە بەدىئىي ئۇسۇلدا قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بەرگەن ياخشى ئەسىردۇر.

پوۋېستتا يازغۇچى بىر- بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن زىددىيەتنى كەسكىن توقۇنۇشلار ئىچىدىن باشلاپ رىتىملىق، سىستېمىلىق، باسقۇچلۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، كىتابخانلار قىياس قىلمىغان يەردىن يېشىمنى بىراقلا چىقىرىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنى ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلەر ۋەقەلىكنىڭ قانداق ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى ۋە ھېلىقى مۇرەككەپ تىركىشىشلەرنىڭ قانداق يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى تۇيماي قېلىشىدۇ. ئۇنىڭدا پۈتۈن ۋەقەلىك ئاساسىي جەھەتتىن يۇمۇرىستىك تەپسىلاتلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يازغۇچى رېئاللىقنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى، تۇرمۇشتىكى سەلبىي ئىشلارنى، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاش يولى بىلەن يورۇقلۇققا، ئىلگىرىلەشكە مەدھىيە ئوقۇپ، دەۋرنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

پوۋېستتا ئۈچ سۇژېت لىنىيىسى بار. بىرىنچىسى، چولپاننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن كەلگەن قاتتىق بېسىم ۋە توسالغۇلار ئىچىدە ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسى. ئىككىنچىسى، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش جەريانى، قانۇنسىز، يوشۇرۇن بېجىرىلگەن نىكاھ ۋە



ياش قىز كامشات تراگېدىيىسى. ئۈچىنچىسى، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك كۈرەش. سادىۋ بوۋاينىڭ تراگېدىيىسى كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ ۋەقەلەر ئارقىلىق بېرىلگەن. شۇنىڭدەك يۇقىرىدا دېيىلگەن ۋەقەلەر يېتىم قىزچاق قېچىپ كەتتى، ئۇنى چوقۇم تېپىش كېرەك دېگەن يۆنىلىشنى بويلاپ بىردەم پەسىيىپ، بىردەم كۈچىيىپ راۋاجلىنىدۇ.

ئەسلىي ۋەقە قازاق ئاۋۇلىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئەمدى 18 ياشلاردىن ھالقىغان چولپان بىلەن كامشات ئىسىملىك ئىككى قىزدىن باشلىنىدۇ. بۇ سەھرالىق ئىككى قازاق قىزى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىگە چۈشىدۇ. ئۇلار بىر- بىرىدىن قېلىشمايدىغان، قازاق قىزلىرى ئىچىدىن ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان گۈزەللىرىنىڭ ئىچىدىكى گۈزەللىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان چەۋەندازلار ئىدى. بۇلار پەزىلەتلىك، غايىلىك، ئىنتىلىش روھى تولىمۇ كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ كەلگۈسىدە ئالىم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

يازغۇچى بولانتاي دوسجان ئىلىم- پەن دۇنياسىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان، مەكتەپ قۇچىقىدا تەربىيىلىنىپ دەۋر تەلىپىگە ياندىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلار تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن بىر چاغدا، رېئاللىقتا ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپمۇ قازاق جەمئىيىتى مۇھىتىدىكى مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئاشكارىلىغان: بۇلار كونا فېئوداللىق نىكاھ سودىسى، پاسسىپ ئادەت كۈچلىرى، پۇلخۇمارلىق ۋاستە قىلىنغان زوراۋانلىقتىن ئىبارەت.

ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىپ ئاخىرقى نەتىجىسى چىققىچە ئارىلىقتا باشتا تىلغا ئېلىنغان ئىككى چوڭ تراگېدىيە كەينى- كەينىگە ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەنە كېلىپ بۇلار يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدە دېمەكچى بولغان ئاساسلىق مەقسەتنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

پوۋېستتا بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە ياشاۋاتقان ئېلىمىز قازاقلىرى تۇرمۇشىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ھەتتا بۇرۇنقىسىدىنمۇ ئۇلغىيىپ، خەلققە ئىقتىسادىي

جەھەتتىن بېسىم، چوڭ ئاپەت، ياشلارغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەم ئېلىپ كەلگەن خۇراپىي قائىدە - يوسۇنلار، نىكاھ سودىسى قاتارلىق ئىشلار ۋە ئۆلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلىرى قاتتىق پاش قىلىنغان، رەھىمسىز قامچىلانغان. شۇنىڭدەك ئاشۇ رېئاللىقنى كۆزى بىلەن كۆرگەن يازغۇچى تۇرمۇش ھەقىقىتىنى، رېئاللىقنى بۇرمىلىماستىن، ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى خەلقنىڭ رايىغا ۋەكىللىك قىلغان ئاساستا ئۆتكۈر قەلىمى، ئاچچىق ھەجۋىي تىل كۈچىگە تايىنىپ شىددەت بىلەن جەڭ ئېلان قىلغان.

بىزگە مەلۇم، يازغۇچى مەسىلىنى تەھلىل قىلمايدۇ، چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمايدۇ، پەقەت بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن تىپىكلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلەر بايانى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئادەمنى، ئادەمنىڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى مۇھىم پېرسوناژ كامشات تولىمۇ كېلىشكەن، ھەم ئەقىللىق ھەم بىلىملىك قىز. بولۇپمۇ چولپانغا ئوخشاش ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالىي مەكتەپ قويىنىغا كىرىشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

ھېلىقى زۇلمەتلىك يىللار كەلمەسكە كېتىپ، داشقازان چېقىلىپ، مال، يەر شەخسلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي باياش توي قىلىپ بىر يىلنىڭ قارىسىنى كۆرمەيلا ئايالىنى ئەپلەپ يولغا سالىدۇ-دە، چىرايلىق قىز كامشاتقا كۆزىنى تىكىپ ساقال تاشلايدۇ. بىراق ئۇنىڭغا كامشات قاراپمۇ قويمايدۇ. بۇ چاغدا باياش ئالدامچى، ھىيلىگەر موللا ئامانباينى تېپىپ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن كامشاتنىڭ دادىسى دەلدىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەڭ ئىچىدە مەخپىي قۇدىلىشىدۇ. كۆزى جىرتاق، پۈتى توكۇر بۇ يىگىتنىڭ شۇملۇق ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ بولغان كامشات نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى سايرام كۆلىگە تاشلاپ يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىدۇ. قىزنىڭ كۆلنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان جەسىتى كۆلنى تەكشۈرگۈچى ئايروپىلاندىكىلەر تەرىپىدىن تېپىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈپتۇ»، «قېچىپ كېتىپتۇ»، «ئېسىلىپ ئۆلۈپتۇ»، «زەھەر



ئىچىپ ئۆلۈپتۇ» . . . دېگەن قورقۇنچلۇق گەپ - سۆزلەر كەڭ تارقىلىپ كېتىدۇ.

ھازىرقى قازاق قىزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر، ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن كونا فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى يېڭىۋاشتىن تىرىلىپ كېڭىيىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. پوۋېست سۇژېتىنىڭ ئاساسلىق لىنىيىسى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن چولپان سەرگۈزەشتىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدا ۋەقەلىك ئىككى باسقا بۆلۈنۈپ بايان قىلىنىدۇ. ئەمدى ئۆلارنىڭ بىرسىنىڭ جەريانى ئاشكارا بېرىلسە، بىرسىنىڭ جەريانى يوشۇرۇن بېرىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىككى لىنىيە بويىچە راۋاجلانغان ۋەقەلىك يەنىلا چولپاننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن.

پوۋېستتا ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاشكارا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ تۈگۈنى شۈكمان بىلەن داۋۇلباينىڭ ئىچكى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ يەڭ ئىچىدە سودا قىلىپ قۇدىلىشىشىدىن باشلىنىدۇ. شۇمۇشباي ئىسىملىك ھىيلىگەر موللىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شۈكمان داۋۇلباينىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تۆت يىل تۈرمىدە ياتقان بۇزۇق ئوغلى دۆلەت بېككە چولپاننى بەرمەكچى بولۇپ نۇرغۇن مالغا، پۇلغا ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۈكمان پۇل تېپىپ بېيىدىم دېسە، داۋۇلباي پۇلنىڭ كۈچى بىلەن چىرايلىق كېلىن تاپتىم دەپ قىن - قىنىغا پاتماي يۈرگەندە، چولپان سادىق بوۋاينىڭ ئوغلى قانىبېك بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەن شۈكمان خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي قالىدۇ. ئۇ بىر ئامال قىلىپ چولپاننى ئىزدەپ تېپىپ داۋۇلباينىڭ ئوغلى دۆلەت بېككە بېرىشنىڭ كويىدا بولۇپ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىشكە كىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا شۈكماننىڭ بارمىغان يېرىمۇ قالمايدۇ. بىراق چولپاننىڭ نەدە ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سادىق بوۋاينى قاتتىق قىستايدۇ، ئۇرۇپ ئېغىر زەخىملەندۈرىدۇ، ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. سادىق بوۋاي تاياقنىڭ دەستىدىن ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەلمەستىن ئاخىرى كۆز يۇمىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ شۈكمان چولپاننى ئىزدەپ تېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، قانىبېكنىڭ

ئاكىسى جۇمىسبېكنىڭ مەھەللىسىگە، ئۆيىگە قەدەر بېرىپ تىنتىدۇ، بىراق تاپالمايدۇ. سادىق بوۋاينىڭ تاياقتىن ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان داۋۇلباي قان قەرزگە بوغۇلغان شوكماندىن مېلىنىمۇ، قىزنىمۇ ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ پەردە شۇنى ئەسكەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدىكى، ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، تۇرمۇش دەرسلىكى. يازغۇچى بولانتاي دوسجاننىڭ «يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېستى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئىلگىرىكى سولچىللىق ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، زامان ياخشىلانغاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ بەخت يولى ئېچىلىپ، ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە بازار ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى، ئىلىم- پەنگە يۈرۈش قىلدى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تىرىشتى، بارغانسېرى بېيىپ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى دەۋردە يېتىشىپ چىققان زامانىۋى بايلار بۇرۇنقى كونا زاماندىكى پىخسىق، جازانىخور بايلاردىن تۈپتىن پەرقلەنگەن ھالدا ئۇلۇغۋار نىشانى، گۈزەل مەنزىلىنى بويلاپ ماڭدى. ئۇلار دۆلەتكە، خەلققە كۆپلەپ پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. بۇ يېڭى زامان بايلىرى دۆلەتنى، خەلقنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئىلىم- پەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن قۇربى يەتكۈچە زاۋۇت قۇردى، كان ئاچتى، يول ياسىدى، كۆۋرۈك، مەكتەپ سالدى. ياش ئەۋلادلارغا كەڭ - كۇشادە بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى ياراتتى. مانا بۇلار دەۋرنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى، ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر بېيىش بىلەن ئەكس يول تۇتتى. ئۇلار پۇل بىلەن جەمئىيەتنى بۇلغىدى، خەلقنىڭ ئېسىل ئەخلاق- پەزىلەت، ئىستىلىنى بۇزدى. پۇل بىلەن ياشلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتىشكە ئۇرۇندى. ياشلارنىڭ بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئىلىم ئېلىش يولىنى توستى. قانۇنغا بولۇپمۇ نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلدى. ھەتتا قانلىق ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭغا «يەڭ ئىچىدىكى سودا» پوۋېستىدا تەسۋىرلەنگەن داۋۇلبايلارغا ئوخشاشلارنى تىپىك پاكىت قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.



ئەلۋەتتە شەيئىلەر تەرەققىياتىدا ئىچكى ئامىللار بىلەن تاشقى ئامىللارنىڭ بىرلىكى زۆرۈر شەرت بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. چولپان ئالىي مەكتەپكە چىقىش ئۈچۈن جىددىي ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا شوكمان، داۋۇلبايلار تەرىپىدىن يولى توسۇلۇپ ئوت بىلەن سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئايجامال قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. چولپان ئىچكى جەھەتتىن ئۆگەي ئانىسى ئايجامالنىڭ مەدەت بېرىشى، تاشقى جەھەتتىن كۆيۈمچان ئۇستازى ئازاتنىڭ قىزغىن قوللاپ، جان كۆيدۈرۈپ ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى ئەسەردە ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆگەي بالىغا بولغان ئانىلىق مۇھەببىتىنى، ئىنسانىي مېھىر- شەپقىتىنى، ئۇستاز بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي كۆيۈمچانلىق مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق، تەسىرلىك گەۋدىلەندۈرگەن.

قازاق ئەدەبىياتى بولسۇن ياكى بىزگە تونۇشلۇق بولغان باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بولسۇن، ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي بالا مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي ئانا- بالىلىق مۇناسىۋەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە كۆتۈرۈپ سۈرەتلەنگەنلىكىنى پەقەت پېشقەدەم يازغۇچىمىز بولانتاي دوسجاننىڭ قەلىمىدىن كۆردۇق.

«يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېستتا ئاساسلىق پېرسوناژ چولپاننىڭ غەلىبە قىلغان شادلىق كۈيى كۆرسىتىلىش بىلەن بىللە، ئىككى تراگېدىيىنى كەلتۈرۈپ چىققان جىنايەتچىلەر شوكمان، داۋۇلباي، ئامانباي موللا، باياشلارنىڭ ھالاكەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئاخىرى بېرىپ قانۇن تورىغا چۈشكەنلىك ئەھۋالىمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى نورمالسىزلىقلار، يامانلىق بىلەن ياخشىلىق، تەڭلىك بىلەن تەڭسىزلىك، گادايلىق بىلەن بايلىق، غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئەتتىن كەلمەيدۇ، ئادەملەردىن كېلىدۇ. ئېلىمىز ئازاد بولۇپ كونا زۇلمەتلىك دۇنيا ئاغدۇرۇلۇپ، پاسسىپ، قالاق كونا ئادەت- كۈچلەر پاچاقلىنىپ، يېڭى ئازاد زامان بەرپا قىلىنغانلىقىغا يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. ئەمما ئېلىمىز قازاقلىرى تولىمۇ بىزار بولۇپ كەلگەن فېئوداللىق نىكاھ سودىسى تا

هازىرغىچە نىمە ئۈچۈن سۆرۈلۈپ كەلدى، ھەتتا كەڭرى بازار ئىگىلىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى باشقا ئەمەس، بەلكى زامان تەرەققىي قىلسىمۇ ئادەملەرنىڭ ھېلىھەم كونا نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇپ كېتەلمىگەنلىكىدۇر.

ياخشى يېزىلغان ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەر مەيلى ئۇنىڭ ھەجىمىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئۆزىنىڭ رېئاللىقتا، جەمئىيەتكە، تارىخقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىئىي كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ.

بىز ئالاھىدە تىلغا ئالغان «يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېستىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىدىن باشقا يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى، ئۇ مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى، مىللىي پسىخىكىسىدىكى ئالامەتلەرنى ۋەقەلىككە تولۇق سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۆھرەت قازانغان ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە ئېنىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىكى ئامىللار بىلەن تولۇق تويۇندۇرۇلغان «يەڭ ئىچىدىكى سودا» ناملىق پوۋېستنىڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر بولغان ئەھمىيىتى ئۈستىدە كۆپرەك مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق، باشقا ئۆزگىچىلىكلىرىنى بىز دېمىسەكمۇ جامائەتچىلىككە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك.

## §11. جۇماباي بىلالنىڭ «قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق پوۋېستى ھەققىدە

«قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق بۇ پوۋېست يالغۇز قازاق مىللىتى ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغاپلا قالماستىن، باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرى ئىچىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ئەسەردۇر. بولۇپمۇ پوۋېست خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنىش بىلەن خەنزۇ ئوبزورچىلىرى «دۇنياۋى سەۋىيىگە يۈزلەنگەن ياخشى ئەسەر» دېيىشكەن. بۇ، ئەسەرگە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ بېرىلگەن ناھايىتى يۇقىرى باھادۇر.



پوۋېست ئاپتورى جۇماباي بىلال ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە تەئەللۇق يېڭى يول تېپىپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان تالانتلىق يازغۇچى. ئۇ 1941 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى دۆربىلجىن ناھىيىسى ئېمىل دەرياسى بويىدا ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى چۆچەك شەھىرىدە ئوقۇپ تۈگەتكەن. 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ ئاندىن «تارباغاتاي» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنالدا مۇھەررىر، باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. كېيىن مەخسۇس كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىپ قوشۇمچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1992 - يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان. 1995 - يىلى بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى دېگەن نام ئالغان. ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 3 رومان، 6 پوۋېست، 50 پارچە ھېكايىسىنى تەقدىم قىلغان. 3 پوۋېست، 20 ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا، 3 پارچە چاتما ھېكايىسى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» نى بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئەزاسى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ھايۋانات جامائەتچىلىكىگە بېغىشلانغان ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىسى تەسۋىرلەنگەن بۇ پوۋېست مەنىسى تېرەن، تىلسىماتلىق تۈسى قويۇق، مەزمۇنى تولىمۇ ئىخچام ھەم ئوبرازلىق، ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان ئەسەر.

پوۋېستتا يازغۇچى ھايۋانات دۇنياسىدىن تېما تاللاپ بىر قاتار تېپىك تەپسىلاتلارنى، ۋەقەلەرنى ۋە ھايۋانات ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان كەسكىن ھايات - ماماتلىق زىددىيەتلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار دۇنياسى بىلەن ھايۋانات دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، قارىمۇ قارشىلىقنى ئەكس

ئەتتۇرگەن. «قوڭغۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق پوۋېستنى ئانا تۇپرىقىمىزدا تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىز گۈلزارىدىكى پۇرىقى ئۆزگىچە بىر شوخ گۈل دېيىشكە بولىدۇ.

بىزگە مەلۇم، جۇماباي بىلال ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك يازغۇچى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى دۇنيا جىمى كائىنات دۇنياسى. شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىغىمۇ، تەبىئەت دۇنياسىغىمۇ، ھايۋانات دۇنياسىغىمۇ بىمالال سىڭىپ كىرەلەيدۇ. گەرچە «قوڭغۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» دا نوقۇل ھالدا ھايۋانات دۇنياسى تەسۋىرلەنگەندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، ئۇ ھالدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ، ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىدىن شەپە بېرىلگەن.

قوڭغۇر تاغنىڭ خاس ئىسمى ھەم ئەسەرنىڭ نامى، شۇنداقلا ئۇ پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئەكس سادانى پەيدا قىلغان ئادەم ۋە ھايۋانات جامائىتىنىڭ ھايات كەچۈرگەن ئانا ماكانى، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ يۈز بەرگەن ئورنى.

تەبىئەت جىمى ھاياتلىقنىڭ ئانىسى. ئىنسانلار مۇشۇ گۈزەل ۋە تەڭداشسىز سۆيۈملۈك ئانا تەبىئەتنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغانغا ئوخشاش، ھايۋاناتمۇ مۇشۇ تەبىئەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار بىر- بىرى بىلەن ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكە ھەم قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتكە ئىگە. تالانتلىق يازغۇچى جۇماباي بىلال بۇ نادىر ئەسەرنى يېزىشتا قوڭغۇر تاغدىن ئىبارەت ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە زېمىندىن تېما تاللىغان. شۇنىڭدەك ئۇنى مودېرنىزم ئۇسۇلىنى ئىجادىي يوسۇندا ئۇنۇملۇك قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققان. پوۋېستتا يازغۇچى ئالدى بىلەن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشلاپ كېلىپ ئىتنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ياردەمچىسى، كۆيۈمچان دوستى سۈپىتىدە، ئەسەرنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئىگىسى ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىق كۆرسەتكەن، ئىگىسىنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە شەپقەت يەتكۈزگەن ئاق ئىت، باشقا بىر مەھەللىنىڭ ئەركەك ئىتى بىلەن جۈپلىشىپ بەش كۈچۈك تۇغىدۇ.



بۆلارنىڭ ئىچىدىكى ئاق كۈچۈك قانداقتۇ ئىگىسىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىگىسى ئاشۇ كۈچۈكلەرنىڭ تۆتىلىسىنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈپ تاشلايدۇ- دە، ئاق كۈچۈكنى ئېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا «ئاقتۇيغۇن» دەپ ئات قويۇپ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇجۇپىلەپ باقىدۇ. كۈچۈك چوڭىيىپ تايغان بولىدۇ. مۇشۇ تايغان ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ يېزىلغان.

ئەسەردىكى زىددىيەت- توقۇنۇشلارمۇ ھەمدە غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەرمۇ ئاقتۇيغۇن ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن، زىددىيەتلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىق ھەم بىرلىك قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بەلگىلىك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. بەلكىم ئاقتۇيغۇننىڭ قىلغان ياخشىلىقى، مېھىر- شەپقىتى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئاقتۇيغۇننىڭ ئىگىسى «ماڭا ئامەت پەقەت ئىتتىن كەلگەن» دەپ قارايدۇ. ئىگىسى مۇشۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ زور ئامەتكە، تېخىمۇ باياشاتلىق كۈنلەرگە ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئاقتۇيغۇننى قېتىرقىنىپ باقىدۇ. ئاقتۇيغۇنمۇ چوڭايغانسېرى سەزگۈرلىشىپ، قاۋۇل، قىران، ئېلىشقان دۈشمەنلىرىنى ئۈزۈل- كېسىل مەغلۇپ قىلماي قويمايدىغان بولىدۇ. ئاقتۇيغۇن قوڭغۇر تاغدىكى قارىساق، تۈلكە، توشقان، بورسۇق قاتارلىق چوڭ- كىچىك ھايۋانلارنى قىرىپ تۈگىتىپ، قوڭغۇر تاغقا ماكانلاشقان ئۇچار قۇشلارغا قول سالىدۇ. كۆكمۇتان، ئاققۇ، دۇۋاداق، تۇرنا قاتارلىق قۇشلارنىڭمۇ بىرسىنى قالدۇرماي قىرىپ تۈگىتىپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقتۇيغۇن تاغ زومىگەرى، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.

يازغۇچى ئەسەردە يۇقىرىدا دېيىلگەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەم ئەۋلادى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئۈمىد باغلىنىپ، ئەتىۋارلىنىپ تەربىيىلەنگەن ئىت ئەۋلادى ئاقتۇيغۇننىڭ يىرتقۇچلۇق ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن. ئەمما «قوڭغۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق بۇ پوۋېستنى ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدە: ئەزەلدىن تارتىپ ئىنسانلار بولسۇن ياكى ھايۋانلار بولسۇن نورمال

ئەھۋال ئاستىدا، ئەسىرلەر بويى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماستىن ھېچقانداق قانلىق تىركىشىش تۇغدۇرماي ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىندا يۈز بەرگەن خانىۋەيرانچىلىق، قىرغىنچىلىقنىڭ مەنبەسى نەدىن كەلدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ قىرغىنچىلىق

— يىرتقۇچ ئىت ئەۋلادىدىن كەلگەنمۇ؟!

— ياۋۇز، ئاچ كۆز ئادەم ئەۋلادىدىن كەلگەنمۇ؟!

ئەسەردە بۇ ئاپەتلەرنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن كەلگەنلىكى روشەنلىشىدۇ. چۈنكى، جاھاندا ھەر قانداق ھايۋان يىرتقۇچلۇقتا ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. قارىماققا قوڭۇر تاغدىكى ھايۋانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت ئوقۇرمەنلەرگە ئىت ئەۋلادىدىن كەلگەندەك تەسىرات بەرسىمۇ، بىراق مەسىلىنىڭ تېگى- تەكتىگە ئۆتكەندە ئەمەلىيەت ئۇنداق بولماي چىقىدۇ.

پوۋېستتا ئادەم ھېلىقى يىرتقۇچلۇقتا داڭق چىقارغان ئاقتۇيغۇننىڭ قوللىغۇچىسى، قوغدىغۇچىسى، ئارقا تىرىكى سۈپىتىدە ئېلىنغان ھەم بىگۇناھ ھايۋانلارغا قىلىنغان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭ، ياۋۇزلۇقنىڭ پىلانلىغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەسەردە نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئاقتۇيغۇن ئادەم ئەمەس، ھايۋان، ھايۋان بولغاندىمۇ ئادەملەر تەرىپىدىن «قىران» دەپ ھېسابلانغان ئىت ئىچىدىن چىققان يىرتقۇچ ھايۋان. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يىرتقۇچلۇق ئادىتى پەقەت جان بېقىشتەك خاراكتېرگە ئۇيغۇنلاشقان. بارلىق گۆشخور ھايۋانلارنىڭ باشقىلارنى تۇتۇپ يەم قىلىشى ئۇلارغا ئاتا تەبىئەت ئاتا قىلغان قانۇنىيەت. ئاقتۇيغۇن كۈنىگە بىرەر ھايۋاننى تۇتۇپ يېگىنى بىلەن زېمىندىكى پۈتۈن ھايۋانلار قۇرۇپ تۈگەپ كەتمەيدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئاچ كۆز، ياۋۇز ئىگىسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن يەر ئۈستىدىكى، ئاسماندىكى ھېسابسىز ھايۋانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇ پاجىئە توغرىسىدا يازغۇچى ئەسەردە: «دەيدىغان تىلى يوق، يىغلاپ كۆرسىتەي دېسە كۆزىنىڭ يېشى يوق، ھايۋانلارنىڭ تەقدىرى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق- ھە» دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئاشۇ قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باش جىنايەتچى ئادەم ئەۋلادى ھەققىدە توختىلىپ: «نىيىتى بۇزۇلغان ھەي ئادەم ئەۋلادى، مۇبادا تويماس



نەپسىڭلارنى يىغمىساڭلار، جاھاننى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ھاياتلىقنى قۇرۇتۇپ تۈگىتىسىلەر! ئاخىرى ئۆزۈڭلار يەيدىغان بىر نەرسە تاپالماي بىر- بىرىڭگە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان كۈنلەر بېشىڭلارغا كېلىدۇ. ھەتتا بېشىدا كۆتۈرگەن داداڭلارنىڭ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورسىقىدا ساقلىغان ئاناڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىنمۇ يانمايسىلەر» دەپ لەنەت ئوقۇيدۇ. يازغۇچى جۇماباي بىلالنىڭ «قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق بۇ پوۋېستىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى، ئەسەر سۇژېتىنى خېلى باش قاتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرغان. ۋەقە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۈرەش بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ، بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ گۆش ئىسكىلاتلىرىدىكى گۆشنىڭ كۆپ ھەم سالمىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېسىپ قويغان ياغاچلىرى ئېگىلىپ، سۇنۇپمۇ كېتىدۇ. دالادا قالغان گۆشلەرنى قاغا، قۇزغۇنلارمۇ يەپ تۈگىتەلمەيدۇ. قىسقىسى تاغنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي قان سېسىپ كېتىدۇ.

شەيئىلەر ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىشى داۋامىدا تەبىئىي يوسۇندا نۇرغۇن ئەگرى- توقاي يوللاردىن ئۆتىدۇ، كۆپلىگەن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مۇبادا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن باغلانغان نورمال ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدىكەن، ئۇ جەزمەن ئەكسىگە يانىدۇ، ھالاكەت يولىغا ماڭىدۇ. ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ھايۋانلار ھەر قانداق ياۋۇز ۋە زومىگەر بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ كارى چاغلىق، چۈنكى ئۇ ئاڭسىز مەخلۇق- تە. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن قوڭۇر تاغدىكى ۋەيرانچىلىق يەنىلا ئادەملەرنىڭ قىلىۋاتقان ۋەيرانچىلىقىدۇر. مەيلى تەبىئەت دۇنياسى ئۈچۈن ياكى ھايۋانلار دۇنياسى ئۈچۈن ئاپەت يەنىلا ئادەملەردىن كېلىدۇ. يازغۇچى جۇماباي بىلال «قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» دا دېمەكچى بولغان ئوي- پىكرىنى بىردەم ئاشكارا تەبىئەت دىئالېكتىكىسى بويىچە ئىپادىلەپ، بىردەم يوشۇرۇن تېپىشماق شەكلىدە بېرىش ئارقىلىق ئەقىللىق ھەم ئەخمەق ئادەملەر ئۈچۈن دەيدىغان گەپنى ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەر بەزى يەرلىرىگە كەلگەندە غەزەپلەنسە، بەزى يەرلىرىگە كەلگەندە

چوڭقۇر ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇلار پوۋېستىنىڭ بەدىئىي كۈچىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاقتۇيغۇن هايۋانلارنى قىرىپ يوقىتىش، زېمىننى قىپقىزىل قانغا بوياش بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ئۆزى بىلەن قانداش، نەسىلداش بۆرىلەرگە هۇجۇم قوزغىدى.

هايۋانات ئەۋلادلىرىنى بىر چېتىدىن سۈپۈرۈپ قىرىپ، قۇرۇتۇپ كەلگەن ئاقتۇيغۇن قوتۇرغان غالجىر بۆرىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. بۇلار كەسكىن ئېلىشىدۇ. مانا بۇ ئېلىشىش ئاقتۇيغۇننىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق پەيت ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەندە ئەسەردىكى ۋەقە راۋاجى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلىدۇ. زىددىيەت - توقۇنۇشلارمۇ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئىلگىرى هېچنېمىنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي هەممىسىنى قىرىپ كەلگەن ئاقتۇيغۇن ئۈچۈن غالجىرلاشقان ئاقتولاق بۆرىمۇ بوش كەلمەيدۇ. كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا ئىت نەسلىدىن تۆرەلگەن بۇ ئىككى يىرتقۇچ تەڭ كېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە بەل قويۇپ بەرمەي ئېلىشىدۇ. بۇ ئىككى مەخلۇق هايۋانلار ئىچىدە ئۆزلىرىگە لايىق نامى بار يىرتقۇچلاردىن بولسىمۇ، دەرىجىسى، تەسىرى جەھەتتىن يەنىلا پەرقلىق ئىدى. بۆرىلەر ئەۋلادىدىن كېلىپ چىققان ئاقتولاقنىڭ يىرتقۇچلىقى پەقەت جان بېقىش، كۈچۈكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قاتارغا قوشۇش بىلەن چەكلەنگەن. بۆرىلەرگە چۆپخور هايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ تىرىكچىلىك قىلىشنى تەبىئەت قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن. لېكىن ئىت بالىسى ئاقتۇيغۇن ئىگىسىنىڭ ئەمرى بىلەن يىرتقۇچلۇقنى هەددىدىن تاشقىرى ئاشۇرۇپ قانلىق قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى جان بېقىش ئەمەس، كۆزىگە نېمە كۆرۈنسە شۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش، ئىگىسى ئۈچۈن پايدا يەتكۈزۈش ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى: يازغۇچى جۇمابای بىلال پوۋېستتا ئومۇمىيۈزلۈك هايۋانلارنىڭ هايات كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن كۈرەش ئىچىدىن كۈرەشنى، قىرغىنچىلىق ئىچىدىن قىرغىنچىلىقنى، تراگېدىيە ئىچىدىن تراگېدىيىنى تۇغدۇرىدۇ. بۇلار ئادەتتە كىشىلەر ئۈچۈن ئانچە مۇناسىۋەتتى يوقتەكلا كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر بۇ بىر



ئىت ئەۋلادى دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئەسەرنى ئوقۇپ ئويلىنىپ كۆرسەك، مەسىلە ئۇنداق بولماي چىقىدۇ. تەپەككۇرى تېرەن يازغۇچىنىڭ ئەسەردە تەسۋىرلىگەن ئىشلىرى بىرەر مىللەت، بىرەر دۆلەت بىلەن چەكلەنمەيدىغان دۇنياۋى ئەهمىيەتكە ئىگە ئىشلاردۇر. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ هازىرمۇ، يىراق كەلگۈسىدىمۇ ئويلىنىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئاقتۇيغۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان قوتۇرغان بۆرە تراگېدىيىسىدىن زېمىندا ۋاباغا ئوخشاش كېسەل تارقىلىدۇ. بۇ ئېپلاس كېسەلنىڭ دەستىدىن گۈزەل زېمىن بۇلغىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئاقتۇيغۇن غالجىرلىشىدۇ. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ بارمىغان يېرى قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ بىر زاماندا ئۆزى بىلەن بىر قورساقتىن چىققان، ئىگىسى تەرىپىدىن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆمۈلگەن تۆت كۈچۈكنىڭ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى تاتىلاپ ئېچىپ، چوڭقۇر سېغىنىش هېسسىياتى بىلەن پۇرايدۇ. بەلكىم شۇ نەق مەيداندا مۇشۇ تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا بولغان غەزىپى قاتتىق قوزغالسا كېرەك. ئاقتۇيغۇن تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش هېسابىغا ئاخىرى ئىگىسىنى تالاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

روشەنكى بۇ هايۋانلارنىڭ ئىنسانلاردىن ئالغان ئۆچىدۇر.

يەر- زېمىننىڭ هەيۋەتلىك - كۆركەم گۈلتاجى هېسابلانغان گۈزەل تاغنىڭ باغرىدا ئاقتۇيغۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن غالجىر ئاقتولاق بۆرىنىڭ تارقاتقان مىكروبىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسان بالىسىنى هەيران قالدۇرغان شۇنداق قورقۇنچلۇق ۋەقە كېلىپ چىقىدۇ. ئاشۇ تاغ ئارىسىدا ئامان قالغان بارلىق جان ئىگىلىرى بىرسى قالماي قۇترايدۇ. بارا- بارا هەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بۇنداق ئەهۋال ئاستىدا ئادەملەرنىڭ ئامان قېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. ئادەملەرمۇ قۇتراشقا باشلايدۇ. هەممىسى ئەس- هوشىدىن كېتىپ، خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ هېچنېمىنى بىلمەيدىغان ساراڭلاردىن بولۇۋالىدۇ. ئۇلار خۇددى غالجىر بۆرىلەرگە ئوخشاش تالىشىدۇ، هەتتا تىرىكلىرى ئۆلگەنلىرىنىڭ بېشىنى چوقۇپ مېڭىسىنى يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا ئادەملەرمۇ قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

ئەمدى ئۆچ ئېلىش نۆۋىتى ئانا تەبىئەتكە كېلىدۇ. تاغدا قار- مۇزلاردىن ھاسىل بولغان كۆلنىڭ سۈيى كۈندىن- كۈنگە ئۇلغىيىشقا باشلايدۇ. يەنە كېلىپ قاتتىق يامغۇر چۈشىدۇ- دە، كۆل سۈيى ئەتراپتىكى قورغاننى بۇزۇپ چوڭ كەلكۈن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەلكۈن سۇ ھېلىقى زېمىندىكى سېسىپ ھەم توشۇپ كەتكەن ھايۋانلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى، سۆڭەك- سايىقلىرىنى بىراقلا ئېقىتىپ كېتىدۇ. زېمىن بۇرۇنقىدەك پاك- پاكىز بولۇپ تازىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئانا تەبىئەت ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەملەردىن ئۆچ ئالىدۇ.

«قوڭۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى» ناملىق بۇ پوۋېست خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىغا تارقالغاندىن كېيىن، خەنزۇ ئوبزورچىلىرىمۇ ئەسەرگە يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. بۇنداق ئۆزگىچە شەكىلدە، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان ياخشى ئەسەر ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا راستىنى ئېيتقاندا تۇنجى قېتىم بولۇشى مۇمكىن.

## §12. رەھمۇتۇللا ئەپشەنىڭ «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە

20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئېلىمىز خەلقى ھەقىقىي ئازادلىق، ھۆرلۈككە، بەخت- سائادەتكە ئېرىشكەن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ياش جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، يېڭى ئورنىتىلغان ئىقتىسادىي بازىسى، يېڭى ئۈستقۇرۇلمىسى مۇستەھكەملىنىشكە باشلىغان مەزگىل ئىدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەمگەكچى قازاق خەلقىمۇ ئويغىنىپ، كۆزلىرى ئېچىلىپ، قەلبى نۇرلىنىپ بەخت يولىغا قەدەم تاشلىدى، ئاغدۇرۇپ تاشلانغان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىغا، خۇراپاتلىققا، قالاق ئادەت-



كۆچلەرگە خاتىمە بەردى. دەل مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە تەن بەرمەي قارشىلىشىۋاتقان قارا كۈچلەرنى قاتتىق قامچىلاپ، مەسخىرە قىلىپ يېزىلغان، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ياخشى ئەسەر «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىدۇر. بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى رەخمۇتۇللا ئەپشە ئىدى.

رەخمۇتۇللا ئەپشە بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە شېئىر ئارقىلىق كىرىپ، كېيىن پروزا، دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مەشھۇر يازغۇچى ۋە دراماتورگ رەخمۇتۇللا ئەپشە 1924 - يىلى 25 - سېنتەبىردە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قازاقىستان زەيسەن ئوبلاستى جەمەدى ناھىيىسىدە دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمدى 4 ياشقا كىرگەندە 1928 - يىلى 6 - ئايدا ئائىلىسى قازاقىستاندىن ئېلىمىز جۇڭگوغا كېلىپ شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قوبۇقسار ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىدۇ. كېيىن دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ بۇغىتى يېزىسىغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ. رەخمۇتۇللا ئەپشە يۇرتىدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ شۇ دەۋردىكى خېلى مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ «ئالغا»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شۇغىلا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا مۇخبىر، مۇھەررىر ،باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ، ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى ژۇرنالىستى ۋە يازغۇچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن 8 پارچە ئەدەبىي كىتابىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. «سوتتىمىكىن دېسەم» ئەپشەنىڭ 1954 - يىلى يازغان ھېكايىسى. ئۇ، بۇ داڭلىق ئەسىرى ئارقىلىق يېڭىدىن شەكىللىنىشكە، تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە رېئالىستىك مېتودنىڭ ئاجايىپ كۈچ- قۇدرىتىنى بىرىنچى بولۇپ نامايان قىلدى. گەرچە بۇ ھېكايىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىگە قىرىق نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىئىي تەمى خەلقىمىزنىڭ ئاغزىدىن كەتكىنى يوق. مانا بۇ

«سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىنىڭ زامانىمىزدىكى ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېلىمىزدە ئۇلۇغ خەنزۇ يازغۇچىسى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق پوۋېستى، مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى زۇنۇن قادىرىنىڭ «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە قانداق چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەن بولسا، رەخمۇتۇللا ئەپشەنىڭ «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىسىمۇ شۇنداق چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنداقلا قالتىس ئۇستىلىق بىلەن يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئاQ بىلەن مەتنىياز قانداق ئالەمشۇمۇل تىپىك ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولسا، كوكېبايمۇ شۇنداق تىپىكلىككە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازىدۇر.

«سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايە ئەسلىي يازغۇچىنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە ئۇچراتقان رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەپسىلاتلىرىغا ئاساسەن توقۇلما قىلىنىپ، ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم قىسقا، مەزمۇنى بەكمۇ يىغىنچاق، ساتىرىك تىل بىلەن يۇمۇرىستىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان. ياخشى ئەسەر ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەمەلىيىتى بىلەن يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ سەزگۈسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىنىڭ خام ماتېرىيالىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈش جەريانى مۇنداق بولغان:

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، كونا زۇلمەت دۇنياسى بەربات قىلىنىپ، فېئوداللىق تۈزۈم پاچاقلىنىپ تاشلانغان ئازاد زامانىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر كۈنى. ھېكايە ئاپتورى رەخمۇتۇللا ئەپشە ئەخمەت ئىسىملىك يىگىت بىلەن بىللە تېكەس ناھىيىسىدىن كۈنەس ناھىيىسىگە يولغا چىقىدۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھاۋا بۇزۇلۇپ ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كېتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇلار يامغۇرنىڭ ئاستىدا قالارمىزمۇ دېيىشىپ قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. بىراق تەلەيلىرى ئوڭدىن كەلگەندەك بىر ئاۋۇلنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. ئەمدى يېغىپ كەتكەن يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن بۇ



ئاۋۇلدىكى باي بىر ئۆيگە كىرىدۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى بوۋاي بۇلارنى ناھايىتى قىزغىن ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالىدۇ. سالام قىلىشقاندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئۈستىگە ھەممە يېمەكلىكلەرنى قويىدۇ. ئىككى مېھمان بوۋاينىڭ قەلبىدىن قايناپ چىققان گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ ئالدىلىرىغا قويۇلغان خىلمۇ خىل قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يېيىشىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋالىدۇ. شۇ ئەسنادا بوۋاي:

— نەدىن كەلدىڭىزلار، كىم بولىسىزلەر؟ — دەپ سورايدۇ. رەخمۇتۇللا ئەپشە:

— ئۈرۈمچىدىن، مۇخبىر بولىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كېيىنكى قىلىنغان گەپنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بوۋاي:

— بالام، مۇخبىر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇ تاپتا رەخمۇتۇلغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى يىگىت ئەخمەت:

— بوۋا، «مۇخبىر» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى ھۆكۈمەتنىڭ «كۆزى»، «قۇلىقى»، ھۆكۈمەتكە ئەڭ يېقىن كىشىلەر دېمەكتۇر. مۇخبىر ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنى قىلىدۇ— دېيىشى بىلەن بوۋاي:

— سىلەر سوت ئىشلىرىغا ئارىلىشىسىزلەرمۇ— دەپ سوئال قويىدۇ.

بۇنىڭغا جاۋابەن ئەخمەت يەنە:

— سوت دېگەنلىرىڭىز بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئىشلار — دەيدۇ، بېشى قېتىپ ئولتۇرغان بوۋاينى يەنىمۇ گوللاش ئۈچۈن، شۇ ئارىلىقتا رەخمۇتۇللا ئەخمەتنىڭ بوۋايغا دېگەن گەپلىرىگە تېخىمۇ كۈچەيتىمە مەنە كىرگۈزۈپ:

— بۇ كىشى (ئەخمەتنى دېمەكچى) مۇخبىر بولغاندىمۇ، شۇ سىلەر (بوۋايغا قاراپ) دېگەن سوتنىڭ ئىچىدىكى مۇخبىرلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولىدۇ، — دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن بوۋاي بورداق قويىنىمۇ تەييار قىلىپ بولىدۇ. ئەمما تاماقنى بولۇشىغا يېيىشىپ تويۇۋالغان، ئۆزلىرىنى «مۇخبىرمىز» دېيىشىۋالغان ئىككى يىگىت قوينى سويغۇزمايدۇ. كېيىن ئۇلار بوۋاينىڭ نېمە مەقسەت بىلەن ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك كۈتۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى شۇ ئاۋۇلدىكى مەلۇم ئادەمدىن تولۇق چۈشىنىدۇ.

ئېلىمىزدە يېڭى ھاكىمىيەت ئورنىتىلىپ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى بىكار قىلىنىشى بىلەن تەڭ خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان، نىكاھ ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان ئاياللارمۇ ئويغىنىدۇ. شۇ قاتاردا ھېلىقى بوۋاينىڭ ھەم كىچىك خوتۇنى ھەم ئۆيىدىكى قۇلى قىلىپ كەلگەن ئايالى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھەقىقىي بەخت تېپىش ئۈچۈن، بوۋايدىن ئاجرىشىش ئۈچۈن قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز سۇنىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بوۋاي ياش چوكاننى داۋاملىق ئەمرىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن سوت ئورنىدىن كېلىدىغان ئادەملەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ غېمىدە بولىدۇ.

مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ تۈپەيلىدىن يايلاق سەيلىسى قىلىپ يۈرگەن ئىككى يىگىتنى سوتچى ياكى سوتنىڭ يېقىن ئادەملىرى دەپ چۈشىنىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغان، فېئودالىق قارا كۈچلەرنىڭ ئېلىمىز قازاقلىرى ئىچىدىكى تىپىك ۋەكىلى بوۋاي ھاياتىدىن ئېلىنغان يۇمۇرىستىك ۋەقەلىكتىن ئاشۇنداق ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي مەڭگۈلۈك ساقلاپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پارقىراپ تۇرىدىغان ياخشى ئەسەر رەخمۇتوللا ئەپشەنىڭ قەلىمىدىن ۋۇجۇدقا كەلدى. «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق بۇ مەشھۇر ئەسەر ۋەقەلىكى تاكى ھازىرغىچە ئېلىمىز قازاق ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ھېكايە ۋەقەلىكى ئاددىي، زىددىيەت - توقۇنۇش خېلى مۇرەككەپ، كۈلكىلىك تۇسكە كىرگەن بولۇپ، مەنتىقىلىق زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ۋەقەنىڭ بايان قىلىنىش جەريانى، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى بىرلا كۆرۈنۈش بىلەن كۆرسىتىلىپ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. زىددىيەت دراماتىك توقۇنۇشقا ئايلاندۇرۇلۇپ، بىردەم كۈچەيتىلىپ كۆرسىتىلسە، بىردەم پەسەيتىلىپ بېرىلىدۇ.

ھېكايىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى كونا بىلەن يېڭى ئورۇن ئالمىشىۋاتقان پەيتكە توغرا كېلىدۇ. يازغۇچى ھېكايىنىڭ ماتېرىيالىنى ئېلىمىز يېڭى ئازاد بولغان مەزگىلدىكى رېئاللىقتىن تاللىغان. بۇ كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تازىلىنىپ بولمىغان ۋاقىت ئىدى. فېئودالىق جەمئىيەتتە ئېلىمىز قازاقلىرى ئىچىدىكى يوقىرى تەبىقىدىكى



كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا، ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، زوراۋانلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن بىر چاغدا خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلاتتى. ھەتتا بەزى بايلار كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان ئاياللارنى ئائىلىدە قۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ روھىي جەھەتتىنمۇ، جىسمانىي جەھەتلەردىنمۇ قاتتىق ئازابلاپ كەلگەنىدى. يازغۇچى رەخمۇتوللا ئەپشە «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىدە فېئودالىق كونا جەمئىيەتنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ چىرىك روھىي دۇنياسىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، قاتتىق مەسخىرە قىلغان.

ئەسەردىكى ئاساسلىق زىددىيەت فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى كوكېباي بىلەن مەجبۇرىي كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان ياش چوكان ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

ئەل ئازاد بولۇپ، ئادالەتلىك كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ياش چوكان فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرۇپ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى ئېلىپ ئارمانىغا يېتىش ئۈچۈن، ياۋۇز قېرى بوۋاي كوكېباينىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنىدۇ ھەمدە بۇ مەسىلىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سوت ئورنىدىن مەخسۇس ئايرىم ئادەملەر كەلمەكچى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقىلارغا زوراۋانلىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەي جان تالاشقان قېرى تۈلكە كوكېباي ياش چوكاننى داۋاملىق ئەمرىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن سوتنىڭ ئادەملىرىنى بىر ئىلاج قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇپ، ئۇلارنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ. شۇ ئەسنادا قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇردا ئىككى نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كېلىپ قالىدۇ. بۇلارنى سوتنىڭ ئادەملىرى دەپ چۈشىنىپ قالغان كوكېباي ھېلىقى ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئۆيىگە باشلاپ ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا كۈتۈۋالىدۇ. ئازادە ئۆينىڭ ئىچىدە باشلانغان كۆڭۈللۈك سورۇندا كوكېباي سوتچىلارنى ئەمدى قولغا كەلتۈرىدىغان بولدۇم، مەقسىتىمگە يېتىدىغان

بولدۇم دەپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتمايدۇ. ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ كوكېباينىڭ ئۆزلىرىنى ئالاھىدە كۈتۈۋالغانلىقلىرىدىن خۇش بولۇشىدۇ.

لېكىن بۇ خۇشلۇق، بۇ قىزغىن كەيپىيات ئۇزۇنغا داۋام قىلالمايدۇ. قېرى تۈلكە كوكېباي ئىككى ياش يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن، قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىدىن گۇمانلىنىپ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئىككى قېتىم پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇ قاتاردا مېھمانلارغا سويۇپ يېگۈزۈش ئۈچۈن ئەكىلىنگەن قوينىمۇ ئىككى قېتىم كىرگۈزۈپ، ئىككى قېتىم چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ سورۇن كەيپىياتى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ قېلىپقا چۈشمەيدۇ. ئاخىرى ھۆرمەتلىك مېھمانلارنىڭ سوتنىڭ ئادەملىرى ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن كوكېبايْ ئېغىر تىنىپ تەتۈر قاراپ يېتىپ قالىدۇ. بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈپ ئولتۇرغان ياش چوكان ھىيلىگەر قېرى كوكېبايغا «ياتقان يېرىڭدىن قوپمىغىن» دەپ ئىچىدە لەنەت ئوقۇيدۇ.

يازغۇچى «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايىدە نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزىدىنلا كوكېباينىڭ ھالاكەتلىك كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، فېئوداللىق نىكاھ سودىسىنىڭ قۇلى بولۇپ كەلگەن ياش چوكاننىڭ ئازاد زاماندا بەخت يولى ئېچىلىپ مەقسەتكە يېتىدىغان پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى خۇلاسىلەيدۇ.

ھېكايە ھەجمى قىسقا، مەزمۇنى يىغىنچاق، مېغىزلىق يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نادان، مۇتەئەسسىپ، ياۋۇز شەخسلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى كوكېباي ئوبرازى خېلى گەۋدىلىك يارىتىلغان. شۇڭا كوكېباي ئوبرازى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە كەلگەن ھامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىلىرىغا پېشقەدەم يازغۇچى رەخمۇتوللا ئەپشە كېلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىن ھېكايىلەرنى مىڭلاپ، پوۋېستلارنى يۈزلەپ، رومانلارنى نەچچە ئونلاپ تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كوكېبايغا ئوخشاش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدىن چىققۇسىز ئوبرازلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەسەردىكى كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان، بىراق



ئانچە - مۇنچە بوي كۆرسىتىپ يۈرىدىغان ياش چوكان بولسا، كونا جەمئىيەتتە بەخت يولىنى تاپالمىغان، ئەركىنلىككە ئىگە بولالمىغان، قۇل بولۇپ خورلانغان، پەقەت يېڭى ئازاد زاماندىلا ھەقىقىي ئىنسانىي ھوقۇققا، ھۆرلۈككە ئېرىشكەن خوتۇن - قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر.

يىغىپ كەلگەندە، «سوتتىمىكىن دېسەم» ناملىق ھېكايە ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شۇ مەزگىلدىلا ئەمەس، ساندىن سۈپەتكە ئۆتكەن، تەلەپ يۇقىرىلىغان بۈگۈنكى تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن يەنىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## §13. سالى سادۋاقاسنىڭ «دومبىرا – كۈي» ناملىق داستانى ھەققىدە

«دومبىرا – كۈي» ناملىق داستان شائىر سالى سادۋاقاسنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى تارىخىي رېئاللىق بىلەن بۈگۈنكى زامان رېئاللىقىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى ماھارىتىنى تونۇتقان ئەسەردۇر. شۇنىڭدەك بۇ داستان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى پوئېزىيە ئىجادىيىتى ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ، تەنقىدچىلەرنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى. «دومبىرا – كۈي» داستانىنىڭ ئاپتورى سالى سادۋاقاس 1942 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ «شۇغىلا» ژۇرنىلىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. ئۇ باشتىن - ئاخىر ژۇرنالىستلىق ۋە قوشۇمچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

سالى سادۋاقاس 1960 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرگەن. ئۇ ھازىرغىچە داۋام قىلغان ئوتتۇز يەتتە يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە 550 پارچە شېئىر، 15 داستان، 20 پارچە ئىلمىي ماقالە، ئەدەبىي ئوبزورلارنى، يەنە بىر مۇنچە ھېكايە، ئوچېركلارنى ئېلان قىلدى. سالى سادۋاقاسنىڭ «چېچەك»، «سار ئانا»، «سوغا»، «بايغازى»، «يۈرەك ساداسى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، «دومبىرا- كۈي» ناملىق داستانلار توپلىمى، «ئىجادىيەت ھەققىدە ئويلار» ناملىق كىتابلىرى بار.

«دومبىرا- كۈي» ناملىق داستان ھەجمى جەھەتتىن ئانچە چوڭ ئەمەس، جەمئىي 141 كۇپلېت، 564 مىسرادىن تەركىب تاپقان. لېكىن تېما دائىرىسى بەكمۇ كەڭ، مەزمۇنى مول. داستانغا ئىچكىرىلەپ كىرسەك ئۇنىڭدا، بىر نەچچە رومانغا سىغقۇدەك ۋەقەلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

داستاندا قازاق مىللىتىنىڭ تارىخى، مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرى، مىللىي ئەنئەنىسى، مىللىي مىراسلىرى، مەدەنىيىتى، فولكلورى، ئىقتىسادىي ۋە مىللەت ئەزالىرى مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن كۈرەشلەر، ھايات- ماماتلىق ئېلىشىشلار مەركەزلەشتۈرۈلۈپ يىغىنچاق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئېنسىكلوپېدىيىلىك داستان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى «دومبىرا- كۈي» كىشىلەرگە بىر خىل ئېستېتىك زوق بېغىشلاپلا قالماستىن، مول بىلىم بېرىش قىممىتىگە ئىگە.

ھەربىر مىللەتنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بولىدۇ ھەمدە ئاشۇ خاس ئالاھىدىلىك ئايرىم بەلگە ئامىللىرى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. «دومبىرا» قازاقنىڭ خاس مىللىي ئالاھىدىلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگە، ئاساسلىق ئامىل، «كۈي» دومبىرا ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىدۇ، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. دومبىرا- كۈي دېمەك قازاق دېمەكتۇر. قازاق دېمەك دومبىرا- كۈي دېمەكتۇر.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىلگىرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم تېما قىلىنىپ، «دومبىرا» ۋە «كۈي» تەسۋىرلىنىپ يېزىلغان يىرىكرەك بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەر مەيدانغا



كەلمىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تالانتلىق شائىر سالى سادۋاقاس قەلىمىدىن «دومبىرا- كۈي» ئايرىلماس بىر گەۋدە قىلىنىپ، قازاق خەلقىنىڭ مۇھىم مىللىي ئەنگۈشتەرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قەدىرلىنىدىغان ئەتىۋارلىق مەنىۋى بۇيۇمى بولۇپ تۆرەلدى.

شائىر داستاندا جىلۋىدار، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق تارىخ دىئالېكتىكىسىغا، ھايات مەنتىقىسىگە، تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بۇنداق يېڭى ۋە ئىجادىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان ھەم ئۇلارغا كۈينىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئارقىلىق يېڭى تۇيغۇ، ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان. ئۇ بولسىمۇ قازاق روھىي دۇنياسىدا چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن، قازاقنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن «دومبىرا»، «كۈي» ئۇقۇمى، «دومبىرا»، «كۈي» ئاتالغۇسى مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن بولسۇن مەڭگۈ ساقلىنىپ، قاچان كۆرسەڭ يېپيېڭى، شۇ پېتىچە تۇرىدۇ. دومبىرا پەقەت كۈي ۋاسىتىسى بىلەن تارىخنى سۆزلەيدۇ، كۈي ياردىمى بىلەن خەلقنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، خەلقنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى، ئەقىل- پاراسەت دۇردانىلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

داستان چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك، تارىخىي ھەم رېئال تەپسىلاتلار مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شائىر ئەسەردە مىللىي ئاڭ، مىللىي تۇيغۇ، مىللىي پۇراقنى، ئېسىل مىللىي ئەنئەنە جەۋھەرلىرىنىڭ ئۆلمەس قۇدرىتىنى رېئال ھەققەت، بەدىئىي پاكىتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنىڭدەك داستاننىڭ تارىخىي قىممىتىنى، رېئال ئەھمىيىتىنى، ئېستېتىك جەھەتتىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن داستاننىڭ مەزمۇن قاتلاملىرىدا، ئىپادىلىنىش شەكلىدە بىر خىل گىرەلەشكەن ئىزچىللىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شائىر ئىجادچانلىق روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، داستاننىڭ سىغىمچانلىقىغا بېقىپ باي مەزمۇن، مۇرەككەپ ۋەقەلىكنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈپ يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە بۆلەكلەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكنى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدا

ئايرىلماس بىرلىكنى شەكىللەندۈرگەن. «دومبىرا ــ كۈي» داستانىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىگە كەلسەك، شائىر گەپنى «62 قوڭغۇر» ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، راۋاجلىنىش، قېلىپلىشىش جەريانىدىن باشلايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، يېپيېڭى ھالەتتە زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن قەدەم باسقۇچلىرىغا نەزەر تاشلايدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شائىر سالى سادۋاقاسنىڭ بۇنىڭدىن 14، 15 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يىرىك شېئىرىي ئەسەردە كۆتۈرۈپ چىقىپ نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن «62 قوڭغۇر» بۈگۈنكى مەزگىلگە كەلگەندە بىز سەنئەت بابىدا تەتقىق قىلىۋاتقان ئاساسلىق تېمىمىزغا ئايلانماقتا.

ئەسلىي «62 قوڭغۇر» قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى يەنى مۇھىم بىر ساھەسى. ئۇ مەخسۇس كۈيگە قارىتىلغان خاس ئىسىم، خاس ئاتالغۇدۇر. «62 قوڭغۇر» دېگىنىمىز 62 كۈي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ كۈي خەلقىنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ، سەنئەت پاراسىتىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نادىرلىرى، ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تاللانمىلىرىدۇر.

بۇ يەردە قازاق كۈيلىرىنىڭ ھەممىسى 62 مۇ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنداق ئەمەس. تەتقىقاتچىلىرىمىز بەرگەن سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قازاق خەلقىنىڭ ئىجاد قىلغان كۈيلىرى 5 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «قوڭغۇر» دېيىلگەنلىرى 2 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن. شائىر «دومبىرا ــ كۈي» ناملىق داستانىدا «62 قوڭغۇر» نىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر كۈيلەرنى بىر باشتىن تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ داڭدار ئىجادچىلىرىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەدھىيە ئوقۇغان. مەسىلەن، قازاقنىڭ كلاسسىك مۇزىكانتلىرى ــ دومبۇرچى ـ كۈيچىلىرىدىن تەتتىمبەت (1815 ـ 1860)، قۇرمانغازى (1818 ـ 1889)، دولەتكېرەي (1820 ـ 1887)، دىينا (1861 ـ 1955)، قايراقباي (1828 ـ 1872) ۋە باشقىلار. ئەسەر شېئىرىي شەكىلدە شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، شائىرنىڭ بايان قىلىشتا نۇرغۇن چەكلىمىلىكلەرگە ئۇچرىشى تۇرغان گەپ، شۇنداق بولسىمۇ شائىر داستاندا مەدەنىي مىراسلارنى، سەنئەت دۇردانىلىرىنى



ئەۋلادلارغا ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى مول تارىخىي بىلىملەر بىلەن تەمىن ئەتكەن.

داستاننىڭ ئىككىنچى بۆلىكىگە كەلگەندە، شائىر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئەسىرلەر بويى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قىلچىلىك يوقاتماي يېڭى پېتىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى دومبىرا ــ كۈيلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن، ھېكايىلەردىن پايدىلىنىپ كۆپرەك ۋەقەلەر تەسۋىرىگە كۆچكەن. «كۆك بۇقا» ناملىق دومبىرا ــ كۈيدە مۇنداق ۋەقە سۈرەتلەنگەن:

قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن ئىنەكنىڭ قورسىقىدا كەتكەن كۆك موزاي تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، باشقا ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىدۇ. شائىر داستاندا ئاللېگورىيىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، گەرچە كۆك بوقا ھايۋان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئادەمگە ئوخشاش خاراكتېر، تىل بېرىپ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«دومبىرا ــ كۈي» داستانىنىڭ كۆزگە چېلىققان ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى ،ئۇ شەجەرىلەردىن شەجەرە چىقىرىپ، كۈي ئىچىدىكى كىشىلىك ھايات تەپسىلاتلىرىغا يەنىمۇ گۈزەل پەرداز بېرىپ، يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەيلى لىرىكىلىق كۈيلەرگە بولسۇن، مەيلى ئېپىكىلىق كۈيلەرگە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرى بويىچە داستاندىن ئورۇن بەرگەن.

دېمەك، سۈژىتلىق دومبىرا ــ كۈيلەردە ئۆلمەس، مەڭگۈلۈك تېمىلاردىن ماتېرىيال تاللىنىدۇ. كۈي ئىجادكارلىرى يەنى دومبىرىچىلار كونكرېت رېئاللىقتا، چىنلىقتا مۇراجىئەت قىلىپ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، رېئاللىقنى رېئاللىق پرىنسىپىدا، رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا سۈژىتلىق دومبىرا ــ كۈيلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق قايسى دەۋردە بولسىمۇ كىشىلەرگە يېپيېڭى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاندا باشتا دېگىنىمىزدەك كۈي كۆرۈنمەيدۇ دېيىشنىڭ رېئال ئاساسى باردەك تۇرىدۇ. داستاننىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىدىن

ئورۇن بېرىلىپ سۈرەتلەنگەن ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ ھەقىقىي ئىچكى مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «نارىيدۇرگەن» (تۆگىدىن سۈت چىقارغان) ناملىق كۈيدە تۆۋەندىكى ۋەقە بايان قىلىنغان:

ئەلمىساقتىن تارتىپ تۆت پۈتلۈق كېيىكمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ بارمايدىغان زېمىندە يالغۇز قىزى بىلەن ياشىغان بوۋاي، موماينىڭ ئۇزۇقلۇق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن تۆگىسىنىڭ بوتىسى ئۆلۈپ سۈتى توختاپ كېتىپ داد- پەرياد ئېيتىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاندا، ئۆيلىرىگە بىر دومبىرىچى قېرى بوۋاي بىلەن بىر ياش كېلىدۇ. ئاچارچىلىقنىڭ دەستىدە شۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا قالغان بوۋاي بىلەن موماي مېھمانلاردىن دومبىرا چېلىپ كۈي تارتىپ تۆگىسىدىن سۈت چىقىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار بۇ تەلەپ ئورۇندالسا «قىزىمىزنى بېرىمىز» دەپ ۋەدە بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دومبىرىچى قېرى بوۋاي دومبىرىسى بىلەن كۈي تارتىپ تۆگىدىن سۈت چىقارماقچى بولغاندا، قېرى بوۋاينىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەقىللىق، ھوشيار قىز دەرھال دومبىرىچى يىگىتكە ئىشارەت قىلىدۇ. يىگىت قىزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن دومبىرىنى قولىغا ئېلىپ يۈرەكنى ئېرىتىۋەتكىدەك كۈينى تارتىش بىلەن تۆگىنىڭ ئەمچىكىدىن بۇلاقتەك سۈت ئېقىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىگىت بوۋاينىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالىدۇ. قىز ئارمانىغا يېتىدۇ ھەمدە ھالقىلىق پەيتتە ئىجاد قىلىنغان كۈينىڭ نامى «نارىيدۇرگەن» تارىخ بېتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ.

شائىر بۇ تەپسىلاتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دومبىرا- كۈينىڭ ئىنسانىي ئاڭغا ئىگە ئادەملەرنىلا ئەمەس، بەلكى تىلسىز، ئاڭسىز ھايۋانلارنىمۇ تەسىرلەندۈرگەن ئاجايىپ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان.

تىل سەنئىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئوبرازلىق مېۋىسى ھېسابلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان يەردە سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بولۇپمۇ سىمفونىيىلىك كۈي- مۇزىكىلارنىڭمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى، يۇقىرى - تۆۋەن قاتلاملاردىكى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەر سۈژىتلىق دومبىرا-



كۈيلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، قارا كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى «بالجىنگىر» (بەيگە ئاتىنىڭ خاس ئىسمى) ناملىق كۈيدە راسا پاش قىلىنغان. زامانىنىڭ زامانلىرىدا سالدامان ئاتلىق بىر كەمبەغەلنىڭ داڭقى جىمى يۇرت- جامائەتكە تارقالغان تېزلىكىگە تۆت پۇتلۇقلارنىڭ ھېچقايسىسى تەڭ كېلەلمەيدىغان بەيگە ئېتى بولغانىكەن، بۇ ئالاھىدە تۇلپارغا جانىۋارغا كۆزى چۈشۈپ قالغان زومىگەر خان ھېلىقى بىچارە، كەمبەغەل سالدامانغا بېسىم ئىشلىتىپ يەنە بىر تەرەپتىن گوللاپ، ئايالىمىسى بىرەر يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ كۆلنى كۆرسىتىپ: «سەن ئېتىڭغا مىنىپ، بىر قازان گۆش پىشقىچە كۆلنى ئايلىنىپ چىقىسەن. بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ چىقالمىساڭ، ئالتۇندىن ئىگەر توقۇپ، ئېتىڭنى ئالىمەن. مۇبادا ئايلىنىپ دەل ۋاقتىدا چىقالىساڭ ساڭا نۇرغۇن مال بېرىمەن» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

خان سالدامانىنىڭ بۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ ئىچىدە شۇنچىلىك چوڭ كۆلنى ئايلىنىپ چىقىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئات ئەمدى قولۇمغا ئۆتۈپ بولدى دەپ ئويلايدۇ. بىراق سالدامان دېيىلگەن ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىدە يېتىپ كېلىپ خاننىڭ بىر مۇنچە چارۋا مېلىنى سۈپۈرۈپلا ماڭىدۇ. دومبىرىچى بۇ ۋەقەلىكنى ئىپادىلەپ، ئىجاد قىلغان كۈينىڭ نامىنى ئاشۇ بەيگە ئاتقا بېغىشلاپ بالجىنگىر قويىدۇ.

*سۆزلىسە شەجەرەمدىن قاي سەھىپە،*
*ئىشقىلىپ كەچمىشلەرگە دەرد ھۆكۈمران.*
*ئۆلتۈرگەن بۇيرۇقخان ۋە باي بۇقىنى،*
*قانداقمۇ ئەستىن چىقسۇن شۇ چىڭگىزخان.*
*تۇغ تىكىپ ئاسىيانىڭ كەڭ باغرىغا،*
*تونۇلغان بۇ جاھانغا داڭقى بىلەن.*
*ئەل بىلەن قۇلان قوغلاپ قازا تاپقان،*
*چىڭگىزنىڭ بىر ئوغلان جۇجى دېگەن.*

دەپ باشلىنىدىغان «جۇجى خان ــ ئاقساق قۇلان» ناملىق سۆزنىتلىق دومبىرا ــ كۈيگىمۇ داستانىنىڭ كۆرۈنەرلىك يەرلىرىدىن ئورۇن بەرگەن.

بىز ئالدىدا شەرھلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «دومبىرا ــ كۈي» داستانى شەجەرىلەردىن تۈزۈلۈپ ۋۇجۇدقا كەلگەن شەجەرە كۈيى بولغاچقا، ئۇ ئۆز ئىچىگە ھەم ھېسسىيات ئارقىلىق ئىزھار قىلىنغان ھەم ۋەقەلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان كەڭلىك، چوڭقۇرلۇققا ئىگە كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلار ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئالغان.

داستانىنىڭ بۇ بۆلىكىدە تەسۋىرلەنگەن چىڭگىزخان جاھانىنىڭ يېرىمىنى ئىستېلا قىلغان ئىستېلاچى. ئۇ ئۆز زامانىدا قازاقلارنىڭ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نايمان قەبىلىسىنى باشقۇرغان بۇيرۇقخان، باي بۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چىڭگىزنىڭ ئەينى چاغلاردا قازاقلارغا سالغان زۇلۇمىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولماس. ئۇ باشقا يەرلەرگە ئوخشاش قازاق زېمىنىنىمۇ قىپقىزىل قانغا بويىغان.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىڭگىزنىڭ ئوغلى جۇجى قۇلان قوغلاپ چىقىپ ئىز ـ تىزسىز يوقاپ كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھېچقانداق ئۇچۇر تېپىلمايدۇ. جۇجىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەنلەرمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى چىڭگىزخان شۇم خەۋەر يەتكۈزگەنلەرنىڭ ئاغزىغا قوغۇشۇن قۇيىۋاتتى. ئۇ يەنە ئوغلى جۇجى قۇلان قوغلاپ كەتكەن تەرەپكە ئورۇنلاشقان خەلقنى خانىۋەيران قىلىۋېتىشكە ھازىرلىنىدۇ. جۇجى قۇلاننى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى سىپاھلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ياۋۇز خانغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە بىگۇناھ خەلقنى ياۋۇز خاننىڭ قىلىچىدىن قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ئىلگىرى چىڭگىزخانغا تەسلىم بولغان كېرئوغا ئاتلىق دومبىرىچى مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك كۈينى ئىجاد قىلىپ چېلىپ چىڭگىزخانغا ئوغلى جۇجىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قاچان، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ رېئاللىقنى شائىر داستانىدا تۆۋەندىكىدەك ئىزھار قىلغان:



*كىم بىلسۇن سازەندىنى ئاياپ بەلكىم،*
*قارىدى ئۇنىڭ باشتىن ئايىغىغا.*
*ئامالسىز پەرمان بېرىپ سىياھ تېپىپ،*
*قويدۇردى دومبىرىنىڭ چانىغىغا.*
*رەھىمسىز قارا يۈرەك چىڭگىزخاننى،*
*يىغلاتتى ۋە بەزلىدى كۈي ساداسى.*
*تارىخنىڭ خەزىنىسىدە قالدى شۇندىن،*
*«جۇجى خان ــ ئاقساق قۇلان» شوخ ناۋاسى.*

شائىر سالى سادۋاقاس داستانىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىگە ئۆتكەندە تارىخىي رېئاللىقنى بۈگۈنكى رېئاللىققا ئۇلاپ، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قازاقنىڭ تارىخىدا دومبىرا ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان نادىر كۈيلەر ناھايىتى كۆپ، بىزگە تونۇشلۇق بولغان بۇ كۈيلەرنىڭ مەشھۇر ئىجادچىلىرىمۇ خېلى بار. شائىر «دومبىرا ــ كۈي» داستانىدا تارىخنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئاختۇرۇپ، شۇ دومبىرا ــ كۈيلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ 44 نى، دومبىرىچىلاردىن 13 نى ساناپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان. شائىر ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، بەدىئىي دىتىغا تايىنىپ سەنئەت كانىدىن تېما تاللاپ، خىلمۇ خىل ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇنى پىشۇرۇش، يۇغۇرۇپ ئىپادىلەش يولى بىلەن قەلەم كۈچىنى دومبىرا ــ كۈيگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تارىخنى سۆزلەتكەن. يەنە كېلىپ بۇ داڭلىق داستاندا ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان رېئاللىقىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋر روھى نۇرلاندۇرۇلغان. بولۇپمۇ داستانىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ۋەقەلەر بايانىدىن ھالقىپ رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ سۈرەتلەشكە كۆچكەن. داستاندا بۈگۈنكى زامان رېئاللىقىغا نەزەر تاشلىغاندا، شائىر نوقۇل ھالدا ئەجدادلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان ئۆچمەس، ئۆزگەرمەس تارىخىي تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەش، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىپلا توختاپ قالمىغان، بەلكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى، مىللەت پسىخىكىسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى،

نادانلىقىنىڭ تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خۇراپاتلىقنى، قاراڭغۇلۇقنى، قالاق فېئوداللىق ئۆرپ- ئادەتلەرنى، پاسسىپ ئىدىيىۋى خاھىشلارنى پاش قىلىدۇ ۋە رەھىمسىز قامچىلايدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، باشقىلارنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدىغان ئالاھىدىلىكلىرى، ئارتۇقچىلىقلىرى بولغانغا ئوخشاش، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يېتەرسىزلىكلىرى، كەمچىلىكلىرى بولىدۇ. قازاق مىللىتى ئۆمۈر بويى مال چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مىللەت، بۇ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش. بىراق قازاق جامائەتچىلىكى ئىچىدە قارىغۇلارچە مالنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرلىرىنى، ئىستىقبالىنى، بەخت- سائادىتىنى مالغىلا باغلايدىغان، ئەقىل- پاراسەتنى، ھالاۋەتنى مال بايلىقى بىلەن ئۆلچەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراش مەۋجۇت. بۆلەك كەسپلەرگە سەل قارايدىغان، ئىلىم- پەن ئىگىلەشكە سەل قارايدىغان ئىشلار ئېغىر ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، قەبىلىۋازلىق، قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق، تەرەپبازلىق ئەھۋاللىرىنىڭ تەسىرىدىن ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ ھەتتا دۈشمەنلىشىش ئىشلىرى يۈز بېرىپ، يۇرت- ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلەرمۇ، جېدەللىشىپ، ئۇرۇشۇپ قان تۆككەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈژىتلىق دومبىرا- كۈيلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقان.

داستاندا شائىر كلاسسىك دومبىرا- كۈيلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. قەلەمنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، نۇرغۇن يېڭى زامان كۈيلىرىنىمۇ ھەم بۇ كۈيلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىجادكارلىرىنىمۇ تىلغا ئالغان. مەسىلەن، «باھار ئاپتىپى»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «قىزىلگۈل»، «بەخت مەنبەسى»، «بۇلبۇل»، «يېڭى ئىلھام»، «يىلقىچى قىز» قاتارلىق دومبىرا كۈيلىرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر، خەلقنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرى، شادلىق غەلىبە سادالىرى، ئېستېتىك تۇيغۇلىرى، ئارزۇ- ئىستەكلىرى، غايىۋى ئىنتىلىشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى كۈيلەرنىڭ ھەممىسى ئېلىمىز قازاقلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان دومبىراچىلارنىڭ يېڭى زاماندا ئىجاد



قىلغان دومبىرا كۈيلىرىدۇر. ئەسەردە يېڭى زاماندا ياشىغان ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ ھاشىم، ئەلپېپىك كاسىمباي قاتارلىق كۈيچىلىرىمۇ ئېغىزغا ئېلىنغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «دومبىرا — كۈي» داستانىدا دومبىرا — كۈي ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، كوللېكتىپ دومبىراچىلارنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

## §14. قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۈشى» ناملىق داستانى ھەققىدە

قۇرمانئەلى ئوسمان ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر. ئۇ 1924- يىلى 12- ئايدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالما- ئاتا ئوبلاستىغا قاراشلىق كېگەن ناھىيىسىدە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. قۇرمانئەلىنىڭ دادىسى ئوسمان 1930- يىلى بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ جۇڭگو گىراژدانى بولۇپ كەتكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن تارتىپ قۇرمانئەلى ئوسمان ئادەتتىكى مەكتەپ مۇدىرلىقىدىن باشلاپ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ھەم ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

پېشقەدەم شائىر قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ شېئىرلىرى ئېلىمىزدە خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىقىدا تۈزۈلگەن ھەم بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ھازىر «شاتلىق ناخشىلىرى»، «تىيانشان ناخشىلىرى»، «مەرۋايىتلار»، «كىگىز ئۆيدىن دۇنياغا»، «يىللار ئىزى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، «ئۈچ مەيدان» ناملىق كىتابى،

«تاغ ئارىسىدىكى دادۋي»، «قىز قەبرىسى»، «سالىيقا ـ سەمەن» (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان) ۋە 15 پارچە ئىلمىي ماقالىسى بار. «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۈشى» ناملىق داستانى پېشقەدەم شائىر قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك يېڭى زامان ئېلىمىز قازاق پوئېزىيىسىنىڭ زامانىمىزدىكى تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يىرىك نەمۇنىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ داستان ئېلىمىزدە يالغۇز قازاق ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەت ئىچىدىمۇ زور تەسىر قوزغىغان. ئەسەردە بىر مەھەل ئېلىمىز ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، سىياسىي ئاتموسفېرا بۇلغانغان شۇم يىللارنىڭ رېئاللىقى روشەن ئىپادىلەنگەن. «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۈشى» مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان. ئالايلى، ئەسەردە ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتلەرنى، رېئاللىقنى شائىر كۆپرەك پېرسوناژنىڭ ئوڭىدا بەرسە، ئويىنى، خىيال ـ ئارزۇنى پېرسوناژلارنىڭ چۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنى مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى بار، يۈكسەك بەدىئىي مۇكەممەللىككە ئىگە، ۋەقە بىلەن ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەن، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەزگۈرەشتىلىرى بىلەن ئوپتىمىستىك روھ بىرلەشتۈرۈلگەن لىرو ـ ئېپىك داستانغا ئايلاندۇرغان.

*ئون نەچچە يىل قايتماي يىراق «سەپەر» دىن*
*يار دەردىدە چاچقا قوندى قىرولار.*
*تۈن ئاغسىمۇ كىرپىك قاقماي تۇرار ئۇ،*
*يۈرىكىدە بىگىز بولۇپ ئارزۇلار.*

سېغىنىش ئىستىكى، ئۈمىد ـ ئىشەنچ يالقۇنى نۇرلاندۇرۇپ ئىپادىلەنگەن بۇ مىسرالار ئەسەر ۋەقەلىكىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن.

ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەت تۇپەيلىدىن ۋەيران بولغان بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى بىلەن ھالاۋەتلىك كۈنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئەسەر كۆپ تەرەپلىمىلىك



ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ ئۆزگىچە ھەم رەڭدار تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى مۇجەسسەملىگەن. بۇنىڭ بىلەن داستاننىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق سۈژىتى تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتتىكى ھەق ـ ناھەق، قاراڭغۇلۇق ـ يورۇقلۇق، مۇھەببەت ـ نەپرەت، بىزار بولۇش، تېڭىرقاش، زورۇقۇش، ئىنتىلىش قاتارلىق ئىركىشىش ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇلغان. ئەسەردە پەقەت ئۈچلا پېرسوناژ بار. ئۇلار ئاشۇ شۇم يىللارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان ئاتا، ئانا ۋە بالىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇرمەنلەرگە ئىسمى ئېنىق مەلۇم قىلىنغىنى بالا ـ سېرىك، ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئەسەردە كونكرېت ئىسمى ئاتالماستىن، باشتىن ـ ئاخىر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئانا داستاندىكى ئاساسلىق شەخس، شۇنداقلا ئەسەردە نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو زېمىنىنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇقتا، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا، زوراۋانلىقتا قارشى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان، ئادالەتپەرۋەر، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ ئۆزىنى سۇندۇرمايدىغان، جاسارەتلىك، ئۈمىدۋار، ئېرىگە، قان ـ قېرىنداشلىرىغا ۋاپادار جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ جۈملىدىن قازاق ئاياللىرىنىڭ ۋەكىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاندا بىۋاسىتە، ۋاسىتىلىك سۈرەتلەنگەن تەپسىلاتلار، ۋەقەلەر مۇشۇ ئانىنىڭ ئوڭىدا ۋە چۈشىدە كۆرگەن خىيالىي ئىشلارغا مەركەزلەشكەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كۆپىنچە ئىجادكارلىرىمىز ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئويى، ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈشىنى، كەلگۈسىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ كۈرەشچان تۇرمۇشىنى، ئۈمىدۋارلىق روھىنى يورۇتۇپ بەرسە، شائىر قۇرمانئەلى ئوسمان «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۈشى» ناملىق داستانىدا تۇيۇق يولغا دۇچ كېلىپ ناھايىتى قىيىن شارائىت ئاستىدا قالغان پېرسوناژلارنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن خۇشاللىق كۈنلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى چۈشىگە سىڭدۈرۈپ كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۇنىڭ قەيسەر روھىنى، ئۈمىد ـ ئىشەنچىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى تۇرمۇش دېسەك، ئۇنىڭ يادروسىدا ئادەم تۇرىدۇ. شۇڭا يازغۇچى، شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەۋرنىڭ

كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ. كىتابخانلار «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۇشى» ناملىق داستاننى ئوقۇغان چاغلىرىدا دەۋر رېئاللىقىدا بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىن ئوموملاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن ئىككى خىل تىپكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازلىرىنى بايقىۋالالايدۇ. ئەسەردە نۇقتىلىق ھالدا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىنغۇچىلار يېزىلغان.

داستاننىڭ ماۋزۇسى «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۇشى» دەپ قويۇلغان، ئۇ كىمنىڭ ئوڭى بىلەن چۇشى؟!

بۇ ئەلۋەتتە ئەسەردە سۈرەتلەنگەن باش قەھرىمان ئانىنىڭ ئوڭى بىلەن چۇشىدۇر.

ئانا ئوڭىدا نېمىلەرنى كۆردى، قانداق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، چۇشىدە نېمىلەرنى كۆردى، قانداق ئىشلارنى خىيالىغا، ئېسىگە كەلتۈردى؟ مانا بۇلار ئەسەردە روشەن ئىپادىسىنى تاپقان.

ئانا ئۆزىنىڭ قەدىناسى جۇبايىدىن ئايرىلىپ رەھىمسىزلەرچە يۇرگۇزۇلگەن ئاق تېررورلۇقنىڭ دەستىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالىدۇ. شۇنداق قىيىن شارائىتتا قالسىمۇ كەلگۈسىدىن ئۇمىدىنى ئۈزمەيدۇ. ئالىلىبۇرۇن سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن جۇبايىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۇتىدۇ.

ئۆيدە ئولتۇرغاندا ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز چىققان ھامان: «بالام، داداڭ كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟» دەيدۇ. ئۇچ يېشىدىلا دادىسىدىن ئايرىلغان بالىسى سېرىككە دائىم دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پات ئارىدا جەزمەن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئارقىلىق دادا ئوبرازىنى دادىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بالا قەلبىگە ئورنىتىدۇ. «دادا» دېگەن مۇقەددەس نامنى بالىنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرىدۇ.

ئىشق - مۇھەببەت تەڭداشسىز نەرسە. ئۇ ئاشىق - مەشۇقلار تېپىشار ۋاقىتىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشى بىلەن تارىخي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپلا تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى، ئۇ بۇ مەزگىللىرىدە مېۋە بېرىپ، ھەقىقىي مەنىسىنى نامايان قىلىدۇ، ھەتتا



باشلىرىغا كۈن چۇشكەندە تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، بۇ بىر ھەقىقەت. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئانا قاتمۇ قات ئازابلارنى تارتقانسېرى جۇبايىنى سېغىنىپ چۇش كۆرىدۇ، جۇبايىنى ئەسلەپ خىيال دېڭىزىغا چۆمۈلىدۇ. ئۇ، دەسلەپ چۇشىدە ئۆزىنىڭ توي قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇرغان، تۇنجى قېتىم كۆز ئېچىپ بالا كۆرگەن ھايات كارتىنىلىرىنى، ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق كۈنلىرىنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش بىلەنلا رېئاللىقتىكى شۇم دۇنيا تۇمانلىرى ئىچىگە قايتىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ.

*مۇدھىش سايە ئالدى ئۇنىڭ ئورنىنى،*
*تەتۇر قىسمەت قارا قىلىدى كۆڭلىنى.*
*خىلۋەت ھويلا ، يېرىم ئوچۇق دەرۋازا،*
*كۇتۇرۇلگەن چۇقان - سۈرەن، غەلۋىلەر.*
*چالۋاقىدى چېپىپ، قۇتراپ، ئەزۋەيلەپ،*
*شەرمەندىلەر، چوماقچىلار تەلۋىلەر.*

يۇقىرىدىكىلەر ھەقىقەت ئاستىن - ئۈستىن قىلىنغان دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئۆز بويىقى بىلەن سىزىلغان كارتىنىسىدۇر.

تەھدىت سېلىش، تۆھمەت چاپلاپ بىگۇناھ ئادەملەرنى ئازابلاش، قاماش، سۈرگۈن قىلىش، ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى شۇ بۇزۇلغان زاماندىكى بۇزۇق، تەلۋە، شەرمەندىلەرنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرى ئىدى. پېشقەدەم شائىر قۇرمانئەلى ئوسمان ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى بىر مۇھىم پېرسوناژ ئاتىنىڭ قىيىن - قىستاقتا ئېلىنىپ سوراقتا تارتىلغان مەيداندىكى كۆرۈنۈشىنى مۇنداق بېرىدۇ:

*جىنايەتنى تاپشۇر چاپسان ھەي ئەبلەخ!*
*بىلگىن ساڭا بېرىلگەن بۇ زور پۇرسەت.*
*- يوق، جىنايەت، ئىقرارىم يوق تۆھمەتكە،*
*ھەقىقەت يوق يۈرىكىڭگە مىڭ لەنەت.*
*باغلاندى قول ئارقىسىغا چەمبەرچاس،*

*قارىياغاچتىن دار راسلىدى،*
*باغلاپ ئاڭا قىل ئارقان.*
*بىردەمدىلا يىگىت قالدى پۇلاڭلاپ،*
*چىداپ تۇردى زورغا چىقماي شىرىن جان.*

گەرچە يۇقىرىدىكى مىسرالاردا بىر شەخسنىڭ كۆرگەن كۈلپەتلىك كۈنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن جەمئىيەت بۇزۇلغان قالايمىقانچىلىق يىللاردا مىڭلىغان، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ كۈلپەتلىرىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىزدە ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانلىرىنى پاش قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەنە ئاشۇنداق تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «ئۇنىڭ ئوغى بىلەن چۇشى» ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلىكى بار ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

داستاننىڭ كېيىنكى بۆلەك، ئابزاسلىرىدا ۋەقەلىك مەنتىقلىق تەرەققىي قىلىدۇ، ۋەقە تەرەققىياتىنى يېڭى بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يۇزلەندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان كونكرېت مەسىلىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قاراڭغۇلۇقنى تەسۋىرلەشتىن يورۇقلۇقنى تەسۋىرلەشكە، بۇزۇلغان دەۋر رېئاللىقىنى تەسۋىرلەشتىن ئوڭشالغان دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە، زۇلۇمنى، ئازابنى ئەيىبلەشتىن ئادالەتنى، ئازادلىقنى، ھالاۋەتنى مەدھىيىلەشكە كۆچىدۇ.

*كۈلۈپ زەر تاڭ، يايراپ يۈرەك چىقتى كۈن،*
*شاتلاندى دىل، روھلاندى ئەل كارامەت.*



دەپ، تۈزەلگەن جەمئىيەت، ياخشىلانغان ۋەزىيەت رېئاللىقىنى تەنتەنىلىك ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئاندىن ئانىنى جۇبايىغا، بالىنى دادىسىغا بەخت قۇچىقىدا تېپىشتۇرىدۇ.

*كەرگىن قۇچاق ! !*
*يەنە*
*يەنە*
*يەنە ھەم.*
*ئىنتىزار بوپ كۈتكەن ئىدىڭ زارىققان.*
*جۇدا بولغان قۇچاقلارنى قىلغان جەم،*
*ئالقىش ساڭا ئەلدە ئاتقان ئالتۇن تاڭ.*
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
*يوقال ھەسرەت بۇ شاتلىقنىڭ دۈشمىنى،*
*ئۇچقىن كەتەر، ئارام بولسۇن ئانىغا.*
*كۆل ھەقىقەت، بولغىن ھەمدەم ئېلىڭگە،*
*ئىمكان بەرمە ئەمدى تۆھمەت بالاغا.*

يۇقىرىقى مىسرالار ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى سېزىم ۋە خۇشاللىق تەنتەنىسىنىڭ ئىزھارىدۇر.

ئاتاقلىق لىرىك شائىر قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ «ئۇنىڭ ئوغى بىلەن چۇشى» ناملىق داستانى قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئىپادىلەش شەكلى ئىخچام، لىرو- ئېپىك تۈسىنى ئالغان، لەرزان ئۇسلۇبتا يېزىلغان نادىر ئەسەردۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ كىتابخانلار ئاممىسىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان نېگىزلىك ئۆزگىچىلىكى شۇكى، شائىر قۇرۇق خىيال، يالاڭ ۋەقەلەر بايانىغا بېرىلىپ كەتمىگەن، شۇنىڭدەك پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىش جەريانىنى ئۈلۈك رامكا ئىچىگە چۈشۈرۈپ قويمىغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پېرسوناژنىڭ

ئىچكى ۋە تاشقى كەچۈرمىشلىرىنى ئوڭىدا كونكرېت ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئابستراكت ئوي - خىيال، ئارزۇ - تىلەكلەرنى چۈشىدە كۆرسىتىش يولى ئارقىلىق داستاننىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرگەن.

## §15. شاكەن ئوڭالباينىڭ «يايلاق ناخشىسى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە

«يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىرنىڭ ئاپتورى ئاتاقلىق شائىر شاكەن ئوڭالباي 1937 - يىلى 11 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلدىن 1957 - يىلغا قەدەر باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالتاي شەھىرىدە ئوقۇغان. 1957 - يىلدىن 1961 - يىلغا قەدەر سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇتىلى كەسپىدە ئوقۇغان.1961 - يىلدىن 1976 - يىلغا قەدەر «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1976 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە شىنجاڭ تىل - يېزىق كومىتېتىدە ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قازاق بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 - يىلدىن 1997 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنىمۇ ئىشلىگەن. ھازىر بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى.

شاكەن ئوڭالباينىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى 1954 - يىلدىن تارتىپ باشلانغان. شائىر قىرىق نەچچە يىل ئىزچىل تۈردە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تونۇلغان يېڭى دەۋردىكى ئېلىمىزنىڭ داڭلىق قازاق شائىرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.



شاكەن ئوڭالباي جاپالىق ئۆتكۈزگەن بىر پۈتۈن ئىجادىيەت سەپىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرنى، 15 داستاننى، نۇرغۇن ئاخبارات ئوچېركى ۋە زىيارەت خاتىرىلىرىنى، 14 پارچە نەزەرىيىۋى ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. شائىرنىڭ يەنە 100 پارچە شېئىرى خەنزۇ تىلىغا، 40 پارچە شېئىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، 35 پارچە شېئىرى قازاقىستان گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

شاكەن ئوڭالباي «يىللار سىرى»، «يېشىل ئالەم»، «زامانداش»، «ئاۋۇلغا، شېئىرغا، يارغا مۇھەببەت»، «بەيگە» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، «يارقىن يول» ناملىق داستانلار توپلىمى، «ساياھەتلەر» ناملىق چەت ئەل سەپەر خاتىرىلىرى بولۇپ جەمئىي 8 كىتابىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. شائىر شاكەننىڭ «يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىرى ئىچكى مەزمۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى، شەكىل ئۆزگىچىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن. ھەر بىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنلىرى بەئەينى تاغ جىلغىلىرىدىن تارام - تارام بولۇپ ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ ئانا دەريا ھاسىل قىلغىنىدەك شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان.

*كېلىمەن سېغىنىپ يېشىل يايلاقنى،*
*شادلىقتىن تېنىمگە پاتمايدۇ جېنىم.*
*خىيالىم شۇڭقارى كېزىپ ھەر ياقنى،*
*ئۇچىدۇ، بىر مىنۇت ئالمايدۇ تىنىم.*
*كەڭ يايلاق بەئەينى گۈزەل بىر سۈرەت،*
*بىلمىدىم تەڭدىشى بارمىدۇ، قېنى؟*
*يىراقتىن ئات چېپىپ كەلسەم ھەر نۆۋەت،*
*يەنىلا يېقىملىق قۇتلايدۇ مېنى.*

دەپ يۇرتىنى سېغىنغان شائىر قەلبىدە پارتلىغان شادلىق تەنتەنىسىنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئىزھار قىلىدۇ، خۇشاللىق تېنىگە پاتماي قالىدۇ. «كەڭ يايلاق بەئەينى گۈزەل بىر سۈرەت، بىلمىدىم تەڭدىشى بارمىدۇ قېنى» دەپ يېزىپ، ئۇنى ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز، يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. نەتىجىدە گۈزەل تاغ ـ دەريالارنىڭ كۆركەم كۆرۈنۈشلىرى شۇ ھامان كۆز ئالدىمىزغا يېيىلغاندەك بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا ئالەمشۇمۇل نام ـ شۆھرەتكە ئىگە كۆركەم تاغلارنىڭ گۈلتاجى ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغنىڭ يېشىل مەخمەلدەك يايلاقلىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى گەۋدىلىنىدۇ. شۇ تاپتا يەنە ئۆزىمىزنىمۇ شۇ گۈزەل يايلاقتا سەيلى قىلىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىمىز.

بىزگە مەلۇمكى، شائىرلار ھېسسىياتچان كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆپرەك بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ ئۆز ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. شائىردىكى شېئىرىي تۇيغۇلار يايلاق مەنزىرىسىدىن، يايلاق تۇرمۇشىدىن كەلگەن، مۇبادا شائىر يايلاققا كەلمىگەن بولسا، ھەيۋەتلىك تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى، «گوياكى بەس ـ بەسكە چۈشكەندەك» دەريانىڭ ئىككى قېتىغا چاچراپ چىققان كۈمۈشتەك سۇ تامچىلىرىنى كۆرمىسە ياكى شوخ دەريانىڭ زېمىننى لەرزىگە سالغان شاۋقۇنلۇق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسا، «يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىردا ئۇنداق جاراڭلىق ھېسسىيات تۇغۇلمىغان بولاتتى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ شېئىرمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

تەبىئەت دۇنياسى ھەمىشە بىر قېلىپتا تۇرمايدۇ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەزگىلى ياز پەسلىمۇ شۇنداق. قازاق شائىرى شاكەن تەسۋىرلىگەن يايلاق مەنزىرىسى شۇ ياز پەسلىدىكى يايلاقنىڭ تېپىكلەشكەن گۈزەللىك ئىنكاسى. لېكىن يايلاقنىڭ گۈزەل كارتىنىسىمۇ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان. تاغ تەبىئىتى ئۆزگىرىشچان تەبىئەت. شائىر ئاشۇ تەبىئەتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ ئوقۇرمەنلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلىغان، يايلاق تۇرمۇشىغا گۈزەللىك ئاتا قىلغان. ئەگەردە شېئىردا قىستۇرۇپ سۈرەتلەنگەن يامغۇر ھەم بوران بولمىغان بولسا، يايلاقتىكى جىمى گۈل ـ گىياھلار، ئورمانلار ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشۇپ



تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ چاقناپ تۇرمىغان بولاتتى. شائىر شاكەن ئوڭالباي تەبىئەتنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىشچان كۆرۈنۈشىنى يېزىش داۋامىدا «بۇلۇتلار ئۈستىگە يازغاندەك داستان، داۋاملىق يۈگرەيدۇ ئوت قەلەم ـ چاقماق» دەپ، ئانا تەبىئەتنىڭ ئەينەن مەنزىرىسىدىن تۆرەلگەن يېڭى ھېسسىيات تەسۋىرىنى تاپقان.

ئادەم ۋە تەبىئەت گۈزەللىكنىڭ ئىجادچىسى. ئادەم بار يەردە ۋەقە بار. ئەلۋەتتە يايلاق بولىدىكەن ئۇنىڭدا ماكانلاشقان ئادەملەر بولماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەخسۇس يايلاق تېما قىلىنغان بۇ شېئىردا ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەللىك زېمىنىدىكى تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىمۇ شائىرنىڭ چېۋەر قەلىمى ئاستىدا ئۆز ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

*چىققاندا ئېگىز چوققىدىن ئۆرلەپ،*
*كۆرۈندى مالچىلار ئۆيلىرى روشەن.*
*«تىيانشاننىڭ بايلىقى گۈزەل يايلاق» دەپ*
*ھەمرايىم سۆزلىدى قىزغىن زوق بىلەن.*

دەپ يېزىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان كېيىنكى بۆلەكلىرىدە قايناق تۇرمۇش دېڭىزىغا بىمالال شۇڭغۇپ كىرىپ، يېشىل يايلاق ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدۇ، غايەت زور ئىلھام ئۆركىشىدە تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن قەلىمىنى ئەركىن قويۇپ بېرىدۇ، ئابستراكت ئىچكى دۇنيا تەسۋىرى، گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن كونكرېت تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى تەسۋىرىنى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇپ بىرلەشتۈرۈپ بېرىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر شېئىردا مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈشكە زېمىن ھازىرلايدۇ.

*قاپتالنى ياقىلاپ چۈشتۇق بىز پەسكە،*
*توختىدۇق يول بويى بۇ ئۆيگە كېلىپ.*
*تۇتتى ئېتىمىزنى ئەنە شۇ پەيتتە،*

*ئۆيدىن بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ.*
*خۇشاللىق كۈلكىسى قونغان يۈزىگە،*
*قىز بىزنى ھۆرمەتلەپ قىلىپ ئىلتىجا.*
*باشلىدى شۇ ھامان ئۆيىنىڭ تۆرىگە،*
*ئۆيدىكى ئانىسى بىزنى كۆرگەندە.*
*قىزىدىن ئارتۇقراق كۆرسەتتى ھىممەت،*
*دېدى ئۇ قىزىغا: «ئەزەلدىن بىزدە*
*مېھماننى قەدىرلەش ياخشى پەزىلەت. »*
*سېلىندى داستىخان، قويۇلدى مەزە،*
*ئىرىمچىك، بوغۇرساق ھەمدە سېرىق ماي.*
*بەھۇزۇر ئالدۇق بىز، يېڭدۇق قانغىچە.*
*چىقاردى ھاردۇقنى بۇندا ئىچكەن چاي.*

يۇقىرىدىكىلەر ھېچقانداق مۇنازىرە، مۇلاھىزە، چۈشەندۈرۈشلەر كېرەك قىلمايدىغان دەرىجىدە قازاقنىڭ مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك تۇرمۇشىنى ئۆز ئالامەتلىرى، ئۆز بويىقى، ئۆز ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن سۈرەتكە تارتقاندەك ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ دەل جايىغا ئەكىلىپ چۈشۈرگەن.

مۇبادا قازاق ئوقۇرمەنلىرى شېئىرنى ئوقۇپلا بۇنىڭدا مىللىي ئادەتلىرىمىز، مىللىي تۇرمۇشىمىز يۈرەك ناخشىمىزغا ئايلاندۇرۇلۇپ بايان قىلىنىپتۇ دېيىشىپ شائىردىن ،ئۇنىڭ شائىرانە ماھارىتىدىن رازى، خۇش بولۇشقان بولسا، باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرى بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھامان قازاق دېگەن مۇشۇنداق مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل مىللەت ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مەزىلىرىمۇ باشقىلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن، ھەتتا ئىچكەن چايلىرىمۇ شۇنداق بولىدىكەن دېگەن تونۇشقا كېلىشىدۇ.

ئۆز مىللىتى ياخشى كۆرمىگەن ئەسەرلەرنى باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشى ناتايىن. پۇشكىننىڭ «كاپكاز» ى، گومورۇنىڭ «يەر ئانا» سى، ئاباي قۇنانبايىنىڭ «يالت ئەتمەس قارا كۆڭلۈم» ى، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «توگىمەس ناخشا» سى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىلىگەن مىللىي



ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۆز مىللىتى ئىچىدە شۆھرەت قازانغان، ئاندىن باشقا مىللەتكە، دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن، «يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىردا ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلۇپ چارۋىچى قازاقنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىپ، شېئىر قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە قىلىنغان.

«يايلاق ناخشىسى» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا پەقەت يايلاق كارتىنىسى سىزىلغان تەبىئەت لىرىكىسى دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىز مۇمكىن. بىراق شائىر يايلاق كۆرۈنۈشىنى تېما قىلىپ تۇرۇپ قازاق تۇرمۇشىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

بىزگە مەلۇم، يايلاقتا تىرىكچىلىك قىلىپ، يايلاق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزىدىغانلار يالغۇز قازاق مىللىتى ئەمەس، باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ئېلىمىز ئەمەلىيىتىنى ئېيتقاندىمۇ موڭغۇللارمۇ، زاڭزۇلارمۇ، قىرغىزلارمۇ كۆپىنچە مال چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، كەسىپ ئالاھىدىلىكى، تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بەلگىلىگەن. لېكىن مەخسۇس يايلاق ھاياتىنى تېما قىلىپ يېزىلغان «يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىرنىڭ ئىچىدىن موڭغۇل، زاڭزۇ، قىرغىزلارنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى چىقمايدۇ، خاس قازاق مىللىتىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشى شېئىرنىڭ قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شائىر شاكەن ئوڭالباي «يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىردا لىرىك ھېسسىيات، تەبىئەت مەنزىرىسى، رېئال تەپسىلاتلار تەسۋىرلىرىگە يانداشتۇرۇپ، كىشىلەر كەيپىياتىدا جۇلالانغان دەۋر روھىنى ئىپادىلەشكىمۇ بەلگىلىك ئورۇن بېرىپ، شېئىر مەزمۇنىنى يەنىمۇ بېيىتقان.

*ئۆتمەكتە تۇرمۇشۇم ئەركىن، بەختىيار،*
*مېھنەتتىن ھاياتىم بارماقتا گۈللەپ.*
*بەزىدە قېرىلار قىلىشار چاقچاق،*
*چوپانلىق بىر ئۆمۈر كەسىپىڭ بولدى دەپ.*
*جەننەتكە ئايلاندى يېشىل يايلىقىم،*

*ئۆسمەكتە قويلىرىم يىلمۇ يىل ئاينىپ،*
*سىغمايدۇ دىلىمغا خۇشلۇق ـ شادلىقىم،*
*ئىشلەيمەن ئىشىمغا جاندىن كۆيۈنۈپ.*
*ئاتمىشقا كىرسەممۇ بۈگۈن مەن بىراق،*
*يەنىلا ئۆزۈمنى سېزىمەن تېمەن.*
*ئۆيىمنىڭ تۆرىدە بار «قىزىل بايراق»*
*ئەل مېنى تەقدىرلەپ بەرگەن مۇكاپات.*

دېمەك، شائىر شېئىردا زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى، ئۇلارنىڭ زامان بىلەن ھەمنەپەس يۈرەك ساداسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنى سىزىدۇ.

دەۋر روھى ماھىيەتتە يەنىلا ئىنسان روھى. شائىر شاكەن شېئىرنىڭ بۇ بۆلىكىدە باشتا ئومۇملاشتۇرۇلغان بايانىدىن ئايرىملىق تەسۋىرگە ئۆتۈپ دەۋر ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدىغان تىپىك پېرسوناژ ـ چوپاننى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شېئىردا ئوقۇرمەنلەر چوپاننىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن «ئۆتمەكتە تۇرمۇشۇم، مېھنەتتىن ھاياتىم بارماقتا گۈللەپ» دېگەن مىسرالاردىن بىر شەخسنىلا ئەمەس ئەنە شۇ «جەننەت» تەك يايلاقتىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قازاق مالچىلىرىنىڭ بەختلىك، باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈۋالايدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا ئىخچام تەسۋىر، يىغىنچاق تەپسىلات بايانى بىلەن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوبراز ياراتقان، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، جاپاكەش، مال خۇمار قازاق مالچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان، «چوپانلىق بىر ئۆمۈر كەسپىڭ بولدى»، «ئۆسمەكتە قويلىرىم يىلمۇ يىل ئاينىپ»، «سىغمايدۇ دىلىمغا خۇشلۇق ـ شادلىقىم»، «ئىشلەيمەن، ئىشىمغا جاندىن كۆيۈنۈپ» يەنە «ئاتمىشقا كىرسەممۇ بۈگۈن مەن بىراق، يەنىلا ئۆزۈمنى سېزىمەن تېمەن» دېگەنگە ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە ئىگە يالقۇنلۇق مىسرالاردىن ئۇلۇغۋار تۆھپىسى بىلەن ئەل ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئۆز زامانداشلىرىغا، ئۆز دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغان نەمۇنىچى چوپاننىڭ پاك ۋە تەسىرلىك كۆڭۈل كۈيلىرىنى، جاسارەتلىك تۈيغۇسىنى بايقايمىز.



بۇ شېئىردا لىرىك قەھرىمان «مەن» دىن باشقا يەنە تۆت پېرسوناژ بار. ئۇلار قىزىل بايراقدار چوپان، ئاق كۆڭۈل مالچى ئانا ۋە ئۇنىڭ قىزى، جۇبايىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنىمۇ، ئوينىغان رولىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ، بەزىلىرى قىستۇرۇپ يانداپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. مەلۇمكى يېڭى دەۋرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ ئېلىمىزنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى يايلاقلارنىڭ قىياپىتىدىمۇ، يايلاق خوجايىنلىرى ـ مالچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شائىر شېئىردا بۇ رېئاللىق ئەمەلىيىتىنى ئانىنىڭ پسىخىك خاراكتېرى ھەققىدە بېرىلگەن تەسۋىردە

*مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل بۇ ئاددىي ئانا،*
*قوزغىدى قەلبىمدە شېئىرىي ھېسسىيات.*
*تېخىمۇ ئەتىۋار بولۇپ تۇيۇلدى،*
*بەختكە تويۇنغان بۈگۈنكى ھايات.*

دەپ، قىسقا، مېغىزلىق ئىزھار قىلىدۇ.

بىز ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شېئىرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناھايىتى مول. شائىر مۇشۇ باي مەزمۇننى ئىپادىلەپ يەتكۈزۈشتە زىيارەت خاتىرىسى شەكلىدىن بەكمۇ ئەپچىل پايدىلانغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «يايلاق ناخشىسى» نى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان يايلاق خاتىرىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

*قۇياش قويمىغان سۈبھى پەيتىدە،*
*سايرايتتى بۇلبۇللار ئۇرۇشۇپ خەندان.*
*ئاتلىنىپ گۈزەل قىز ئىككىمىز بىللە،*
*يىلقىنى يىغقىلى بولۇشتۇق راۋان.*

*ئاقىرىپ كېلەتتى قارامتۇل ئاسمان،*
*ئاچاتتى تەبىئەت گۈلدەك ھۆسنىنى.*
*جىلۋىگەر تاڭ نۇرى گۈزەل قىزچاقنىڭ،*
*نۇر بىلەن بېزەيتتى گۈل جامالىنى.*
*ئۇچقاندەك ئات چېپىپ چوققىغا چىقتىم،*
*قايرىدىم يىلقىنى ئاۋۇلغا قاراپ.*
*ئۇزاقتىن ئۇزاققا قاراپ كۆز تىكتىم،*
*يامرىغان يىلقىغا لىق تولغان ئەتراپ.*
*يۇلقۇنۇپ تېپچەكلەر ئاستىمدا ئېتىم،*
*كۆرگەندە يايلاقنىڭ گۈزەل تۇسىنى.*

شائىر شېئىرنىڭ بۇ بۆلىكىدە ھەرىكەت تەسۋىرى، مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ھېسسىيات تەسۋىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق كونكرېت رېئاللىق ئەمەلىيىتىدىن پەيدا بولغان تەسرات تۇيغۇسىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلىگەن.

شائىر شاكەن ئوڭالباي «يايلاق ناخشىسى» ناملىق شېئىرغا باي تۇرمۇش مەزمۇنىنى، قويۇق مىللىي پۇراقنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىنى، بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرغان. شېئىردا كۆپلەپ جانلىق، يېڭى، يېقىملىق، ئوبرازلىق تىللارنى ئىشلەتكەن. يارقىن، جىلۋىدار، ئېستېتىك ۋاستىلەردىنمۇ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان. ئالايلى، قۇلۇن باغلانغان ئارغامچىنى «سىزىق» قا ئوخشاتقان. بۇنىڭدىن باشقا شائىر شېئىردا «مېھنەتتىن كېلىدۇ ئەقىل- پاراسەت، مېھنەتتىن ئايرىلماس ئىلھاممۇ ئەسلا» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىپمۇ كىتابخانلار قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.



## 16§. ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ «سەلكىن» ناملىق كومېدىيىسى ھەققىدە

ھەر بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ژانىرلار بويىچە سېلىشتۇرغاندا تەبىئىي يوسۇندا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىمىز. ئالايلى، ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى كۆپ ئارقىدا قالغان. ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاقلاردا مەخسۇسلاشقان، ئىزچىل تۈردە سەھنە ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان دراماتورگلار يوق دېيەرلىك. شۇنداقلا ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلانغان بۈگۈنكى تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدىمۇ، سۈپەت جەھەتتىن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان نادىر سەھنە ئەسەرلىرىنى تېپىش قىيىن، بىراق يوقمۇ ئەمەس.

ئۇ قايسى ئەسەر؟! ئاپتورى كىم؟ بۇ بولسىمۇ ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ «سەلكىن» ىدۇر. «سەلكىن» كومېدىيىسى ھەقىقەتەن قازاق ئوقۇرمەنلىرىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدىغان ياخشى ئەسەردۇر. ئۇنى ئېلىمىز قازاق دراماتورگىيىسىنىڭ گۈل تاجى دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ كومېدىيە 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يەنە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدىمۇ ياخشى ئىنكاس قوزغىغان. «سەلكىن» يالغۇز ئېلىمىز قازاق دراماتورگىيىسىدىلا ئەمەس، بىر پۈتۈن قازاق ئەدەبىياتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

ئۆمەر غازى ئايتان (1931 ـ 1997) بۈگۈنكى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورنى بار يازغۇچى، شۇنداقلا ئېلىمىز

ئىچى - سىرتىغا تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر، دراماتورگ ۋە ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست، تەتقىقاتچى، ئۇ بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسى ئىجادىيەت مەيدانىغا يېڭى يول تېپىپ كىرگەن، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرۇش ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى تۈر، ژانىرلىرى بويىچە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، يېڭى زامان ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۆمەرغازى ئايتان 1951 - يىلدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئىجادىيەت ھاياتىدا 2 رومان، 7 پوۋېست، 400 گە يېقىن شېئىر، 21 داستان، 12 دراما، 25 پارچە تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىپ خەلققە تەقدىم قىلغان. 3 داستانى، 15 پارچە شېئىرى قازاقىستاندا ئېلان قىلىنغان. 50 نەچچە پارچە شېئىر- داستانلىرى ئېلىمىزدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

«سەلكىن» ناملىق كومېدىيە ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسىرى، شۇنداقلا ئېلىمىز قازاق دراماتورگىيىسىدىكى ئۆرنەكلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئېلىمىزدە 60 - يىللاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغان «تۆتنى ئېنىقلاش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ناچار خاھىش، ناتوغرا ئىستىللارنى ئاچچىق تىل، يۇمۇرىستىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق قاتتىق مەسخىرە قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، كومېدىيىلىك شەكىل بىلەن دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، كۈلكە بىلەن نەپرەتنى، مەسخىرە بىلەن پاش قىلىشنى، ئوبيېكتىپ قاراش بىلەن سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى، ھەرىكەتتىكى جىددىيلىك بىلەن مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھالەتنى، كىشىلەرنىڭ پسىخىك خاراكتېرىدىكى روشەن خاسلىق بىلەن ئومۇملۇقنى بىرلەشتۈرۈش يولى ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ مەسىلە ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژ ئەسىمنىڭ نوشاغا بولغان مۇھەببەت



كەچۈرمىشى ۋە ئۇنىڭ ساراڭ بولۇش، ساقىيىش، يەنە ساراڭ بولۇش، ساقىيىش جەريانى ھەم شۇ شارائىتتىكى ۋەزىيەت، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى قاتارلىقلارنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى ئوينىغان رولى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. كومېدىيىدە دراماتىك ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، يۇقىرى باسقۇچقا ئۆرلىشىدىن تاكى يېشىمىگىچە بولغان ئارىلىقلاردا تاماشىبىنلار قىزىقىپ كۈلۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىۋەرمەيدۇ، ئۇلار ئەسەر ۋەقەلىكى ئىچىگە كىرىپ، ئاخىرقى نەتىجىسى كۆرۈلگىچە بىردەم كۈلسە، بىردەم غەزەپكە كېلىدۇ، بىردەم خۇشاللانسا، بىردەم ئويلىنىدۇ. ئۇلار ھەر بىر كۆرۈنۈشكە بىر خىل سوئال نەزەرى بىلەن قاراش ئارقىلىق ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى، ھەر بىر پېرسوناژ تەقدىرىنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا تېما تاللاش، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇش جەھەتتىكى ئىزدىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا ئەدەبىيات تارىخىدا، كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىدەك ياخشى ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە يول ئاچىدۇ.

ئۆمەرغازى ئايتان ھەجۋىي قىلىش ۋە قىزىقچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل قىياپىتىنى، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى ئۆتكۈر تىل، يۇمۇرىستىك ئىپادىلەش ۋاستىسى بىلەن ئېچىپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە كومېدىيىگە تۇرمۇشتىكى شەيئىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ ئىچكى، تاشقى دۇنياسىدىكى گۈزەللىكنى مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنلارنىمۇ قوشۇپ، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىق كۈچىنى ئاشۇرغان. كومېدىيىنىڭ بېشىدىلا كۈلكە باشلىنىدۇ:

ئوغرى پايتەن چوڭ تاغاردىن بىرنى ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ چۈشلۈك تاماققا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قىلىن ئۆسكەن قوناقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ: «بىر تاغار قوناق

بىلەن بىر قويىنى كۆپتەك سەمىرتكىلى بولىدۇ. سېمىز قوي بىلەن دۆيجاڭنى قاراتقىلى بولىدۇ» دەپ پەملەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغارغا قوناقنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ قاچىلاپ ئەمدى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. پايتەن قېچىپ كېتىدۇ. ئەمگەك بىلەن ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بۇ يېزىغا ئەۋەتىلگەن ئايتەك قوناقلىقنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ، ھېلىقى تاغارنىڭ ئۈستىدىن چۈشىدۇ. ئۇ ھەيران قېلىپ: «. . . بۇ نېمە تاغار . . . مۆلچەرىمچە 40 _ 50 كىلو كېلىدىغۇ دەيمەن. ئەگەر بۇنى، مېنى كۆتۈر دېسە، ماتېماتىك بولماي ئېشەك بولۇپ كېتەرمەن» دەپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، تاغارنى ئورنىدىن قوزغاي دەپ تۇرغاندا، دەل شۇ چاغدا سۇچى جامەيىس كېلىپ قالىدۇ.بۇ ئىش كىمنى گۇمانلاندۇرماي تۇرالىسۇن؟

شۇنداق قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئورۇنغا ئاغىنىس دۆيجاڭ، تېخنىك يىگىت، پايتەن، گۇڭشى كاتىپى كاكەشلەرمۇ كېلىدۇ. تېخنىك يىگىت قوناق قاچىلانغان تاغارغا قاراپ: «بىز بىكار ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتىمىز، ئەسلى قوناقنىڭ يوغىنىنى ئوغرىغا تاللاتساق بولىدىكەن» دەپ ئايتەكنى تەنە گەپ بىلەن سوقۇۋالىدۇ. توپلاشقان ئادەملەر ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاپ ئىشەندۈرەلمىگەن ئايتەك ئاخىرى: «ئىشەنمىسەڭلار مانا، ماۋۇنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار، ھەممە گەپ مۇشۇنىڭغا يېزىلغان» دەپلا يانچۇقىدىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ كاكەشكە بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىگە راست قايىل بولغان كاكەش «باياتىن مۇشۇنى كۆرسەتسىڭىز بولماسمىدى، ئوغرى تۇتتۇق دەپ شۇنچە شاپاشلىغىنىڭلار بىكارغىلا كەتتى. 150 سوم ئايلىق ئالىدىغان بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئۈرۈمچىدەك يەردىن مۇشۇ يەرگە تاغار كۆتۈرۈپ قوناق ئوغرىلىغىلى كېلەمدۇ؟!» دەپ شۇ مەنداندىلا ئايتەكنى سوراقتىن ئازاد قىلىدۇ. كېيىن ئوغرى پايتەنمۇ بىر قوي بىلەن ئاغىنىس دۆيجاڭنى ئۆزگە تارتىپ بولىدۇ. مانا بۇ ئىشلارنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى ۋە ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئەسىمنىڭ



قەلىمى ئارقىلىق ئورۇن، ۋاقىت، دەلىل ـ ئىسپات ھەتتا ئېنىق گۇۋاھچىلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى «60 ـ يىللارنىڭ خاتىرىسى» گە خاتىرىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتور كومېدىيىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈپ، زەنجىرسىمان باغلاپ تاماشىبىنلارنى مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىگە كىرىشكە يېتەكلەيدۇ.

دراماتورگ كومېدىيىگە لىرىكىلىق تەپسىلاتلارنىمۇ كىرگۈزۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلەرگە بىر خىل يېقىملىق، ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. بۇ مەسىلە ئاساسەن ئايتەك بىلەن ئابەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، كەچۈرمىشلىرىدە، ئۇلارنىڭ ھاياتقا، كەسىپكە بولغان مۇھەببەتلىرىدە، روھىي دۇنيالىرىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

ئەسەردە ماتېماتىك ئايتەك بىلەن مۇزىكانت ئابەتنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى جانلىق، قىزىقارلىق يېزىلغان. ئۇلارنىڭ تىپىك خاراكتېرىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئابەت ئۆزى مەشغۇل بولغان كەسپى ئۈستىدە توختىلىپ، «مۇزىكا كىشىنى گۈزەل غايە ـ ئىستەكلەرگە يېتەكلەپ مېڭىنى ئارام ئالدۇرىدۇ» دەپ قارىسا، ئايتەك: «مېڭە دېگەن بىر خىل ساز. ئۇنىڭمۇ سانسىز تارلىرى بار. سازلاشنى بىلسەڭ جېنىڭنى راھەتلەندۈرىدۇ، سازلىيالمىساڭ ئەسكى داسنىڭ ئۆزى شۇ. مەن ساڭا دېسەم، مېڭىنى ساز قىلىش ئۈچۈن، دۇنيادا ماتېماتىكا بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان ئىككىنچى بىر ئىلىم يوق. مۇرەككەپ تەڭلىمىلەر بىلەن قىيىن فورمۇلىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىسپاتلاپ يېشىشكە باشلىغىنىڭدا سېنىڭ مېڭە كىلىتكىلىرىڭدا بولىدىغان راھەتلىنىش، پاھ ـ پاھ ، مانا ھەقىقىي مۇزىكا دېگەن شۇ» دەپ پەخىرلىنىدۇ.

دېمەك، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېشىغا كەلگەن قىيىن كۈنلەرمۇ ئايتەك بىلەن ئابەتنىڭ ئۆز كەسىپلىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار يېزىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىنغا مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش، ئاتالمىش «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن كېلىپ باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش، قاتمۇ قات

بىسىمغا ئۇچراشتەك مۇشكۈل ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا قىن- قىنىغا سىغمىسىپ كەتكەن كەسپلىرىگە باغلانغان مۇھەببىتىدىن قىلچىمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. مەلۇمكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسى يازغۇچىغا نىسبەتەن مۇھىم بىر سىناق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سەلكىن» كومېدىيىسىدە يورۇتۇلغان ئايتەك بىلەن ئابەتنىڭ خاراكتېرى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان خاراكتېرلاردۇر.

ئايتەكنىڭ ماتېماتىكا ئىلمى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى، ئابەتنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى ئۈستىدىلا ئويلىنىشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر خىل مىسلىسىز روھىي ئوزۇق ۋە ئېستېتىك لەززەت بېغىشلاپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارغىمۇ ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلاپ، كۈچلۈك قىزىقىش، سۆيۈنۈش قوزغايدۇ. يېزا چوكان- قىزلىرى باغى بىلەن نۇرشا دائىم ئاشۇ لەرزان، يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ تىڭشايدۇ. بولۇپمۇ بۇ جەرياندا نۇرشادا مۇزىكا ئۆگىنىش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ. قويۇق يۇمۇرىستىك تۈسنى ئالغان كومېدىيىلىك سەھنە ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي ھايات پائالىيەتلىرى، رېئال تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك ھادىسىلەر، ساتىرىك توقۇنۇشلار پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى زىددىيەت- كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. دېمەك، «سەلكىن» كومېدىيىسىدە تاماشىبىنلارنىڭ غەزەپ- نەپرىتىنى كەلتۈرگەن، تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرگەن ئاغىس، سەلىمە، پايتەن ئوبرازى خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سەلىمەنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىك يارىتىلغان. گەرچە سەلىمە ھوقۇققا ئىگە بولمىسىمۇ، دۈيجاڭ ئېرى ئاغىسنىڭ ئورنى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان،



كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىشتا ئۇچىغا چىققان بىمەنە، شاللاق، ھىيلىگەر شەخس.

كومېدىيىنىڭ ئەڭ قىزىق يېرى ئىككىنچى پەردىسىنىڭ ئۈچىنچى كۆرۈنۈشىگە مەركەزلەشكەن. بۇنىڭدا «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك- پوك» دېگەندەك شامالنىڭ شەپىسىنى ئالدىن بايقاپ قالغان ئاغىس بىلەن سەلىمە ئۆزلىرىنى دالدىغا تارتىش مەقسىتىدە يېڭى سېلىنغان ئۆيگە كۆچىدۇ. پۈتۈن ئۆي مۈلكىنى، زاپاس ساقلىغان ئاشلىق ۋە باشقا ئىچىملىك- يېمەكلىكلەرنى يۆتكەشتە ئايتەك بىلەن ئابەتنىڭ كۈچىدىن بىمالال پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنى قىيناپ قۇلدەك ئىشلىتىدۇ. بۇ چاغدا ئاغىس دۈيجاڭنىڭ كونا ئۆيىدىن چىقىپ، يېڭى ئۆيىگە كىرىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسىمنىڭ «60- يىللار خاتىرىسى» گە پۈتۈلىدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتتە دۈي بوغالتىرى بەكتەمىس ئاغىسلارغا ئايتەك بىلەن ئابەت يۇقىرىدىن مەخسۇس ئالدىنئالا ئەۋەتىلگەن «تۆتنى ئېنىقلاش» نىڭ كادىرلىرى ئىكەن دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. بۇ گەپكە قاتتىق ئىشىنىپ كەتكەن ئاغىس بىلەن سەلىمە ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالمايدۇ. شۇ زامان ئايتەك، ئابەتلەرگە قاراتقان پوزىتسىيىلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ. دەسلەپتە سەلىمەنىڭ تايىقىنى يەپ تاپىنىدا يانچىلغان بۇ ئىككى زىيالىي ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ باشقىچە نىيەتتىكى ھىمايىسى، ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەتتا بىر مەزگىل ئېغىر ئەمگەكتىنمۇ ئازاد بولىدۇ. ئەمدى ئاغىس بىلەن سەلىمە ئۆزلىرىگە كېلىدىغان زىيانلىق ئاقىۋەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن: «يار تۆۋىنى چىم چىڭىتىدۇ، ياۋ تۆپىنى قىز تۈگىتىدۇ» دېگەندەك، گۈزەل قىز نۇرشانى ئابەتكە تۇتۇپ بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ. لېكىن «تۆتنى ئېنىقلاش» نىڭ رەسمىي كادىرلىرى كېلىپ ئايتەك بىلەن ئابەت ئۇلارنىڭ سىرتىغا چىقىپ قېلىشى بىلەن تەڭلا سەلىمەنىڭ پوزىتسىيىسى بىراقلا 180

گرادۇس ئۆزگىرىش ياساپ، بۇرۇنقى قېلىپقا چۈشىدۇ. ئايتەك، ئابەت يەنە زۇلۇم، تىل- ھاقارەت ئىچىدە قالىدۇ. بىراق ئابەت بىلەن نۇرشانىڭ توي قىلغىنى ھېساب بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ جەرياندا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەھۋاللىرى بولۇپمۇ ئاغىمس بىلەن سەلىمەنىڭ جىنايىتى، ئاچ كۆز، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى، پايتەنىنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشلىرى ئېنىق خاتىرىلەنگەن «60 - يىللار خاتىرىسى» ئايتەك ئارقىلىق «تۆتنى ئېنىقلاش» كادىرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژ ئەسىم بولسا ئىككى قېتىم ساراڭ بولۇپ ئىككى قېتىم ساقىيىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا نۇرشادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۇزۇل- كېسىل ساقىيىپ چىقىدۇ. مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئەسىم بىلەن سەلىمە باشقا پېرسوناژلارغا قارىغاندا كومېدىيىلىكى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەگرى- توقايلىق ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، سەلىمەنىڭ قەلب دۇنياردىكى ئەگرى- توقاي ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئىنتايىن رەزىل، پەسكەش قارا نىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى كۆرسەتسە، ئەسىمنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى ئەگرى- توقايلىق ئۆزگىرىش ئۇنىڭ مۇھەببەتكە سادىق، پاك ۋىجدانىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەسىم ئوبرازى بىر خىل يېڭى ئىزدىنىش بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. لېكىن ئاپتور ئەسەردە ئەسىمنىڭ ساق- سالامەت ۋاقىتلىرىدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئوقۇغۇچىسى نۇرشا بىلەن مۇھەببەت باغلايمەن دەپ مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغانلىقى، سەلىمەنىڭ قارشىلىقى بىلەن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى قاتارلىقلارنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە تاماشىبىنلار ئەسىم ئوبرازىدىن سۆيۈنىدۇ. ئۇلار ئاپتورنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرمايلا ئەسلى ئەسىمنىڭ تېگى- تەكتى



قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن ئايرىلىپ ساراڭ بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ تولۇق چۈشىنىۋالالايدۇ.

دراماتورگ ئۆمەرغازى ئايتان ئەسىم ئوبرازىنى يارىتىشتا «60 - يىللار خاتىرىسى» گە تايىنىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىز كېرەككى، «60 - يىللار خاتىرىسى» ئادەتتىكى دۆۋي تارىخى ياكى ئىستىخىيىلىك ھالدا يېزىلغان 60- يىللاردىكى بولمىغۇر ئىشلارنىڭ تىزىمىسى ئەمەس، ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى روشەن ئېچىپ بېرىشكە تۈرتكە بولغان قەھرىمان خاراكتېرىنىڭ تارىخىدۇر. چۈنكى بۇ خاتىرىدە كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق چىنلىق بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەلسەپۋى قاراشلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى جۈملىدىن قەھرىماننىڭ ئىشق- مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، ئادالەتسىزلىككە، ناھەقچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش روھى مېغىزلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ خاتىرىنىڭ يېزىلىشى كومېدىيىنىڭ باشلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ، ئاخىرلىشىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

دېمەك، «60 - يىللار خاتىرىسى» ئەسەردە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، شۇڭا كىتابخانلار ئاشۇ تارىخي شارائىتتىكى مەيلى ئايىغى بىلەن يورغىلىغۇچىلارنىڭ بولسۇن، مەيلى ئاغزى بىلەن يورغىلىغۇچىلارنىڭ بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ مەيدىسى بىلەن يورغىلىغۇچىلارنىڭ بولسۇن ھەممىسىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئاشۇ ئەسىم يازغان «60- يىللار خاتىرىسى» دىن ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ.

«سەلكىن» كومېدىيەسىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، دراماتورگ ئەسەرنىڭ ھەر بىر پەردە، ھەر بىر كۆرۈنۈشلىرىنى ۋەقەلەر ئىچىدىن ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇپ، يېڭى-يېڭى مەزمۇنلاردىكى تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. ئەسىم نۇرشانىڭ مۇھەببىتىنى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تۇرمۇش قانۇنىيىتىنىڭ مەجبۇرلىشى بويىچە باشقىچە ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلغان.

بۇ كومېدىيە ئىلىمىز بۈگۈنكى زامان قازاق دراماتورگىيە ئىجادىيىتىدىكى بىر يېڭى بۆسۈش بولۇپلا قالماستىن، يازغۇچى، شائىر، دراماتورگلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئۈلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**图书在版编目（CIP）数据**

新疆民族文学研究/阿扎提·苏里坦主编·－乌鲁木齐：新疆大学出版社，2005．11

ISBN7－5631－1994－9

Ⅰ．新…Ⅱ·阿…Ⅲ·民族文学－文学研究－新疆－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I207.9

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 130787 号

责任编辑：阿不里米提·卡德尔
责任校对：阿达来提·牙合甫
责任印制：王国鸿

新疆民族文学研究（1）
阿扎提. 苏里坦 **主编**
阿扎提·苏里坦，努尔买买提·扎曼，买买提·艾萨，阿不都拉·买提库尔班，克力木江·阿不都热依木，浩斯力汗·哈米江，别克·苏里坦，吐拉江 **著**

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码：830046）
各地新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 16.75 印张
2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数：0001－3000 册

ISBN7－5631－1994－9
定价：48.50 元（第 1－2 册）